# ئەزىزانە قەشقەر

## شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى

(2)

باش تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# ئەزىزانە قەشقەر

## شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى

(2)


باش تۈزگۈچى : ئابدۇكېرىم رەھمان

ئاپتورلىرى : 
ئابدۇكېرىم رەھمان
شېرىن قۇربان
ئەسەت سۇلايمان
قۇربان مۇھەممەتتۇردى
ئەركىن ئىدرىس
ساۋۇت ئابدۇخالىق
نۇسرەت تۇردى
مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


VIII باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيتى ........................................ 497

1 § . قەشقەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيتى ئالاھىدىلىكى ...... 500

2 § . قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق بىناكارلار ........................ 504

3 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلمىسى ...... 522

4 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدە كاھىش ـ نەقىشلەر........................................ 530

IX باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيتى........................................ 544

1 § . كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........................................ 544

2 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا دوپپا ................................ 549

3 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە مەنىۋى قاتلام ........................................ 562

X باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيتى........................................ 575

1 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـئىچمەك تۈرلىرى ...... 576

2 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمى ........................ 584

3 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ........................................ 599

XI باب قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سەنئىتى ........ 606

XII باب قەشقەرنىڭ سودا مەدەنىيتى ........................ 621

XIII باب قەشقەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تۇغقاندارچىلىق ـ

قوشنىدارچىلىق ............................................ 630
§ 1 . جەمئىيەت ئەھۋالى ............................................ 630
§ 2 . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى...... 636
§ 3 . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىقنىڭ رولى ............................................ 642
§ 4 . ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىقتىكى ئۆزگىرىشلەر ............................................ 656
§ 5 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇغقاندارچىلىق - قوشنىدارچىلىق قائىدە - يوسۇنلىرى ............................................ 664
XIV باب قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز ............ 671
§ 1 . تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى نەتىجىلەر ............................................ 671
§ 2 . قوغداش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەر ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار ............................................ 685
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ............................................ 710

# ئىككىنچى بۆلۈم تاجىكلار قىسمى

I باب گېئوگرافىيىلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ............................................ 719
§ 1 . تاشقورغاننىڭ گېئوگرافىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي مۇھىتى ............................................ 719
§ 2 . تاشقورغان رايونىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى............................................ 724
§ 3 . ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مۇقەددەس زېمىن ............................................ 729
§ 4 . تاجىكلارنىڭ مىللەت نامى، ئاھالىسى ۋە ئولتۇراقلىشىشى ............................................ 733
§ 5 . جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات

تارىخىدىن قىسقىچە ئۇچۇر ـ مەلۇمات ……………… 737
§6 . تاجىك تىلى ……………………………… 743
**Ⅱ باب تاجىك ئەل ئەدەبىياتى** ……………………… 754
§1 . تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرى توغرىسىدا …… 754
§2 . «ساۋگ» (پروزا ـ نەسر) ژانىرى توغرىسىدا ……… 756
§3 . «بېيىت» (پوئېزىيە ـ شېئىر) ژانىرى توغرىسىدا … 766
§4 . ئاتاقلىق تاجىك خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
نەسەبنامىسى……………………………… 777
**Ⅲ باب تاجىك خەلق سەنئىتى** ……………………… 791
§1 . تاجىك خەلق بۇركۇت ئۇسسۇلى ………………… 791
§2 . خەلق ئاھاڭ ـ كۈيلىرى ………………………… 793
§3 . چالغۇ ئەسۋابلىرى ……………………………… 796
§4 . تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى………………………… 802
§5 . تاجىكلارنىڭ گۈزەل ھۈنەر ـ سەنئىتى ……………… 808
**Ⅳ باب تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى** ……… 817
§1 . يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى………………………… 817
§2 . كىيىم ـ كېچەك ئادەتلىرى………………………… 822
§3 . لەڭگەر ئۆي ……………………………………… 824
§4 . قاتناش قوراللىرى ……………………………… 827
**Ⅴ باب ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار**……………… 829
§1 . چوڭ ئائىلە ۋە مىراسخورلۇق ئادىتى ……………… 829
§2 . نىكاھ ۋە توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى ………………… 832
§3 . ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى……… 838
§4 . تاجىكلارنىڭ كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش ئادەتلىرى …… 852
§5 . ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئادەتلىرى ………………… 855
§6 . مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى………………………… 856
§7 . بوۋاققا ئات قويۇش ۋە بالا تەربىيىلەش ئادەتلىرى …… 859
§8 . دوست تۇتۇش ئادەتلىرى ………………………… 862
§9 . تاجىكلارنىڭ ئۇن سېپىش ئادىتى…………………… 863
§10 . تاجىكلارنىڭ رەڭ قاراشلىرى……………………… 866

§11 . باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى ........................ 867
VI باب پەلسەپە ۋە دىن مەدەنىيىتى ........................ 869
§1 . ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادى ........................ 870
§2 . ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئېتىقادى ........................ 874
§3 . بۇددا دىنى ئېتىقادى ........................ 880
§4 . ئىسلام دىنى شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادى ........................ 882
VII باب ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت - ئايەملەر ........................ 897
§1 . قۇربان ھېيت ........................ 897
§2 . مۇبارەكى رامىزان ........................ 899
§3 . مۇبارەكى شاۋگۇن باھار ........................ 899
§4 . پىلىك ھېيت ........................ 905
§5 . زۇۋۇر ھېيت ........................ 908
§6 . تېغىم زۇۋاست ھېيتى ........................ 909
VIII باب تاجىك مائارىپى تارىخىدىن تەرمىلەر ........................ 912
IX باب تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىياتى ........................ 928
§1 . تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكى ........................ 928
§2 . مۇز تاغ ئاتا ۋە تاجىك مەدەنىيىتى ........................ 931
§3 . بۇركۇت ۋە تاجىك مەدەنىيىتى ........................ 936
§4 . پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تاجىك مەدەنىيىتى ........................ 943
§5 . تۇلپار ۋە تاجىك مەدەنىيىتى ........................ 948
§6 . تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك مەدەنىيىتى ........................ 958
X باب تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ........................ 963
§1 . غېرىۋتىژد (ئوغلاق تارتىشىش) ........................ 963
§2 . پويگا (ئات بەيگىسى) ........................ 966
§3 . ئات توپى ........................ 969
§4 . توۋج (قارىغا ئېتىش) ........................ 969
§5 . تەڭگە ئېلىش ........................ 971
§6 . قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ۋە قوتاز بەيگىسى ........................ 972
خاتىمە ........................ 974
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ........................ 976

# VIII باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى

تۇرالغۇ ئۆي ئىنساننىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇقىم ۋە بىخەتەر تۇرالغۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆز هاياتىنى مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن. ئېيتىش كېرەككى، مۇقىم، بىخەتەر، ئۆزىگە مەلۇم دەرىجىدە هەر خىل سىمۋوللۇق مەنىلەرنى يۈكلىگەن، ئىچكى قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيىلىك رولغا ئىگە بولغان، مەلۇم دەرىجىدە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتنى هازىرلىغان، نىسبەتەن مەدەنىي هالەتكە يەتكەن تۇرالغۇنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ خېلى يۇكسەك بىر پەللىگە يەتكەنلىكىنىڭ مەهسۇلى دېگىنىمىزدە، «ئۆڭكۈر هاياتىنى ئىنسانلارنىڭ هايۋانلار دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىنسانغا خاس ياشاش ئىستىلىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر»[1] دەپ ئېيتىمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرالغۇ ئۆي يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنچى ئېهتىياجى سۈپىتىدە، دۇنيادىكى هەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىن باشلاپ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. هەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتىنىڭ

---

[1] ئابدۇكېرىم رەهمان: «ئۇيغۇر فولكلورى هەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 139 ـ بەت.

ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبتىكى ئۆي قۇرۇلمىلىرى شەكىللەنگەن ۋە ئۇلارغا شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە تارىخىدىكى ھەر خىل گۈزەللىك چۈشەنچىلىرى، دىنىي قاراشلىرى، تەبىئەت قاراشلىرى، قىممەت قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن. دېمەك، تۇرالغۇ ئۆي كىشىلەرنىڭ خاس ئىسسىنىش، بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنلا بەرپا بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس نۇرغۇنلىغان فۇنكسىيىلەرگە ئىگە. بىز بۇنىڭدىن تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات كاتېگورىيىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: تۇرالغۇ ئۆي ئالدى بىلەن شۇ خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئارخىتېكتورلۇق بىلىملىرى ئاساسىدا مەلۇم قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىلدە قوپۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياج تۈپەيلى ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى يەنە ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان قۇرۇلۇش گەۋدىسىدۇر. بۇنىڭغا يەنە شۇ خەلقنىڭ ھەرخىل سەنئەت چۈشەنچىسى، دىنىي ئېتىقادى، ئالەم ۋە تەبىئەت چۈشەنچىلىرى كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىز تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنى ئۇنى ئائىلە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تۇرغان مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن ئايرىپ تۇرۇپ، توپا - كېسەكلەر قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا ياكى ئۇنىڭ ئەسلىي گەۋدىسى ۋە سۈپىتى بولغان بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىدىن چەتنەپ، ئۇنىڭ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتى، دىنىي ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلارغا زىيادە ئەھمىيەت بەرگىنىمىزدە، بىز ئوخشاشلا غەيرىي ئىلمىي ئۇسۇلدا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنغان ھېسابلىنىمىز. شۇڭا بىز مەزكۇر بابتا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنى يۇقىرىدا

ئېيتىپ ئۆتكەن تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى كاتېگورىيىلىرى بويىچە نىسبەتەن چوڭقۇر ، ئىخچام ھالدا سۇرەتلەپ بەرمەكچىمىز .

مەلۇمكى ، قەشقەر غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى دەرۋازىسى ، يىپەك يولىدىكى ئەڭگۈشتەر ، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھەر سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن كۆرە ، قەشقەرنىڭ شەھەرلىشىش ھالىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ، بۇ زېمىندا كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ئۇچرىتىمىز . جۈملىدىن ، مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىن يەكەن ۋادىسىدىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرگە تەۋە ئارشار قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 10 كۋادرات مېتىر ) ، ئايبۇلۇڭ قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 120 كۋادرات مېتىر ) ئاقتىلىق قەدىمكى مەھەللە خارابىسى (230 كۋادرات مېتىر ) ، تۆۋەنكى كۆيدىڭگىر مەھەللە خارابىسى (كۆلىمى 2125 كۋادرات مېتىر ) ، خانئۆي (كۆلىمى 291 كۋادرات مېتىر ) ، ياۋلۇق (كۆلىمى 2405 كۋادرات مېتىر ) ، چوڭنۇر (كۆلىمى 221 كۋادرات مېتىر ) ، تۇگمەنبېشى (كۆلىمى 225 كۋادرات مېتىر ) ، تامساراي قەدىمكى ئىزى (كۆلىمى 2700 كۋادرات مېتىر ) ، ئۇنىڭدىن باشقا توققۇز ساراي خارابىسى قاتارلىق ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار بۇ دىياردا شەھەر مۇھىتىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا شەكىللىنىپ ، مەلۇم ئەندىزىگە چۈشۈپ بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ (بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن ) . بىز تۆۋەندە قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا ئاساسلىنىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنى ئاساس ، باشقا ناھىيە ـ

بازارلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالىنى مەنبە قىلغان ئاساستا بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىمىزنى قانات يايدۇرىمىز .

## 1 § . قەشقەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، ئانتروپولوگىيە ، فولكلور تەتقىقاتچىلىرى يەكۈنلەپ چىققان ئىنسانىيەتنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئۈچ تارىخي باسقۇچ بويىچە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي تەرەققىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ .

ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ چوڭ تارىخي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن :

1 ـ باسقۇچ : ئەڭ دەسلەپكى دەۋر بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە ئىنسانلارنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىنى ياساپ ئولتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان ، ئەمگەك تېخنىكىسى خېلىلا تۆۋەن بولغان . ئۇلار پەقەت قۇشلاردەك دەرەخلەرنىڭ ئاچىماقلىرىغا شاخ ـ شۇمبىدىن ئۇۋىسىمان ئۆي ياساپ ئولتۇرغان ۋە ياكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەردە ھايات كەچۈرگەن .

2 ـ باسقۇچ : بىرىنچى باسقۇچنىڭ داۋامى بولۇپ ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، شاخ ـ شۇمبىلاردىن ئاددىي كەپە ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرۇشقا كۆچكەن . قەشقەرنىڭ بەزى يېزىلىرىدا ، بۇلۇڭ ـ

پۇچقاقلىرىدا ، ئىتتىز ـ ئىرىق بويلىرىدا بۇنداق ئاددىي كەپىلەرنى گاھىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ باسقۇچتىكى بىر ئالاھىدىلىك تەبىئىي ئۆڭكۈرلەردىن يېنىپ چىقىپ گەمە كولاپ ئولتۇرۇش ، ئاددىي ھالەتتىكى تاملارنى سوقۇپ ئولتۇرۇش بولدى .

3 ـ باسقۇچ : مەلۇم گېئومېتىرىك شەكىلگە كىرگەن تام ـ تورۇسلۇق بىرىكمە ئۆيلەر بارلىققا كەلگەن دەۋر . بۇ دەۋرگە كەلگەندە تۇپىدىن ئۆلچەملىك لاي ـ كېسەك ياساپ تام قوپۇرۇپ ، ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياكى كېمىر ئۆي شەكلىدە كېسەك بىلەن يېپىپ ئېھتىياجغا قاراپ بىر قانچە ئۆينى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق كۆپ ئېغىزلىق ئۆيلەر شەكىللەندى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى شەكىللەندى . بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە :

(1) بۇرۇنقى ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى ياتاق ئۆي بىلەن ئاشخانا بىر بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلىپ ، ئىككىسى ئايرىلدى .

(2) ھەر قايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە شۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقلىرىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىغا ماس بولغان كۆپ خىل شەكىللىك ئۆي قۇرۇلمىسى بارلىققا كېلىپ ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مىللىي ئۇسلۇب شەكىللەندى .

(3) ئەر ـ ئاياللار توپ ياتىدىغان ھالەت ئۆزگىرىپ ، ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ ياتاق ئۆيى ئايرىلدى .

(4) ئەڭ دەسلەپكى ئۆي قۇرۇلمىسىدا ئوت يېقىش ئەسلىھەلىرى (ئوچاق قاتارلىقلار) ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يورۇقلۇق ئەسلىھەلىرى (تۈڭلۈك ، پەنجىرە) يوق ئىدى . بۇ باسقۇچقا كەلگەندە بۇ ئەسلىھەلەر ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىگە

كىردى .

(5) ئەڭ دەسلەپكى ئۆي قۇرۇلمىسىدا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئېغىلى بىلەن ئادەملەرنىڭ ياتاق ئۆيى ئايرىلمىغانىدى ، بىر تەرەپتە ئادەملەر ، بىر تەرەپتە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى ياتاتتى . بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئادەملەرنىڭ ياتاق ئۆيى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئېغىل - قوتانلىرى رەسمىي ئايرىلدى .

(6) ئوخلاش - دەم ئېلىش ئۇسۇلى ئۆزگەردى ، يەنى ئەڭ دەسلەپكى ئۆيلەردە كىشىلەر ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى تۈت ئەتراپنى چۆرىدەپ ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يەشمەي ئۇخلايتتى . يوتقان - كۆرپە ئورنىغا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىشلىتەتتى . بۇ باسقۇچقا كەلگەندە كىشىلەر سۇپا ياكى كارىۋاتتا دەم ئالىدىغان ، يەرگە بورا ، كىگىز ياكى كۆرپە سېلىپ ، رەتلىك ياتىدىغان بىر يۈرۈش تۈزۈم ۋە ئادەتلەر شەكىللەندى .

(7) ئەڭ دەسلەپ كىشىلەر ئومۇمەن تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلىنىشنىلا مەقسەت قىلىپ ئولتۇراقلاشقان . شۇڭا ئۆيلەرنىڭ كۆركەم - گۈزەللىكى تەلەپ قىلىنمىغانىدى . بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ، كىشىلەردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تەلەپ قىلىدىغان ئېستېتىك ئىقتىدار بارلىققا كەلدى . نەتىجىدە ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىنى سۇۋاش ، ئاقلاش ۋە خىلمۇ خىل شەكىللەردە نەقىش ئويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش مېمارچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى .

(8) بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئەمگەك ئىش تەقسىماتى شەكىللىنىپ ، مەخسۇسلاشقان ئۆي قۇرۇلۇش ئۇستىكارلىرى بارلىققا كەلدى . تامچىلىق ، ياغاچچىلىق ، نەققاشلىق مۇستەقىل ئىش تۈرى بولۇپ ، بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنى

ۋە ئۇنىڭ تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. 11 - ئەسىردىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى 11 - ئەسىردىلا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ، مۇنتىزىم ھالەتكە يەتكەن بولۇپ، بۈگۈنكى تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن. بىزنىڭ مەزكۇر بابتا ئاساسلىق توختىلىدىغىنىمىز قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى بولغاچقا، نەزەرىمىزنى بۈگۈنگە ئاغدۇرىمىز.

مەلۇمكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن شەھەرلىشىش ھالىتىگە قەدەم قويغان، شۇنداقلا بۇ ئەۋزەللىكىكە تايىنىپ غەربىي يۇرت تارىخىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنلىكتىن، بۇ جاي خەلقلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى باشقا جاي خەلقلىرىنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئاستانىگە خاس تۇرالغۇ ئۆي ئالاھىدىلىكى يەرلىك خەلقلەردىن بىر قەدەر ئۈستۈن بولغان مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ 3 - باسقۇچىدا شەكىللەنگەن فولكلورلۇق ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۆيلەرنىڭ خام ماتېرىيالى ئاساسەن ياغاچ ۋە توپا بولۇپ، ياغاچ - توپا قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. توپىدىن كۆپىنچە كېسەك قۇيۇلۇپ، خام ياكى پىششىق پېتى تام قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىمارەتلەر قوشاملىق (يۇلغۇن شېخى بىلەن تام چىقىرىلىپ سىرتى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان تام)، سوقما

تاملىق ۋە كېسەك تاملىق بولۇپ، سوقما تاملارنىڭ ئۇلىنىدىغان قىسمىغا ئىككى تامغا چىشلەشتۇرۇلۇپ، يۇلغۇن شېخى، قومۇش، چىغ ۋە باشقا شاخ - شۇمبا قويۇش ئارقىلىق مۇقىملىقىقا كاپالەتلىك قىلىنىغان. بەزىدە يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن قوشاملىق ئۆيلەرمۇ خېلى كۆپ سېلىنىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر ئاساسىي ئالاھىدىلىك شۇكى، كوچا ئۆيلىرى بولۇپ، نوپۇس زىچ، زېمىن ئاز شارائىتتا ئۆيلەرنى ئىككى قەۋەت قىلىپ ياساپ ئولتۇرۇش ئادىتى بار، ئۇلار شۇنىڭغا يارىشا ھەرخىل فولكلورلۇق ئالاھىدىلىكلەرنى بارلىققا كەلتۇرگەن.

## §2 . قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق بىناكارلار

قەشقەردە ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شۇ كەسىپ بويىچە مەخسۇس ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شاگىرت تەربىيىلەپ، قەشقەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا زور ھەسسە قوشقان. جۈملىدىن تامچىلىق بىناكارلىق كەسپىنىڭ مۇھىم تۈرى سۈپىتىدە مەخسۇس شەكىللەنگەن، ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە كەسىپ بولۇپ، قەشقەردىكى ھەر خىل كوزىر قۇرۇلۇشلار، ھەيۋەتلىك بىنالار، قاتار - قاتار زىچ ۋە پۇختا سېلىنغان ئاھالە ئۆيلىرى ئەنە شۇ تامچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىناكارلارنىڭ قولى بىلەن پۇتۇپ چىققان.

تۆۋەندە بىز قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا مەخسۇس تامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭق چىقارغان ئاتا مىراس ھۈنەرگە ئىگە كىشىلەردىن بىر قانچىسى بىلەن

تونۇشۇپ چىقىمىز :

## 1 . قەشقەردىكى ئاتاقلىق بەش ئەۋلاد بىناكارلار جەمەتى

ئەينى دەۋردە قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىدە «ئابدۇراززاق قازى غوجام كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كوچا بولۇپ ، بۇ كوچىدا 19 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق بىناكار (ياغاچچى ) ھەسەن ھاجىم ئۇستا ئۆتكەن .

ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 1850 ـ يىلى ئوغلى سىدىق ئاخۇن تۇغۇلغان ، ئۇ ئاتا كەسپى ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ ، ئۇستا ياغاچچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ، ئەنجان كوچىسىدىكى تامچى ئۇستام تۇردى ئاخۇن (ئەنجان ) بىلەن بىللە قەشقەردە ھۈنەر قىلىپ ئۆتكەن . ئۇلار ئەينى دەۋردە شەھەرنىڭ ھەر قايسى كوچىلىرىدا شەخسىيلەرنىڭ ئولتۇراق ئىمارەتلىرى ، سودىگەرلەرنىڭ دۇكان ، ئامبار ۋە سارايلىرىنى سېلىپ ، بۇ ئىمارەتلەردە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىنى نامايان قىلغان .

سىدىق ئاخۇن (ئىككىنچى ئەۋلاد ) نىڭ ئوغۇللىرىدىن تامچى نەزەر ئاخۇن ئۇستا (1868 — 1954 ) ، تامچى توختى ئاخۇن ئۇستا (1877 — 1959 ) ، تامچى ئىمىن ئاخۇن ئۇستا (1882 — 1944 ) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن (ئۈچىنچى ئەۋلاد ) ئىبراھىم نەزەر ئۇستا (1906 — 1990 )[1] ، سىدىق ئىمىن ئۇستا (1920 — 1983 ) ، تۇرسۇن ئىبراھىم (1937 — ) ، نەزەر تۇردى (1954 — ) لەر ئەجدادلار كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، تامچىلىق ، ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ ، تېخنىكا يېڭىلاپ ، يېڭى نۇسخا ئويما نەققاش سەنئىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ شۇ دەۋردىكى

---

① ئىبراھىم نەزەر : «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى نەشرى ، 130 ـ بەت .

تەرەققىياتىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشۇپ ، يېڭى مىللىيچە (ئۆزگىچە ) بىناكارلىق نۇسخىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . . .

1898 ـ يىلى قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شۋېتسىيە كاتولىك دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەرنىڭ يارۋاغ دەرۋازىسى سىرتىدىن يەر ئېلىپ ئىشخانا ، ياتاق ئۆي ، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشى قىلماقچى بولغاندا ، بۇ قۇرۇلۇشلارنى شۋېت دوختۇر خۇبگىن لايىھىلەپ ، تۇردى ئاخۇن (ئەنجان ) ، سىدىق ئاخۇن ئۇستا ئوغۇللىرى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن ياسىغان ، شۇ چاغلاردىلا بۇ قۇرۇلۇشلار ياۋروپا ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق نۇسخىسىدا ياسىلىپ ، يېڭىچە بىناكارلىق نۇسخىسى مەيدانغا كەلگەن .

سىدىق ئاخۇن ئۇستا ۋە تۇردى ئاخۇن (ئەنجان ) لار يەنە شۋېتسىيە كاتولىك دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قۇمدەرۋازا تەرەپتىن يېڭىدىن سېتىۋالغان يېرىگە 1940 ـ يىلى ياۋروپاچە نۇسخىدا قۇرۇلۇش قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن . قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر بايلار مەبلەغ سالغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ۋە شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ـ مەدرىسە قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ ، ئۆزلىرىنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدىكى ئىقتىدارىنى كۆرسەتكەن .

نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ بىناكار ئەۋلادلىرى قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئۆزبېك بايلىرىدىن مويدىنجان باينىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى يەتتە ئورۇندا مەسچىت قۇرۇلۇشى قىلغان (1920 ـ يىللار ) ، يەنە مويدىنجان باينىڭ پايناپ كەنتىدىكى ئالىي تۇرالغۇ ئىمارىتى ۋە ئالتىھويلا كەنتىدىكى ئالىي تۇرالغۇ ئىمارىتىنى ياسىغان (1924 ـ يىللار ) (ئالتىھويلا كەنتىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتى ھازىرمۇ بار ) . ئۇندىن باشقا ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبى قۇرۇلۇشىغا تايانچى ئۇستىكارلار بولۇپ قاتناشقان .

ھاكىم يۈسۈپ ئەزىمنىڭ ئەلگەكچى كوچىسىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتى ۋە ھاكىم ئابدۇراخمان توختى ھاجىمنىڭ تاغاچى كوچىسىدىكى تۇرالغۇ ئىمارىتىنى ياسىغان (1945 ـ يىللار ) ،

ئاپاق خوجا مازىرىدىكى ياسىداق مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قىلغان، خەلق باغچىسى ئىچىدىكى «مەدەنىيەت سارىيى» قۇرۇلۇشىغا غوللۇق ئۇستىكارلار قاتارىدا قاتناشقان. ئوردا ئىشىكى جامەسى يېڭى پەشتاق قۇرۇلۇشىغا ئىش بېشى بولۇپ قاتناشقان (1967 ـ يىلى)، ئەشمىكار كوچا مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قىلغان، قوغان يېزا غوجىدا كەنت ئازنە مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قىلغان... ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن شەخسىيلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، دۇكان، ئامبار، تۇگمەن قۇرۇلۇشلىرىنى مىللىي نۇسخىدا كۆركەم ياساپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىناكارلارنىڭ قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان بىناكارلىق تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار قەشقەرنىڭ گۈزەل، يارۋاغ، تورەيار باغ، ئەنجان رەستە، ئەنجان كوچا، ئېگىز ئېرىق، نو بېشى كوچىلىرى ۋە باغۇ بوستانلىق باغ ـ كوچا، باغچە ۋە چىنىدەك پاكىز جانان قاتارلىق كوچىلارنىڭ بەرپا بولۇشىدا ئۆچمەس تۆھپىلىرى بار.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تارىخىدا، قەشقەردىكى تىلسىماتتەك كوچا ـ مەھەللىلەردە نەزەر ئاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى چوڭ ـ كىچىك مېمارلار (ئۇستا ـ شاگىرتلار) نىڭ مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەتلىك قۇرۇلۇشلىرى خەلقنى، تەشكىلنى رازى قىلارلىق دەرىجىدە بولغان... قەشقەر خەلقى ئۇلارنى ھازىرغىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

## 2. قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن بەش ئەۋلاد ياغاچچىلار جەمەتى

19 ـ — 20 ـ ئەسىرلەردە قەشقەرنىڭ ئۆستەڭبويى يولى، قۇمدەرۋازا يولى بويىدىكى موپاك كوچىسى ۋە ياغاچچى كوچىسىدا نەچچە ئەۋلاد ياغاچچى ئۇستىكارلار ھۈنەر قىلىپ ئۆتكەن. بىرىنچى

ئەۋلاد مۇسائاخۇن 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موپاڭ كوچىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئۆمۈر بويى ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن ئۆتكەن. ئىككىنچى ئەۋلادى سىدىقئاخۇن ئۇستا 1830 ـ يىلى مۇسائاخۇننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتىسىدىن ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، پىشقان كاسىپقا ئايلانغان، سىدىقئاخۇن ئۇستا ئىككى ئوغلى (ئابدۇللا ۋە ئىمىن) غا ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ تاشقىرىقى شەھەردىكى ئاتاقلىق ياغاچچىلار جەمەتىگە ئايلانغان.

سىدىقئاخۇننىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۈچىنچى ئەۋلاد كەسىپ ئىگىسى ئىمىنئاخۇن 1852 ـ يىلى موپاڭ كوچىسىدىكى قەدىم جايدا تۇغۇلغان، 1862 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاتىسىدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، ئۇ دەۋردە قەشقەر ۋە ئاتۇش تەرەپلەردىن بىر قىسىم ھۈنەرۋەن كاسىپلار ئوش، ئەنجان شەھەرلىرىگە بېرىپ ئىشلەپ كېلەتتى، شۇ قاتاردا ئىمىنئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللائاخۇنلار ئەنجان شەھىرىگە بېرىپ بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەيدۇ، بەزىدە ئۇلار رۇس ياغاچچى ئۇستىكارلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ، ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئابدۇللا ئاخۇننىڭ قورسىقى ئاغرىپ كۆز تەگكەندەك ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئىمىنئاخۇن مەرھۇم ئاكىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنە بىر مەزگىل ياغاچچىلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ روس، ئۆزبېك، تاتار ئۇستىكارلار بىلەن بىللە ئىشلەپ، ياغاچچىلىق كەسپىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ئىمىن ئاخۇن ئۇستا 1879 ـ يىلى ئەنجاندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ قەشقەردە «ئىمىنئاخۇن ئەنجان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆستەڭبويى ياغاچچى كوچىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلققە تونۇلغان، بۇ ئائىلىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ئۇستىسى ئىبراھىمئاخۇن

1950 - يىلى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە تۇغۇلغان .

ئىمىنئاخۇن ئەنجان ئۆستەڭبويى گۇزىرىدە شەخسىيلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى يوغان ئىشىك - دېرىزىلىك دۇكانلارنى ۋە ئېگىز ئەگمە پېشايۋانلىق ئىمارەتلەرنى ياساپ ، چەت ئەلدە كۆرگەن بېغىلىقلارنى سۆزلەپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا يېڭى ھۆسن قوشىدۇ . ئۇنىڭ قىلغان ياغاچچىلىق ھۈنەرلىرىنى سېپىل ئىچىدىن (ئىچكەركى شەھەردىن ) ھەر ساھەدىكى كىشىلەر چىقىپ كۆرۈپ ماختاپ كېتىدۇ . يېڭىدىن ئىمارەت سالدىغانلار ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ .

ئىمىنئاخۇن ئەنجان 1927 - يىلى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ . بۇ ئائىلىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ئۇستىسى ئىبراھىمئاخۇن ئاتىسى ئىمىنئاخۇن ئەنجان ۋاپات بولغاندا 22 ياشقا كىرگەن بولۇپ ، ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۇستىگە ئېلىپ مۇستەقىل ئىش قىلىشقا باشلىغانىدى . 1930 - يىلى ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر قانچە ياغاچچى ئۇستىكارلارنى ئېلىپ ئۇلۇغچاتقا چىقىپ سىمخانىنىڭ كۆۋرۈكىنى ياساشنى زىممىسىگە ئالىدۇ ، ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن «سىمخانا كۆۋرۈكىنى 10 يىلغىچە سۇ ئېلىپ كەتسە مەن جاۋابكار بولىمەن» دەپ ھۆججەت بېرىدۇ . ئۈچ يىلدىن كېيىن كەلكۈن كېلىپ كۆۋرۈكنى سۇ ئېلىپ كېتىپ ، دوتەيلىك ھۆكۈمەت ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىش بېشى ئىبراھىمئاخۇن ئۇستامنى تۈرمىگە تاشلايدۇ ، ئۇ تۈرمىدە ئون ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزىدۇ .

1933 - — 1934 - يىللار قەشقەر ھاكىمىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، قەشقەرنى باشقۇرۇۋاتقان قوماندان مەھمۇد مۇھىتى تەرىپىدىن ئىبراھىمئاخۇن ئۇستاملار تەكلىپ قىلىنىپ قوناق بازىرى كوچا بويىدىكى تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىنىڭ ئورنىغا

يېڭىدىن سېلىنىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئىشىك - دېرىزىلىرى ئېگىز ۋە كەڭ، ئوچۇق - يورۇق، ياغاچ دوسكىلىق، سىنىپلىرى ئازادە يېڭى مەكتەپ بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر قانچە يىل شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدا شەخسىيلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

1939 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر خەلق كۇلۇبىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغاندا، ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا ياغاچچى سابىت چوڭلار بىلەن كۇلۇب قۇرۇلۇشىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە شېڭ دۇبەن ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشلىرى باشلىنىپ، قەشقەردىن تامچى، ياغاچچى، بىناكارلارنى تەشكىللەپ ئېلىپ بارىدىغان بولىدۇ. ھۈنەر - سەنئەت قابىلىيىتى يېتىشكەن، ئىقتىدارلىق ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا قەشقەردىن بارىدىغان تاللانغان 15 كىشىلىك تامچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ (بۇ چاغدا يەنە تاللانغان 15 كىشىلىك تامچىلار گۇرۇپپىسمۇ بارغان). ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان قۇرۇلۇشنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى لاياقەتلىك پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە بىر قانچە ئورۇندا ھۆكۈمەتنىڭ ۋە شەخسىيلەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا باش بولۇپ ئىش قىلىدۇ، كەسىپ ئىقتىدارى كۆتۈرۈلۈپ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدە تازا قىرانىغا يەتكەن ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ياغاچچى كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولىدۇ. ئىبراھىمئاخۇن ئۇستا تالانتلىق، قابىلىيەتلىك كەسىپ ئىگىسى بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىدا تۆھپىسى بار ئۇستىكارلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىغا ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلدى. 1925 - يىلى

ئىبراھىمئاخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئىز باسارى ئىمىنجان تۇغۇلغان، ئىمىنجان ئۇستام ئاتىسى ۋاپات بولغاندا، ياغاچچىلىق كەسپىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولۇپ، چېۋەر ئۇستىكارغا ئايلانغانىدى. ئۇ 1950 - يىلىدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن بولغان يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى بالداقمۇ بالداق يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، سەپنىڭ ئالدىدا بايراقدار بولۇپ ماڭدى. 1951 - يىلى تەشكىللەنگەن بىناكارلىق ئىشچىلار ئويۇشما باشقۇرۇشىدىكى ياغاچچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان كەسىپداشلار جەمئىيىتىدىمۇ ياغاچچىلارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. 1956- يىلى ياغاچچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا، يەنىلا مەسئۇللۇق خىزمىتىنى قىلدى. 1958 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ يېڭىدىن قۇرۇلغان قەشقەر شەھەرلىك ياغاچچىلىق زاۋۇتىدىمۇ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى، 1973 - يىلى شەھەرلىك 1 - بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلغاندا شىركەتنىڭ ياغاچچىلىق ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئىش ئېلىش، ئىش تەقسىملەش، لايىھىلەش، پىلانلاش ئىشلىرىنى بېجىردى. ئىجادكار ۋە تەشكىللىگۈچى، ئەجدادلار روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆمرى ياغاچچىلىق كەسپىي بىلەن ئۆتكەن بۇ تۆھپىكار بىناكار 1984 - يىلى 1 - بىناكارلىق شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى، ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ئىش ئىزلىرىغا ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلماقتا.

## 3. ئاتاقلىق بىناكار (تامچى) مەشۇق ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ياغاچچى ئەۋلادلىرى

ئاتاقلىق تامچى مەشۇق ھاجىم 1850 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى گۈزەر ياغاچچى كوچىسىدا تۇغۇلغان، تامچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان.

مەشۇق ھاجىم ئەينى زاماندا بىناكارلىق ئىشلىرىدا كامالەتكە

يەتكەن ، نامى چىققان ئۇستىكار بولۇپ ، ئۇنىڭ پىلانلاش ، لايىھىلەش ۋە ھېسابلاش جەھەتتىكى تېخنىكا پەمى يۇقىرى ئىدى . ئۇ قەشقەر شەھەر ئىچىدە بىر قانچە كوچىدا مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ تامچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان ، شەخسىيلەرنىڭمۇ كۆپلىگەن ئىمارەتلىرىنى ياسىغان .

مەشۇق ھاجىمنىڭ بىناكارلىقتىكى تۆھپىسى ۋە يادىكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى — ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېكساق كەنتىدە 1896 ـ يىلى باشلىنىپ 1898 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن ئاتاقلىق مازار «ھەبىب ئەجەم» قۇرۇلۇشى بولۇپ ، بۇ قۇرۇلۇش ئۆزگىچىلىكى ۋە پۇختا ، مۇستەھكەملىكلىكى بىلەن ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

«ھەبىب ئەجەم» مازار قۇرۇلۇشى مەقبەرە ، گۈمبەز ، مەسچىت ، مۇنار ، پەشتاق ۋە ئېتىكاپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، گۈمبەز ۋە پەشتاق ئۇستىگە كۆك كاھىش خىش ئىشلىتىلىپ كۆركەم قىلىنغان . مەشۇق ھاجىم بۇ قۇرۇلۇشقا لايىھىلىگۈچى بولۇش بىلەن بىللە ئىش بېشى بولغان ، ئۇنىڭغا كېيىنرەك ئاتاقلىق مەبلەغنى ئاتۇشنىڭ ئاتاقلىق سودىگەر بايلىرىدىن ھۈسەنباي (1844 — 1926) ۋە باھاۋۇدۇنباي (1851 — 1928) لار بەرگەن . بۇ مازار قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى زىيارەت قىلغان ، ئۇنىڭ مېمارچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە قايىل بولغان مۆھتەرەم زات — تەجەللى ھەزرەت بۇ مازار قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىغا ئاتاپ تۆۋەندىكىدەك نەزم يازغان ئىكەن ، ئۇنىڭ نەسرىي تەرجىمىسى مۇنداق : «ياخشىلىق قىلغۇچى ئەجەمىيگە كېلىڭلار ، مانا بۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغان ھەممىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن داڭلىق كاتتا كىشىدۇر . ئۇ جاي كائىناتنى گۈللەندۈرگۈچىلەرنىڭ مەيدانلىرىدۇر . ناھايىتى ئالىيلىق بىلەن ئاشكارا بولىدىغان ، گۈزەللىك بىلەن تونۇلىدىغان بولۇپ

كەتكەندۇر . سەن ئۇنى ئەڭ گۈزەل مۇللۇك مەنزىرىسى جىلۋە قىلىپ ، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان گۈزەل رۇم قىزلىرىدەك كۆرىسەن ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يەتتە قات ئاسمانغا مىنگەن ئېگىز مۇستەھكەم مۇنارلىرى نامايان بولىدۇ ، بۇ مۇنارنىڭ قۇببىسى ئۆزىنىڭ قەدرى - قىممەت يۇكسەكلىكى ۋە يارقىنلىقىدا كۆزلەر ھەيرەتتە قالىدۇ ، يەنى كۆزلەر ئىمىر - چىمىر بولۇپ كېتىدۇ . پاساھەتلىكلەر تىلىنى گاچا قىلىپ قويىدۇ ، بۇ جاي ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، مەھشەر كۈنىگىچە كېلىشمەسلىكنىڭ چۇشۇشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ . »[1]

يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇنداق تەرىپلەنگەن : «ئۆز زامانىسىدا داڭلىق بىناكارلىق ماھىرى دەپ تونۇلغان قەشقەرلىك مەشۇق ھاجى لايىھلەپ ياساپ چىققان بۇ كاتتا بىنالار 1902 - يىلى يۈز بەرگەن سەككىز بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلىگەن بولۇپ ، مازارنىڭ گۈمبىزى ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . »[2]

مەشۇق ھاجىمنىڭ ئىز باسقان (ياغاچچى) ئوغلى ئوسمان ئاخۇن ئۇستا (1871 — 1947) 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەردە ياغاچچىلىق قىلىپ قەشقەرنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان ، ئۇ ئوغۇللىرى (توقسۇن ئاخۇن ، ئۆمەر ئاخۇن ، زۇنۇن ئاخۇن ، ھېيىپ ئاخۇن ، تاھىر ئاخۇن ۋە مەشۇق ھاجىم) بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ۋە ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردە تۈرلۈك ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ نامى بار ياغاچچىلار ئائىلىسى بولۇپ تونۇلغان . ئۇلار 1910 - ، 1920 - ، 1930 - يىللاردا قەشقەردە ئەۋج ئالغان تەرىقەتچىلىك ئېقىمىنىڭ پېشۋالىرى (تايخان خوجا ، شەيخ ھەزرەت ، جانقۇربان

---

① «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخى شەخسلەر» ، كىتابچە ، 1996 - يىلى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ، 47 - بەت .

② «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005 - يىللىق 4 - سان ، 100 - ، 101 - بەتلەر .

خوجا ) لارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ۋە خانىقا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان .

ئوسمان ئاخۇن ئۇستىنىڭ كەنجى ئوغلى مەشۇق ھاجىم (1916 — 1991 ) 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ ، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنىڭ مەھسۇلى بولغان ، كانسۇدىكى رەڭلىك مېتال زاۋۇتىدا ياغاچچىلىق قىلغان . رەڭلىك مېتال زاۋۇتى تاقالغاندىن كېيىن ، قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ بىناكارلىق شىركىتىگە قاتناشقان ، شۇندىن بۇيان تەشكىل قارىمىقىدا ئىشلەپ ، ھەر قايسى ئىدارە ـ جەمئىيەت ، مەكتەپ ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىقىنى قىلىپ ئۆتكەن . مەشۇق ھاجىمنىڭ ياغاچچىلىقتا ئاق ئىش (ئىشىك ـ دېرىزە ) ياساش تېخنىكىسى ئۇستۇن ئىدى ، ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى غۇلامجان مەشۇق ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياغاچچىلىق قىلماقتا .

## 4 . ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ تۆھپىكارى ھاشىم چوڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

ھاشىم چوڭ ھەر خىل ئىمارەت ۋە ئىشخانا ـ ئۆي جاھازلىرى ياساشتا تەڭداشسىز بىناكار . ئۇ 1866 ـ يىلى قەشقەرنىڭ تۆرە يارۋاغ كوچىسىدا تۇغۇلغان . ئۇ كىچىكىدىن زېرەك ۋە ئەقىللىق چوڭ بولغان بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياغاچچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ ، شىنجاڭ بىناكارلىق تارىخىدا مەشھۇر ئۇستا بولۇپ تونۇلغان ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ كەسپتە كامالەتكە يەتكەن .

ھاشىم چوڭ ئەينى دەۋردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشلىرى ، ئىشخانا جاھازلىرى ، شەخسىيلەرنىڭ تۇرلۇك ئىمارەتلىرى ، ئۆي ـ جاھازلىرى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى . . . قاتارلىق بىناكارلىق ئەسلىھەلىرىنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ پىلانلاپ ۋە كۆركەم ياساپ

ئەلگە تونۇلغان .

هاشىم چوڭ 1902 ـ يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە بۇزۇلغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ پېشايۋان ، ھۇجرا ۋە مۇنار قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشتا (1906 ـ يىلى رېمونت قىلىنغان ) نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىپ ، دىنىي زاتلار ۋە ئۇستىكارلارنى قايىل قىلغانىدى . 1910 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەر دوتەي ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىغا ۋە كوناشەھەر ناھىيە (ئامبال ) لىك ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىغا تۇرلۇك شىرە ، جاۋەن ، ئۇستەل ۋە چوڭ ـ كىچىك ئورۇندۇق . . . لارنى ياساپ بەرگەن . يەنە قەشقەردىكى ئاتاقلىق زاتلارنىڭ ئۆيلىرىگە ، قىرائەتخانىلىرىغا ۋە ئەينى دەۋردىكى چەت ئەللەرنى كۆرگەن سودىگەر بايلارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا قىممەت باھالىق ياغاچ ۋە ھەرخىل ھايۋان سۆڭەكلىرىنى ئىشلىتىپ تۇرلۇك ئېسىل جاھازلارنى ياسىغان . ئۇ جاھازلار شۇ قەدەر چىرايلىق ۋە نەپىس ئىدىكى ، ئۇنىڭ چېتىقلىرىنى ، تارتمىلىرىنىڭ چاكلىرىنى بىلگىلى بولمايتتى ، يۈزى ئەينەكتەك سىلىق ئىدى . . .

هاشىم چوڭ شۇ ۋاقىتلاردا ياغاچ ۋېلىسىپىت ياساپ مىنىپ سىناق قىلغان ، يەنە يوغان قارا ماشىنىنى كۆرۈپ ، ياغاچتىن ماشىنا ياسايمەن ، دېگەنىدى . ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىنى كۆرگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى : سەندە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسى بارمۇ ؟ دېيىشكەن . خەلق : «هاشىم پەرەڭ» دەپ ئاتاشقان .

1920 ـ يىلى جىن شۇرېن قەشقەر (كونا شەھەر ) گە ئامبال ۋاقتىدا قەشقەر دوتەي يامۇلى ۋە ئامبال ئىشخانا ـ ئۆيلىرىدە هاشىم چوڭ ياسىغان ھەرخىل جاھازلارنى كۆرۈپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئۇستىسىنىڭ ياغاچچىلىقتىكى ھۈنەر ـ سەنئىتىگە قايىل بولغان ئىدى .

1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك

باش ۋالىي ياڭ جياڭجۇن قەتلە قىلىنىپ جىن شۇرېن ئۆلكە باشلىقى بولغان. ئۇ 1930 - يىلى ھۆكۈمەت نامىدىن ئالاقە چۇشۇرۇپ، قەشقەردىكى ياغاچچىلاردىن ھاشىم چوڭ بىلەن مەخسۇت چوڭنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ماناس دەرياسىغا بېرىپ كۆۋرۈك ئورنىنى كۆرگەن ۋە بۇرۇنقى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ، يېڭىدىن قانداق كۆۋرۈك ياساش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەخسۇت چوڭ ئىش بېشى بولۇپ ماناس كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا قېلىپ، ھاشىم چوڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، يېڭىدىن ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان «شىنجاڭ رۇسچە قانۇن ئىنستىتۇتى» نىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش بېشى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم چوڭ ئۈرۈمچىدە ئائىلىسى بىلەن بىر قانچە يىل تۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن يەنە ئىشخانا، زال ۋە باشقا ئۆيلەرگە ھەر خىل جاھاز ۋە سايا، ئۇستەللەرنى ياساپ، ياغاچچىلىق ھۇنەر - سەنئەت ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتلىك تارماق ئىشخانا تەرىپىدىن ھاشىم چوڭ بىلەن مەخسۇت چوڭنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىغان ۋە شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق (جۈملىدىن ياغاچچىلىق كەسپى) نىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى «چوڭ» لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

ھاشىم چوڭ 1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە باشلانغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇشىغا ئىش بېشى بولغان (شۇ ۋاقىتتىكى ئىنستىتۇتنىڭ ئورنى شۆيۈەن كوچىسىدا ئىدى)، يەنە شۇ يىلى

ئۈرۈمچىدە سىلىنغان موڭغۇل ، قازاق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ يېتەكچىلىك قىلغان ، كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ئىجادچانلىقى بىلەن شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ماھىر پىلانچى ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىسى ھاشىم چوڭ 1942 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان .

ھاشىم چوڭنىڭ ئىز باسقان ئوغۇللىرىدىن مۇھەممەدخان ئۇستا (1890 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان ) ، سابىت خان ئۇستا (1900 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان ) ، ھامىت خان ئۇستا (1902 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان ) لار بار .

مۇھەممەدخان ئۇستا زېھنىي ئۆتكۈر ۋە ئىشچان بولۇپ ، ئاتىسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن . ئەپسۇسكى ئۇ مەلۇم ئىش بىلەن ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ قىلىپ ، تۈرمىدە گېرمانىيىلىك بىر مەھبۇس بىلەن بىر كامىردا يېتىپ ، ئۇنىڭدىن ئىسكىرىپكا ياساشنى ئۆگىنىۋالغان ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تۆرە باغدىكى ئۆيىنىڭ يول بويىدا دۇكان ئېچىپ ئىسكىرىپكا ۋە باشقا سازلارنى ياساپ ساتقان . ئەينى دەۋردە بۇ خىل ساز (ئىسكىرىپكا ) قەشقەردە يوق ھەم چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلىدىغان بولغانلىقتىن يۇقىرى باھادا سېتىلغان . مۇھەممەدخان ئۇستا يەنە ئۇيغۇر چالغۇ - ئەسۋابلىرىنىمۇ ياساپ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىگە تونۇلغان .

### 5 . مەشھۇر سىرچى ، نەققاش ۋە گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى نامانخان ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارى

نامانخان ئۇستا 1877 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيە بازار ئىچى مەھەللىسىدە سىرچى ، نەققاش يۈسۈپ ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان .

يۇسۇپ ئاخۇن ئۇستا ئاتا ـ بالىلىرىدىن تارتىپ سىرچىلىق ـ نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئۇستىكارلىرىدىن ئىدى. ئۇ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا مەدرىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ پېشايۋان، تۈۋرۈك، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك نەقىش چىقىرىپ سىرلاپ، خا، جەگە، ھاراق ياغاچلىرىغا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىپ كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى. سودىگەر ۋە ئاتاقلىق زاتلارنىڭ ئىمارەتلىرى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قولى بىلەن رەڭمۇ رەڭ گۈلزارلىققا ئايلىناتتى، يېڭى ـ يېڭى سىر نەقىش نۇسخىلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

نامانخان ئۇستا شۇنداق ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئەجدادلىرىنىڭ ھەرخىل ئىمارەتلەرگە سىزغان سىرچىلىق ـ نەققاشچىلىقتىكى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان. بولۇپمۇ سىر بىلەن ھەر خىل نەقىشلەرنى ۋە بىر ـ بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن گۈل ـ گىياھلارنى، مەنزىرە سۈرەتلەرنى سىزىشتا ئۆتمۈشتىكىدىن ئۆزۈق ئېلىپ، ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ، يېڭى ـ يېڭى نۇسخا ـ كۆرۈنۈشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

نامانخان ئۇستا سىرچى ـ نەققاش بولۇش بىلەن، سەھنە دېكوراتسىيە ۋە سەھنە ئارتىسلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك زىننىتى قاتارلىق گۈزەل سەنئەت كەسپىگىمۇ ماھىر رەسسام ئىدى. ئۇ 1933 ـ يىلى قەشقەر دوتەي ياموُلى ئالدىدىكى تامغا تاتار ئالىمى ئەھمەد فەرىد ئاباس سىزغان شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىگە ماس كەلتۈرۈپ ھەر خىل رەڭ بەرگەنىدى. 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ 1940 ـ يىلى پۈتكۈزۈلگەن ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنىڭ سەھنە تاملىرىغا ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۇرۇمچى مەنزىرە سۈرەتلىرىدىن تاللاپ سىزغان رەڭدار كۆرۈنۈشلەر

تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە زوقىنى كەلتۈرگەندى، كۆلۈب قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر «سانايىنەپىسە» تەرىپىدىن ئوينالغان «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مال ئالان»، «رابىيە - سەئىدىن» ... قاتارلىق دراما - ئوپېرالارنىڭ سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى لايىھىلەپ ۋە دېكوراتسىيە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىي سىزىپ چىقىپ، رەھبەرلىك، سەنئەتچىلەر ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، تەشەككۇرىگە سازاۋەر بولغانىدى، قوشنا شەھەر، ناھىيىلەر (يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا) نىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەھنە دېكوراتسىيىلىرىنى سىزىپ بېرىپ ۋە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

داڭقى يىراقلارغا تارالغان نامانخان ئۇستا 1942 - 1943 - يىللىرى سەمەندىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق بىنالىرى ۋە ئىشخانا، ئۆي جاھازلىرىنى ياۋروپا پاسونىدا ۋە مىللىي پاسوندا سىرلاپ، تام - تورۇسلىرىنى مەنزىرە رەسىملەر بىلەن بېزەپ، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىدىكى سىرچىلىق - نەققاشچىلىق، گۈزەل سەنئەت ۋە رەسسامچىلىق ئۇستىلىرىنىڭ تالانتى، ماھارىتىنى نامايان قىلغانىدى.

1947 - يىلى ئاپاق خوجا مازارىنىڭ چوڭ رېمونت ئىشلىرىدا سىرچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، شەربەت كۆلى بويىدىكى ياسىداق تاختا مەسچىتنىڭ ئىشىك - دېرىزە، پېشايۋان - كايىۋان، تۈۋرۈك تورۇسلىرىغا ھەر خىل سىر بىلەن نەقىش ۋە مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ نەمۇنە قالدۇرغان، ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى يېنىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ سىرچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان.

1951 - يىلى ئاقسۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، ئاقسۇ خەلق كۇلۇبىنىڭ ئالدىغا رەئىس

ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى سىزىپ رەسسامچىلىقتىكى ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ، ئاقسۇ خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان.

1954 - يىلى قەشقەر خەلق باغچىسى ئىچىگە سېلىنغان «مەدەنىيەت سارىيى» قۇرۇلۇشىنىڭ سىرچىلىق - نەقىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ (ئوغلى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن)، ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە تولغان گۈزەل نەقىشلەرنى سىزىپ قالدۇرغان.

1955 - يىلى ئاپاق خوجا مازارى ۋە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قايتا رېمونتىدا سىرچىلىق ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان، مەسلىھەت بەرگەن، بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئوغلى ۋە شاگىرتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان.

بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى بولۇپ قالغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ، نامى تىللاردا قالغان نامانخان ئۇستا 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان نامانخان ئۇستىنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى سىرچىلىق - نەقىشچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسسىق - سوغۇق ۋە بۇران - چاپقۇنلاردا رېڭى ئۆڭۈپ تۇزۇپ بارسىمۇ، گۈزەللىكنى ، سەنئەتنى سۆيىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس نام قالدۇردى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى لال قىلىدىغان، كۆرگەن كىشىگە يېڭىلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يارقىن كۆرۈنۈشلۈك نەقىش ۋە سەنئەتلىك رەسىملىرى سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇزۇنغىچە يادلىنىپ كەلمەكتە.

نامانخان ئۇستىنىڭ ئوغلى، نەتىجىلىك ئىز باسارى مۇھەممەد ئىمىن نامان 1932 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ 8 ياشقا

كىرگەندە ئاتىسىنىڭ كەينىدە يۇرۇپ سىرچىلىق ـ نەقىشچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان .

نامانخان ئۇستا نەچچە ئون يىل ئىشلەپ توپلىغان سىرچىلىق ـ نەقىشچىلىق هۈنەر ـ سەنئەت بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى ئوغلى مۇهەممەد ئىمىنگە ئۆگىتىپ ، ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ، تالانتلىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان . ياش مۇهەممەد ئىمىن ئاتىسى بىلەن بىللە هەر قايسى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن تارتىپ ، هۆكۈمەت ۋە شەخسىيلەرنىڭ تۇرلۇك ئىمارەت ، دۇكانلىرىغىچە ، چوڭ بىنالاردىن تارتىپ سەهنە دېكوراتسىيىلەرگىچە سىرچىلىق ، نەقىشچىلىق ئىشلىرى ۋە گۈزەل سەنئەت ، رەسساملىق ئىشلىرىنى قىلىپ ، مۇكەممەل سەنئەت ئىگىسى بولۇپ چىقىشقا يول ئاچقان .

مۇهەممەد ئىمىن نامان ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن بۇ هۈنەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى . بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇنلىغان نەپىس ، كۆركەم ۋە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق نۇسخىلارنى لايىهەلەپ چىقتى ، ئۇنىڭ لايىهەلەپ سىزغان نەقىش نۇسخىلىرى بىناكارلىق ، كىيىم ـ كېچەك ، ئات ـ هارۋا جابدۇقى . . . قاتارلىق خىلمۇ خىل تۇرلەردە هېسابسىز ئۇچرايدۇ .

مۇهەممەد ئىمىن نامان سىر ۋە بوياقلارنى تەڭشەش ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇشتا ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ، هېرىپ چارچاشقا قارىماي ، نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە ئەجرىنى سىڭدۇرگەن . ئۇ هېيتگاه جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۇستىدىكى ئەرەبچە هۆسنخەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ۋە جامەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پېشايۋان ئاستىدىكى ئىككى ئىشىك ئۇستىدىكى نەققاشلىق رامكىلارنى سىرلاپ ئۆز ماهارىتىنى نامايان قىلغان .

ئۇيغۇر هازىرقى زامان بىناكارلىقىنىڭ سىرچىلىق ـ نەقىشچىلىق هۈنەر ـ سەنئىتى ۋە خەلق گۈزەل ـ سەنئەت ئىشلىرىغا

ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق سەنئەتكار مۇھەممەدئىمىن نامان 1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ جانقۇرغان كوچىسىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقى ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى، چېۋەر قوللىرى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، بىناكارلىقىنىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە يېتىشىدە زور كۈچ چىقاردى ۋە ھەسسە قوشتى.

## § 3. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلمىسى

مەلۇمكى، ھەر قانداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ مۇئەييەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. قەشقەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئومۇمەن قۇرغاق، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 40 — 60 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، كۈز ۋە قىش پەسلى زىيادە قۇرغاق، قىش پەسلىنىڭ تېمپېراتۇرىسى خېلىلا تۆۋەن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نەملىك پەرقى چوڭ، پارغا ئايلىنىشى تېز، قۇم ـ بورانىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى ئېغىر قاتارلىق بىر قاتار تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئومۇمەن ئولتۇراق ئۆيىنى كۈنگەي تەرەپكە سېلىش، ئۆي قۇرۇلمىسىنى بىر يۈرۈش ئايۋان ـ سارايلىق (مېھمانخانىلىق) قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇنىڭدا ئاساسەن مېھمانخانا ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىگە يوتقان ـ كۆرپە يىغىلىدىغان مەرەپ چىقىرىلىدۇ. شەرق تەرىپىگە دېرىزە ئورنىتىلىدۇ. قالغان تاملىرىغا ھەر خىل نەقىشلىك تەكچە ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر

خىل چىنە ـ قاچا ، زىننەت بۇيۇملىرى تىزىلىدۇ . غەرب تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ مورىلىق ئوچاق سېلىنىپ ، تۆرخۇن تام ئارىسىدىن چىقىرىلىدۇ . ئايۋان ئۆيلەرگە كەڭ سۇپا ئورنىتىلىدۇ . بەزى جايلاردا سۇپا ئورنىغا كاڭ قويۇلۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا پىلتىلىق ئوچاق سېلىنىدۇ . ئۆينىڭ پېشايۋىنى هويلىغا قارىتىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دەل ـ دەرەخنى ئۆلۈغلاش ، هويلا ـ ئارامنى كۆكەرتىشكە ئەهمىيەت بېرىشتەك ئادەتنىڭ تەسىرىدە كۆپىنچە هويلىلاردا ئۈزۈم بارىڭى بولىدۇ . هېچبولمىغاندا كاۋا ـ قاپاق تېرىپ باراڭغا ياماشتۇرۇپ ياز كۈنلىرى هويلىغا كۈن چۈشۈرمەيدۇ . هويلىنىڭ بىر تەرىپىگە گۈل تېرىلىدۇ . هويلىنىڭ كوچىغا قارىتىلغان ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى بولىدۇ .

ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ بىر يېنىغا ئات ـ ئۇلاغلىرىنى باقىدىغان ئېغىل ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ، ئاشلىق قويىدىغان ئامبار (قازناق ) ئۆيلەر سېلىنىدۇ . ئومۇمەن هەر قانداق ئائىلىدە بىر مېهمانخانا ، بىر ـ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك هۇجرا ، بىر ئاشخانا ، بىر ئامبار ، هويلىدا مېۋىلىك ياكى مېۋىسىز بولسۇن دەل ـ دەرەخ بار بولغان بولىدۇ .

بىز قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەهەر ناهىيىسى تاغارچى يېزىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمىزدا ، شۇ جاي خەلقلىرىنىڭ نەزەرىدە ، هەر قانداق ئۆيدە چوقۇم مېهمانخانا ، ياتاقخانا ، هاجەتخانا ، ئاشخانا ، ئاتخانىدىن ئىبارەت «بەش خانا» بولغاندىلا ، ئاندىن بىر مۇكەممەل ئۆي بولىدىغانلىقىدەك ئەمەلىي ماتېرىيالغا ئېرىشتۇق .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدىكى هەر بىر بۆلەكنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگىنىمىزدە ، ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز :

1 . مېھمانخانا : قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا مېھمانخانا بەزىدە بىر ، بەزىدە ئىككى بولىدۇ . ناۋادا مېھمانخانا ئىككى بولسا ، چوڭ مېھمانخانىغا چوڭ - چوڭ مۇراسىم ، مەسلەن ، ئۆلۈم - يىتىم ، توي - تۆكۈن قاتارلىقلار بولغاندا مېھمانلار باشلىنىدۇ . قالغان ۋاقىتلاردا مېھمانلار ئومۇمەن كىچىك مېھمانخانىغا باشلىنىدۇ . مېھمانخانىغا ئومۇمەن قۇدرىتى يەتسە گىلەم ، كۆرپە (يېكەنداز ) سېلىنىپ ، تامغا مېھراب چىقىرىلىدۇ . تورۇس گاھىدا ۋاسا جۈپ ، گاھىدا سىلىق تاختاي بىلەن يېپىلىپ ، چۆرىسىگە ھەر خىل نەقىشلەر چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ . بەزىدە مېھمانخانىغا سۇپا چىقىرىلىدۇ ، گاھىدا بۇگۇنكى دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ساپا قويۇلىدۇ .

مېھمانخانا ھويلىنىڭ قۇرۇلمىسى ، قۇلايلىق بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ھويلىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە ياكى ئىچى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ .

2 . ياتاقخانا : مېھمانخانىنى مەركەز قىلغان ھالدا ، مېھمانخانىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە ياتاقخانا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ، جۈملىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇرلاردا قىز - ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ياتاق ئۆيى ئايرىم بولىدۇ . ئاتا - ئانا تەرەپ ئاساسەن ئايرىم ھۇجرىدا بىللە تۇرمايدۇ ، بەلكى ئاتا بولسا ئوغۇل پەرزەنت بىلەن ، ئانا بولسا قىز پەرزەنت بىلەن بىللە تۇرىدۇ . ياتاقخانىنىڭ ئىچىگە ئومۇمەن سۇپا ۋە ئوچاق چىقىرىلىدۇ . ياتاقخانا تېمى چىرايلىق زەدىۋاللار بىلەن ياكى سىر بىلەن سىرلىنىدۇ . تۆر تېمى تەرەپكە ئىشكاپ ئورنىتىلىپ ، ئۈستىگە ياكى ئىچىگە يوتقان - كۆرپە تىزىلىدۇ .

3 . ئاشخانا : بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاشخانا ئومۇمەن ياتاق ئۆي بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ ، ياز كۈنلىرى ھويلىنىڭ ئىچىگە ئوچاق چىقىرىپ تاماق ئېتىپ يېگەننى ھېساب قىلمىغاندا ، كۆپىنچە

ئائىلىلەردە ياتاق ئۆي بىلەن ئاشخانا ئۆي بىرگە بولاتتى . بوگوڭكى كۇنگە كەلگەندە كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئاشخانا ئۆي مەخسۇسلاشقان بولۇپ ، ئومۇمەن ياتاق ئۆيگە يانداش سېلىنىدۇ . ئاشخانا ئىچى هەر ۋاقىت پاكىز ، قۇرۇق تۇتۇلىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆي قۇرۇلمىسى هەر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىغا يارىشا يەنە هەر خىل بولۇپ ، قىسقا مەزگىلدىلا شەكىللەنگەن ئەمەس . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەرۋازىنى كوچا تەرەپكە قارىتىپ سېلىشى بۈگۈنكى كۈندىكى ئادەت بولغان بولسا ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بولغان تۈركلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ كۈنچىقىشقا قارىتىپ ئېچىلىدىغانلىقى مەلۇم . «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى» ، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئىنچىكە مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان . يەنى ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۈنپېتىشقا قارايدىغان بولۇپ ، ھەممە ئائىلىنىڭ «قاپقا» (دەرۋازا)سى[1] ، قوتان[2] ، سۆكە[3] ، بالدىخانا[4] ، ئۆيلەردە تۈڭلۈك[5] قاتارلىقلار بار ئىدى . ئۆينى پاكىز تۇتۇش ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بولۇپ ، «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ .

4536 . ئۆيۈڭ ، مۈلكۈڭنى پاك ـ ئېرىغ تۇت ھامان ،
ئايا مەرد ، كېلەر بەخت ساڭا ھەر زامان .

تۇرالغۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ياشاش كاپالىتى بولغاچقا ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيگە بولغان تونۇشى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئاتىلىشى ، ھەر قايسى ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ كەلگەن .

---

① ② ③ ④ ⑤ مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 456 ـ ، 200 ـ ، 230 ـ ، 632 ـ ، 491 ـ بەتلەر

جۇملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ «ئۆي» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەۋ - ev» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۆي ئەسلىھەلىرى، ئۆي قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ يەنە «قونۇقلۇق ئەۋ» (مېهمانخانا)، «قورۇنلۇق ئەۋ» (قورۇم باغلاپ كەتكەن ئۆي)، «قودۇغلۇق ئەۋ» (قودۇقى بار ئۆي)، «قاپۇغلۇق ئەۋ»، (قوۋۇقى بار ئۆي)، «تۆرتكۆل ئەۋ» (تۆت چاسا ئۆي) قاتارلىق ئۆيلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ئۆيلەرنىڭ بۇنداق بۆلۈنۈشى قەشقەردە ھازىرغىچىلىك داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېهماندوستلۇق خاراكتېرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئوچاقنى ئۇلۇغ بىلىش ئادىتىدۇر. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئوچاق ئائىلىنىڭ ھۆسنى ۋە ئىناۋىتىنىڭ، ئوتنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تاشقى پوستى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئۆرپ - ئادەتلەر ياندىشقان.

باشقا جاي ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆي سېلىشنى ئۆمۈرلۈك ئىش قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەچكە، ئۆي سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۆي سالىدىغان يەرگە ئالدى بىلەن قىلىنىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئۇلىنى تۇتۇپ، قولۇم - قوشنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆينى پۈتكۈزىدۇ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئەل جامائەتكە «ئۆي چېيى» بېرىدۇ. بۇنىڭدا شۇ كىشى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي سېلىشقا ياردەملەشكەنلەردىن تاشقىرى، باشقىلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، ئۆينىڭ تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەپ ئۇلارنىڭ شەرىپىگە

داستىخان تەييارلايدۇ . ئۆي چېيى ھەر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىغا قاراپ بولىدۇ . بەزىلەر ئالاھىدە نان ـ توقاچ يېقىپ ، ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ھازىرلاشتىن تاشقىرى ، بىر ـ ئىككى مال سويىدۇ ۋە ئۆي چېيىغا ئاتاپ مەخسۇس قۇيماق ، پوشكال سالىدۇ . ئاۋۋال مەھەللىدىكى پېشقەدەم ئۆلىما ، ئىمام ، مەزىن ، ئاخۇنۇملار خەتمە ـ قۇرئان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، تاماق كەلتۈرىدۇ . تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى ساھىبخانىغا قويۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ . بۇ يەردىكى ئالاھىدە بىر نۇقتا شۇكى ، خەتمە ـ قۇرئانغا ئاتالغان نازۇ نېمەتتىن ، جۈملىدىن قان قىلىنغان قوي ياكى توخۇنىڭ گۆشى ، تاماق ۋە باشقا ۋەھاكازالارنى ئۆي ئىگىسى ، ئەر بولسا ئەر ، ئايال بولسا ئايال ئېغىزغا سالمايدۇ .

ئۆي چېيى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، قولۇم ـ قوشنىلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا يېقىنلىقنى ، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ .

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغاچقا ، ئۇيغۇرلار ئۆزى تۇرىدىغان تۇرالغۇنى پاكىز ، چىرايلىق تۇتۇشقا ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بولۇپ كەلگەچكە ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا ، يىپەك ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ ، يىپ قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن گىلەم ، كىگىز ، پالاس ، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ، ئۆي ئىچىنى بېزەش ئەنئەنىگە ئايلانغان .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشتىكى

ئاساسلىق تەرەپلىرىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن:

1. ئۆيگە ئۇل قويۇش ئومۇملاشقان.

2. ئۆي تاملىرى قېلىن، ئېگىز قوپۇرۇلىدۇ.

3. ئۆينىڭ ئىچكى تاملىرىغا چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، ئېگىز ـ پەسلىكى ھەر خىل بولغان ئويۇق، تەكچە ۋە لىمتاق چىقىرىلىدۇ.

4. تۈڭلۈكتىن باشقا ھەر خىل روجەك (دېرىزە) قويۇلىدۇ، ئەينەك ئورنىتىلىدۇ.

5. ئۆينىڭ ئىچى تېمىغا زىل (سىلىق) سۇۋاق بېرىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان.

6. ئۆينىڭ تورۇسى ۋاسا جۈپ ياكى تاختايلىق قىلىنىدۇ، تورۇسنىڭ تام گىرۋىكىگە ئايلاندۇرۇپ نەقىشلەنگەن ياغاچ قويۇلىدۇ.

7. يازلىق ئۆي، قىشلىق ئۆي، مېھمانخانا، ياتاق ئۆي دەپ ئايرىلىدۇ.

8. ئۆيلەر پېشايۋانلىق قىلىنىدۇ، پېشايۋان تۈز پېشايۋان ۋە ئەگمىلىك پېشايۋان دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئۆيلەر بەزىدە «كۆتۈرمە» ھالەتتە سېلىنىدۇ. يەنى شەھەر مۇھىتىدا ئۆي قىس بولغاچقا، ئۆينى ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىش ئومۇملاشقان. لېكىن ئۆينىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، بۆلۈنۈشى باشقا ئۇسلۇبتىكى ئۆيلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

9. ئۆيلەر ئومۇمەن ھويلىلاشقان.

10. تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا تامچىلىق، ياغاچچىلىق، ھاكچىلىق، تاشچىلىق، نەققاشلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىناكارلىق سەنئىتى ۋە بۇ ساھەلەر

بويىچە داڭلىق ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلگەن .

ئۆي بىساتلىرىدىن گىلەم ۋە كىگىز ، يوتقان ـ كۆرپە ، زەدىۋال قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ھەر خىل نۇسخىدىكى گىلەم ۋە كىگىزدىن ئۆي ئىچىنى رەتلىك ، تىپىك مىللىي ۋە يەرلىك ئۇسلۇبتا بېزەش ، تامغا زەدىۋال تارتىش ھەممە ئائىلىلەردە ئومۇملاشقان .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي ـ بىساتلىرى ئىچىدە كۆرپە (يېكەنداز ) ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . بۇ ئادەت قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھماندوستلۇق خاراكتېرى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلىلىرىدە 2 ~ 3 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ، 50 ~ 60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە كەلگەن كۆرپىلەردىن كېمىدە ئىككى ~ ئۈچى بار بولغان بولىدۇ . كۆرپە كۆپىنچە شوخ رەڭدىكى رەختلەردىن تىكىلىدۇ . بۇنداق كۆرپىلەر كۆپىنچە ئۆينىڭ تېمىنى ياقىلىتىپ سېلىنغان بولىدۇ . ئادەتتە «يېكەنداز » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭغا ياندىش ھالدا يەنە شەكلى يۇملاق ، دىئامېتىرى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 40 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان ، يۇمشاق ، شوخ رەڭلىك رەختتىن ئىشلەنگەن ، ئىچىگە توزغاق ، پاختا ، قۇش پېيى تىقىلغان تەكىيە (ياستۇق ) بار بولىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدە نۇقتىلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەر بىر تۇر ھەققىدە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ توختىلىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن .

ناھايىتى ئېنىقكى ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى يەككە ھالەتتىكى ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ، شەھەر ھالىتىگە ئۆتۈشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن . نەتىجىدە تۇرالغۇ ئېھتىياجىدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي

قىلغان .

## § 4 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىدە كاھىش - نەقىشلەر

تارىخىي شەھەر قەشقەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 36 بەگلىكنىڭ قاتارىدا ئاللىقاچان شەھەر ھالىتىگە قەدەم قويغان . يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىغىچە قەشقەر خەلقىنىڭ بىناكارلىقى كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھۈنەر - سەنئەتنى ، جۈملىدىن نەققاشلىق ، رەسساملىق ، ئويمىچىلىق ، ھەيكەلتىراشلىقنى بىر گەۋدە قىلغان ھالدا يىللار قاينىمىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ بارغان .

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىكى قەشقەرنىڭ بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقى بىلەن تويۇنغان ، روشەن دەرىجىدە يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىناكارلىق بولۇپ تونۇلدى . ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، ياغاچ قۇرۇلما ، توپا - ياغاچ قۇرۇلما ، خىش - كېسەك قۇرۇلما ۋە ۋاسا جۈپ تورۇس ، گۈمبەز ئەگمە تورۇس قاتارلىق شەكىللەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تورۇس بىلەن خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇستىن ئىبارەت بىناكارلىق شەكلى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن .

ۋاسا جۈپ تورۇس خوتەن ، قەشقەر رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ، بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بولۇپ ، قەشقەر دىيارىدا تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان . بۇ خىل ئۇسلۇب قەشقەرنىڭ بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە چاسا ياكى ئۇزۇنچاق

تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىپ، ئۆينىڭ ئۈستىگە لىم، جەگە ۋە هاراقلارنى توغرىسىغا تىزىپ ئۆزئارا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇس ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستى تەكشى يۈزى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆت بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇمىلاق گۈمبەز چەمبىرىكى هاسىل قىلىنىپ، ئۈستىگە هەر خىل خىش نۇسخىلىرى، سېمونت، هاكتىن پايدىلىنىپ گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلىدۇ.

سىرتقى كۆرۈنۈش جەهەتتىن قەشقەرنىڭ يەرلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئىمارەت تۈۋرۈكلىرىنى تۆت قىرلىق، ئالتە ياكى سەككىز قىرلىق، ياكى يۇمىلاق چىقىرىش، ئىمارەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى تاملىرىغا ئەگمە تەكچە، دېرىزە ۋە هەرخىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىش، دەرۋازا پەشتاقلىرىغا مۇنار، ئەگمە تەكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق ئىمارەتنىڭ پۇختا، كۆركەم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەهەتلەردە ئالاهىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ هەقتە ئالاهىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق نەقاشلىق سەنئىتى بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردە شەكىللەنگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق قېزىۋېلىنغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ساپال بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن ئاددىي نەقىش نۇسخىلىرى، قەدىمىي كىيىم ـ كېچەكلەرگە، ئوۋ قورالىرىغا، ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تارىخىي ئەهۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىلا نەقاشلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا

ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردىكى نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەزگىللەردە شەكىللەنگەن نەقىش نۇسخىلىرىغا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى، مەسىلەن، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى تۇرلۇك نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ سىزىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن. كۇچا قىزىل مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرى ۋە تام نەقىشلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان 10 ـ — 11 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق سەنئىتىدە يېڭىلىنىش بولغان. بۇرۇنقى بۇددا دىنى ئەهكاملىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، لېكىن ئىسلام دىنى ئەهكاملىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى نەقىشلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، جانلىقلارنىڭ رەسىملىرى نەقىش نۇسخىلىرى ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. نەقىش نۇسخىلىرى ئىسلام دىنى ئەهكاملىرىغا ماس كەلتۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويغان، نەقىش نۇسخىلىرى ۋە شەكىللىرى تېخىمۇ يېڭىلانغان، سەنئەت تۇسى قويۇقلاشقان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەسچىتلەرنى كاتتا ياساشنى ئاللاغا بولغان ئېتىقادنىڭ كۇچلۇكلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغانلىقى ئۇچۇن، ئۇيغۇر نەقىش نۇسخىلىرىنى كاتتا مەسچىتلەرنىڭ مۇنار، گۈمبەز، مېهراب، تەكچە، تورۇس، تۇۋرۇكلىرىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىلىپ، ئۇيغۇر نەققاشلىق هۇنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى نامايەن

قىلغان . ئەينى ۋاقىتلاردا قەشقەردىكى داڭلىق نەققاشلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئاپاق خوجا مازىرى ، ھېيتگاھ جامەسى ، خانلىق مەدرىسە قاتارلىق 10 نەچچە كاتتا ئىمارەتنى سېلىپ چىققان . ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا . قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلى 15 ـ ئەسىردىن كېيىن بولغان . قەشقەردە سېلىنغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ، ئىككى يۈز يىللىق قەدىمىي ئىمارەت ، قەدىمىي مەسچىت ۋە قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بايلارنىڭ قەدىمىي ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەنگەن كۆركەم نەقىش نۇسخىلىرىدىن قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار تەبىئەتنى ، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان مىللەت بولغاچقا ، تەبىئەت گۈزەللىكىگە سىمۋول قىلىنغان ھەر خىل نەقىشلەرنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ ۋە كەڭ قوللىنىپ كەلگەن . ئۇيغۇر نەققاش سەنئىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان . ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ ، مەيلى ئۆتمۈشتە ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن . ئۇيغۇر نەقىشلىرىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق سەنئىتى بويىچە ئۇيغۇر مەسچىتلىرى ، ئۇيغۇر ئۆيلىرى ، ئۇيغۇر ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىقى بولغان ئۇيغۇر سەگەزلىرى ، ئەتلەسلىرى ، گىلەملىرىگە ، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ، دوپپىلىرى ، زىبۇ زىننەتلىرى ، تۆمۈرچىلىككە ، ئۇيغۇر

كۇلالچىلىقىغا ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا ، ئۇيغۇر ئۆي جاھازلىرىغا ، ئۇيغۇر هارۋىلىرى ، مەپىلىرى ، ئات - ئۇلاغ ئېگەر - جابدۇقلىرىغىچە ، ئۇيغۇر پالاسلىرى ، كىگىزلىرى ، جەينامازلىرى ، تەڭلىماتلىرى ، ئىسراقلىرى ، ياغاچ هېجىر - تاۋاقلىرى ، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ، مىستىن ياسالغان قازان - قومۇچ ، چەينەك - چۆگۈن ، ئاپتۇۋا - چىلاپچىلىرىغىچە ئۇيغۇر نەقىشلىرى ئىشلىتىلگەن ۋە مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن . مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ، مەيلى هازىر بولسۇن ئىشلەپچىقىرىلغان قول هۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مەهسۇلاتلىرىغا پەقەت نەپىس نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەهسۇلاتلار سەنئەت بۇيۇملۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، قىممىتى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ هەممە هالقىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىشى ئۇيغۇر قول هۈنەر - سەنئىتىنى يېڭى بۆسۈشكە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلغان .

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ توغرا رەهبەرلىكىدە ، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ، نەقاشلىق سەنئىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىندى . قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ، نەقىشلىق سەنئىتى شىنجاڭنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ هەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى . قەشقەرلىك ئاتاقلىق نەققاش ئابدۇللا ئابدۇرېهىم 1958 - يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيىنى يېڭىدىن سالغاندا ، تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭدا بىر يېرىم يىل تۇرۇپ ، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەققاشچىلىقىنى كاپالەت بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ ، تەلەپكە لايىق پۈتكۈزۈپ ، مەركەز رەهبەرلىرىنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشكەن بولسا ، ئابدۇللا ئابدۇرېهىمنىڭ ئوغلى ، ئاتا

ۋارىس داڭلىق نەققاش ئابلىز ئابدۇللا 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭ خەلق سارىيى شىنجاڭ زالىنى ياساشقا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئويما نەققاشلىق يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەرگە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېلىنغان كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلغان. مەسىلەن، قەشقەر ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا بازىرى، ھېيتگاھ كاتتا بازىرى، يېڭىدىن ياسالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ۋە ئېگىز قەۋەتلىك نۇرغۇن بىنالارغا ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى قوللىنىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، شەكىل ئالاھىدىلىكىگە، رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە. ئۇ شەيئىلەرنىڭ قىياپىتىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈش، كۆپەيتۈرۈش ۋە شەكىللەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرى كۆركەم، نەپىس، ئۆزگىرىشچان، كۆپ مەنىلىك بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىل ـ قىياپىتىنى، رەڭگارەڭ تەبىئەت مۆجىزىلىرىنى، سان ـ ساناقسىز گۈل ـ گىياھلارنى، غۇنچە ـ

چېچەكلەرنى ، تۇرمۇش قۇراللىرىنى ئۆزىگە ئېلىپمېنت قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ ، بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق نەقىش شەكلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەينى ھالىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ، بىر - بىرىگە ماسلاشقان شەكىللەر بىلەن تۈرلەندۈرۈش ئارقىلىق تەكرار كۆپەيتىپ ، بېزەيدىغان ئورۇن ۋە ئېھتىياج تەلىپىگە ئاساسەن ، قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپكە ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملىشالايدىغان ، مۇستەقىل پۈتۈنلۈكتىمۇ تۇرالايدىغان نەقىش قۇرۇلمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇ نەقىشلەر بىر - بىرى بىلەن تەبىئىي باغلانغان ، ماسلاشقان ، تەبىئىي كېسىشكەن سىممېترىك ۋە سىممېترىك بولمىغان ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، ئوخشاش بولمىغان ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلغانلىقتىن ، ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرىدە مىللىي پۇراق ، يەرلىك ئالاھىدىلىك تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا زىننەتلەشنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، ئۇ بىنالارنىڭ تۈرى ، ئالاھىدىلىكى ، بىنا ئورۇنلاشقان جاي ، بىنالارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . بىنالارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارمۇ پەرقلىنىدۇ . بىنالار ئادەتتە گەج ئويما نەقىشلىرى ، سىر بىلەن سىزىلغان رەڭلىك نەقىشلەر ، خىش توقۇلما نەقىشلىرى ، كاھىش نەقىشلىرى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە بېزىلىدۇ .

1 . گەج ئويما نەقىشلىرى . ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىش سەنئىتىدە گەج ئويما نەققاشلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . گەجنىڭ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغاندا دەرھال قېتىشتەك خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، گەج ئويما بېزەكچىلىكى ، تام قوپۇرۇش ، سىلىق سۇۋاق (گەج خا ) قاتارلىقلاردا گەج ئويما نەقىشلىرى قوللىنىلىدۇ . گەج نەقىشلىرى ئادەتتە ئۆي ئىچى ۋە

سىرتىنى ، مەسچىت ، مازار ، گۇمبەز ، مۇنار قاتارلىق ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش ئېھتىياجىنى قاندۇردۇ . تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قىسمىنى ، يەنى مورا ، تەكچە ، ئىشىك ۋە دېرىزە ئەتراپلىرى ، تام ، مېھراب ، كىرگۈل گەجدىن نەقىش ئويۇپ زىننەتلىنىدۇ . گەج نەقىشلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ نەقىش تەكتىدىن سىرتىغا قارىتا كۆپتۈرمە ھالەتتە تۇرىدۇ . گەج نەقىشلەرنىڭ يۈزى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا ئويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن رەڭ ئۈنۈمى ھاسىل قىلىنىپ ، كىشىلەرگە ئابيۇملۇق تۇيغۇ بېرىدۇ .

2 . سىر بىلەن سىزىلىدىغان رەڭلىك نەقىشلەر . بۇ بىنالار ۋە ئولتۇراق ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىدا ھەر خىل سىرلار بىلەن سىزىپ چىقىرىلىدىغان نەقىش بېزەكچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

ئادەتتە مەسچىت ، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ پېشايۋان ، تۈۋرۈكلىرى ، تورۇس ، خا ، جەگە ، ھاراق ، سەراپ قىسمىدىكى بېزەك - نەقىشلەر مۇشۇ سىر سىزمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىنىدۇ . ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى : رەڭلىرى ئىنتايىن كۆركەم ، بىر - بىرىگە ماسلاشقان ھەم قارىمۇ قارشى قويۇلغان كۆپ خىل رەڭلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۆركەم ئىپادىلىنىدۇ ، نەقىش شەكىللىرى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ ئوبرازى ئېنىق ، مەزمۇنى مول بولىدۇ ، بۇلار سىزما نەقىشلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتىپ بېرىدۇ . سىزما نەقىش ئارىسىغا ھەر خىل مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى ، يەرلىك مېۋە - چېۋە ، رەڭمۇ رەڭ گۈلدەستىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بېزەك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ موللاشتۇرىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە سىر سىزمىچىلىقى بىناكارلىق سەنئىتى دائىرىسىدە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن ، ئۆي بىساتلىرى ، ياغاچ جاھازىلارغىچە كېڭىيىپ ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە يۇقىرى تەسۋىرىي سەنئەت قىممىتى بىلەن

ئەتىۋارلانماقتا .

3 . ياغاچ ئويما ، پەنجىرە ۋە ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرى . بۇلار بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ ، ئۇ كەسپىي ھۈنەر خاراكتېرىنى ئالغان ، ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانىنىڭ ئاخىرقى پەرداز ياكى زىننەت باسقۇچىدىكى ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىش تەرتىپى ھېسابلىنىدۇ . ياغاچ ئويمىچىلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر قانداق بۆلەكلىرىدە قوللىنىلىدۇ . ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ تورۇسلىرىدىكى خا ، جەگە ، هاراق ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ، ئىشىك قاناتلىرى ، ئىشىك كېشەكلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچراپ تۇرىدۇ . پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىنىڭ باش قىسمىمۇ ياغاچ ئويما ۋە بۆلەكلەرنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە ياسىلىدۇ . ئادەتتىكى ئۆي نەقىشلىرىنى ئويۇش شەكلى قاپارتما ۋە ئىچكى ئويما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ .

4 . پەنجىرە ، ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرى . ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نازۇك بىر قىسمى بولۇپ ، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ . پەنجىرە ، ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرى ئۆلچەمگە ئاساسەن ياغاچلارنى ھەرىدەپ ، بىر ـ بىرى بىلەن بەدىئىي چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىنتايىن كۆركەم ، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك بولغان خىلمۇ خىل گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ، تۆت تەرەپكە داۋاملىشىدىغان نەقىشلەر ، چەمبەر ، رومبا ، كۋادرات ، ئۈچ بۇلۇڭ ، تۆت بۇلۇڭ ، ئالتە بۇلۇڭ ، سەككىز بۇلۇڭ شەكلىدىكى نەقىشلەرگە كەلتۈرۈپ ، ئىشىك بېشى ، دېرىزە ، تۈۋرۈك ، پەنجىرە قاتارلىقلار زىننەتلىنىدۇ .

5 . خىش توقۇلما نەقىشلىرى . ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدە سۈۋاق زىننەت ئېھتىياجى بولمىغان ، زىننەت

ئېھتىياجى خىش بىلەنلا تاماملىنىدىغان قۇرۇلمىلارغا قوللىنىلىدۇ . خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن تام يۈزىنى زىننەتلەش يەنە بىر ئالاھىدە زىننەت ئۇسۇلىدۇر . بۇنداق ئۇسۇل تامنى قوپۇرۇش جەريانىدا بىرلىكتە ئورۇندىلىدۇ . زىننەت ئۈچۈن تاللىنىۋېلىنغان نەقىش ئۆلگىسى بويىچە خىشنى شۇ خىل قۇرۇلما ئۆلچىمى بىلەن ئالاھىدە ياساپ تەييار قىلغاندىن كېيىن ، تامنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئاساس قىلىپ بىر - بىرىگە بىرلەشتۈرۈپ گەج بىلەن چاپلاپ چىقىلىدۇ . بۇنىڭدىكى نەقىش شەكىللىرى يەنىلا ئاددىي گېئومېتىرىك تۈز سىزىق ئاساسىدىكى «خونچە» ، «چېچەك خونچە» ، «كەكلىك قېشى» ، «ساندۇقچە» ، «شوئار خونچە» ، «بورا» ، «توقۇناق» ، «قەنت خىش» ، «پەتنۇسچە» شەكىللىرى ئارقىلىق سىپتا ۋە مۇرەككەپ نەقىش قۇرۇلمىسى سېلىشتۇرمىسىدا بىر خىل قارىمۇ قارشىلىق ھاسىل قىلىنىپ ، بىر پۈتۈن بەدىئىي تۈس شەكىللەندۈرۈلىدۇ . خىش تىزما نەقىشلەر ئاساسەن تەكشى بولۇپ ، ئۇ ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان خىش تىزما ، نەقىش شەكىل بۆلەكلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن تەركىب تاپىدۇ . بەزىدە تام بېتىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئالدىغا كۆپتۈرۈپ چىقىرىلىپ ئابيۇم ھاسىل قىلغان بولسا ، بەزى ھاللاردا ئىچكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ . بۇنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى تەكشى بەتلىك خىش تىزما نەقىشلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق كۆرۈنىدۇ .

نەقىش قىلىنىدىغان خىشلار نەقىش شەكلى بويىچە ئويۇلۇپ ، خۇمدانىدا پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ . بۇ خىل نەقىشلەر ھەر قايسى قۇرۇلۇشلارنىڭ بېزەك ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل ھالەتتە تىزىش ئارقىلىق گەج ئويما نەقىشلەرنىڭ ئۈنۈمى ھاسىل قىلىنىدۇ . بۇ گەج ئويمىغا قارىغاندا پۇختا بولىدۇ .

6 . كاھىش نەقىشلىرى . كاھىش ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم بېزەك ماتېرىيالى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسلىق

خام ئەشياسى سېغىز لاي ، رەڭ تەلىپى ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش . ئۇ ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە مەنسۇپ . ساپال بۇيۇملار ئۈچۈن تەييارلانغان سېغىز لاي نەقىش ئۆرنەكلىرىنىڭ ئايرىم قىسىملىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تەييار قىلىنىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ، تەلەپ بويىچە بەلگىلەنگەن رەڭلەر نەقىش شەكىللىرى بويىچە بىرمۇ بىر سىزىپ چىقىلىدۇ . ئاندىن خۇمداندا پىشۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، يېشىل ، بىنەپشەرەڭ ، ھال رەڭ ، ئاق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ . كاھىش ئىلگىرى مازار ، گۈمبەز ، مۇنارلارنىڭ سىرتقى قىسمىنى زىننەتلەش ئۈچۈن لازىم قىلىنغان بولسا ، ھازىر چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتقى تاملىرىغا ، شەخسىيلەرنىڭ ئۆي تاملىرىغا ، ئاشخانىلارغا چاپلىنىدىغان بولدى . كاھىش قۇياش نۇرىدا چاقناپ ، مۇھىت بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق ، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆپ بولسىمۇ ، تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئاتاقلىق ، داڭلىق ئۇستىلار ئاساسەن ئالەمدىن ئۆتكەن ، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئاتا كەسىپ ۋارىسلىرى ساناقلىقلا قالغان .

ھازىر قارايدىغان بولساق ، قەشقەردە يەتتە ئەۋلاد 350 يىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭق چىقارغان نەققاشلىق ئۇستىسى مەرھۇم نامانخان ئۇستامنىڭ ئاتا كەسىپ ۋارىس پەرزەنتلىرى ، ئالتە ئەۋلاد 300 يىلدىن ئارتۇق گەج ئويما ، خىش ئويما ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان ، بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ نەقىشچىلىقىنى قىلغان

مەرھۇم ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاتاقلىق ئۇستىلار ئاساسەن قالمىغان. قارىماققا گەجخالىق، ئويمىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، نەققاشلىق ھۈنىرىنى تاكامۇل ئىگىلىگەن، ئۆزى ئىجادىي لايىھىلەپ، ئىجادىي ئىشلەپ نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تەلىپى بويىچە چوڭ ئىپتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھۆددىسىدىن بىۋاسىتە چىقالايدىغانلار ناھايىتى ئاز. بۇرۇنقى داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئىزىنى بېسىۋاتقان شاگىرتلار تېخى تولۇق ئەمەس. نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلمەكتە.

ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق تۆت يېزا، تۆت كوچا ئىش باشقارما تەۋەسىدە گەج ئويما، خىش ئويما نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 60 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلار 15 نەپەر، شاگىرتلىرى 45 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. ياغاچ ئويما نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 50 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى 10 نەپەر، شاگىرتلىرى 40 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. سىر نەققاشلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 30 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇستىلىرى 5 نەپەر، شاگىرتلىرى 25 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن داڭلىق ئۇستىلارنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەققاشلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدە ھەقىقىي ئىش قىلىدىغانلار ئاز، باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ قىلىدىغانلار كۆپ، ھەقىقىي ئويما نەققاشچىلىق ئاز، قېلىپتا قۇيۇپ، نەقىشنى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ چاپلاپ ئىشلەيدىغانلار كۆپ. داڭلىق نەققاشلار چاپلىما نەققاشلىقنى ساختا ئىش دەپ ياراتمايدۇ.

تەتقىقات گۇرۇپپىمىز بۇ قېتىم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر

بىناكارلىق ، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق ، نەققاشلىق سەنئىتى تارىخىنىڭ ئۇزۇن ، دۇنياغا داڭلىق ئىكەنلىكىنى ، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ ، قەشقەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى ، بۇ مىراسنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ ، قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق . شۇڭا تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇر - پىلانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق :

1 . قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشلىق سەنئىتىنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈپ ، شەھەر ، ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇپ ، قاتلاممۇ قاتلام يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك . كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەلىپىگە ئاساسەن ، قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم .

2 . قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشچىلىق سەنئىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش لازىم .

3 . ئۇيغۇر بىناكارلىق نەققاشچىلىق سەنئىتى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ ، نۇقتىلىق ئۇستىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ، داڭلىق ئۇستىلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ، داڭلىق ئۇستىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنى ھەل قىلىش لازىم .

4 . قەشقەر ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش نۇسخىلىرى

تۇرىدىكى كىتابلارنى تۇزۇپ نەشر قىلدۇرۇش ، ئۆزىمىزنىڭ نەقىش نۇسخىلىرىمىزنى ئۆزىمىز قوغدىشىمىز لازىم .

5 . قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر قول ھۇنەرۋەنچىلىكىنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇچۇن ، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ياغاچ ئويما ، گەج ئويما نەققاشچىلىق ھۇنەر ـ سەنئىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ ، داڭلىق ئۇستىلارغا نام بېرىپ ، قەشقەرنىڭ نەققاشچىلىق ھۇنەر ـ سەنئىتىنى مەملىكەت ئىچىگە ۋە دۇنياغا نامايان قىلىش كېرەك .

6 . قەشقەر ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يالغۇز بىناكارلىق ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . نەققاشچىلىق يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە سەنئەت تۇرى بولغاچقا ، ئۇنى بىناكارلىقتىن باشقا تۇرلەرگىمۇ كەڭ قوللىنىپ ، قەشقەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ، قەشقەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى يەنىمۇ زور سەنئەت تۇسىگە ، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ ، نەققاشچىلىقنى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم .

# IX باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيتى

## § 1 . كىيىم - كېچەك مەدەنىيتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

كىيىم - كېچەك ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانلار كىيىم - كېچەكنىڭ ياردىمىدە ئۆز بەدىنىنى سىرتقى مۇھىتنىڭ زەربىسىدىن قوغداپ كەلگەن. بۇ نۇقتىدىن كىيىم - كېچەك ئىنسان ئۈچۈن قالقانلىق رولنى ئويناپ كەلگەن. ئەلۋەتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ۋە باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىدە كىيىم - كېچەكتە يەنە نۇرغۇنلىغان خاسلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىدە، سىرتقى جەھەتتىن بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، دەرىجە پەرقىمىز، مىللىي خاسلىقىمىز، گۈزەللىك چۈشەنچىمىزنى كىيىم - كېچەكتەك بىۋاستە كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان مەدەنىيەت فورمىسى بولمىسا كېرەك. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، كىيىم - كېچەك ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ خاس بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىش، ھەرخىل كىيىم - كېچەك تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى، ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچلىرى، رەڭ تۈسى قاتارلىق ماددىي قاتلامغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانغا

گۈزەللىك ئاتا قىلىش ، ھەرخىل سورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان پاسون ، ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە شەخسىي خاسلىقىنى ئىپادىلەش ، ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارا قىلىش ۋە باشقىلارغا بىلدۈرۈش ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجە ، ياش ۋە جىنسىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ، گۈزەل ، يارىشىملىق ، مىللىي خاسلىققا ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش ئارقىلىق كەلگۈسى بوغۇنلاردا مىللىي ئىپتىخار ، ئەنئەنە تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىشتەك ئىككىلەمچى ۋە ئاساسىي قاتلاملارغىمۇ ئىگە . شۇڭا بىز كىيىم ـ كېچەك ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ، ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ئىنسان ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى تۈپ ئامىل خاراكتېرلىك ، كەڭ ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز .

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق مۇساپىلىك ، كۆپ قىرلىق جەريان . بىز ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ، جۈملىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش ، شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش ـ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا ، ئۇنىڭدا مۇنداق ئوخشاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمىز .

## 1 . بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان باسقۇچ

بۇ باسقۇچ كۆپىنچە ئىنسانىيەتنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ، ئۆز بەدىنىنى مۇھاپىزەت

قىلىشنى بىلگەن ۋە ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان ، ئومۇملاشتۇرغان باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش سەۋىيىسى تۆۋەن ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەر كەمچىل ، ئىگىلىك شەكىللىرى كۆپىنچە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆز ئەتراپىدىكى يىپىنچا خاراكتېرلىك ئۆسۈملۈك ، دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرى ، ھايۋانات تېرىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ، ئۆز بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئۆگەنگەن . ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «ھايۋانات بىلەن ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتىن ئايرىلغاندا ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇشى» توغرىسىدىكى رىۋايەت ، كىشىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىت تېرىسى ، بۆرە تېرىسى قاتارلىقلارنى بەل - پۇتلىرىغا تېڭىپ سوغۇقتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇنۇشىدەك ئادەتلەر ئاشۇ يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىزنالىرى ھېسابلىنىدۇ . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، تەبىئىي يىپىنچا خاراكتېرلىك نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز بەدىنىنى ئاسراشنى بىلىش ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بىر خىل ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ .

### 2 . ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياشاش شارائىتى ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ، دەسلەپكى قەدىمكى مىللىي خاسلىققا ئىگە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ بىخلىنىش باسقۇچى

روشەنكى ، تاغلىق رايوندىكى خەلقلەر بىلەن بوستانلىق

مۇھىتىدىكى خەلقلەرنىڭ ، چارۋىچى خەلقلەر بىلەن تېرىمچى خەلقلەرنىڭ ياكى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا ، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكىدىمۇ پەرقلەر ساقلانغان . مەسىلەن ، چارۋىچى خەلقلەردە ھايۋانات تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن ، كەڭ - كۇشادە تۈيغۇ بېرىدىغان كىيىملەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىسە ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردە ، قىسقا ، ئەپچىل ، سۇ كۆتۈرۈشلۈك كىيىملەرنى كىيىش ئومۇملاشقان . ئۇندىن باشقا ، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، ھاۋا كىلىماتى ۋە باشقا شارائىتلارنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبتىكى كىيىم - كېچەكلەر كېلىپ چىققان . بۇ نۇقتىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ئالساق ، ياز كۈنلىرىدىكى ئىسسىق ھاۋاغا يارىشا شاپاق دوپپا ياكى بۆك ، ئالدى ئوچۇق ، كەڭ - كۇشادە كىيىملەر ، قىش كۈنلىرىدىكى ئېگىز تەلپەك ، مەسە - كالاچ ۋە ئۆتۈك ، يارىشىملىق جۇۋا قاتارلىقلار ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ نۇقتىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى نۇرغۇنلىغان خاسلىققا ۋە ئۆزگىچىلىككە ، شۇنداقلا يەنە كۆپلىگەن تۈرلەرگە ئىگە . بۇ باسقۇچنى بىز كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي خاسلىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دەپ ئېيتىمىز .

### 3 . كىيىم - كېچەكنىڭ ماددىي فۇنكسىيىدىن مەنىۋى فۇنكسىيىگە قاراپ يۈزلىنىپ ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجە ۋە تەبىقىلەرگە ئايرىلغان باسقۇچى

ناھايىتى ئېنىقكى ، ئەمگەك تەقسىماتىنىڭ كونكرېتلىشىشى ، ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشى ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە دەرىجە پەرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئومۇملىشىشقا ئەگىشىپ ،

كىيىم ـ كېچەكتىمۇ روشەن ھالدا دەرىجە پەرقى شەكىللىنىشكە باشلىغان . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى شاپاق دوپپا بىلەن بادامدوپپا ، بەقەسەم تون بىلەن ئالدى ئوچۇق كۆڭلەك ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بارلىقى بارلىق قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا ئايان . تېخى يېقىنقى مەزگىللەرگىچىلىك كىيىم ـ كېچەكتىكى بۇ پەرق ناھايىتى ئوچۇق ھالەتتە ئىپادىلىنىپ تۇرغان .

## 4 . كىيىم ـ كېچەكنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۆز قاراشلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن باسقۇچى

بۇ باسقۇچ تەبىئىي ھالدا ئۈچىنچى باسقۇچ بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن . يەنى بۇ باسقۇچتا كىيىم ـ كېچەك ئارقىلىق مەلۇم سىياسىي مەۋقە ، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ . بۇ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىپ ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

دېمەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزاق مۇساپىگە ۋە مول تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ باشقا ماددىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە . چۈنكى ئىنسانىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇچى بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . گەرچە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ھەققىدە ، بولۇپمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ، ساقلىنىشى خېلىلا مۇكەممەل بولغان كىيىم ـ كېچەك نۇسخىلىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە

دائىر ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردەك كۆپ بولمىسىمۇ ، بىراق بىز قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان تۇرالغۇ ئۆي ، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئىنسان ئۈچۈن بىرىنچى ئېھتىياجلىق ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارقىلىق بىز ئۆز كۆز قارىشىمىزنى دەلىللىيەلەيمىز . چۈنكى بۇ ئۈچ ئاساسىي شەرت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان يازما مەدەنىيەتلەرمۇ خېلى كۆپ ، بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان .

## 2 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا دوپپا

ھەممىگە ئايانكى ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بولغان ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى بويىچە ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىقنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان . بىز تۆۋەندە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە چېلىقارلىق ، ئۆزگىچە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن دوپپا ۋە دوپپىچىلىق بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىمىز .

قەشقەر رايونىدا دوپپا كىيىش ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ ، جىنس ئايرىمىسى ، ياش پەرقى ، ھۈنەر ـ كەسىپ ئايرىمىسى ، پەسىل ـ مۇراسىم ئايرىمىسى قاتارلىقلار بويىچە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ، رەڭ ۋە نۇسخىدىكى دوپپىلار مەيدانغا چىققان . بۇلاردىن

مۇھىملىرى ۋە تىپىكلىرى تۆۋەندىكىدەك :

### 1 . گۈل غۇنچە دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، تېگى ھاۋارەڭ ياكى كۆك رەڭ تاۋاردىن تىكىلىدۇ . دوپپىنىڭ تالالىرىغا تىكىلگەن گۈللىرى قېنىق يېشىل يىپەك يىپ بىلەن ، ئەۋرىشىم يوپۇرماقلىرى سۇسراق يېشىل يىپ بىلەن چېكىلىدۇ . يوپۇرماقلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەر قىزىل ، كۆك ، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ . بۇ خىل دوپپا ئاياللارغا خاس بولۇپ ، دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ ، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى ئۇستىدىكى گۈللىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ چېكىلىدۇ .

### 2 . بادامدوپپا

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ كىيىلىدىغان دوپپا تۈرى بولۇپ ، تۈر جەھەتتىن ئاق نۇسخا بادامدوپپا ، تور بادامدوپپا ، چۆچۈرە بادامدوپپا ، قوش بادامدوپپا ، قاش ئارىغان بادامدوپپا ، مارجانلىق بادامدوپپا ، زەر باسقان بادامدوپپا قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ . ئاق مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بادامدوپپىنى ئەرلەر ، مارجانلىق بادامدوپپا ، زەر باسقان بادامدوپپىلارنى قىز - ئاياللار كىيىشىدۇ . رايون ئايرىمىسى جەھەتتىن قەشقەر بادامدوپپىسى ، يەكەن بادامدوپپىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

بادامدوپپىنىڭ تېگى قارا نېپىز رەختتىن (ئاياللارنىڭكى كۆپىنچە قىزىل دۇخاۋىدىن بولىدۇ) ئىشلىنىدىغان بولۇپ ، ئۇستىگە ئاق مەشۇتتىن بادامنىڭ سەل كۆپتۈرۈلگەن شەكلى كەشتىلىنىپ ، ئاق ۋە قارا رەڭ ماسلاشقان ھالەت گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . بادامنىڭ شەكلى دوپپىنىڭ تۆت تەرىپىگە بىرسىنىڭ قۇيرۇقىغا يەنە بىرسىنىڭ ئۇچ تەرىپى توغرا

كەلتۈرۈلۈپ كەشتىلىنىدۇ . قىز ـ ئايالارنىڭ دوپپىسىغا بادامىنىڭ جىيەك قىسمىنى بويلىتىپ مارجان قادىلىدۇ . دوپپىنىڭ تەگ جىيەك قىسمىغا يېرىم چەمبەر ئۇلاپ كەشتىلىنىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھەر خىل نۇسخىدىكى شەكىللەر چىقىرىلىدۇ .

بەزىدە ئەرلەرنىڭ بادامدوپپىسىنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ بىرىنىڭ (شىمال تەرەپ بىلەن شەرق تەرەپ تۇتاشقان بۇلۇڭ ) جىيەك قىسمىغا پۆپۈك چىقىرىلىدۇ . ئۇ ، دوپپىنىڭ ئوڭ ـ تەتۈر تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىش رولىغا ئىگە . يەكەن دوپپىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ قەشقەر دوپپىسىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئېگىزرەك تىكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپىنى يەكەن ، پوسكام ، مەكىت ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپرەك كىيىشىدۇ .

### 3 . ئەرەنچە چىمەندوپپا

چىمەدوپپا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تولىمۇ چىرايلىق بېزىلىپ تىكىلىدۇ . بۇ دوپپا دۇگىلەك شەكىلدە بولسىمۇ تۆت تالاسى توق يېشىل يىپەك يىپ بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ . دوپپىنىڭ تېگى يېشىل يىپ بىلەن تىكىلىپ ، گۈل غۇنچىلىرى قوشماق بادامىلار بىلەن بېزىلىدۇ ، ئۈستىدىكى گۈللىرى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى بولسا قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى قوشماق ئاق بادام گۈللىرى ئۇنىڭغا ھۆسن قوشۇپ چۆرىدەپ تىكىلىپ ، گۈل ئارىلىقى ئاق يىپەك يىپتا نازۇك قىلىپ يۇپۇرماقنىڭ تارام ـ تارام تومۇرلىرىدەك بېزىلىدۇ . ئۇ ئەرلەرگە خاس بولۇپ ، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئەرلەر تولىمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدۇ .

### 4 . گۈلشەن چىمەندوپپا

بۇ دوپپىنىڭ شەكلى گىلەم دوپپىغا ئوخشىسىمۇ ، ئەمما

گۈللىرىنىڭ تىكىلىش تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلمىسى باشقىچە . بۇ دوپپا گېئومېتىرىيىلىك ئۇسۇلدا ئەمەس ، ئادەتتىكى گۈل دوپپىلىرىدەك ئىشلىنىدۇ . دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، گۈللىرى ناھايىتى ئوچۇق رەڭلىك يىپتا تىكىلىدۇ . دوپپىنىڭ تېگى ئاق تولما رەختتىن بولۇپ ، گۈللىرى ئۈچ لىنىيىگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ . تېگىدىكى چوڭ گۈل قىنىق قىزىل رەڭلىك بولۇپ ، ئىككى ياندىكى ئېچىلغان يوپۇرماقلىرى قىزىل ئوچۇق يىپتا چېكىلىدۇ . ئوتتۇرىسىدىكى گۈللىرىنىڭ ھەممىسى ئاق ، قوش يوپۇرماقلىرى توق يېشىل ، ئىككى تەرىپىدىكى تۆت تالالىق گۈلى قىنىق شاپتۇل چېچىكى ، ئوتتۇرىسىدىكى ئاچماق چېچەك يېشىل ، يېنىدىكى يوپۇرماق لىنىيىلىرىنىڭ بىرى قىزىل ، يەنە بىرى توق سۆسۈن رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان ئۈچىنچى لىنىيىدىكى گۈللەر ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭدە ، ئىككى ياندىكى قوش يوپۇرمىقى قىنىق ھاۋارەڭ ۋە قىنىق يېشىل رەڭلەردە بولىدۇ . بۇ دوپپا ئەرلەر ، بولۇپمۇ ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەرگە خاس بولۇپ ، ئۇ ماھىر قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر .

## 5 . گۈل قىياق دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىللىك بولۇپ ، سۇس ھاۋارەڭ تەگلىككە ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك يىپلار بىلەن گۈل چېكىلىدۇ . گۈللەر قىرلىق بەلگىلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ ، دوپپىنىڭ ئۇستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈل قىنىق - سۇس رەڭلىك ، ئەتراپىدىكى تۆت گۈل قىنىق ھاۋارەڭ بىلەن چېكىلىدۇ . گۈللەرنى ئوراپ تۇرىدىغان قىنىق يوپۇرماقلار قىنىق شاپتۇل چېچىكى ، ھاۋارەڭ ، توق يېشىل رەڭلىك يىپلاردا چېكىلىپ ، گۈللەر قارا يىپەك يىپ بىلەن تۆت تەرەپكە ئاجرىتىلىپ بېرىلىدۇ . دوپپىنىڭ

جىيەكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . بۇ دوپپا ماھىر قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ئەرلەر كىيىدۇ .

## 6 . چىمەنگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، سۇس يېشىل ، مايسىرەڭ تەگلىككە ھەر تۈرلۈك گۈللەر چېكىلىدۇ . گۈللەر دانە ـ دانە شەكىللىك ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى ۋە قىزىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . گۈللەرنىڭ تۈزۈلۈشى خۇددى كېسىلگەن لىمونغا ئوخشايدۇ . يوپۇرماقلىرى توق يېشىل ، سۆسۈن ۋە ئوچۇق كۆك رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن ، گۈللىرى ، جىيىكى ئاق ، قارا يىپلار بىلەن گويا ھەرىنىڭ چىشىغا ئوخشاش ئاجرىتىلىپ بېزىلىدۇ . دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ ، جىيەك ئۇستىگە ئايرىم ـ ئايرىم گۈل پارچىلىرى چېكىلىدۇ . ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ئەرلەرگە خاستۇر .

## 7 . قىزىل گۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، توق يېشىل تەگلىك ، ئاق ، سارغۇچ يىپەك يىپ بىلەن گويا ئۆمۈچۈك تۆرىدەك بېزىلىدۇ . ئۇستىگە چۇشۇرۇلگەن گۈللىرى قىزىل يىپەك يىپ بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ چېكىلىدۇ . گۈللەرنىڭ ئەتراپىدىكى چاچراپ چىققان بىخلار ، غۇنچىلار يېشىل رەڭدە ، ئېچىلاي دېگەن غۇنچىلار بولسا شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، ئۇستى ئاق يىپەك يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ گۈللىرى گېئومېترىيىلىك ئاساستا ئىشلەنگەن بولۇپ ، يوپۇرماقلىرى تۈز سىزىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ دوپپىنى ياش يىگىتلەر ۋە ئاياللار كىيسىمۇ بولىدۇ .

### 8 . توقۇلما گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپا خۇددى گىلەمگە ئوخشايدۇ . ھەممە يېرىگە چىرايلىق رەڭلىك يىپلار بىلەن گۈل چېكىلىدۇ . دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، تالالىرى توق يېشىل يىپتا ، ئۈستىدىكى گۈل ئاق ، قىزىل ، ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى يىپتا بېزىلىدۇ . ئەتراپىدىكى گۈل گېئومېترىيىلىك شەكىلدە ئوچۇق قىزىل ، قېنىق يېشىل ، قېنىق بېغىررەڭ يىپلار بىلەن ئەگرى - بۈگرى قىلىپ زىننەتلىنىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈللىرىنىڭ چۆرىسى ئاق ، قىزىل يىپتا ئاجرىتىلىپ ، ئىچى ئوچۇق قىزىل رەڭلىك يىپتا ، گۈللىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەر قىزىل ، توق يېشىل يىپەك يىپتا چېكىلىدۇ .

### 9 . مارجانگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، تېگى ئاق زەر رەختتىن تىكىلىپ ، گۈللىرى يوغان - يوغان ، دانە - دانە قىلىپ چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ ئۈستىگە ۋە گىرۋەكلىرىگە چېكىلگەن گۈل سەل سوقىچاق بولۇپ ، شاپتۇل چېچىكى ، ئاق ، قېنىق قىزىل يىپلاردا تىكىلىدۇ ، گۈلنىڭ ئەتراپىدىكى يوپۇرماقلار توق يېشىل رەڭدە بولىدۇ . بۇ دوپپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى پۈتۈن گۈل ، يوپۇرماقلارنىڭ ئەتراپى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن چۆرىدەپ بىر قاتاردىن چېكىلىدۇ ، شۇنىڭدەك گۈل ئۈستىگە ۋە يان تەرىپىگە ئاق يىپەكتىن يوپۇرماق پارچىسى چېكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپا ئەرلەر ، قىزلار ۋە چوكانلارغا خاس بولۇپ ، قەشقەر ئۈستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر .

### 10 . سەدەپ يۈلتۈز گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ . كۆك مەخمەل

تەگلىككە توق سېرىق يىپەك يىپ بىلەن گۈللەر پۈتۈن ، يوغان چېكىلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن بېزىلىدۇ . يۇلتۇز گۈلنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر بىر بۇلۇڭغا قىزىل مارجان قادىلىدۇ . يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدىغان يالغۇز مارجان يېشىل رەڭلىك بولىدۇ . يۇلتۇز گۈلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى غۇنچە گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل مارجان تىكىلىدۇ . دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىپ جىيەكنىڭ ئۈستىگە ئۆركەش قىلىپ ئاق سەدەپ مارجان تىكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپا قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ، قىزلارنىڭ يارىشىملىق باش كىيىمىدۇر .

## 11 . ئانار گۈللۈك مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ . تېگى قېنىق زىغىررەڭ مەخمەلدىن بولىدۇ . گۈللىرىنىڭ تېگى توق سېرىق ئالتۇن رەڭ يىپتا ، تۆپىسىدىكى ئانار ۋە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئوخشاش يىپتا ، گۈللىرى ئاق ئۈششاق سەدەپ مارجان بىلەن چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈلگىمۇ ئانارنىڭ يوغان شەكلى چۈشۈرۈلۈپ ، ئوتتۇرىسىغا گۈل چېچىكى تىكىلىدۇ .

## 12 . چەكمە قىزىل دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ . ئۇنىڭ تېگىدىكى توق سېرىق زەر رەختكە باشقا دوپپىلارغا گۈل تىكىش قائىدىسىدىن ئالاھىدىرەك قىلىنىپ ، يوغان قىزىل گۈللەر چۈشۈرۈلىدۇ . گۈل پىششىق يىپتا ، ئۇنىڭ ئەتراپى ئاق قىزىل يىپتا ، چېتىدىكى گۈل قېنىق بېغىررەڭ يىپتا ، تېشىدىكى گۈللىرى قېنىق قىزىل يىپتا چېكىلىدۇ . گۈللەرنىڭ ئارىلىقى ۋە گىرۋىكىدىكى يېشىل يوپۇرماقلار ئاق يىپ بىلەن ئاجرىتىلىپ دانە - دانە قىلىپ

تىكىلىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىگە قىزىلگۈل چېكىلىدۇ . گۈلنىڭ ئىچى ھاۋارەڭ يىپتا ، ئەتراپى ئوچۇق قىزىل ۋە قارا يىپتا چېكىلىدۇ . گويا قۇشنىڭ قاناتلىرىدەك يېپيېشىپ تۇرغان يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق تۇس بېرىپ تۇرىدۇ . دوپپىنىڭ ياي بۇرجىكىگە توق يېشىل رەڭ يىپتا قارلىغاچ قانىتىدەك ئاچىماق قىياق گۈل چېكىلىدۇ . جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ .

## 13 . ئاق گۈللۈك چىمەندوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، گۈللىرى مۇرەككەپ ئەمەس ، دوپپىنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغىچە بىر خىل ئاق گۈل چېچەك ، غۇنچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ . چوڭ گۈللىرى بېغىررەڭ ، يېنىغا قويۇلغان غۇنچىلىرى بولسا ئاق ، ھاۋارەڭ بولۇپ ، دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن تىكىلىدۇ .

## 14 . گۈل يوپۇرماقلىق چىمەندوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، كۈل رەڭ تەگلىك رەختكە يىپ بىلەن سىزىقلار چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ بوشلۇققا چېكىلىدىغان قىسمى يوپۇرماقلار كۆرۈنۈشكە ماسلاشقان ھالدا تىكىلىپ ، چۆرىسى قارا يىپ بىلەن تېگى ئاجرىتىلىدۇ . گۈللەرنىڭ ئارىلىق جىيەكلىرىگە ئاق يىپ بىلەن ئۆركەش چىقىرىلغان يوللار دوپپىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ . ئۆركەشنىڭ ئاق يوللىرى قارا يىپ بىلەن ، دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ .
بۇ خىل دوپپا ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان .

## 15 . گۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، كۆك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ . ئۈستىگە گۈل چېكىلىدۇ . گىرۋىكىگە ئاق يىپەك يىپلار

بىلەن سىزىقلار چېكىلىدۇ . گۈلنىڭ يېرىمى قىزىل ، ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق ، ئاق يىپەكتە ، يان تەرىپىدىكى گۈل شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ، غۇنچىلىرى كۆك - سېرىق يىپلاردا بېزىلىدۇ . جىيەكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . تۆت تالالىق قىزىل يىپ بىلەن كېسىك بويىچە ئاجرىتىلغان بولۇپ بۇ ياش يىگىتلەرگە خاستۇر .

## 16 . بادام گۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، توق سېرىق تەگلىككە بىر پۈتۈن گۈل چېكىلىدۇ . گۈل قېنىق شاپتۇل چېچىكىدە بولۇپ ، تېگىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ بىخلىرى يېشىل ، سۆسۈن رەڭلىك ، ئىككى تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرغان بادام گۈللىرى توق سۆسۈن رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۈلى يېشىل ، قېنىق سۆسۈن رەڭلەردە بېزىلىدۇ . جىيەكى قارا رەخت بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . تۆپىسىدىكى گۈلنىڭ ئەتراپى ئۆركەش شەكلىدە ئاق يىپەكتە ، چېتى قارا يىپەكتە ئاجرىتىلىدۇ .

## 17 . گۈل بادامدوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ ، قارا رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ ، تۆت تالالىق ئاق سېرىق يىپتا ئاجرىتىلىپ ئوخشاش ئۆلچەمدە بادام ، مونچاق گۈل - چېچەكلەر چېكىلىدۇ . بادام ۋە مونچاق گۈللەر قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، چېچەكلىرىنىڭ بىخلىرى ئاق سېرىق رەڭلىك يىپتا بېزىلىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى چاقماقلار قىزىل يىپتا چېكىلىپ ، تېگى ، گىرۋىكىدىكى گۈللىرى سېرىق ، ئوتتۇرىسى ۋە يوپۇرماقلىرى ، شۇنداقلا ياندىكى مونچاق گۈل قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ، كىچىك مونچاقلىرى ئاق سېرىق رەڭلىك يىپتا تىكىلىدۇ .

دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپا بوۋايلار ۋە بالىلارغا خاستۇر .

## 18 . ئالتۇن زەرگۇل دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۇگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ . ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ ، گويا چۇغلۇق گۇلى بىر لوڭقىنى يېرىپ چىقىپ ئېچىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . گۇلنىڭ بەرگلىرى ، يوپۇرماقلىرى زەر يىپتا ، غۇنچىلىرى كۆك ، ئاق ، قىزىل رەڭلىك يىپلاردا چېكىلىدۇ . گۇل زادىسى قىزىل يىپتا ، گۇللىرىنىڭ ئەتراپى قىزىل ، هاۋا رەڭ ، كۆك يىپەك يىپلاردا بېزىلىدۇ . جىيىكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىدۇ .

## 19 . ئانار گۇللۇك مارجان دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۇگىلەك شەكىلدە تىكىلىدۇ . قېنىق كۇل رەڭ مەخمەل تەگلىك قىلىنىدۇ . دوپپىنىڭ ئۇستىگە بىر پۇتۇن ئانار گۇلى ۋە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ، ئانارنىڭ دانە ـ دانە ئۇنچىلىرى مارجانلار بىلەن گۇل كەلتۇرۇلۇپ چېكىلىدۇ . ئانارنىڭ تېگى توق سېرىق يىپتا چېكىلىپ ، ئەتراپى ئاق سەدەپ مارجان بىلەن ئالاهىدە بېزىلىدۇ . دوپپىنىڭ جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپىنى چوكانلار ، قىزلار ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ .

## 20 . ئالتۇن زەر گۇللۇك دوپپا

بۇ خىل دوپپا دۇگىلەك شەكىلدە بولۇپ ، تېگىگە توق يېشىل مەخمەلدىن گۇل چېكىلىدۇ . گۇللەرنىڭ ئەتراپى چېكىت ـ چېكىت يۇلتۇزلاردەك بېزىلىدۇ . بۇ خىل دوپپىنىڭ ئالاهىدىلىكى ، ئۇنىڭ جىيىكى باشقا دوپپىلارنىڭكىدەك ئاق ـ قارا مەخمەل بولماي ،

قىزىل رەختتە كەڭ چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەممە گۈللىرى بىر خىل زەر يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپا چوڭ ياشتىكى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا خاس بولۇپ ، بەزىدە چوكانلارمۇ كىيىدۇ . ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر .

## 21 . نامازشامگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپا يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ ، تېگى قېنىق شاپتۇل رەڭلىك دوخاۋىدىن تىكىلىدۇ . ئۇستىدىكى گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان سۇس يېشىل ، يەنە بىر تەرىپى قېنىق يېشىل رەڭدە چېكىلىدۇ . ئوتتۇرىسىدىكى ئوتقا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان گۈل قىزىل رەڭدە بولىدۇ . ياندىكى غۇنچىسى قېنىق شاپتۇل چېچەكى يىپتا ، ئۇنىڭ چۆرىسى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىكى ئەگرى سىزىق دوپپىنى تەبىئىي ھالدا ئىككى قىسىمغا ئاجرىتىپ تۇرىدۇ . جىيىكى دوخاۋىدا چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . ئۇ قەشقەر ئۇستىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ، ئاياللارغا خاستۇر .

## 22 . توقۇلما قىزىل گۈل دوپپا

بۇ تۆت تالالىق بولۇپ ، شاپتۇل چېچەكى سىدام تاۋارغا يىپەك يىپ بىلەن ، چاقماقلار ئاق چاقماقلارنىڭ ئۇستىگە قىزىل يىپەك بىلەن چېكىلىدۇ . گۈللەرنىڭ بىخلىرى سۇس يىپەكتە ، يوپۇرماقلىرىنىڭ بىر تەرىپى قارا رەڭ ، ئوڭ تەرىپى قىزىل ، يېشىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپىنى ياش چوكانلار ۋە قىزلار كىيىدۇ .

## 23 . توقۇلما گۈللۈك دوپپا

بۇ خىل دوپپىنىڭ گۈلى يېشىل رەڭدە چېكىلگەن ، ئىككى سىزىق دوپپىنى تۆت تالالىق قىلىپ ئاجرىتىپ تۇرىدۇ . دوپپىنىڭ

تېگىدىكى قېنىق يېشىل تاۋارغا ئاق يىپەك بىلەن چاقماقلار سېلىنىپ ، دوپپىنىڭ چوققىسىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ گۈل چېكىلىدۇ . ئۈستىگە چېكىلىدىغان تىك بادام گۈلگە ئىككى ياندىن غۇنچە چىقىرىلىدۇ . گۈللىرى سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ، غۇنچىسىدىن ئايرىلىۋاتقان قىسمى سۇس قىزىل رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . بادام گۈللىرى سۇس ، هاۋا رەڭ يىپتا ، ئارىلىقىدىن يېرىپ چىققان غۇنچە قىزىل يىپتا بېزىلىدۇ . بادامىلارنىڭ بىر تەرىپى كۆك ، بىر تەرىپى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . جىيىكى مەخمەلدە تىكىلىدۇ .

## 24 . قىزىل گۈل دوپپا

بۇ دوپپا ئۈچ خىل بولىدۇ . بىرىنچى خىلى ، دوپپا دۈگىلەك شەكىلدە بولۇپ ، تېگى ئوچۇق كۆك رەڭلىك دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ . بۇ دوپپىنىڭ باشقا دوپپىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، ئۇنىڭ ئۈستى بوش قالدۇرۇلماي گۈللەر بىلەن بېزىلىدۇ . دوپپىنىڭ بىر يولىنىڭ ئوتتۇرىسى سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، چۆرىسى قېنىق قىزىل يىپتا چېكىلىدۇ . يەنە بىر يولى سۇسراق شاپتۇل چېچىكى رەڭدە بولۇپ ، چۆرىسى ئوخشاشلا قېنىق قىزىل رەڭ يىپەكتىن ئىبارەت . جىيىكى قارا مەخمەل بىلەن چۆرىدەپ تىكىلىدۇ . ئۇ قەشقەر ئۈستىلىرىنىڭ مەهسۇلاتى بولۇپ ، باللار ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە قىزلارغا خاستۇر .

ئىككىنچى خىلى ، بۇ خىل دوپپىنىڭ تېگىدىكى قارا رەختكە مودەنگۈلنىڭ شەكىللىرى يوغان ـ يوغان قىلىپ چېكىلىدۇ . ئۇلار قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، بەرگلىرى قېنىق يېشىل رەڭلىك يىپتا ، ئىككى ياندىكى غۇنچىلىرى سۇس ، قېنىق سېرىق رەڭلىك يىپتا ، بەرگلىرى قېنىق يېشىل رەڭلىك يىپتا ، ئىككى ياندىكى غۇنچىلىرى بىرى قېنىق سېرىق رەڭلىك يىپتا ، يەنە بىرى

شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا بېزىلىدۇ . يوپۇرماقلىرى قېنىق هاۋا رەڭ يىپتا گۈلنىڭ ئەتراپىغا تىكىلىدۇ .

ئۇچىنچى خىلى ، بۇ خىل دوپپا تۆت تالالىق بولۇپ ، تېگى قېنىق كۆك مەخمەلدىن تىكىلىدۇ . دوپپىنىڭ تۆپىسى ۋە گىرۋىكىگە يوغان گۈل چېكىلىپ ، ئەتراپىدىكى كىچىك غۇنچىلىرى ، يوپۇرماقلىرى ئوچۇق يېشىل يىپتا بېزىلىدۇ . غۇنچىلار قىزىل يىپتا تىكىلىدۇ . يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىگە ئاق يىپەكتە كېپىنەكلەرنىڭ رەسىمى ئىشلىنىدۇ .

## 25 . چىمەن گۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ ، ئاق زەر رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ ، گۈللىرى قىزىل ۋە هاۋا رەڭ يىپلاردا ناهايىتى ئوچۇق ، دانە - دانە چېكىلىدۇ . ئىككى تەرىپىدىكى غۇنچىلىرى قېنىق قىزىل ، بەرگىلىرى ئوچۇق زىغىر رەڭ ، يوپۇرماقلىرى يېشىل ۋە سۆسۈن رەڭلىك يىپلاردا بېزىلىدۇ . بۇ خىل دوپپا قىزلارغا خاس بولۇپ ، قەشقەر ، خوتەن ئۈستىلىرىنىڭ مەهسۇلاتىدۇر .

## 26 . مودەنگۈل دوپپا

بۇ خىل دوپپىمۇ تۆت تالالىق بولۇپ ، دوپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان مودەنگۈل ئوچۇق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا ، ئەتراپىدىكى ئېگىلىپ تۇرغان گۈللەر ئاق يىپەكتە ، ئوتتۇرىسى سۇس سۆسۈن ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپتا چېكىلىدۇ . ئۈستى تەرىپىدىكى گۈل قېنىق قىزىل ، يوپۇرماقلىرى ئوچۇق يېشىل ، زىغىر رەڭ يىپەكلەردە بېزىلىدۇ . جىيەكى قارا مەخمەلدە چۆرىدەپ تىكىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل ۋە ئاق يىپەكلەردە گۈل چېكىلىدۇ . بۇ خىل دوپپا ياش قىزلار ،

چوكانلارغا خاس .

قەشقەر رايونىدا كۆپ كىيىلىدىغان دوپپا تۈرلىرى يۇقىرىقىدەك بولۇپ ، بىر جەھەتتىن باشنى ئىسسىق ساقلاش ، ئادەمگە گۈزەللىك ئاتا قىلىش رولىنى تولۇق هازىرلىغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى ئەر كىشىگە سوۋغات سۈپىتىدە كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىدىكى ئەڭ ئېسىل بۇيۇم قاتارىدا قەدىرلىنىپ كەلگەن ، شۇنداقلا ئۇلاردا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ هەر خىل گۈل نۇسخىلىرى ، رەڭلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش خاهىشى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى هەققىدە تېخىمۇ ئىنچىكە هالقىلار بويىچە توختىلىشىمىز مۇمكىن . بىز بۇ بابىمىزدا سەهىپە ئېهتىياجى تۈپەيلى پەقەت دوپپا توغرۇلۇقلا توختىلىپ ئۆتتۇق .

## § 3 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە مەنىۋى قاتلام

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ئايرىما ، ياش ـ قۇرام ، كەسىپ ، ئورۇن ـ مەرتىۋە ، پەسىل ، رەڭ پەرقى ۋە شەخسىي تۇرمۇش ئېهتىياجىغا كۆرە ، دىيارىمىزدىكى باشقا يۇرت كىشىلىرىدىن بىر قەدەر پەرقلىق هالدىكى كىيىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا خاس كىيىم ـ كېچەك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . بۇ خىل ئۆزگىچىلىك «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتىكى «ئۇلار چىرايلىق كىيىنىپ سالاپەتلىك يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ ، تازىلىققا ۋە

گىرىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ»[1] دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلانغان .

دەرۋەقە ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتتىكى كۈنلەر ، ھېيت - ئايەم ، مۇراسىم ، توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىملاردىكى ياسىنىش ئادىتى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەقىقەتەن ئۆزگىچە . بۇ خىل ئادەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەش مۇمكىن :

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە كۆرە ، يالاڭۋاشتاق (باش كىيىمنى كىيمەي) يۈرۈشنى ئىنتايىن يامان ئالىدۇ . شۇڭا مەيلى ئايال ، مەيلى ئەر بولسۇن ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا باش كىيىمنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن خىللىرى تېپىلىدۇ . قەشقەردە ھەرخىل رومالللىق ، گۈللۈك دوپپىلىق ئايالالارنى ، خىلمۇ خىل نۇسخىدىكى تۇماق ۋە دوپپىلارنى كىيىشكەن ئەرلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تارىختىن بۇيان ، ئاق تۇماق ، سالۋا تۇماق ، كۇلا تۇماق ، يېڭىسار تۇمىقى ، سۆسەر تۇماق ، قاما تۇماق . . . قاتارلىق تۇماقلارنى پەسىلگە ۋە پائالىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ كىيىپ كەلگەن . بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرنىڭ يېزىلىرىدا سەرپۇش تۇماق كىيىش ئاجايىپ ئومۇملاشقان بولۇپ ، قەشقەر دېھقانلىرى سەرپۇش تۇماقنى قىشتىلا ئەمەس ، ھەتتا ئەتىياز ، كۈزدىمۇ ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ . يېڭىسار تۇمىقى بۇ تۇماقلار ئىچىدىكى شەكلى ، نۇسخىسى ، رەڭگى ، ماتېرىيالى ئۆزگىچە تۇماق بولۇپ ، قەشقەر ئەرلىرىگە ئاجايىپ زور ئەركەكلىك ، جەڭگىۋارلىق ۋە سالاپەت بېغىشلاپ تۇرىدۇ . قەشقەر ئاياللىرى ئارىسىدا قارا مەخمەل ياكى دۇخاۋا بىلەن ئىشلەنگەن «قاما تۇماق» كىيىش ئومۇملاشقان بولۇپ ، بۇ خىل ئادەت ياشانغان ئاياللار ياكى مەرتىۋىلىك ئاياللاردا

---

[1] ئابدۇكېرىم راھمان قاتارلىقلار : «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، 227 - بەت .

كۆپرەك ئۇچرايدۇ . ھەرخىل مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان قاما تۇماقلىرىنى كىيىپ مۇڭدىشىۋاتقان قەشقەر ئاياللىرى كۆزگە چېقىلىپ تۇرىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن يازدا دوپپا كىيىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىدا بادامدوپپا ، ئۇنچە دوپپا ، ئىلمە گۇللۇك دوپپا ، چىمەندوپپا ، تور باسقان دوپپا ، مارجان دوپپا ، سىدام دوپپا ، دۇخاۋا دوپپا ، شاپاق دوپپىلارنىڭ ھەرخىل نۇسخىدىكى تۈرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . قەشقەر شەھىرى «دوپپا بازىرى» دىكى كۇندە بەس ـ بەستە سېتىلىۋاتقان نورمىدىن ئارتۇق دوپپا بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر . ئەسكەرتىش كېرەككى ، قەشقەردە شەھەر كىشىلىرى بىلەن سەھرا كىشىلىرىنىڭ باش كىيىم كىيىش ئادىتىدە پەرقلەر ساقلانغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئۇچۇن قەشقەر شەھىرىدىكى مۆتىۋەر بىر ئۆلىما كىيىۋالغان يۇملاق كىچىكرەك بادامدوپپا بىلەن دولان ئۇيغۇرلىرى ئوۋدا ، مۇراسىملاردا كىيىدىغان ئېگىزرەك بادامدوپپىنى سېلىشتۇرۇش كۇپايە .

ئاياغ كىيىمگە كەلسەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ياشانغان ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا ياشلىقلاردا مەسە ـ كالاچ كىيىش ئومۇملاشقان ، بىر قىسىم ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە قىسمەن ياشلاردا كالاچسىز ئۆتۈك كىيىش ئادىتى ساقلانغان بولۇپ ، بۇ خىل ئۆتۈكلەر ھەرخىل رەڭدە ، تۈرلۈك پاسونلاردا تىكىلىدۇ . ياشلاردا ئومۇمەن ئۇيغۇر موزدۇزلىرى پەسىلگە قاراپ قولدا تىكىلگەن خۇرۇم ئاياغلارنى كىيىش ئادىتى بار بولۇپ ، بۇگۇنكى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ئەدەپ كەتكەن دەۋردە ، زاۋۇتتا ئىشلەنگەن تۈرلۈك ئاياغلارنى كىيىدىغان يۈزلىنىش ئەۋج ئالماقتا .

قەشقەر ئەرلىرى (بولۇپمۇ دېھقانلار) دە پوتا باغلاش ئومۇميۈزلۈك ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، دېھقانلار ، شەھەر مويسىپىتلىرى ئۆزىنىڭ بېلىنى ئىسسىق ساقلاش ۋە بېلىدە لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرۈش ئۇچۇن ھەرخىل رەڭدىكى يىپ

ۋە يىپەك رەختلەردىن ئىشلەنگەن پوتا - بەلۋاغلارنى باغلاشقا ئادەتلەنگەن . بۇ خىل ئادەت ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى تون كىيگەن كىشىلەرگىلا خاس بولۇپلا قالماي ، كالتە چاپان ياكى خالتا كۆڭلەك كىيىدىغان كىشىلەردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . پوتا - بەلۋاغ باغلاش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئەركەكلەرگە خاس زىننەتنىڭ ، مەردانىلىكنىڭ ئىپادىسى ، دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ، تويى بولغان يىگىتنىڭ دوستلىرى تويدا ئۇنىڭغا بەس - بەس بىلەن بەلۋاغ باغلىشىدۇ . قەشقەر قويۇق ئىسلام دىنى پۇرىقى ۋە كەيپىياتىدىكى يۇرت بولۇپ ، شەرىئەتتىكى ، «ئاياللار غەيرىي ئەر كىشىگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك» ، «ئاياللار يۈزى ئوچۇق تالا - تۈزگە چىقسا نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىنىڭ تۈرتكىسىدە ، ئاياللاردا چۈمبەل تارتىش خېلىلا ئومۇملاشقان ئادەتتۇر . چۈمبەل تارتىش قىزلار تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن كۆپرەك ئۇچرايدۇ . قارا قىل يىپتا توقۇلغان كۆركەم چۈمبەللىك ئاياللارنى كۆرگىنىڭىزدە ، خۇددى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بېرىپ قالغاندەك تەسىراتقىمۇ كېلىپ قالىسىز .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى جىنسىي پەرقىگە قاراپ ، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلار چىرايلىق كەشتىلەنگەن كانىۋاي كۆڭلەكلەرنى كىيىش ، يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىخارى ، دەپ قاراش ئومۇملاشقان . قىزلار ئۇچىسىغا ئەتلەس ، بېشىغا گۇللۇك دوپپا كىيسە ، ئوغۇللار كانىۋاي كۆڭلەك ، بادام (ياكى چىمەن ) دوپپا كىيىپ ، بېلىگە پىچاق ئېسىۋالىدۇ . چوڭ - ئوتتۇرا ياشتىكى ئەرلەر يازدا بېشىغا دوپپا ، قىشتا تۇماق ، ئۇچىسىغا تون - سەرپايلارنى كىيىپ ، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ ، چوڭ - ئوتتۇرا ياشتىكى ئاياللار ئۇچىسىغا ھەرخىل دۇخاۋا رەختلەردىن ئىشلەنگەن كۆڭلەكلەرنى ، بېشىغا رومال ئارتىپ ، ئۈستىگە تۇماق - دوپپىلىرىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ۋە گۈزەللىك كۆز

قارىشنى ئىپادىلىمەكچى بولۇشىدۇ . قەشقەر ئاياللىرىدا يەنە ئىچ كىيىم (ئاساسەن كۆڭلەك ) كىيىش ئەڭ ئومۇملاشقان ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئاياللار بەدەنىنىڭ نازۇك يەرلىرى تۇگۇل ، ئەقەللىي ئادەتتىكى يەرلىرى ئوچۇق قالسىمۇ قاتتىق يامان ئىلىنغاچقا ، كىيىم - كېچەككە ئەلمىساقتىن قاتتىق ئۆلچەم قويۇلۇپ كەلگەن .

مېيىتنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاق باغلايدۇ . ئەرلەر بېشىغا ئاق سەللە ئورايدۇ . ئاياللار بېشىغا تۆت چاسا ئاق داكا ياغلىق سالىدۇ . ئۆلۇم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان ، يارۇ بۇرادەرلەر ۋە قولۇم - قوشنىلارنىڭ چوڭلىرىغىمۇ ئاق باغلىنىدۇ ۋە ئايالللارغىمۇ ئاق باغلاپ ، ئاق ياغلىق ئارتىلىدۇ . مېيىتنىڭ كېپەنلىكىمۇ ئاق رەخت (ئاق ماتا ياكى ئاق خەسە ) تە قىلىنىدۇ . ئەرلەر ئۈچ قات ، ئايالالار بەش قات كېپەنلىنىدۇ . هازىغا كەلگۈچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قويۇلغان ئۆلچەم ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ ، ھەممىيلەن دېگۈدەك ئاق رەڭدە ياكى ئېغىر رەڭدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشىپ مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمۈلىدۇ . ھەتتا ، زامانىمىزدىكى موداكەش ياشلارنىڭمۇ يالاڭۋاش هازىدار ئۆيگە كېلىشى ئىنتايىن يامان ئىلىنىدۇ .

روزا ، قۇربان ھېيت كۈنلىرى قەشقەر كىشىلىرى ئومۇمەن يېڭىدىن ئەنئەنىۋى ئۇستىۋاش سېتىۋېلىپ پاكىز ، سالاپەتلىك ھالدا نامازغا ماڭىدۇ ، پەتلەپ كوچىغا چىقىشىدۇ . ئەڭ نامراتلىرىمۇ بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئالىدۇ ياكى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى يۇيۇپ كۆركەم كىيىنىدۇ . ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى ، چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىنى سېتىپمۇ بولسا يېڭى بىر قۇر ھېيتلىق ئەنئەنىۋى كىيىم كىيدۈرىدۇ . قۇربان ھېيت ، روزا ھېيت كۈنلىرى نامازدىن

كېيىنكى ھېيتگاھ مەيدانىغا قارايدىغان بولسىڭىز ، مەسە ـ كالاچ ، چىمەندوپپا ، پەرىجە كىيىپ بەلۋاغ باغلىغان خىزىر سۇپەت بوۋايلار ، بادامدوپپا ، تون كىيىپ (ياكى كاستۇم كىيىپ ) ، پىچاق ئېسىۋېلىشقان قىرانلار ، بادامدوپپا ، كانۋاي كۆڭلەك كىيىۋالغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش ـ مەرتىۋە تاللىماي قايناق ساماغا چۈشكەنلىكىنى كۆرىسىز . رومال ئارتىپ ، قاما تۇماق ، دۇخاۋا كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن ئاياللارنىڭ ، ئەتلەس كۆڭلەك ، دوپپا كىيىشكەن قىزلارنىڭ قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا قىزغىن ھالدا پەتىگە مېڭىشىۋاتقان ھالىتى زوقىڭىزنى كەلتۈرىدۇ .

قىسقىسى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزىدە يۇكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلگەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇستىۋاشلىرى بۇگۇنكى كۇندىكى ئەڭ تىپىك «ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىخانىسى» بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ .

بىز يۇقىرىدا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى . . . دەپ كۆرسەتتۇق . مانا مۇشۇنداق تىپىك ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى سەۋەبسىزلا شەكىللىنىپ قالغان بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىك شەكىللىرى ، ئەقىدە ـ ئېتىقاد ، دىنىي كۆز قاراشلىرى ، تارىخىي مۇساپىلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان . بىز بۇ يەردە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىقتىسادىي ئامىللار بىلەن دىنىي ئامىللار ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇنى ماددىي ئامىل بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان ئىگىلىك شەكلى زور رول ئوينىغان بولىدۇ . مەسىلەن ، تۆمۈر بىلەن كۆنچىلىك ئىگىلىكى

مەۋجۇت بولمىغىنىدا ، ئۆتۈكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدۇ .
ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن نۇرغۇن ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن . كونا - يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىدىن تارتىپ شۇ ئىگىلىك شەكىللىرىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلگەن . «تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىمىز كۆپ مىقداردىكى يۇڭ ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى تۇرمۇش ۋاستىسى قىلغان . كالا ، قوي قاتارلىقلار ئاخىرەتلىك بويۇم سۈپىتىدە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن . جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى كىگىزگە ئوراپ يانقۇزۇلغان ، بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيگۈزۈلگەن . بۇ ھال يۇڭ مەھسۇلاتىنىڭ ناھايىتى كۆپەيگەنلىكىنى ، كىگىز بويۇملارنىڭمۇ نىسبەتەن كۆپەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . بەزى جەسەتلەرگە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ، ئۇزۇن تېرە شىم ، يۇڭلۇق تېرە چاپان ياكى تېرە كىيگۈزۈلگەن . تارىم بوستانلىقىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان چىرايلىق ، رەڭدار يانتۇ يوللۇق يۇڭ توقۇلمىلار ۋە كىگىز قالپاق ، ئۆتۈك ، تېرە شىم ، تېرە جۇۋا قاتارلىقلار چارۋىچىلىق ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسىنىڭ خېلىلا ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .»[1]
جۈملىدىن ، قەشقەر - پامىر بوستانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارمۇ تارىختىن بۇيان ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، ساپالچىلىق ، كەشتىچىلىك ، تۆمۈرچىلىك ، كۆنچىلىك ، يىپەك توقۇمىچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، كىيىم تىكىش ، سودىگەرلىك . . . قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىنىڭ كىيىم -

---

[1] ئابلىز مۇھەممەت سايرامى : «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەر» 20 - بەت .

كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مول ماددىي ئاساسىنى ياراتقان . ئەنە شۇنداق ئىگىلىك ئاساسى بولمىغان بولسا ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەيت قىلىنغىنىدەك : «ئاي — توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك» (1 ـ توم ، 56 ـ بەت ) . «كەنزى — قىزىل ، سېرىق ، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى چىن دۇردۇنى» (1 ـ توم ، 551 ـ بەت ) ، «ئۇتۇك — دەزمال ، ئەندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر خىل تۆمۈر ، كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ» ، (1 ـ توم ، 93 ـ بەت ) قاتارلىق ئېسىل مەھسۇلاتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى ھەمدە ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولغان لىپتىك «باغىرداق» ئاتالغۇسى تۈنجى قېتىم تىلغا ئېلىنمىغان بولاتتى . يېڭىساردىن تېپىلغان 10 ـ ئەسىرگە ئائىت ئۇتۇك ، ئۆرە ياقىلىق چاپانمۇ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر . دېمەك ، قەشقەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى راۋاج تاپقان ماددىي ئىگىلىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى مول مەنبە بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئىنتايىن مۇھىم ئامىلدۇر .

ئىككىنچى ، دىن ھەرقانداق مىللەتنىڭ تارىخىدا ، مەدەنىيىتىگە ، جۈملىدىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان . ئۆز تارىخىي مۇساپىسىدا ، ئۇيغۇرلار ، جۈملىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تۇرلۇك تەبىئىي دىنلارنى ، جۈملىدىن زوروئاستىر دىنى ، شامان دىنى ، مانى دىنى ، بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان . بۇ دىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ناھايىتى قويۇق تەسىرىنى كۆرسەتكەن . بۇ ھال قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمىغان . ئائىلىۋى ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا

ئومۇمىيۈزلۈك كېيىلىدىغان دوپپا نىمە ئۈچۈن يۇمىلاق بولىدۇ ، دېيىلگەندە ، بۇنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قۇياش ئېتىقادچىلىقى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز . يەنى ئۇيغۇرلار كېيىۋالغان دوپپىسىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان قۇياشنىڭ ، ئاسماننىڭ يۇمىلاقلىقىغا تەققاسلىغان . ھازىدارلارنىڭ ئاق باغلىشىغا كەلسەك ، بۇ بۇددا دىنىدىكى ئاقلىق چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇددا دىنىدا ئاق رەڭ مۇقەددەس دەپ قارالغاچقا ، بۇددا دىنى شارائىتىدىكى ئۇيغۇرلار ھازا ئاچقاندا ، كۆك ، قىزىل ، يېشىل ، سېرىق رەڭلىك ئەمەس ، بەلكى ئاق رەڭلىك بەلۋاغ باغلاپ ھازا تۇتۇشنى ئۇدۇمغا ئايلاندۇرۇپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرغان . ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا تەسىرى ئىنتايىن زور دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ ، مىڭ يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئەرەب - پارسلاردىن ئىسلام دىنى ئېتىقادى سەۋەبلىك نۇرغۇن ئادەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى سۈپىتىدە زامانىمىزغىچە ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەن . دىنىي زاتلار ، مويسىپىتلار ئورايدىغان سەللە بىلەن تەقۋادار ئاياللار — بۇۋىملەر ئارتىدىغان چۈمبەللەر ئەنە شۇنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىپادىسىدۇر . يۇقىرىقى دىنلارنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ئادىتىگە كۆرسەتكەن ئىپادىلىرىنىڭ ئالاقىلىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ ، بىز بۇ يەردە پەقەت ئەڭ تىپىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلەندۇق .

روشەنكى ، «كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمۇ مەدەنىيەتنىڭ باشقا فورماتسىيىلىرىگە ئوخشاش بىر خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھادىسە بولۇپ ، ئۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان تەبىئەتتىن ھالقىش خاراكتېرىگە ، ھەم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە دائىم گەۋدىلىنىدىغان ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە .

كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، شۇنداقلا يەنە كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك ۋارىسچانلىقىغا، سىمۋول - بەلگە خاراكتېرىگە ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشچانلىقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىر مىللەت كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كىيىم - كېچەكنى مەركەز قىلىپ شەكىللەندۇرگەن فولكلور ھادىسىلىرى ئارقىلىق شۇ مىللەت تۇركۇمىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.»[1] ئىقتىسادنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە يەر شارىلىشىشى ھەرقايسى ئەل، مىللەت، يۇرتلار ئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ كۆنسېرى ئەۋج ئېلىشى، تېلېۋىزور، VCD، ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئومۇملىشىشى، ئەنئەنىۋى قاراش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ كۈنسېرى سۇسلاپ بېرىشى... قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئەڭ يالقۇنلۇق، قايناق ئۇچىقى بولغان قەشقەرمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن مەھرۇم بولدى ۋە بولماقتا. شۇ قاتاردا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ زامانىۋىلىقنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ جازىبىسىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئويلىمىغان دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۈتۈۋالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە ياشانغانلار، بەزى ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكىنى كىيىپ يۈرۈشسىمۇ، لېكىن قىسمەن ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەر سىرتتىن كىرگەن كىيىم - كېچەكلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ياشاشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. سۆيۈملۈك قەشقەر دوپپىسى، كانىۋاي كۆڭلەك ھېيت - بايرام، مەرىكە،

[1] ئابدۇكېرىم راخمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، 215 - ، 612 - بەتلەر.

مۇراسىملاردىلا كىيىلىدىغان بولدى . ئوتتۇرا ياشلىقلار ، ياشلارنىڭ پۈتىدا زەبەردەست ئۆتۈكلەرنى كۆرۈش تەس ، يالاڭئاياش يۈرۈش ياشلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلاندى . سىرتنىڭ راھەت كىيىملىرىنى كىيىش يۈزلىنىش بولۇپ قالدى . ئۇيغۇر موزدۇزلىرى قولىدا تىكىلگەن پۈتىغا شىپالىق ئاياغلار نەزەردىن چەتتە قېلىپ ، زاۋۇتنىڭ سىرتى كۆركەم ساختا خۇرۇم ئاياغلىرى بازارنى قاپلاپ كەتتى . سەگەك زاتلار قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىگە تولغان قەدىمىي كوچىلىرىنى ھەسرەت بىلەن سېغىنىشماقتا .

شۇ نەرسە ئېنىقكى ، ئۆزگىرىش ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ، شۇنداق ئىكەن ، كىيىم - كېچەك ئەنئەنىمىز ئۆزگىرىۋاتقان ، يۈزلىنىش ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ ۋەزىيەتكە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ رېئال مەسىلىدۇر . بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز ئەنئەنىمىزنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ، ئۇنى زامانىۋى تېخنىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆزگىچە قەشقەر كىيىم - كېچەك يۈزلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈش . بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز :

1 . ئائىلە تەربىيىسىدە ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكنىڭ رولىنى قاتتىق تەكىتلەش . پەرزەنتنىڭ ئەخلاقى ، ئۆرپ - ئادىتى دەسلەپتە ئائىلىدە يېتىلىدۇ . ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ خاسىيىتىنى ئاتا - ئانا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپلا قالماي ، ئۆزى باش بولۇپ كىيىشى كېرەك .

2 . بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلار ۋە تەربىيە سالمىقىنى كۈچەيتىش ، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى ، قەشقەر كىيىم - كېچەكلىرى . . . قاتارلىق تېمىلاردا مەخسۇس نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، يۈرۈشلۈك تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە باللار ئاممىباب ئوقۇشلۇقلىرىنى چىقىرىش زۆرۈر . مەكتەپنىڭ دەرسلىكىگە

ئەمەلىي ئۆتۈلىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك دەرسىنى كىرگۈزۈشمۇ مۇۋاپىق چارە .

3 . ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرىنى قۇرۇش ، بۇ كارخانىلار ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ پوسونى ، رېڭى ، ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى مەنبە قىلغان ئاساستا زامانىۋى تېخنىكا بىلەن ئەنئەنىۋى پۇراقتىكى مودا كىيىملەرنى بازارغا سالسا ئالقىشلىنىدۇ (خۇددى ئىلچى شىركىتىدەك) .

4 . «دوپپا» ، «ئەتلەس» بايرىمى ئۆتكۈزۈش . دوپپا ، ئەتلەس ، ئۆتۈك ۋە باشقا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، بايرام ، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياشلارنى ، ئۆسمۈرلەرنى قىزىقتۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇش .

5 . مەخسۇس تور بېكەت قۇرۇش ۋە كىنو ، مەخسۇس تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش . تور يەر شارىنى كىچىككىنە كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى . بۇ كەنتتىن خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ، ئۇچۇرلار تارقالماقتا ، سىڭىشمەكتە . بۇ يۈزلىنىشكە ماسلاشقان ھالدا مەخسۇس ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر ھەققىدە تور بېكىتى قۇرۇلسا ، ياشلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپلا قالماي ، چەت ئەللەرگىمۇ كېڭەيتىش مۇمكىن ئىدى . مەلۇمكى ، ھوللىۋود فىلىملىرى بولسۇن ، مەيلى كورىيە ، ھىندىستان فىلىملىرى ، ياۋروپانىڭ تارىخىي فىلىملىرى بولسۇن ، ئۇلار فىلىملەردە يالغۇز كىنونىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپلا قالماي ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقاتماقچى بولىدۇ ، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بىرەر فىلىمنىڭ دۇنيادا تەسىرى زور بولسا ، ئاساسلىق ئارتىسىنىڭ چاچ پوسونى ، مۇھىمى كىيىم ـ كېچىكى خېلى ئۆزگىچە مودا بولىدىكەن . بىزمۇ ئىشلىگەن كىنو ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىمىزدە مۇشۇ نۇقتىغا

ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ زامانىۋى دۇنيادىكى سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا تىرىشساق، بۇمۇ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىكى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىشتا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، يېپيېڭى يولىدىكى مەرۋايىت قەشقەر ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى شانلىق سەلتەنىتىنى قايتىدىن تىكلىيەلەيدۇ!

# X باب قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى

يېمەك - ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى سۈپىتىدە ، كىيىم - كېچەك ، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا بارلىق ئىختىيارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە باشلامچىلىق رول ئويناپ كەلگەن . بولۇپمۇ تەبىئىي نەرسىلەرنى ھېچقانداق ئىش قوشماي قارىغۇلارچە يېيىشتىن ، نېمىنى يېيىش ، قانداق يېيىش ئارقىلىق مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەكتىن باشقا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە يېمەك - ئىچمەكنى باشقا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالى ۋە مەدەنىيىتىنى مۇھىم مەنبە قىلغان ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىت ۋە ماكاندا يېمەك - ئىچمەك مەنبەلىرى ، ماتېرىياللىرىنى ئىزدەپ تېپىش ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ، مىجەز - خۇلقى ، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يارىشىغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ، ئىچىملىكلەرنى ياساش ، ئىستېمال قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەر خىل تېخنىكىلار ، سەنئەت ھادىسىلىرى ، قورال - جابدۇقلار ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە شەكىللەندۇرگەن يېمەك - ئىچمەك بىلەن

مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئۆرپ - ئادەتلەر ، قائىدە - يوسۇنلار ، ھەر خىل يېمەك - ئىچمەك قاراشلىرى ، ھەر خىل ئوزۇقلىنىش قاراشلىرى قاتارلىق ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان ، خاس فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلماي ، مۇھىمى بىر قاتار ئىجتىمائىي فۇنكسىيىگە ئىگە بولغان ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شۇ جاي خەلقلىرى مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۇچۇر ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، نۇرغۇنلىغان ئۆرپ - ئادەت ، ھەر خىل مۇراسىملارنىڭ ئوخشۇشلۇق ھالدا يۇرۇشۇشى ، مۇكەممەللىشىشى ۋە سىستېمىلىشىشىدا زۆرۈر رول ئويناپ كەلدى ۋە ئۆزىگە خېلى كۆپ فولكلورلۇق ئادەتلەرنى مۇجەسسەملەپ ، ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى زور دەرىجە ئىلگىرى سۈردى . بۇ جەرياندا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھەر خىل دىنلارنىڭ ئالەم ، روھىيەت چۈشەنچىسى ، يېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرى بىلەن تويۇنۇپ ، بىر - بىرىگە روشەن دەرىجىدە توقۇنۇشمايدىغان بىر قىسىم دىنىي قاراشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ قىرلىق روھىيەت گۈلدەستىسىنى تىزىپ چىقتى .

## § 1 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك

ئىستېمالىدا ھەر قايسى تۈردىكى يېمەكلىكلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىكى رولىغا ئوخشاش ئېتىبار بېرىپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تېببىي خۇسۇسىيىتىنى، ھەر قايسى يېمەكلىكلەرنىڭ تېببىي نۇقتىسىدىن بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى، كائىناتنى تۆت ئاساسىي ماددا — سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋانىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ، گۆش تۈردىكى تائاملار بىلەن ئۇن تۈردىكى تائاملارنىڭ نىسبىتىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، مېۋە - چېۋە، تاتلىق - تۈرۈملار ۋە مۇراببالارنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇپ، تەڭپۇڭ ھالەتتىكى يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يەنە بىز ئۇنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەتكە قاقمايمىز. يەنى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا، باغۋەنچىلىك قوشۇمچە ئورۇندىكى ئىگىلىك بولغاچقا، شۇ خىل ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجى بويىچە يۇقىرىقىدەك يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسى بەرپا بولغان.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، ئائىلە تۇرمۇشى، مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى ۋە ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ قاتارلىق دىنىي تۈسى قويۇق بولغان مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە، ھەر خىل مەقسەت ۋە ئەقىدىنىڭ تەسىرىدە بىر قاتار يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىجاد قىلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنى ئاساسلىق خۇرۇچلىرى، ئېتىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىدىكى نىسبىتى بويىچە ئۇنلۇق تائاملار، گۆشلۈك تائاملار، ئىچىملىكلەر ۋە تاتلىق - تۈرۈملار دەپ تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ

تائاملىرى ۋە ئىچىملىكلىرىنىڭ ئومۇمىي تۈرلىنىشىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز : (1) ئۇن تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر :نان ، لەڭمەن ، چۆچۈرە ، ئۇگرە ، نارىن ، مەنچىزە ، شىلەنپەن ، قۇشقاچ تىلى ، يوبدان ، چۆپ ، سىقماق ، كۆمەچ ، زاڭ ، ئاتىلا ، يارما ، ياپما ، خوشاڭ ، مانتا ، پوشكال ، قوتۇرماچ ، سامسا ، سامبۇسا ، پەرمۇدە ، نان قايناق ، جۇۋاۋا ، قولداما ، چوختەك ، موندەك ، ئۇماچ ، ۋاپادان ، قورداق ، ساڭزا ، بوسو ، سۈيۇقئاش ، تۇرمەل ، قۇيماق ، موما - سەي ، پۆرە ، يۇتازا ؛ (2 ) گۈرۈچ تۈرىدىكى يېمەكلىككلەر : پولۇ ، شوۋىگۈرۈچ ، شويلا ، كۆجە ، ماشخوردا ؛ (3 )گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر : شورپا ، ئۆپكە - هېسىپ ، كاۋاپ ، كاللا - پاقالچاق ؛ (4 ) قەنت - گېزەكلەر : ئۇجۇل ، تالقان ، بۇلماق ، هالۋا ، ناۋات ، قۇش تىلى ، بوغۇرساق ، باقالى ، ماتا ، پەشمەت ، پەۋادە ، گۇلقەنت ، مۇراببا ، لەڭپۇڭ ؛ (5 ) ئىچىملىككلەر : چاي ، سۈت ، شەربەتلەر ، شىرنىلەر ، مەيزاپ ، مۇسەللەس ، قېتىق ، دوغاب قاتارلىقلار .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تائاملىرى ۋە ئىچىملىككلىرى يۇقىرىقىدەك مول بولسىمۇ ، بىراق نۆۋەتتىكى يېمەك - ئىچمەك تۈرلىرىگە قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەملەر بويىچە ، يەنى بىرەر خۇرۇچ تۈرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شۇ خىل تائام نامىنىڭ ئۆزگىرىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىغاندا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تائاملىرى ۋە ئىچىملىكلىرىنى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ . 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تائاملاردىن ناننىڭ تۈرى 21 خىل ، پولۇنىڭ تۈرى 26 خىل ، مانتىنىڭ تۈرى 11 خىل ، سامسىنىڭ تۈرى 12 خىل ، شورپىنىڭ تۈرى 11 خىل ، هالۋىنىڭ تۈرى 6 خىل ، چۆچۈرىنىڭ تۈرى 11 خىل ، لەڭمەننىڭ تۈرى 8 خىل ، سۈيۇق تائاملارنىڭ تۈرى 21 خىل بولۇپ ، جەمئىي

300 خىلغا يېقىن تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى ، خۇرۇچى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان . لېكىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزەرىدە مەلۇم خىل تائامنىڭ بىرەر خۇرۇچى ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى ، شەكلى ۋە ئاساسلىق ماتېرىيالىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەچكە ، ئۇنىڭغا يەنىلا بىر خىل تائام قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ ، كونكرېت تۈرلىرىنى ئاتاپ ، ئايرىم تائام سۈپىتىدە قاراپ كەتمەيدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇلار ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگۈچى قىسىملاردۇر . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەكلىكلىرى ۋە ئىچىملىكلىرىنىڭ ئومۇمىي تۈرلىرى ۋە پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلىغا دىققەت بىلەن قارىغىنىمىزدا ، بىز تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئۇلارغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەنلىكىنى بايقايمىز :

1 . يېمەك - ئىچمەك ئومۇمىي نىسبىتىدىن قارىغاندا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىدا گۆشلۈك تائاملار بىلەن زىرائەت ئۇنلىرى ياكى دانلىرىدىن ئىشلەنگەن تائاملىرىنىڭ نىسبىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇش ھالىتى ساقلانمىغان . بۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرۇشقا زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر . بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تەڭ نىسبەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر .

2 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تائاملىرىنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ، ئومۇمەن قورۇما تائاملار يوق دېيەرلىك ، سۇدا پىشۇرۇلغان ، ئوتقا قاقلاپ ياكى كۆمۈپ پىشۇرۇلغان تائاملار كۆپ

سالماقنى ئىگىلەيدۇ . پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا ھەر بىر تاماقنىڭ ئۆزىگە خاس پىشۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن . ئاساسلىقلىرىدىن ئۇتقا ئەھمىيەت بېرىش ، خېمىر يۇغۇرۇشقا دىققەت قىلىش ، تۇز تەمىنى تەڭشەش ، خۇرۇچلارنىڭ توغرىلىش شەكلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ، خۇرۇچلارنىڭ پاكىز ، ھالال بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ، چەكلەنگەن ياكى ئىشلىتىپ كۆنمىگەن خۇرۇچلارنى ئىشلەتمەسلىك ، خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتىگە سەل قارىماسلىق قاتارلىقلار تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەردۇر .

3 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى يىراق مەنبەگە ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تاماقلىنىش ئالاھىدىلىكى شۇ خىل تاماقلارنىڭ شەكلى ، يېيىلىش ئالاھىدىلىكى ، تەييارلىنىش ئالاھىدىلىكى بويىچە روياپقا چىققان بولۇپ ، روشەن مىللىيلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن .

4 . ئوخشاش بولمىغان تاماقلارنىڭ سۇيۇق ياكى قويۇقلۇقلىقىغا قاراپ ، شۇنداقلا يەنە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەسىرىدە قولدا ياكى قوشۇقتا ، پۇۋلەپ ياكى پۇۋلىمەي ، ئاۋاز چىقىرىپ ياكى چىقارماي يېيىش ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلگەن . بۇ بىر جەھەتتىن شۇ خىل تاماق ياكى يېيىش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى ، مەدەنىيەت دەرىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە ، يەنە بىر جەھەتتىن شۇ خىل تائامنىڭ مەلۇم فولكلورلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

5 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلىدا يەنە يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئىزناسى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلمىغان ، ئىنسانىيەت تەبىئەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان ئاشۇ

يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇش بىلەن قازاندا پىشۇرۇشنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ھەر بىر كاللا ئىگىسىگە ئىنتايىن روشەندۇر . بۇ جەھەتتە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىدائىيلىقنى ۋە ۋارىسچانلىقنى ساقلاپ قالغان .

6 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى مەيلى قانداق تاماق ئەتسۇن ، جۇملىدىن تاغاردىن ئۇن ئېلىش ، ئوچاققا ئوت قالاش ، قازانغا ماي قۇيۇش ، خورۇچ سېلىش باسقۇچلىرىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئىش باشلايدۇ .

قىسقىسى ، ئۇيغۇرلار ، جۇملىدىن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى يۇقىرىقىدەك خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ، ئىچىملىكلەرنى ئوخشاش بولمىغان خورۇچتىن پايدىلىنىپ ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا تەييارلاپ ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مول مەزمۇنلۇق يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك ماددىي ئاساس ھازىرلىغان .

ئەلۋەتتە ، ئاشۇ خىل تائاملارنىڭ تەييارلىنىشى مەلۇم تۈردىكى يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ . تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ بۈگۈنكى زامان مەرىپەت سىزىقىغىچە ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ كەلدى . يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىز بېيىپ كەلدى . بۇ ئەھۋال يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرىدا كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتى . ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە تۈۋرۈك بولۇپ تۇرىدىغان يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىككە ۋە ئۇلارنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپلۈكىگە ئوخشاشلا كۆپ ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ ، ھەر بىر تائام ، ئىچىملىكنىڭ ئۆزىگە خاس جابدۇقلىرى بولىدۇ . بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك -

ئىچمەك جابدۇقلىرىنى ئومۇمىي تۈر بويىچە يېمەكلىك جابدۇقلىرى، ئىچىملىك جابدۇقلىرى ۋە ساقلاش جابدۇقلىرى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلايمىز. ئۇلاردىن ئاساسلىقلىرى يارغۇنچاق، جۇۋاز، ياغدان، تۈلۈم، تاۋاق، خېمىر تاختىسى، داس، لېگەن، قوشۇق، چۆمۈچ، قازان، قاپاق، قاسقان، سۈپرا، تاۋا، چويلا، نوغۇچ، ئاياق، پىچاق، ئەنبەل، ئوچاق، تۈگمەن، ئەلگەك، تونۇر، تۈكچە (چەككۈچ)، گەزنە، داستىخان، ساماۋەر، چۆگۈن، قاچا، ئىدىش، جام، چۆچەك، دومبا، چېلەك، سوغا، كوزا، شىرە، تۇزلۇق، چوكىدان، پىيالە، پەتنۇس، كۈپ، سېۋەت، كاۋاپدان، زىخ، كاسا، دۆشە، ھېجىر، غوجۇن، چەينەك، نوگاي قاتارلىقلار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تۇرمۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ئاساسلىق جابدۇقلارنى ئاتاپ ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش يولى، ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، بارلىققا كېلىش يولى، ئۇلار ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، ئۇلاردا مۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز:

(1) يۇقىرىقى جابدۇقلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ يېمەكلىكنى خام يېتى قولدا يېيىشتىن، سۇدا پىشۇرۇپ، ئوتتا قاقلاپ ياكى مايدا پىشۇرۇپ يېيىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مەدەنىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ يېمەكلىكنى ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن كېيىنكى يەنە بىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بەلگىسىدۇر.

(2) ئۇلار ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى جانلىق يالدامىسى بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئۇلار توغرۇلۇق كۆپ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.

بولۇپمۇ چىرىشكە بىر قەدەر چىداملىق بۇيۇملاردىن ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى يېتەرلىك ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

(3) ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش يولى ۋە ئىش تەقسىماتى بويىچە بىر قاتار فولكلورلۇق ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ خاس ماددىي تەركىبىنى ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىگە يارىشا مەنىۋى قاتلام ھاسىل قىلغان.

(4) ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرى يېمەك - ئىچمەكنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى بويىچە ياغاچ، تاش، ساپال، مېتالدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ۋە يېرىم كۆچمەنچىلىك ھالىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، تونۇر — مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان بولسا، ياغاچتىن ئىشلەنگەن جابدۇقلار كۆچمەنچىلىك ياكى يۆتكىلىشچان ئالاھىدىلىكنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن.

(5) قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرىنىڭ نامىنىش ئالاھىدىلىكى شۇ جابدۇقلارنىڭ شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، چوڭ - كىچىكلىكى، ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، ئىشلىتىلىش يولى بويىچە ناملانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەيئىلەرنى ئاتاش يولىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىغا ناھايىتى ئۇيغۇن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك جابدۇقلىرى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ساھەسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشى بىلەن مۇستەھكەم بىرلىكىنى ساقلىغان.

# 2 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر ، بولۇپمۇ ئائىلىۋى ئوزۇقلىنىش بىلەن چەكلەنگەن ، مۇراسىم شەكلىنى ئالمىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئاساس قىلغان ۋە باشقا مۇراسىم خاراكتېرلىك پائالىيەتلەردە يەنە كۆپ خىل ، رەڭگارەڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئومۇمەن كۈندە ئۈچ ۋاخ غىزالىنىشنى ئوزۇقلىنىش ئۆلچىمى قىلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئومۇملاشقىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولغانلىقى مەلۇم . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان ، ئەرلەر ئاساسەن ئوۋچىلىق بىلەن ، ئاياللار تېرىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەۋرلەردە ، ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى ۋاخ غىزالىنىش ئادەتكە ئايلانغان . بىر قىسىم جايلاردا ، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا بۇ ئادەت ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئۈچ ۋاخ غىزا ناشتىلىق ، چۈشلۈك ۋە كەچلىك غىزادىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان . ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئومۇمەن چاي قاينىتىپ دەملەپ ياكى سۈت چاي تەييارلاپ ، مۇراببا ، گۈلقەنت ، ھالۋا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ، ناننى چايغا چىلاپ ياكى تۇگۇرۇپ يېيىشنى ئادەت قىلغان بولۇپ ، مايلىق تائاملارنى ئىستېمال قىلىشنى ، جۈملىدىن ئەتىگەنلىكى مەخسۇس تاماق ئېتىپ يېيىشنى ئادەت قىلمىغان . چۈنكى ، مايلىق تاماقلار

قان ـ تومۇرلارنىڭ ئەتىگەندە نورمال ئايلىنىشىنى تۇسۇيدىغان بولغاچقا، مايسىز نەرسىلەر بىلەن غىزالىنىشقا كۆنۈككەن. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەتىگەنلىك ناشتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، گەرچە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان گۆش تۈرىدىكى تائاملارنى ئىستېمال قىلمىسىمۇ، لېكىن ئاقسىل، ۋىتامىن تەركىبى يۇقىرى بولغان يېمەكلىك ئارقىلىق ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ توغرۇلۇق خەلق ئارىسىدا «ئەتىگەنلىك تاماقنى خاندەك، چۈشلۈك تاماقنى بەگدەك، كەچلىك تاماقنى قۇلدەك يە»، «ئەتىگەنلىك تاماقنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىمگە بەرمە، چۈشلۈك تامىقىڭنى قېرىندىشىڭ بىلەن بىللە يە، كەچلىك تامىقىڭنى دوستۇڭغا سۇن» دېگەندەك ھېكمەتلەر قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئوزۇقلىنىش ئۆلچىمى قاتارىدا تارقىلىپ كەلگەن.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىش مىزانىدا ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىش چەكلەنگەن بولۇپ، قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماستىن، «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دېگەندەك قاراشتا تاماق يېيىش خاتا ئوزۇقلىنىش قاتارىدا كۆرۈلۈپ كەلگەن. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

2892. نېمە دەر بىلىملىك ھېكىم، دىققەت ئەت،
تاماقنى ئاستا يە، گېلىڭنى كۆزەت.

2893. گېلىڭنى كۆزەتسەڭ، بېشىڭ ساقلىنار،
يېسەڭ ئاشنى ئاز ـ ئاز، ئېغىزغا تېتار.

4613. غىزانى يە ئۆلچەپ، يېمە تولا كۆپ،
ئاقىل بىر ئەزىز سۆز ئېيتتى بۇڭا خوپ:

4614 . تولا يېگۈچىنىڭ ئېشى سىڭمىغاي ،
ھەزىم بولمىسا ئاش ، ھەر يان ئاغرىغاي .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاماقلىنىش ئادىتىدىكى ئەڭ زور ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى — بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە تاماقنى بىراقلا يېمەسلىكتۇر . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلىلىرىدە كۈندىلىك ئوزۇقلۇقتا ئادەم سانىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كۆپىنچە بىرلا خىل تاماق ، ئاز ساندا ئىككى خىل تاماق ئېتىلىدۇ . تاماق بىلەن مەخسۇس قورۇما تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش ئانچە ئومۇملاشمىغان . شۇڭلاشقا ، مۇبادا زىياپەت ياكى مۇراسىملاردا ئۇستەلدىكى قورۇمىلار ، غىزالارنىڭ تۈرى قانچىلىك مول بولۇپ كەتسىمۇ ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئانچە ھۇزۇرلىنالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ . ئۇنى ـ بۇنى تاللاپ يېگەنىنىڭ ئورنىغا بىر ياكى ئىككى خىل ئوخشىغان تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەۋالسا ، ئەنە شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ . بۇ «ئىسسىق باستى» دېيىلىدۇ . شۇڭا بۇ ئالاھىدىلىك قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھماندارچىلىق ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرىغا قەدەر ئومۇملاشقان . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەزەلدىن تاماق ۋە تاماقلىنىشنى ئىنتايىن ئۆلۈغ ـ پاكىز ئىشلار قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەچكە ، ھەر ۋاقىت تاماقنى تەييارلاشتىن بۇرۇن قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ، تاماققا ھەر خىل كۆرۈمسىز ، پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ . جۈملىدىن ، تاماق تەييارلىغاندا بېشىغا چوققۇم ياغلىق چىگىپ ، چاچ ۋە بەدەندىكى تۈكنىڭ تاماققا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ . بۇ ئادەت ئاساسلىقى مانىي دىنىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئادەم تېنى ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت ، مىشقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پاسكىنا

نەرسىلەر قاتارىدا مۆئامىلە قىلىنغاچقا ، شۇ نەرسىلەرنىڭ تاماققا ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ ئوخشاشلا مەينەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا ئۇيغۇرلار تاماققا كۆڭۈلگە شەك كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا قاتتىق دىققەت قىلىدۇ . مەيلى ناشتىلىق ، مەيلى چۈشلۈك ياكى كەچلىك تاماق بولسۇن ، داستىخاننى سۈپىغا ياكى شىرە ئۈستىگە كەڭ يېيىپ سېلىپ ، داستىخاننى چۆرىدەپ غىزالىنىشقا ئادەتلەنگەن . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزەرىدە داستىخان جەملىك ۋە بەختىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ، داستىخاننى يېرىم ئېچىپ قويۇش ، داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇش قاتارلىقلار ھار ئېلىنىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ داستىخىنى ئوچاقنى مەركەز قىلغان بولۇپ ، زامانىۋى ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى يوق شارائىتتا گاھىدا ئوچاق ھەم قاراڭغۇنى يورۇتۇش ، ھەم ئىسسىقلىق تارقىتىش مەركىزى بولغاچقا ، ئوچاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ غىزالىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان . بۇ ئەھۋال شەھەردىن تارتىپ چەت يېزىلار ، تاغلىق رايونلاردا ھېلىھەم مەۋجۇت .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ھەر ۋاخلىق غىزادا ئاۋۋال چوڭلاردىن كېلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ ، چوڭلار تاماققا ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن كىچىكلەر غىزالىنىش ، چوڭلاردىن ئاۋۋال كىچىكلەر تاماققا قول ئۇزارتماسلىق ئائىلىدە غىزالىنىشتىن تارتىپ ، مېھماندارچىلىق ۋە ھەر خىل مۇراسىملارغىچە ئومۇملاشقان . بۇ ھال بەلكىم ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجداد ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ نەزەرىدە ياشقا چوڭ كىشىلەر بارلىق تەجرىبە ، بىلىم ، ئىقتىدارنىڭ ئىگىسى ، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ، قەبىلىنىڭ يولباشچىسى ۋە نىجاتكارى ، غايىبنى بىلگۈچى ، ئەۋلىيا سۈپىتىدە ھۆرمەتلەنگەچكە ، شۇنىڭدەك شۇ ئۇرۇق ، قەبىلىدىكىلەر

ئۆز ئەجدادلىرىنى ئەۋلادلىرىدا ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە ، ئۆز تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەچكە ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ھەيكەللىرىنى ياساپ ، ئۆزلىرى تاماقتا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا تاماق سۇنغان ، تاماق يېدۈرۈشكە تەمشەلگەن ، ئاندىن كېيىن شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقلىرىغا ، ياشتا چوڭلارغا تاماق تارتىشقان . بۇ ئادەت كېيىنچە شامان دىنىنىڭ باش تەڭرىسى ongon غا بېغىشلانغان يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالەتتە داۋاملاشقان .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسراپچىلىقنى ئېغىر ئالىدىغان خەلق بولۇپ ، غىزالانغاندا چوقۇم تاماقنى پاك ـ پاكىز يېيىش ، داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرى ، چېچىلغان تاماقنى تېرىپ يەۋېتىشنى گۈزەل ئادەت قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن . چۈنكى تاماق پاك ، مۇقەددەس نەرسە بولۇپ ، ئۇنى پاكىز يېمەستىن تاشلىۋېتىش ئېغىر ئىسراپچىلىق دەپ قارىلىدۇ . بۇ ئادەتنىڭ كەينىگە يەنە شامان دىنىدىكى ياخشى ـ يامان روھلارنىڭ ئاشقان ـ تاشقان تاماق ئارقىلىق شۇ تاماقنى يېگۈچىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى يوشۇرۇنغان بولۇپ ، ناۋادا تاماق پاكىز يېيىلمەي ئىسراپ قىلىۋېتىلسە ، يامان روھلار شۇ كىشىگە ياكى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغا ھەر خىل يوسۇندا ئاپەتنى سالىدۇ . داستىخان پاكىز ، پاك نەرسە بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەختنىڭ نىشانى بولغاچقا ، ئۇنى يېسە ھېچقانداق شۈبھە ئارىلاشمايدۇ . بۇ ئارقىلىق ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش تەرغىب قىلىنىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى مەيلى تاماق يېسۇن ياكى چاي ئىچسۇن ، غىزالىنىشتىن ئاۋۋال «بىسمىللا» دەپ غىزالىنىدۇ . غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ، داستىخاننىڭ ھۆرمىتى ، تاماقنىڭ ھۆرمىتى ، ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ روھى ئۈچۈن خۇدادىن تېخىمۇ بەرىكەت بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تاماقتىن كېيىن قازان – قومۇچ، قوشۇق، چوكا قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا پاكىز يۇيۇۋېتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، مۇبادا قازان – قومۇچ يۇيۇلماي قالسا، ئۆينى نەس باسىدۇ، ئۆينىڭ بەرىكىتى قالمايدۇ دەپ قارايدۇ. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يۇندى، ئاشقان – تاشقان نەرسىلەرنى تۆكىدىغان مەخسۇس يەر بار، يىغىلغان يۇندى، سۆڭەك پارچىلىرى شۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ، قالايمىقان، كۆرگەنلا يەرگە تۆكۈۋېرىدىغان ئادەت شەكىللەنمىگەن. ئادەتتە قالايمىقان يەرگە يۇندى تۆكۈش ئەيىبلىنىدۇ. يۇندى تۆكۈلىدىغان يەر «يالاق» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئادەتتە «يالاق» قا يېقىن يولاش، دەسسەش، ئاتلاش، يالاقتا ئويۇن ئويناش قاتارلىقلار قاتتىق چەكلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار تۈرلۈك يوللار بىلەن خەۋپكە ئۇچرايدۇ دەپ قارىلىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، «يالاق» جىنلارنىڭ ماكانى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئاشقان – تاشقان نەرسىلىرى ئارقىلىق جان باقىدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ ماكانى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى ئۇلارغا خاتىرجەمسىزلىك يېتىپ قالسا، شۇ هامانلا قىساسىنى ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلار جىنلاردىن يىراق تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاپەتىدىن ئۆزىنى تارتىش ئۈچۈن ئاشقان – تاشقان يۇندىلىرىنى مەخسۇس يىراق، چەت بىر يەرگە تۆكىدۇ، قالايمىقان يۇندى تۆكۈپ، جىنلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن ھەزەر قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلىنى مەركەز قىلغان هالدا، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا، جۈملىدىن هەر بىر ئائىلىدە دۇاملىشىپ كەلگەن، هەر بىر ئائىلە ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئۆرپ – ئادەتلەر بولۇپ، ئۇيغۇر يېمەك – ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق هۆجەيرىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئائىلىدىن باشلانغان يېمەك – ئىچمەكتىكى بىر قىسىم ئۆرپ – ئادەتلەر شۇ ئائىلىنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتى، شۇنداقلا باشقىلارغا بولغان دوستلۇق

رىشتىسىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆز ئەتراپىدىكى يېقىن ئائىلىلەرگە كېڭەيگەن بولۇپ، قوشنىدارچىلىقنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ۋە ئىپادىسىنى تەشكىل قىلغان.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر كۆزگە چېلىقارلىق ئالاھىدىلىك — مېھماندوستلۇقتۇر. مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل ئېتىنىك مەدەنىيىتىنىڭ بىرى بولۇپ، مېھماننى قۇتنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش، مېھماننى لايىقىدا، كۆڭۈلدىكىدەك ئۇزىتىشنى بەخت دەپ بىلىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر. بىزنىڭچە بۇ خىل قاراش يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياخشى روھىغا نائىل بولۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆز روھىنىڭ ياخشى روھلار بىلەن تېخىمۇ ھەمكارلىشىپ، يامان روھلارنى يىراق قالدۇرۇشتىن ئىبارەت روھ قارىشىدىن كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئۆيگە مەيلى چاقىرىلغان، مەيلى چاقىرىلمىغان مېھمان كەلسۇن، ئۇنىڭدىكى ياخشى روھنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە تارتىش مەقسىتىدە ئۇلارنى مېھمان قىلىپ رازى قىلىش تۇرتكىسىدە، مېھماندارچىلىق قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. دەسلەپتە روھلار تەسىرىدە ئومۇملاشقان بولسا، بارا ـ بارا ئېتىنىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەقسىتىنى يىراقتا قالدۇرۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا مېھماندارچىلىقنىڭ رەسمىيلەشكەن تۈرى — مېھمان چاقىرىش، سەل غەيرىي رەسمىي تۈرى — خالىس مېھمان بولۇپ، مېھماندارچىلىق ئەڭ ئالدى بىلەن ئەنە شۇ خالىس مېھماندىن باشلىنىدۇ. يەنى، ئۆي ئىگىسى ياكى ساھىبخانا مەخسۇس چاقىرمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەيلى قايسى ۋاقىت بولۇشىدىن، تونۇش ياكى ناتونۇش، چوڭ ياكى كىچىك، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن كىشىنى

ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ داستىخانغا باشلايدۇ ـ دە ، ئولتۇرۇپ بولۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، رەسمىي تىنچلىق سورىشىدۇ . ساھىبخانا ئالدى بىلەن داستىخانغا مەزە راسلاپ چاي قۇيىدۇ . ئەگەر كەلگۈچى بىرەر جىددىي ئىش بىلەن كەلگەن بولسا ، ساھىبخانا تېگىشلىك جاۋابنى ئېلىپ بولۇپ ، يەنە بىرەر پىيالىدىن چاي قۇيۇشقا تىرىشىدۇ . ئەگەر كەلگۈچى بىرەر مەقسەتتە خېلى ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەلسە ، كەلگۈچىنىڭ ۋاقتىغا قاراپ قولىغا سۇ قۇيۇپ ئىككىنچى قەدەمدە غىزا ئېتىپ چىرايلىق مېھمان قىلىدۇ . كىرىپ كەلگۈچى ساھىبخانىنىڭ خەۋىرىسىز تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بولغاچقا ، بەزى ۋاقىتتا قارشى تەرەپنى كۈتۈشتە سەل ئېگىز ـ پەسلىك بولۇپ قالىدۇ . قارشى تەرەپمۇ بۇنى كۆڭلىگە ئالمايدۇ . بۇ ئەھۋال ياكى شۇ كىشى «خالىس مېھمان» دېيىلىدۇ . ئەگەر كىرىپ كەلگۈچى تاماق ئۈستىگە كىرىپ قالغان بولسا ، «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دەپ ، ئاش يەۋاتقانلار قاچىلىرىنى قويۇپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىش بىلەن مېھماننى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ ، چاي قۇيۇپ تاماق كەلتۈرىدۇ . مېھمان ئاۋۋال چاينى بىرەر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ ، قېنى خوش دېگەچ غىزا يېيىشكە تۇتۇنىدۇ . مېھمانغا چاي قۇيۇلۇپ تاماق كەلتۈرۈلگەندە قاچىسىنى قولىغا ئېلىپ ساھىبخانىغا ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ ، «قېنى ، خوش قېنى» دەپ تۇرۇپ چايغا ياكى تاماققا ئېغىز تەگكۈزىدۇ . ساھىبخانىمۇ چاي ياكى تاماقنى پەتنۇسقا ئېلىپ مېھمانغا سۇنىدۇ ، نائىلاج بىر قول بىلەن سۇنۇشقا توغرا كېلىپ قالسا ، «بىر قولۇم بولۇپ قالدى ، ئەپۇ قىلسىلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ . مېھمانمۇ ساھىبخانىنىڭ قولىدىن ئىككى قوللاپ ئالىدۇ . ئىسلام دىنى ئېتىقادى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىنىك قارىشىدا ئوڭ تەرەپ ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن بولغاچقا ،

ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ياكى غىزانى ئىككى قوللاپ ياكى ئوڭ قولىدا ئېلىشى ئۇدۇم بولۇپ ، سول قولىدا ئېلىش ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ . ئۆيدە ئەر - ئايال دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا ، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال كىرىپ كەلگۈچى ئەر كىشى بولسا ، مېھمانغا توغرىدىن توغرا چاي ياكى غىزا تۇتمايدۇ . پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مېھماندارچىلىقىدا مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسسىدىغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ . ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۇرۇپ قالغان بولسا ، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋېتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ . مېھماننى ئامال بار رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ . گەرچە كىرىپ كەلگۈچى چاقىرىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ ، «كەلمەك ئىرادە ، كەتمەك ئىجازەت» دەپ ساھىبخانا ئاسانلىقچە مېھماننى قويۇۋەتمەي كۆپرەك كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ .

دېمەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى مېھماندارچىلىقنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى يۇقىرىقىدەك «خالىس مېھمان» غا بولغان ھۆرمەت ۋە داستىخانغا چىللاش ، لايىقىدا مېھمان قىلىش بولۇپ ، ئۇيغۇرلاردىكى مېھماندارچىلىقنىڭ ھەقىقەتەن خالىسانە ، مەنپەئەتتىن خالىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى مېھماندارچىلىق چاقىرىپ قويۇپ ياكى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇپ مېھمان قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ تەرتىپلەشكەن ، قائىدىلەشكەن ، فولكلورلۇق تۈسكە تېخىمۇ تويۇنغان بولۇپ ، بۇ تۈردىكى مېھمان — چاقىرىلغان مېھمان ، مېھماندارچىلىق — مېھمان چاقىرىش دېيىلىدۇ .

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ساھىبخانا ھەپتىنىڭ خالىغان بىر كۈنىگە (بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پەيشەنبە كۈنى ئۇلۇغ كۈن دەپ ، مېھمان شۇ كۈنگە چاقىرىلاتتى ) چاقىرىدۇ . مېھمان كۆپىنچە ساھىبخانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ، دوست - بۇرادەرلىرى ياكى يۇرت كاتتىلىرى بولىدۇ . بۇنداق مېھماندارچىلىقتا ئالدىنئالا مەخسۇس تەييارلىق ھازىرلانغان بولىدۇ . مېھمانمۇ ئالاھىدە چاقىرىلغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تەلىپى جاندىل بىلەن بەجا كەلتۈرۈلىدۇ .

مەلۇمكى ، مېھماندارچىلىق ساھىبخانىنىڭ قايسى ۋاقىتتا كىمنى چاقىرىشى ، نېمىلەر بىلەن رازى قىلىشى ۋە مېھماننى كىمنىڭ تەكلىپ قىلغانلىقى ، مېھماندارچىلىقتا مېھماننىڭ قانداق بېرىشىدىن ئىبارەت قائىدە - رەسمىيەتلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ .

ساھىبخانىنىڭ مېھماننى چاقىرىشى ئۆز ئەركى - ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە دىنىي قارىشىدا ، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن باشقا ، ئۆزىدىن مەرتىۋىسى ئالاھىدە يۇقىرى كىشىلەرنى ياكى قارا نىيەت ، ئالدامچى ، مۇناپىق كىشىلەرنى ئەل - جامائەتنىڭ كۆزىدە مېھماندارچىلىققا چاقىرىشى ئۇنچىۋالا قارشى ئېلىنىپ كەتمەيدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى — ناۋادا مېھمان باي بولۇپ قالسا ، ساھىبخانىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەي ، ئۆزى بىلەن ساھىبخانىنى سېلىشتۇرۇپ ، كۆڭۈل ئارازلىقىنىڭ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، يەنە بىرى قارا نىيەت ، مۇناپىق ، ئالدامچى كىشىلەرنى چاقىرىش ئارقىلىق ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزىنى تۆكۈۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشتىن ئىبارەت .

ساھىبخانا مېھماننى چاقىرماق بولغان ئىكەن ، ئالدى بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ ، بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ :

4644 . قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى ،
قىچىر ، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى .

4649 . ئاداشىڭ ، قاياشىڭ ، يىراق يا يېقىن ،
تۇز ـ ئاشقا قىچقارغىن كۆزەتىپ ھەقىن .

4652 . دىققەت قىل ، يېتىشسۇن تاماق ھەممىگە ،
يانا تارت غىزانى كېچىككەنلىگە .

4654 . نە يەردە يېمەك بولسا ، ئىچكۈ ھەم كېرەك ،
يېمەك بىرلە ئىچمەكنى تەڭشەش كېرەك .

4655 . يېمەكلىك بار يەردە ئىچكۈ بولمىسا ،
بولۇر بىر زەھەر ، ئۇق ، ئۇ ئاشنى يېسە .

4658 . ئۇلۇغلار يەپ بولۇپ يىغىلسا يېمەك ،
كىچىكلەرگە ئاندىن ئاش تارتماق كېرەك .

مېھماندارچىلىقتا چاقىرىلغان مېھمانمۇ قۇرۇق قول بارمايدۇ . ھال ئەھۋالىغا قاراپ قەنت ـ گېزەك ، رەخت ، نان قاتارلىقلارنى ئېلىۋالىدۇ . مېھماننىڭمۇ يەنە مېھماندارچىلىقتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار قائىدە ـ رەسمىيەتلىرى بار بولۇپ ، «قۇتادغۇبىلىك» تە تەپسىلىي بايان قىلىنىپ مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ :

4596 . سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن ،
يوسۇن شۇكى ، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن .

4597 . سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ ،
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە ، بېيىيسەن ئۆزۈڭ .

4598 . كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن ،
نېمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، ساھىبخانا ئاۋۋال ئالدىنئالا پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىش كېرەك .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا چاقىرىلغان مېھمان كەلگەن ھامانلا ئۆينىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ . ئات ـ ئۇلاغ بىلەن كەلگەن بولسا ، بېرىپ قولىدىكى ئات ـ ئۇلاغنى ياخشى ئېلىپ جايلاشتۇرىدۇ . ئاندىن ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ ، داستىخانغا چىقىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ، ھەر بىر مېھماننىڭ قولىغا ئۈچ قېتىمدىن سۇ بېرىدۇ . مېھمان قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، قولىنى سىلكىمەي ، لۆڭگە ياكى قولياغلىقىغا قولىنى سۈرتۈپ ، سۇ قويغۇچىغا رەھمەت ئېيتىدۇ . ئاندىن داستىخانغا ئاۋۋال قەنت ـ گېزەك ، مېۋە ـ چېۋە ، نان ، ھالۋا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە مۇشۇ يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھمانلاردىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىقى سورىلىدۇ . مېھماننىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا شۇ تاماق راسلىنىدۇ .

بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى مېھماندارچىلىقتا ، مېھمان چوڭ ـ كىچىك ، ئەزىز ياكى ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكىگە قاراپ تۈرگە باشلىنىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا تۆر يەنە كېلىپ ھەر يۇرتتا ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ . قەشقەر ، خوتەن تەرەپلەردە ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ تۆر ھېسابلىنىدۇ . قىسمەن ھاللاردا يەنە ئۆينىڭ

ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئۇدۇل ئىچكىرى تەرەپ تۆر ھېسابلىنىدۇ. ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇرىدۇ، گاھىدا ئوچاقنى مەركەز قىلىپ، ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ تۆر ھېسابلىنىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوچاقنى، ئوڭ تەرەپنى، شەرق تەرەپنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا مېھماندارچىلىق گاھىدا مېھماننىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى، ئەزىز ياكى ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكىگە قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، ئوغۇزلاردا بىرەر مۇسۇلمان ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا قوي تەقدىم قىلىدىغانلىقى مەلۇم[1]. ئۇيغۇرلاردا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ ئادەت داۋاملىشىپ ئەزىز مېھمانلارغا قوي سويۇپ، شورپا ياكى تونۇر كاۋىپى قىلىپ مېھمان قىلىدىغان ئادەت مەۋجۇت.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا مېھماندارچىلىق چوڭلارنىڭ، ئەزىز مېھماننىڭ تاماقنا ئاۋۋال ئېغىز تەگكۈزۈشى ئارقىلىق داۋاملىشىدىغان بولۇپ، چوڭلار ئالدى بىلەن تاماققا ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن باشقىلار «قېنى خوش، بېقىشسىلا» دېيىشىپ تاماققا ئېغىز تېگىشىدۇ. چوڭلاردىن ئاۋۋال تاماققا قول سۇنۇش ئەخلاقسىزلىق، ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا مېھماندارچىلىق ئومۇمەن ئۈچ خىل غىزا بىلەن ئۇزىتىلىدۇ. ئاۋۋال قەنت ـ گېزەك، ھالۋا، نان، مېۋە ـ چېۋە بىلەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ پولۇ، شورپا، قورداق، لەغمەن، كاۋاپ قاتارلىقلاردىن بىرسى ياكى ئارىلاش؛ ئۈچىنچى قېتىمدا سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماقلاردىن ئۇگرە،

[1] «ئىبن فەزلان ساياھەتنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 ـ بەت.

چۆچۈرە ، نارىن ، قۇشقاچ تىلــــى ، ئۇزۇپ تاشلاپ سۇيۇقئاش قاتارلىقلار چىقىرىلىدۇ . ھەزىم قىلىش تەسرەك بولغان تاماقلار ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىرىلمايدۇ . ھەر قېتىملىق تاماق چىقىرىلغاندا ساھىبخانا مېھمانلارنى مەزەگە بېقىشقا زورلايدۇ . بۇ خىل زورلاش قانداقتۇر زورلۇق يۈزىسىدىن ئەمەس ، ئەخلاق يۈزىسىدىن بولىدۇ . مېھمان تامىقنىــــى يەپ بولغان ھامان ساھىــــبخانا يەنە تاماق كەلتۈرۈشكە تەمشىلىدۇ . مېھماننىڭ يېگۈسى بولسا ، قاچىنــــى ساھىبخانىغا ئىككى قوللاپ بېرىدۇ . ناۋادا تويۇپ قالغان بولسا ، قاچا ئاغزىنى قول بىلەن توسۇپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ ياكـى قاچىنى داستىخانغا دۈم كۆمتۈرۈپ قويىدۇ . تاماق ئارىلىقــــدا ساھىبخانا مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە چاينى ئۆزمەي قۇيۇپ تۇرىدۇ . چاي قۇيغاندا پىيالىنى توشقۇزۇپ قۇيماي ، مېھماننىڭ ئىسسىق چاي ئىچىپ تۇرۇشى ئۈچۈن پىيالىگە يېرىم چاي قۇيىدۇ . چاي قويغاندا ئوڭ قولى بىلەن چۆگۈن ياكى چەينەكنىڭ بېغىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، سول قولى بىلەن چۆگۈن ياكى چەينەك ئاغزىنى بېسىپ تۇرۇپ ، پىيالىنىڭ دېۋارىنى بويلاپ ، ئاۋاز ، كۆپۈك چىقارماي قۇيىدۇ . مېھمانمۇ پىيالىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى مېھماندارچىلىقتا تائامدىن كېيىن ، تاماق سىڭدۈرگەچ ئىچىملىكلەردىن مۇسەللەس ، مەيزاپ ، ھەر خىل شەربەتلەرنى ئىچىشكەچ قىزغىن پاراڭلىشىدۇ . ناخشا توۋلاپ ، ساز چېلىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ . بۇ ئادەت ئۇزاق تارىخقا ۋە ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭمۇ تاماقتىن كېيىن ئۈچتىن ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىدىغانلىقى مەلۇم[1] .

ئەلۋەتتە ، ئاخىرلاشمايدىغان مېھماندارچىلىق يوق . شۇنداق بولسىمۇ ، مېھمانلارنى يەنە كۆتۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنــــــى

[1] «مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 198 ـ يىلى نەشرى ، 1 ـ توم ، 153 بەت .

بىلدۈرۈپ، قونۇپ قېلىپ بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشىنى سورايدۇ. مېھمانلار قايتىدىغان ۋاقىتتا ھەر جايىنىڭ، ھەر ئۆيىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا مېھمانلارغا يەنە قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە، نان، گۆش قاتارلىقلارنى يوللۇق تۇتىدۇ. بەزىدە مېھمانلار يەپ بولالمىغان نەرسىلەرنى ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن دەپ بالا ـ چاقىلىرىغا ئېلىۋالىدىغان ئادەت مەۋجۇت. بۇنىڭدا ئاساسلىقى پولۇ، گۆش قاتارلىقلار نېپىز كاكچا ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. بۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا «زەللە» دېيىلىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئادەت بولۇپ، مېھماندارچىلىقتىكى ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ياخشى ئۇسۇلنىڭ بىرىدۇر.

قىسقىسى، مېھماندارچىلىق قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىكى قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، مېھماندارچىلىق ئارقىلىق بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە قىممەت قارىشى ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مۇراسىم شەكلىنى ئالمىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە تەرتىپلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپىنچە ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا، بىر ياكى ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلاردىن ئىبارەت.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى بايرام ـ مۇراسىملار بىلەن بىللە كېلىدىغان فولكلورلۇق ئادەتلەر خېلى مول بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە ۋاقىتىنچە توختالمايمىز.

# قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش . §3

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە روشەن دەرىجىدە كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر تەرەپ ئوزۇقلۇق ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتۇر .

ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللەرنى داۋالاشتا روھىي داۋالاشتىن تاشقىرى ، ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاش ، دورا بىلەن داۋالاش ، قول ئەمەلىيىتى بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاش ھەم تېبابەت نۇقتىسىدىن ، ھەم ئاممىۋى ساۋات نۇقتىسىدىن قولايلىق ھەم ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان .

ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاش — كېسەل كىشىنى ئوزۇقلۇقلار بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە بەزى ئوزۇقلۇقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇشقا قارىتىلغان . ئۇ كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش تەرتىپلىرىنى بېكىتىش ، يېمەك - ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش ، پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق كېسەللىكنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەر خىل شىپالىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى بۇيرۇش ئارقىلىق ، ئومۇمىي بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ، بەدەننىڭ نورمال خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىش ، كېسەلنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، كېسەل كىشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش ۋە ھەر خىل تەبىئىي

قۇۋۋەتلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەشقەر قاتارلىق ئۇيغۇر تېبابىتى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا كىشىلەر ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، خىلمۇ خىل ياغلار، گۆشلەر، كۆكتاتلار، ئۇنلار، شۇنداقلا ئوخشاش ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىتى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۇلار ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى، شۇنداقلا ئۆز كەيپىياتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ ئۆزىگە يېمەكلىكتىن شىپا قىلىپ، كېسەلنى ساقايتىشقا ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىپ كەلگەن. كۈندىلىك ئوزۇقلىنىش ئادىتى، يەنى يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەبىئىتى تەكرارلىنىش ۋاقتى، پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا يەنىلا يېمەك - ئىچمەكنىڭ دورىلىق خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماققا ئاز مىقداردا سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئىنتايىن پايدىلىق. ئوخشاش بىر خىل خۇرۇچلۇق، تەستە سىڭىدىغان تاماقلارنى، مەسىلەن، چۈشتە پولۇ، كەچتە مىفەن ياكى بۇگۈنى پولۇ، ئەتىسى مىفەن دېگەندەك، تەكرار ئىستېمال قىلمايدىغان بولغاچقا، ئاشقازان ئاغرىش قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن.

قىسقىسى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىنىش ئادىتى مەلۇم تېببىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوزۇق بىرىنچى دورا سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن.

تېبابەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا

ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاش كۆندىلىك يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىدىكى ئوزۇقلۇق ئارقىلىق داۋالاشتىن ھالقىپ، كلىنىكىلىق داۋالاش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس مەلۇم شەرتلەرگە ئىگە.

1 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى كېسەللەرگە پەرھىز بۇيرۇش، توغرا ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ يەردىكى پەرھىز ئالدىنقى بابىمىزدا توختىلىپ ئۆتكەن پەرھىزدىن كەسكىن پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى بابىمىزدىكى پەرھىزنىڭ خاراكتېرى مەلۇم كۈچلۈك خۇراپىي قاراشلار، دىنىي ئېتىقاد بىلەن تويۇنغان بولسا، بۇ يەردىكى پەرھىز ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كۈچلۈك سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە. داۋالاشتا پەرھىز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش — دورا بىلەن داۋالاشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. كېسەللەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بەدەندىكى سۇيۇقلۇق ھەم مۇھىم قۇۋۋەت ماددىلىرىنى كۆپلەپ چىقىم قىلىپ، بەدەن ئاجىزلىغاچقا، كېسەللىك ئىللەتلىرى بەدەنگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق چاغدا دورىلارغا تايانغان بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ. شۇڭا كېسەلگە مۇۋاپىق پەرھىز بۇيرۇشتا توغرا ئوزۇقلاندۇرۇش، قانداق تاماقلارنى بېرىش، قانداق تاماقلارنى بېرىپ بەدەننىڭ كېسەللىككە بولغان قارشى تۇرۇش كۈچىنى تىكلەش ۋە ئاشۇرۇش لازىم. مۇۋاپىق تاماقلارنى بېرىش ۋە قانداق بېرىش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچەي كېزىكى، ئاشقازان يارىسىدا ئاچچىق نەرسىلەرنى ياكى تاماقنى كۆپ يېسە ھەمدە قاتتىق گۆش، تەستە ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆپ يېسە، ئاشقازان يارىسى تېشىلىپ خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ھەتتا ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ. بەزىدە كېسەللىك داۋامىدا تاماقنى ئاز يەپ ياكى تاماق يېمەي، ياخشىلانغاندىن كېيىن بىراقلا

كۆپ يېسىمۇ كېسەللىك قايتىدىن ئېغىرلاپ كېتىدۇ . شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇنداق كېسەللەرگە تاماق مىقدارىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ، ئاۋۋال سۇيۇق تاماقلارنى ، كېيىن قويۇق تاماقلارنى بېرىش ، تاماقنىڭ بەدەنگە سىڭىشى ۋە تاماقنى هەزىم قىلالىشىغا قاراپ ئاندىن تويغۇدەك تاماق بېرىشنى شەرت قىلىپ كەلگەن .

2 . قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاشتا كېسەلنىڭ ئىشتىهاسىنى ئېچىشقا تىرىشىدۇ . كېسەلنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلۇپ قېلىشىدا گەرچە كېسەللىك ئاساسىي سەۋەب بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ . تاماقنىڭ كۆرۈنۈشى ، رەڭگى ، تۈرى ، پۇرىقى ، تەمى ۋە تازىلىقى ، تاماق ئېلىنغان قاچىلارنىڭ تازىلىقى ۋە كۆرۈنۈشى ، تاماق ئەتكۈچىنىڭ تازىلىقى ، شۇنىڭدەك هەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر ئىشتىهاغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەگەر بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىنمىسا ، مەيلى ئائىلىدە بېقىلغان كېسەل ياكى كېسەلخانىدا ياتقان كېسەل كىشىلەر بولسۇن ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ ، كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە دەخلى يېتىدۇ . دېمەك ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئامىللارنىڭ ئىشتىهانى قوزغاشتا رولى ناهايىتى چوڭ ، ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئىشتىهانى قوزغاشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشتىها ئاچقۇچى تاماقلارنى بېرىشنىڭمۇ رولى خېلىلا چوڭ .

3 . كېسەلگە پات ـ پات ، ئاز مىقداردا تاماق بېرىپ تۇرىدۇ . تاماقلىنىش ئارىلىقى بەك ئۇزۇن ۋە بىر قېتىمدىلا كۆپ تاماق بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ . ناۋادا كېسەلنىڭ ئارزۇسىغا بېقىپ ، ياخشىراق تويۇنۇش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا كۆپ تاماق بېرىلسە ، ئاشقازاننىڭ هەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ ـ دە ، كېسەلنىڭ خاراكتېرى يامان تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ . شۇڭا

داۋالاشتا كېسەلنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ياخشى ئالامەت دەپلا بىلىپ، ئۇنىڭ بەدەن سالامەت ھالەتتىكى ھەقىقىي قورساق ئېچىشىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

4. تاماقلىنىش ئالدىدا كېسەلنىڭ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئىلمان سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقىتىپ، تاماقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ كېسەل كىشىنىڭ تازىلىقى ۋە ئىشتىھاسىنىڭ قوزغىلىشىغا پايدىلىق.

5. كېسەللەر كۆپىنچە ئورنىدا يېتىپ ئارام ئالىدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا چوڭ تەرىتى راۋان بولماي قالىدۇ، ساغلام كىشى قەۋزىيەت بولۇپ قالسا ئىشتىھاغا تەسىر يېتىدۇ، كېسەل كىشى داۋالاش ئارىلىقىدا قەۋزىيەت بولۇپ قالسا تېخىمۇ زىيانلىق. شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى تاماق ئارىلىقىدا، بولۇپمۇ كەچ تەرەپلەردە كېسەلگە مېۋە يېگۈزۈش ئارقىلىق چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش، ئىشتىھا ئېچىش، بەدەننى كېرەكلىك ماددىلار بىلەن تەمىنلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

6. تاماقنى ياخشى پىشۇرۇپ بېرىش، شۇنىڭدەك كېسەل كىشى يېيىشنى خالىمايدىغان ياكى يەپ ئادەتلەنمىگەن نەرسىلەرنى يېيىشكە زورلىماسلىققا دىققەت قىلىدۇ. پەقەت تاماق يېگۈسى كەلمەيدىغان كېسەللەرگە ياكى بۇيرۇلغان تاماقلارنى يېگۈسى كەلمەيدىغان كېسەللەرگە، گەرچە ئۆزى تەلەپ قىلغان تاماقلار زىيانلىق بولسىمۇ، بىر ئاز بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەلنى قايىل قىلىپ، پايدىلىق تاماققا كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

7. پەرھىزدە بۇيرۇلغان تاماقلارنى بىر خىللا قىلىۋەرمەي، شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا خىلمۇ خىل شەكىلدە ۋە ھەر خىل رەڭدە قىلىپ تەييارلايدۇ. دېمىسىمۇ داۋاملىق بىر خىل كۆرۈنۈشتىكى تاماق كېسەلنىڭ ئىشتىھاسىنى تۇتۇپ قويىدۇ.

8 . كېسەلنى ئوزۇقلاندۇرغاندا ئىمكان بار ئولتۇرغۇزۇپ تاماق بېرىدۇ . مۇمكىن بولمىغاندا ياستۇقنى ئېگىزرەك قويۇپ بېرىدۇ .

9 . كېسەل كىشىمۇ تاماقنى يەپ بولۇپلا يېتىۋالماي ، بىردەم ئۆرە ئولتۇرۇپ تاماقنىڭ سىڭىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ .

10 . سوغۇق يېمەكلىك ، ئىچىملىك گەرچە نورمال ئوزۇقلىنىشتا پايدىلىق بولسىمۇ ، بىراق كېسەل كىشىگە تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشنى پەرھىز قىلىدۇ . تامىقى ئىسسىق ، ئىچىملىكلىرىمۇ ئىسسىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ .

11 . كېسەلنىڭ تامىقى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خام ئەشيالارنىڭ يېڭى ، بۇزۇلمىغان ، چىرىمىگەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئۇن ، گۈرۈچ ، گۆش ، ياغ ، تۇز ۋە باشقىلارنى يۆتكەش ، ساقلاش ، ئىشلىتىشتە تازىلىققا دىققەت قىلىش ، بۇلغىنىش ، پاسكىنىلىقلاردىن خالىي بولۇشنى خاس كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىلا ئەمەس ، يەنە داۋالاشقىمۇ ئىلمىي ئاساستا تەتبىقلايدۇ .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كېسەل داۋالاش يەنە خاس يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۇنى لايىقىدا كونترول قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن ، بەلكى نورمال ئوزۇقلىنىشقا ماسلاشقان ھالدا مۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بېرىش ۋە بەدەننىڭ قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بەزىبىر ئىشلارنى پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىقمۇ قارار تاپىدۇ . بىراق بۇ نۇقتىلار بىزنىڭ مۇھاكىمە دائىرىمىزدە بولمىغاچقا ، بىز بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق .

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېسىل يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىن يەنىلا كۈچلۈك ئىلمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان

بولۇپ ، كونكرېت يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىگىمۇ مۇجەسسەملەشكەن ۋە كىشىلەر شۇ تاماقلارغا تېبابەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن . مېدىتسىنا ئىشلىرى ئۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەن ۋاقىتلار ۋە رايونلاردا كىشىلەر يەنىلا يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاشقا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ھەم كلىنىكىلىق ، ھەم فولكلورلۇق ئاساسىنى ھازىرلاپ بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن .

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى بولۇپ ، تېما ئېھتىياجى بويىچە بىز مۇشۇنچىلىك توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال ئادەتلىرىدىن قارىغىنىمىزدا ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى زور مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنى تەتقىق قىلىش ، ئېچىپ پايدىلىنىش زور ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە .

# XI باب قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى ئالاھىدە روناق تاپقان بولۇپ، ئۇ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن قالسىلا، كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل ئىگىلىك شەكلىدۇر.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا تۈزۈلگەن «قەشقەر تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاھالىنىڭ 25% دىن كۆپرەكى مەخسۇسلاشقان ياكى قوشۇمچە قول ھۈنەر كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. قول ھۈنەر - سەنئىتى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن قەشقەر شەھىرىدە 50% دىن كۆپرەك شەھەر ئاھالىسى ھەر خىل ھۈنەر كەسپىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. قەشقەر ئۆزىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن «ھۈنەر - سەنئەت ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە. قەشقەرنىڭ گۈللەنگەن قول ھۈنەر - سەنئىتى تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن سەيياھلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، ئۇلار بۇ ھەقتە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سۇلى (قەشقەر) بەگلىكىنىڭ مەركىزى سۇلى شەھىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى مول، بازارلىرى ئاۋات . . .» دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. 15 - ئەسىردە ئېلىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن ئىتالىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى ماركوپولو قەشقەرنىڭ

ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن تەسىرلىنىپ : «قەشقەر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تىرىك مۇزېيى ئىكەن ، ھەممە كوچىلىرىدىن ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن . . . » دېگەن . 11 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينول ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە «قەشقەر بازارلىرىدىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ . . . » دەپ يازغان . تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇنداق خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىككى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىلەرمۇ قەشقەرنىڭ گۈللەنگەن قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەققىدە بىزنى ۋاستىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا» ناملىق 60 ـ بابىدا مۇنداق يازغان :

4456 . يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرور ،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر .

4459 . بۇ دۇنيا زىنىنتى بۇلاردىن بولۇر ،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر .

4460 . ساناۋەرسە كۆپتۇر ، سۆزۈم ئۇزىرار ،
ئۇزەيمەن سۆزۈمنى ، ئۆزۈڭ سەن ئاڭقار .

بۇ بېيىتلار بىر تەرەپتىن ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىگىلىكىنىڭ بىر گۇرۇھ سۈپىتىدە مەخسۇسلاشقان مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بەرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممىتىنى

نامايان قىلىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ 11 ـ ئەسىردىكى قەشقەر خەلقىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ۋاسىتىلىك بايانلار ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «چۈرچ — قۇيۇچ پولات» ( I توم ، 447 ـ بەت ) ، «باقىر — مىس» ( I توم ، 467 ـ بەت ) ، «بورتا — ئالتۇن ۋەرەق ، زەر ۋەرەق» ( I توم ، 543 ـ بەت ) ، «سىدىچغا — ئەينەك شىشە ( I توم ، 636 ـ بەت ) ، «كىرشەن — قوغۇشۇن ئۇپا» ( I توم ، 570 ـ بەت ) «بوز» ( III توم ، 169 ـ بەت ) ، «توشروم — ئېگىرىلگەن بىر كاللەك يىپ» ( I توم ، 631 ـ بەت ) ، «تۇرق تاۋار» ( I توم ، 556 ـ بەت ) ، «ياتۇق — ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت» ( III توم ، 17 ـ بەت ) ، «قارش — يۇڭ رەخت» ( III توم ، 36 ـ بەت ) ، «كىشمىشكە — قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاس» ( I توم ، 636 ـ بەت ) ، «كېۋەر — يىپەك رەختكە زەر بېسىش» ( I توم ، 541 ـ بەت ) ، «پاتلا — پاتلىماق» ( III توم ، 379 ـ بەت ) ، «تىكە — تىكمەك» ( I توم ، 144 ـ بەت ) ، «باغىرداق — لىپتىك» ( I توم ، 653 ـ بەت ) ، «ئۆكمەك — ھالقا» ( I توم ، 142 ـ بەت ) ، «ئۈزۈك» ( III توم ، 22 ـ بەت ) ، «بىلەزۈك» ( III توم ، 283 ـ بەت ) ، «مومچوق — مونچاق» ، ( III توم ، 621 ـ بەت ) . . . قاتارلىق كۆپلىگەن خاس ئىسىملار ئەمەلىيەتتە قول ھۈنەر ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇلار قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر ئىگىلىكىدە ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ياساشتىن باشقا ، بىرقەدەر مۇرەككەپ تېخنىكىلىق بۇيۇملارنى ئىشلەشمۇ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەينەك قاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ

پارچىلىرىنىڭ بايقىلىشى بۇ پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ . قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «خانئۈي قەدىمكى شەھەر خارابىسى» ۋە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «سوسەر قەدىمكى قەلئە» خارابىسىدىن كۆپلىگەن نەقىشلىك ئەينەك بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، كۆك، قىزغۇچ رەڭلەرمۇ بار . مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي خارابىسى» دىن تېپىلغان ئاچ سېرىق رەڭدىكى ئەينەك قەدەھ ئىنتايىن سىپتا، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇمۇ قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ .

ئەينەكچىلىككە ئوخشاش ئىنچىكە ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخىمۇ گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن جانلىنىۋاتقان سىنكىرتىك مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئىبارەت سىرتقى تەسىردىن باشقا، يەنە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن قەشقەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيە كۈچىدىن ئىبارەت ئىچكى تەرەپ مۇھىم رول ئوينىغان . يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر باشقا رايونلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق شەھەر ھاياتىغا كۆچكەچكە، شەھەرلىشىش ئېھتىياجى قول ھۈنەر كەسىپىنىڭ بىر خىل مۇقىم ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە قول ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاساس بولغان . بولۇپمۇ 10 ـ ئەسىردىن كېيىن قەشقەر قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە سودا ئىگىلىكى جەھەتتە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى يىرىك مەركەزگە ئايلانغان ئىدى . تارىخشۇناس، پروفېسسور ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر رايونىدا قول

ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىر قەدەر تىپىك ئۈلگىلىرىدىن كاھىشچىلىق ، نەققاشچىلىق ، تاش ئويمىكارلىق ، فارفورچىلىق ، ئەينەكچىلىك ، كۆلالچىلىق ، قازانچىلىق ، تۆمۈرچىلىك ، مىسكەرچىلىك ، زەرگەرچىلىك ، ياغاچچىلىق ، چاق - چىغرىقچىلىق ، باپكارلىق ، بوياقچىلىق ، كەشتىچىلىك ، موزدۇزلۇق ، دوپپا - تۇماقچىلىق ، سەيپۇڭلۇق ، يىپەك (ئەتلەس) ۋە يۇڭ (گىلەم ، يۇڭ چەكمەن ···) توقۇمىچىلىق ، كۆن - خۇرۇمچىلىق ، سوقا - تۈگمەنچىلىك ، سوپۇنچىلىق ، شامچىلىق ، تاقىچىلىق ، قويمىچىلىق ، تۇنىكىسازلىق ، ساندۇقچىلىق ، قولۇپسازلىق ، پىلە - مەشۇتچىلىق ، قاشتېشى ئويمىچىلىق ، پىچاقچىلىق ، جۇۋىچىلىق ، باققاللىق ، ساتىراشلىق ، قاسساپلىق ، قەغەزچىلىك ، كىگىزچىلىك ، قەنت - ناۋاتچىلىق . . . قاتارلىق يۈزلىگەن قول ھۈنەر كەسىپ تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن . ھەتتا بۇ خىل ھۈنەرلەر كۆلەملىشىپ ھەم مەخسۇسلىشىپ ، قەشقەر شەھىرىدىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى مەلۇم ھۈنەر - كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان . مەسىلەن ، «مىسكەرچى كوچىسى» ، «زەرگەرچى كوچىسى» ، «قاسقان بازىرى» ، «تاغاچى كوچىسى» ، «ئېگەچى كوچىسى» ، «پىلىچى مەھەللىسى» ، «دوپپا بازىرى» ، «تۇماقچى كوچىسى» ، «چاپان بازىرى» ، «ئەگلەكچى كوچىسى» ، «سەگەزچى مەھەللىسى» ، «ساندۇق بازىرى» ، «قوناق بازىرى» ، «تاۋاقچى مەھەللىسى» ، «قاسساپ مەھەللىسى» ، «كوزىچى مەھەللىسى» ، «تۈگمەنبېشى» ، «شامچى كوچىسى» ، «سوپۇنچى مەھەللىسى» ، «موزدۇز مەھەللىسى» ، «بوياقچى مەھەللىسى» ، «تاغاقچى مەھەللىسى» . . . دېگەنگە ئوخشاش . بۇ مەھەللە - كوچىلار ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە . بۇ ھال قەشقەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئائىلىسى» ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدۇ .

يېقىنقى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان قەشقەردىكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەت تۈرلىرى تارىختىن بۇيانقى ئومۇمىي ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىنىڭ 58% نى ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىمىغان ، ئەمما ھاياتىي كۈچى ئاجىزلاشقانلىرى 42% نى ، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىرى تەخمىنەن 25% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم . بۇ نىسبەتلەردىن قارىغاندا ، قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ئىگىلىكى ئېغىر «كرىزىس» كە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن . بۇ گەرچە توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ئەۋلادلار قەلبىدە يالقۇنجىتىدىغان قول ھۈنەر - سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ دومنا پېچنى قوغداش ۋە ئېچىش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . چۈنكى قول ھۈنەر - سەنئىتى مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، خەلقنى ھاللىق سەۋىيىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئاچىدۇ ، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە تۈۋرۈكلۈك رول ئويناپ ، خەلقئارا «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» گە يېڭى روھ بېغىشلايدۇ .

بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى ، مىللىي پسىخىك جۇغلانمىسىنىڭ ماددىلاشقان كۆرۈنۈشى ، مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدىكى ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋە سىمۋوللۇق بەلگىسى ،

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارقىن كۆزنىكى . پەقەت ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىقنىڭ مېۋىسى بولغان خەلقنىڭ بۇ قول ھۈنەر - سەنئەت ئىختىرالىرىنى توغرا تونۇغاندا ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ ، ھەقىقىي مەنىدىكى «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» نى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

قول ھۈنەر ئىگىلىكى ھەم ئىقتىسادىي ، ھەم ئىجتىمائىي ، ئېستېتىك ئۇنۇم يارىتىدىغان ئالاھىدە بىر خىل تېخنىكىلىق سەنئەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ . يىغىنچاقلىغاندا ، قول ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مۇھىم قىممىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشىدۇ :

1 . قول ھۈنەر - سەنئىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ئەۋلادلار قەلبىدە يالقۇنجىتىدىغان دومنا پېچ . بۇ پېچ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى نامايان بولۇپ ، يېڭى سەنئەت پىرامىدالىرى بارلىققا كېلىدۇ . ئەمگەك ۋە ئىجادكارلىق بەدىلىدىن تۇغۇلغان بۇ گۈزەل سىيمالار كىشىلەردە ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ .

2 . قول ھۈنەر - سەنئىتى مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ۋە جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ .

3 . قول ھۈنەر - سەنئىتىنى قوغداش ، قۇتقۇزۇش ۋە ئېچىش دۆلەت ۋە خەلقنى بۇرۇنراق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك يولى .

4 . مىللىي قول ھۈنەر - سەنئىتى بۈگۈنكى كۈندە ساياھەتچىلىك كەسپىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ياردەمچى قوشۇنى ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مۇھىم كۆزنەك .

5 . ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان ئىستىقباللىق تۈرلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئىسلاھ قىلىش خەلقئارا سودىنى جانلاندۇرۇپ ، بازار ئىگىلىكىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ .

6 . ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى ھەرقايسى ئىلىم - پەن ساھەلىرىنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ ، پەنلەر قۇرۇلۇشىنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ . ئالايلۇق ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەرقايسى قول ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس رىسالىلىرى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم بايلىقى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئېستېتىكا ، ئارختېكتورا ، گېئومېترىيە ، فىزىكا ، خىمىيە ، رەڭشۇناسلىق ، رەسساملىق . . . قاتارلىق پەنلەرمۇ قول ھۈنەر - سەنئىتىدىن تېگىشلىك ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئەمەلىي ، نەزەرىيىۋى كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

دېمەك ، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ ماددىلاشقان روھى دېيىش مۇمكىن . يىغىپ ئېيتقاندا ، قول ھۈنەر كەسپى ئاۋام خەلقنىڭ بىر خىل «پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش مەكتىپى» ، «ئەدەپ - ئەخلاق مەكتىپى» ، «ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش مەكتىپى» ، «ئىجادىيەت - كەشپىيات مەكتىپى» ، «سەنئەت مەكتىپى» بولۇشتەك كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ بىلىم زاپاسلىرى مۇجەسسەملەشكەن . شۇڭا ئۇنى خەلق ئارىسىدىكى تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ ئىسكىلاتى دېيىشكە بولىدۇ .

قول ھۈنەر - سەنئىتى ھەرقايسى مىللەت رايونلىرىدا ئورتاق مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ . ئەمما تەرەققىيات دەرىجىسى ، ئومۇملىشىش دائىرىسى جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرق بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى ۋە ۋارىسچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، ئاتىدىن بالىغا ، ئۇستازىدىن شاگىرتىغا مىراس قالىدۇ . ۋەھالەنكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر ، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ئىگىلىكى دۇنياۋى كرىزىسقا دۇچ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قوغداش ، ئېچىش دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى . نەتىجىدە 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» دا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت ئومۇمىيۈزلۈك قوغدىلىدىغان 5 چوڭ تۈرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى . بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كارخانىلار بۇ «ھۈنەر ـ سەنئەت ماكانى» نىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى قايتا جۇلالاندۇرۇشقا بەل باغلاپ ، بۇ ساھەدە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . بۇنىڭغا «قەشقەر سەمەن ساياھەتچىلىك كەسپىي گۇرۇھى» نىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ، قوغداش ۋە ئېچىش جەھەتتىكى ئەمەلىي خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ .

«مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار كارخانىچىسى» ، «يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى بويىچە مەملىكەتلىك يۈز كۈچلۈك كارخانا»

نىڭ بىرى ، «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى» ، «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار كارخانىچىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن نام ـ شەرەپلەرنىڭ ساھىبى بولغان قەشقەر سەمەن ساياھەتچىلىك كەسپىي (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدىرى ، دېھقان پەرزەنتى ئىبراھىم مۇسا (ئەل ئىچىدىكى نامى ئۇرايىم سەمەن) گوۋۇيۈەننىڭ «4 ـ (2005)» نومۇرلۇق ۋە «18 ـ (2006)» نومۇرلۇق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ، قۇتقۇزۇش ۋە ئېچىش ھەققىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ روھى ۋە ئىلھامى ئاستىدا 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ، شىركەت مەركىزى قەشقەر سەمەن كاتتا مېھمانخانىسى قورۇسى ئىچىدە «قەشقەر ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئەت باغچىسى» نى قۇرۇپ چىققان . بۇ «باغچا» دا قۇرۇلغان قول ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى 70 نەچچە خىلغا ، ئۇنىڭدا ئەمەلىي مەشغۇلات ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئۇستىكارلارنىڭ سانى 150 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن .

«قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت باغچىسى» بىر پۈتۈن ئۇنىۋېرسال گەۋدە سۈپىتىدە مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكى 15 چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن .

## 1 . ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى

بۇ تۈر مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىقى ، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى بىناكارلىقى ، مەسچىت ـ مەدرىسە بىناكارلىقى ، قەلئە ـ قورغان بىناكارلىقى ، مازار بىناكارلىقى ، شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى بىناكارلىقى قاتارلىق ئالتە خىلغا بۆلۈندۇ . ئىش تەرتىپى ۋە سەنئەت شەكلى جەھەتتىن تامچىلىق ، سۇۋاقچىلىق ، ياغاچچىلىق ، ئويمىكارلىق ،

گەجخاچىلىق ، نەقىشچىلىق ، خوشخەتچىلىك ، سىرچىلىق ، ئەينەكچىلىك ، فارفورچىلىق ، مېتالچىلىق ، قاڭالتىرچىلىق . . . قاتارلىق 12 خىلغا ئايرىلغان . قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ ئۆي بىناكارلىق سەنئىتى خاسلىققا ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئاساسەن توپا ـ ياغاچ ، ياغاچ ـ تاش ، كېسەك (پىششىق كېسەك ۋە خام كېسەك ) ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ ، بىر يۈرۈش ئىچكىرى ۋە تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ھەمدە ئولتۇراق ئۆي (مېھمانخانا ) ، دەھلىز ، ياتاق ئۆي ، ئاشخانا ، قازناق ، سەرراپ (ئەۋرەزخانا ) ، پېشايۋان ، ھويلا ـ ئارام ، گۈللۈك ، باغ ، قوتان ، بالىخانا ، يازلىق چايخانا ، ھاجەتخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، تىپىك ھويلا ـ ئاراملىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئالغان . ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى مەرەپ ، تەكچە ، تاختىۋېشى (لىمتاق ) ، ئويۇق ، مورا ، ئوچاق ، تۈڭلۈك ، كات ـ ساندۇق ، سۇپا ، چارشاپ (زەدىۋال ) ، پەنجىرە ـ قاپقا (ئىشىك ) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان . قەشقەر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت باغچىسى ئەڭ دەسلەپ قەشقەر بىناكارلىق سەنئەت تۈرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، «باغچا» ئىچىگە قوپۇرۇلغان بىر يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي قەشقەر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەممە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن .

## 2 . دان ئايرىش ۋە يانجىش ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى

«قەشقەر ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت باغچىسى» دە بۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان ھۈنەرلەردىن يارغۇنچاق ، سۇ تۈگمىنى ، يەرلىك سوقا ، جوۋاز قاتارلىق چوڭ تۆت خىل ھۈنەر ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن .

## 3 . كۈلالچىلىق ھۈنەر - سەنئەت تۈرى

بۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان ھۈنەرلەردىن تاۋاقچىلىق، قۇمىرا ياشاش، چوڭ ئىدىش، كۆپ ياساش، ئىۋرىق (چۆگۈن)، فار فور چەينەك، لېگەن - تەخسە، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، خاتىرە بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى سېغىز لايدىن ياسالغان .

## 4 . ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساش تۈرى

ياغاچ ساپان — بوقۇسا، ئارا - گۈرجەك، توقسان تۈلۈق (بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ دانلىــــرىنـــــى يانجىـــــپ ئايرىشتا ئىشلىتىدىغان ياغاچ تۈلۈق)، زەمبىل، ئورغاق، قول ھارۋا، مەپە، يارىيا ھارۋا، چىغرىق، چاق . . . قاتارلىقلار .

## 5 . ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش تۈرى

ياغاچ قاچا، قوشۇق، كاساڭ (تەڭنە)، چەينەك، لېگەن، چوكىدان، جىنچىراغ، ساندۇق، ياغاچ ھاۋانچا، ئاشتاختا، پوزا، مىسۋاك، تۈكچە، گۈل بېسىش تامغىلىرى قاتارلىقلار .

## 6 . ياغاچ ئويمىكارلىق تۈرى

بۆشۈك، ئويما پەنجىرە، ھەرخىل ئويما نەقىشلەر، نەپىس بۇيۇملار .

## 7 . سەرراچلىق تۈرى

ئات ئېگەر - جابدۇقلىرى، ھارۋا جابدۇقلىرى، يۈگەن، نوختا، ئۈزەڭگە، ئۈچىلىق، قۇش باشلىق قەدىمكى ئېگەر، توقۇم - مۆلە ۋە باشقىلار .

**8 . تۆمۈرچىلىك ۋە مىسكەرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى**

كەتمەن ، كۈرەك ، ئورغاق ، بولقا ، بازغان ، ئات تاقىسى ، ناھال ، مىخ ، قاماق ، كويزا ـ كىشەن ، قاپقان ، زەنجىر ، ئىشىك ھالقىسى ، قۇلۇپ ، پىچاق ، ئۇستىرا ، قايچا ، قىڭراق ، قىلىچ ، رەندە تىغى ، ئىسكىنە ، ئۇشكە ، كەكە ، پالتا ، ئىپكەك ، دەرەش ، قازان ـ قومۇچ ، مىس چەينەك ، چۆگۈن ، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ، جۈمبۈل ، قازان . . . قاتارلىقلار .

**9 . موزدۇزلۇق تۈرى**

(قىشلىق ئاياغ ، يازلىق ئاياغ ، ئەرەنچە ، ئايالچە ، باللار ئاياغلىرى . . . قاتارلىق كۆپ خىل ھۈنەردىن تەشكىل تاپقان ) .

**10 . چالغۇ ئەسۋابلار تۈرى**

قەشقەر راۋابى ، دولان راۋابى ، دۇتار ، تەمبۇر ، غىجەك ، قالۇن ، نەي ، داپ ، ناغرا ، بۇرغا ، پىپى (بالمان ) ، چاق ـ چۇق ، چاڭ ، ساتار . . .

**11 . دوپپا ـ تۇماقچىلىق تۈرى**

خىللىرى 100 دىن ئاشىدۇ .

**12 . يىپ توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى**

بۆز (ماتا ) چىلىق ، چەكمەنچىلىك ، داكىچىلىق ، يىپچىلىق ، داستىخان ، پوتا (بەلۋاغ ) ، سەگەز ، تاغار ، خۇرجۇن ، تورۋا ، ئاغامچا ، تانا ۋە باشقىلار .

**13 . يىپەك ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى**

ئەتلەسچىلىك ، شايىچىلىق ، يىپەك ياغلىق ۋە شارپا ،

بەقەسەم ، كىمخاب ، گىلەمچىلىك ، يۇڭ چەكمەن ، يۇڭ پوتا ، يوڭ رومال ۋە شارپا ، كىگىزچىلىك ، يۇڭ قالپاق . . . قاتارلىقلار .

## 14 . بوياقچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرى

يىپ رەخت بوياقچىلىقى ، يىپەك بوياقچىلىقى ، يۇڭ بوياقچىلىقى ، تامغا باسما بوياقچىلىقى ، مەشۇت يىپ بوياقچىلىقى . . . قاتارلىقلار .

## 15 . زەگەرچىلىك ، قاشتېشى ئويمىكارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرى

ئالتۇن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ، قاشتېشى ئويمىكارلىقى ، ياقۇت ، كەھرىۋا ۋە باشقا تاشلاردىن ياسالغان كۆز مونچاق ، مارجان ، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە خاتىرە بۇيۇملىرى قاتارلىقلار .

بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرىدە ئىشلەۋاتقان پېشقەدەم ئۇستىكارلار يەنە مۇشۇنداق تۈرلەر بويىچە شاگىرت تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان .

بۇ «باغچا» قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە 70 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ ، ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتقان .

بۇ «باغچا» نى زىيارەت قىلغان پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ، ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرى باش لىدىر ئۇرايىم سەمەنىنىڭ بۇ خالىسانە تۆھپىسىنى قىزغىن قوللاپ ، «باغچا» نىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانى ئۈچۈن پايدىلىق تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . مۇشۇ ئاساستا بۇ «باغچا» نىڭ كەلگۈسى 5 يىللىق تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىلغان .

بۇ كىچىككىنە تىپىك مىسال قەشقەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئىتىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ھەمدە ئۇنى قوغداش ۋە ئېچىش جەھەتتىكى جۈرئەت ـ شىجائىتىنى ئىسپاتلايدۇ .

دەرۋەقە ، قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سول بىقىنىدىكى ئۆستەڭبويى پىيادىلەر كوچىسى ، دۆڭخۇ كۆلىنىڭ بويىدىكى «كوزىچى يار بېشى» مەھەللىسى ، كەسكەنيار مەھەللىسىدىكى «دوپپا ـ تۇماق كوچىسى» ، گۈزەر ئىجتىمائىي رايونىغا جايلاشقان «ئوتتۇرا ئاسىيا يېڭى بازىرى» قاتارلىق تىپىك قول ھۈنەر بازارلىرىنى كۆرسە ، قەشقەرنىڭ گۈللەنگەن مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ .

# XII باب قەشقەرنىڭ سودا مەدەنىيىتى

سودا مەدەنىيىتى دېگىنىمىز ، سودا پائالىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ، جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ھەم چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان ، شۇنداقلا تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدىغان قىممەت قارىشى ، ئەخلاق قارىشى ، ھەرىكەت مىزانى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت سودا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى ھەم جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە سودا مەدەنىيىتى سالماقلىق ئورۇن تۇتقان بولۇپ ، ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە . ۋەھالەنكى ، قەشقەر رايونىنىڭ سودا مەدەنىيىتىنى سودا ئەنئەنىسى ، سودا ئەخلاقى ، تىجارەت سەنئىتى ، بازار ئىگى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن ھەم مۇجەسسەم ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ .

قەشقەر بوستانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىرلەردىلا كۆچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان قەدىمكى كارۋان يولى — «يىپەك يولى» نى ئاچقۇچىلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا سودىغا ، جۈملىدىن خەلقئارا سودىغا كىرىشكەن . شەرق تەرەپتە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي

قاسىنىقنى بويلاپ سوزۇلغان ئىككى تارام كارۋان يولى قەشقەردە تۇتاشقان؛ غەرب تەرەپتە كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا تۇتىشىدىغان ئىككى لىنىيىمۇ قەشقەرنى تۈگۈن قىلغان. مانا شۇنىڭدىنلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى يەنە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ «بازارلىرى بار»[1] دېگەن باياندىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى خەن سۇلالىسىنىڭ توخرىلار ئېلىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپ ئاساسىدا يېزىلغان مەزكۇر تەزكىرىدە غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بازىرى ھەققىدە گەپ بولۇنمىغان. قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بايان ئەينى چاغدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ بازار ـ رەستىلىرى ئۆز كۆلىمى ۋە قاينام ـ تاشقىنلىقى بىلەن جاڭ چيەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، جاڭ چيەن بۇ بازارنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 128 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدە كۆرگەن بولۇپ، سودا ـ سېتىقنىڭ شۇ قەدەر جانلىنىپ، جاڭ چيەن كۆرگەن خەلقئارا سودا شەھىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريان بېسىپ ئۆتۈلگەنلىكىدە شەك يوق.

دېمەك، قەشقەرنىڭ سودا ئىشلىرى يىراق قەدىمكى زامانلاردا باشلانغان ھەمدە زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، يەنە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ ئىزچىل داۋاملاشقان. 840 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەسلىدە يايلاق يىپەك يولىنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ سودا مەدەنىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلغان. گەرچە بۇ مەزگىلدە يىپەك يولىنىڭ قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى بۆلىكى

① «خەننامە» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار ـ 2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 882 ـ بەت.

خارابىلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ ، ئەمما قەشقەرنىڭ ئەتراپىتىكى بوستانلىقلار بىلەن ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى يەنىمۇ كۈچەيگەن . بولۇپمۇ 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، قەشقەرنىڭ غەربتىكى ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇق بولغان .

قەشقەر بوستانلىقىدىكى يەنە بىر چوڭ سودا شەھىرى يەكەن بولۇپ ، ئۇمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار ئىدى . 1514 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ يەكەننى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ ، سودا ئىشلىرى راسا گۈللەنگەن .

1603 ـ يىلى يەكەنگە كەلگەن پورتوگالىيىلىك سەيياھ بېنوئىت دېگويىس يەكەننى «سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن ، ماللارنىڭ تۈرى بەك جىق ئىكەن ، داڭلىق سودا ئورنى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن»[1] دەپ تەسۋىرلىگەن .

ئەلۋەتتە ، بۇ جەرياندا قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرق بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان . سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەكەن سودىگەرلىرى كارۋان تەشكىللەپ سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرى ) غا ۋە مىڭ سۇلالىسىغا بېرىپ سودا قىلىپ تۇرغان .

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، قەشقەر بىلەن يەكەن داۋاملىق تۇردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقئارا سودا مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربتىن توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ، شېكەر ، سەرەڭگە ، چۈيۈن ۋە تۆمۈر بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ شەرققە

---

[1] «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى ، 1195 ـ بەت .

ساتسا ، شەرقتىن رەۋەن ، چاي ۋە يىپەك توقۇلما ، فارفور بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ غەربكە ساتقان . ئۆزلىرىنىڭ ماتا ، كىيىم ـ كېچەك ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ، يۇڭ ، تېرە ، ئۈچەي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنىمۇ قولدىن بەرمىگەن .

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، سەددىچىنىنىڭ ئىچكىرىسىدىن كەلتۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ جايلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەنت ، بۇخارا ، سەمەرقەنت ، كەشمىر ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلغان .

قەشقەر رايونىنىڭ سودا ئەنئەنىسى ئەنە شۇنداق ئىزچىل داۋاملىشىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى ھەمدە ئۆز بەرىكىتىنى كۆرسەتتى . ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ، قەشقەر سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۈركۈملەپ بېرىپ سودا قىلىپ ، ئەڭ ئاۋۋال مەملىكەتكە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سالماقلىق قىسمىنى تەشكىل قىلدى . ئۇزاق ئەسىرلىك سودا ئەنئەنىسى ئاتا قىلغان سودا ـ تىجارەتتىكى چېۋەرلىك ۋە دادىللىق قەشقەر سودىگەرلىرىنى مەملىكەت ئىچىگە تېزلا تونۇتتى . كۆچلۈك تاۋار ئېڭى ، ئۇچۇر ئېڭى ، بازار ئەھۋالىغا بولغان توغرا مۆلچەر ، مۇئامىلىسىدىكى شېرىن ـ سۇخەنلىك قاتارلىق سودا پەزىلەتلىرى قەشقەر سودىگەرلىرىنى ئۆز ئىشىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى .

قەشقەر سودا مەدەنىيىتىدىكى تاۋار ئېڭى ئۇچۇن يېڭىسار پىچىقى ۋە قەشقەر دوپپىلىرىنى مىسالغا ئېلىش كۇپايە قىلسا كېرەك . كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان كىچىككىنە پىچاق ، ئەنئەنىۋى باش كىيىم دوپپا — مانا مۇشۇ ئادەتتىكى نەرسىلەر

تۇجۇپىلەپ سوقۇلۇش ، ئىنچىكىلەپ تىكىلىش ئارقىلىق كىشىگە كۆچلۈك ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدىغان خۇسۇسىيىتىگە ، ئەڭ مۇھىمى تاۋارلىق قىممەتكە ئىگە قىلىنىپ ، بازىرى ئىتتىك تاۋارلارغا ئايلاندۇرۇلغان .

قەشقەر سودا مەدەنىيىتىدىكى بازار ئېڭىغا كەلسەك ، ئۇنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش دېيىش مۇمكىن . بازار — ئەڭ ئالدى بىلەن سودا ـ تىجارەت سورۇنى ، ئۇنىڭدىن سىرت بازار يەنە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كونكرېت شەكىللىرىدىن بىرى . ئۇيغۇرلاردا بازارغا بېرىش پەقەت نەرسە ـ كېرەك سېتىش ياكى سېتىۋېلىشتىنلا دېرەك بەرمەيدۇ ، بەلكى يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارغا بىلدۇرۇش ، ھەرخىل ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ، دۇنيانى چۈشىنىش ـ بىلىش ، كۆڭۈل ئېچىپ ئارام ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئېھتىياجلاردىن دېرەك بېرىدۇ . چۈنكى بازار ئۇچۇر جەمئىيىتىدە تارىختىن بۇيان ھەر خىل ئۇچۇرلار توپلىنىپ تارقىلىدىغان سورۇن ھەمدە بوستانلىق ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنى بولۇپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ يەنە مىللىي مەدەنىيەتنى يەنمۇ كەڭ دائىرىدە كۆرىدىغان ، ھېس قىلىدىغان ۋە ئۆگىنىپ ۋارىسلىق قىلىدىغان سورۇن ، ھەرخىل ئاممىۋى تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان تاماشا سورۇنى بولۇپ كەلگەن . بازار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئەنە شۇنداق كۆپ خىل فۇنكسىيىگە ئىگە بولغاچقا ، تارىختا ئەمەلداردىن پۇقراغىچە ، بايدىن گادايغىچە ھەر قانداق ئۇيغۇر بازار كۈنى بازارغا بېرىشنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا ، ئۇدۇمغا ئايلاندۇرغان .

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بۇ خىل بازار ئېڭى قەشقەر سودا مەدەنىيىتىدىمۇ ئوخشاش . بۇنىڭدىن سىرت ، سودا ئەخلاقى (يەنى سودىدا ھارام پايدىنى تەرك ئېتىش ، ساختىلىق

قىلماسلىق ، لەۋزىدە تۇرۇش قاتارلىقلار ) جەھەتتىكى قىممەت ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىدىمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتى بىلەن قەشقەر سودا مەدەنىيىتىدە ماھىيەتلىك پەرق يوق .

تىجارەت سەنئىتى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان مۇئامىلىدىكى شېرىن ـ سۇخەنلىككە كەلسەك ، قەشقەر سودا مەدەنىيىتىدە بۇ خىل سەنئەت ھەممىدىن بەك ۋايىغا يەتكەن بولۇپ ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتى ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، لەتىپىخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ ئاشۇ خىل ماھارىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئۇلار باشقا يۇرت سودىگەرلىرىگە ئوخشاشلا خېرىدارلارغا قىزغىن ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە ، يەنە قەشقەر سودىگەرلىرىگە خاس شېرىن سۆز ، ھەزىل ـ چاقچاقلار بىلەن خېرىدارنى تاۋارغا قىزىقتۇرىدۇ . بۇ جەرياندا ئۇلار ئىنتايىن تەمكىن ۋە سەۋرچان بولۇپ ، مالنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ ھارمىغان خېرىدارغا چۈشەندۈرۈپ ـ سۆزلەپ ھارمايدۇ . بىراق خېرىدار سودىگەرنى شۇنچە سۆزلەتكۈزۈپ ، ئاخىر تاۋارنى سېتىۋېلىشتىن يالتايسا ، ياكى تاۋاردىن ئېۋەن تېپىپ سودىگەرنى لەت قىلماقچى بولسا ، ئۇ ھالدا قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باشقا يۇرتلارنىڭ بىر قىسىم سودىگەرلىرىگە ئوخشاش دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، سۈكۈت قىلىش ياكى دوق قىلىپ ، جاڭجاللىشىشنىڭ ئورنىغا ئاچچىق تەنە ، تېگى بار كىنايىلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ .

ئۇلارنىڭ ئۇستىلىقى شۇ يەردىكى ، بۇنداق تەنە ـ كىنايىلەرگە ئومۇمەن بىر قەۋەت ھەسەل يالىتىلغان بولۇپ ، دەرھال تېگىگە يەتكەنلەر ئالدىراپ ئۆزگەرمەيدۇ ؛ بەزىلەر دەماللىققا تېگىگە يېتەلمەي ، ئۇيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، ھەتتا بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن سودىگەرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى

ئاڭقىرىشىدۇ ، ئەمما ئۇ چاغدا ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ خىل تەنە ـ كىنايىلەردىن ئوڭايلىقچە جېدەل ـ ماجىرا تۇغۇلمايدۇ .

قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ سودىدىكى چېۋەرلىكى ۋە يۇمۇرىستلىكى ھەققىدە توختالغاندا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن مۇنداق ئىككى ، ئۈچ مىسالنى كۆرستىش كۇپايە :

1 . «ئۆستەڭبويى بازىرىنىڭ مانتىسى داڭلىق» . . . دەپ ئاڭلىغان خېرىدار بىر ئاشخانىغا كىرىپ بەش مانتا بۇيرۇپتۇ . ئۇستام ھورى چىقىپ تۇرغان قاسقاندىن بەش مانتىنى تەخسىگە ئېلىپ خېرىدارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . خېرىدار مانتىنى يېمەكچى بولۇپ بىرىنى قولىغا ئالسا ، مانتىنىڭ ئاستىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال يىپ تۇرغۇدەك ، خېرىدار ئاشخانا خوجايىنىنى چاقىرىپ :

— ئۇستام ، مانتىڭىزنىڭ ئىچىدىن ماتا چىقىۋاتىدىغۇ ، — دەپتۇ .

— ھېچگەپ يوق ئەپەندىم ، ئىككى موچەنلىك مانتىدىن ماتا چىقماي تاۋار چىقامتى ئەمىسە ، — دەپ كۇلۇپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇستام .

2 . بىر ساياھەتچى قەشقەرنىڭ كۆكتاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۇقۇپ بېقىش مەقسىتىدە كۆكتات بازىرىغا بېرىپ ھەرخىل كۆكتاتلارنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ :

— بۇ سەۋزىنىڭ كىلوسى قانچە پۇل ؟

— بەك ئەرزان ، سورىغىچىلىكى يوق دېسىلە ! ئاران بەش موچەن .

خېرىدار يەنە باشقا كۆكتاتلارنىڭ باھاسىنى سوراپ ـ سوراپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ . كۆكتاتچى بىر باغلام كۆكتاتمۇ ئالماي كەتكەن بۇ خېرىدارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ ، ناھايىتى سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ :

— ماڭا قارىسىلا ئەپەندىم ! ئاچىلىرى زەدەكىنىڭ باھاسىنى

سوراپ كەل ، دەپ ئۆزلىرىنى كۆكتات بازىرىغا ئەۋەتكەنما ؟
3 . ئۆتكەن يىلى ئۆرپ ـ ئادەت مۇزېيىغا لازىملىق بۇيۇملارنى سېتىۋالماقچى بولۇپ ، خىزمەت گۇرۇپپىمىز قەشقەرنىڭ دوپپا بازىرىغا باردۇق . ئارىمىزدا ليۇ ئىسىملىك ئۇيغۇرچە بىلىدىغان بىر خەنزۇ ئەپەندىمۇ بار ئىدى . ئۇ دۇكاندىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان سەرخىل دوپپىلارنى كۆرۈپ ئۆزىگە بىر دوپپا سېتىۋالماقچى بولدى . دوپپىچى ئۇستام قوزۇقتا ئېسىق تۇرغان دوپپىلاردىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈردى .
— مانا ، مانا ! بۇ دوپپا سىلىگە بەك ياراشتى ، ئەينەككە قارىسىلا ، — دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئەينەكنى تۇتقازدى . ليۇ ئەپەندىنىڭ بېشى سوقىچاقراق بولغاچقا ، بۇ دوپپىلارنىڭ ھېچقايسىسى ماس كەلمىدى .
— ئۇستام ! مېنىڭ بېشىمغا دوپپا ياراشمايدىكەن ، بولدى قىلايلى ، — دېيىشىگە ، ھېلىقى دوپپىچى ھازىر جاۋابلىق بىلەن :
— ماڭا قارىسىلا ئەپەندىم ، — قوزۇقتا ياراشقان دوپپا سىلىنىڭ باشلىرىغا ياراشماسما ؟
4 . بىر خېرىدار ئۆتۈك سېتىۋالماقچى بولۇپ ئاياغ كىيىم دۇكىنىغا كىرىپتۇ .
— ئۇستام ، ماۋۇ ئۆتۈكنىڭ باھاسى قانچە پۇل ؟
— باھا قويساق 150 كوي ، ساتىدىغان يېرىمىز نەق 100 كوي .
— 50 يۈەنگە بېرەملا ، — دەپتۇ خېرىدار .
— ئۆزلىرىگە بىر پاي ئۆتەك لازىممىتى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سودىگەر .
5 . بىر دېھقان يىگىت دوپپا ئالماقچى بولۇپ ئوردا ئالدىغا بېرىپتۇ .
— بۇ دوپپا قانچە پۇل ؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان يىگىت .

— ئارتۇق ـ كېمى يوق نەق 30 كوي ، — دەپتۇ دوپپىچى .

— 5 كويغا بېرەملا ، — دەپتۇ خېرىدار .

ئىچىدە خاپا بولغان دوپپىچى چاندۇرماستىن شۇنداق دەپتۇ :

— سىلىگە بۇ دوپپىلار ياراشمىغۇدەك ، ئاۋۇ تاۋۇزلارنى كوردىلىما ؟ ھەببەللى ، شۇ تاۋۇزدىن بىرنى 2 كويغا ئېلىپ ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلسىلىرى ، ئىچىدىكى ئېتى بىلەن قورساقلىرى تويىدۇ ، شاپىقىنى كەيسىلىرى ئىككى دوپپا بولىدۇ .

يۇقىرىقىدەك يۇمۇرلۇق تۇستىكى ھازىر جاۋابلىق قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ بىر خىل سودا ماھارىتىنى ئىپادىلەيدۇ . بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئىچىگە بىر خىل ئۆتكۈر كىنايە يوشۇرۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن خېرىدارنىڭ ئۇنىڭغا لايىق جاۋاب قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ .

دېمەك ، قەشقەر تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى كۆپرەك قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ سودا تىلىدا نامايان بولغان .

ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، بۇنى ياخشى ئەھۋال دېيىش قىيىن . بىراق ئۇ قەشقەرنىڭ سودا مەدەنىيىتىدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت ۋە ئىنتايىن گەۋدىلىك پاكىت بولغاچقا ، ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق .

قىسقىسى ، قەشقەرنىڭ سودا مەدەنىيىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقلار تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىمىزنى ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە .

# XIII باب قەشقەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تۇغقاندارچىلىق ـ قوشنىدارچىلىق

## § 1 . جەمئىيەت ئەھۋالى

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى خېلى بۇرۇنلا ئىنسانشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان جەمئىيەتتە ، بۇ خىل مۇناسىۋەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى . ئۇ گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى . شەخسلەر ئارا باغلىنىش ئاساسەن تۇغقاندارچىلىق ئۆلچىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ، تۇغقاندارچىلىق باغلىنىشىنىڭ كېڭىيىشى ، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ، شۇنداقلا «يات» لارنى ھەمكارلىق دائىرىسىگە چاقىرىدىغان ئاساسلىق يول .

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنى چۈشىنىشنىڭ ئاساسى شۇ جەمئىيەتتىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشتۇر . چۈنكى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتتە ، تۇغقاندارچىلىق كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ . شۇڭلاشقا تەتقىقاتچىلار تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ جەمئىيەتتە

ئوينايدىغان رولىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا مۇجەسسەملەنگەن دەپ قارايدۇ :

1 . تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەجداد ـ ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ھەر قانداق جەمئىيەتتە بالىلار بېقىلىش ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىدارلىق ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ . تۇغقانچىلىق بىرلىكى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئاساسلىق گەۋدە ھېسابلىنىدۇ .

2 . تۇغقاندارچىلىق مەلۇم شەخس ياردەم ئالالايدىغان باشقا شەخسىلەر دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ خىل دائىرە ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە بىردەك بولمايدۇ .

3 . تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى شۇ مۇناسىۋەت دائىرىسىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچكە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ .

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئىسلام ئەقىدىسى ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان بىر جەمئىيەت بولغاچقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن باشقا ، يەنە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراپ تۇرغان . شۇڭلاشقا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يۇقىرىقى ئۈچ مەزمۇندىن سىرت ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە فورماتسىيىسىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى 20 ـ ئەسىردە غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ، داۋالغۇشلارنى ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى . بۇ ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىگە غايەت زور ئۆزگىرىش ، چېكىنىش ، داۋالغۇشلارنى ئېلىپ كەلدى . بولۇپمۇ بۇ خىل

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئۇيغۇر جەمئىيىتى سوتسىيالىزم دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى .

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالىسى يېزىلاردا دېھقانچىلىق ، ئائىلە باقمىچىلىقى ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ئۆزى ھەل قىلغاندىن سىرت ، شەھەر ئاھالىسىنىمۇ تەمىنلەپ تۇراتتى . ئۆز ۋاقتىدىكى خاتىرىلەر ۋە ئەسلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ، يېزا ئاھالىسى باي ، كەمبەغەل دەپ ئىككى كاتېگورىيىگىلا ئايرىلغان . ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ سىنىپىي تەركىب تەلىماتىدىكى باي دېھقان ، كەمبەغەل دېھقان ، يومبېشچىك ، ئوتتۇرا دېھقان تەلىماتلىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى .

قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك ۋە شۋېتسىيىلىك بىر قىسىم خادىملارنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى ، شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا ئاساسلانغاندا ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىپ يەيدىغان دېھقانلار ئىدى . ئۇلار ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 60% — 70% نى ئىگىلىگەن بولۇپ ، سۇ ھەققى ، باج ، ئەسكەر سېلىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي سېلىقلارنى ئۇستىگە ئالغان ، ئەمما بۇ سېلىقلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يەر كىرىمىنىڭ ياكى ھوسۇلنىڭ 5% نى تەشكىل قىلغان . قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى كەنت ئاھالىلىرى يەنە تىجارەت ئۇچۇنمۇ تاۋار مەھسۇلاتلارنى (ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ) ئۆستۈرگەن . مەسىلەن ، قوغۇن ، تاۋۇز ۋە كۆكتاتلارنى مەخسۇس تېرىپ ، شەھەرگە ئاپىرىپ ساتقان . بەزى ئائىلىلەر باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۈزۈم ، ئانار ، ئەنجۈر ، ئۆرۈك ، شاپتۇللارنى

ئۆستۈرۈپ ، بازاردا ساتقان . دېھقانچىلىق قىلىش ياكى باغۋەنچىلىك قىلىش پۈتۈنلەي دېھقانىنىڭ ئىلكىدە بولغان . بۇ ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى كېيىنكى مەزگىلدە ئوتتۇرا دېھقان (ھاللىق ئوتتۇرا ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن ئوتتۇرا ) ياكى كەمبەغەل دېھقان تەركىبىگە ئايرىلغان ، ئاز بىر قىسمى باي دېھقان دەپ ئايرىلغان .

يېزا ئاھالىسىنىڭ باي كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغانلىرى ئازادلىقتىن كېيىن پومېشچىك ، باي دېھقان ، زومىگەر دېگەن سىنىپ تەركىبلىرىگە ئايرىلغان . پومېشچىك ، باي دېھقان ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، بەزىلىرى يىللىقچى ياللىغان ، بەزىلىرى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە ئىشلەمچى ياللايدىغان ئائىلىلەر ئىدى . بايلار مەلۇم بايلىققا ئىگە كىشىلەر بولۇپ ، ئۇلار يۇرتنىڭ چوڭلىرى ھېسابلانغان . ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئېگىدىكى بايلىق يەر ، سۇ ، تۈگمەن ، جۇۋاز ، چارۋا ، ئىمارەت ، ئالتۇن - يامبۇ قاتارلىقلار ئىدى . بۇ بايلىقلار بىر نەچچە ئەۋلاد تىرىشىش ئارقىلىق توپلانغان . تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، يېزا ئاھالىسىدىن پۇل - مېلى بارلار ئاساسەن يەر سېتىۋېلىش بىلەن شۇغۇللانغان ، ئۇيغۇر مىللىتىدە «يەر — ئالتۇن قوزۇق» دەيدىغان خىسلەتلىك سۆز بار . شۇڭلاشقا يېزىدىكى بايلار ، شۇنداقلا شەھەردىكى بىر قىسىم بايلارمۇ يېزىدىن يەر سېتىۋالىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئومۇملاشقان . شۇڭلاشقا يېزىلاردىكى پومېشچىكلار ئۆزى توپلىغان بايلىقنى ۋە مەبلەغنى يەر - سۇغا سالغانلار ئىدى .

باي دەپ قارالغانلاردىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سالمىقى يېزىلاردا شەھەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يېزا بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى يۇرت - شەھەرلەر ئارا ، ھەتتا چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىدىغانلارنىڭ پائالىيىتىدىن قېلىشمايتتى . ئەينى يىللاردا

قەشقەر ، خوتەننىڭ گىلىمىنى ئات ، تۆگىلەرگە ئارتىپ پاكىستان ، ھىندىستان ، رۇسىيە (سوۋېت ئىتتىپاقى ) دائىرىسىگە ئاپىرىپ ساتىدىغان يېزا سودىگەرلىرى بار ئىدى . پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ، ھەج سەپىرى ئەنە شۇنداق تىجارەت پائالىيىتىنى خىراجەت مەنبەسى قىلغان . ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلار ياڭاق ، ئۈزۈم ، گىلەم ، ئەتلەس قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ، ئات - تۆگىلەرگە ئارتىپ پاكىستانغا ئاپارغان . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ماللىرىنى پۇل قىلىپ ، ئاندىن ھەرەمگە بارغان . ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئاشقان پۇلغا مال ئېلىپ قايتىپ كېلىشكەن . ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپى تاۋار خۇسۇسىيىتىدىن قالغان بولۇپ ، پەقەت سوۋغا - سالام ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن . ئەمما ھەرەمنىڭ خورمىسى دەپ ، بىر تال خورمىنى 4 ~ 5 جىڭ قوناققا تېگىشكەنلەرمۇ بولغان .

ياللانما دېھقان كاتېگورىيىسىگە كىرگەن يېزا ئاھالىسى ئاساسەن يېتىم باللار ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى بولمىغان پەرزەنتلەر ئىدى . ئۇلار باينىڭ مېلىنى بېقىش ياكى بايلارغا يالىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى . شۇ ۋاقىتتىكى ئىش ھەققىدىن قارىغاندا ، بىر ئادەم باينىڭ ئۆيىدە ئىشلىسە ، ئۆزىدىن باشقا ئىككى ئادەمنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان . بىر قىسىم ئېكسپىلاتاتسىيە ئىدىيىسى كۈچلۈك بايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاز ساندىكى بايلار ئىشلەمچىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ ، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرگەن . ئۇلارنىڭ ئېڭىدە ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئىنتايىن يامان بولىدىغان ئىش بولۇپ ، ئاللا ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەيتتى .

شەھەر ئاھالىسى ئاساسەن سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى ساتىدىغان قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغانلار ئىدى. ئەمەلدار ۋە مەخسۇس دىنىي زاتلار ناھايىتى ئاز ساندا ئىدى. ئەسكەرلەر بولسا ئايرىم جاي (يېڭى شەھەر) دە تۇراتتى. قەشقەر شەھىرىدە يەنە بىر قانچە غەرب ئەللىرىنىڭ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانا ياكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بولغان. بۇ جايلاردىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاخبارات توپلاش ۋە دىن تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، يەنە نەشرىياتچىلىق، داۋالاش جەھەتتە يېڭى تېخنىكىلارنى تونۇشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىغان.

قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر ناملىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، مەزكۇر شەھەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، كۆلەملىك بازار شەكىللەنگەن ئاۋات شەھەردۇر. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خام بازىرى، دوپپا بازىرى، قاسقان بازىرى، زەرگەر بازىرى دېگەندەك مەھەللە - بازارلار شۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سودا - تىجارەت ئورۇنلىرىدۇر. دېمەك، خۇددى ھازىرقى چوڭ تىپتىكى تاللا بازىرىنى قەدىمكى قەشقەر شەھىرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. تاللا بازىرىدىكى ماللار تۈرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلارغا تىزىلغىنىدەك، قەشقەر شەھىرىدىكى تاۋارلارمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە مەلۇم دائىرىگە مەركەزلەشكەن. شۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىكى سودا ئېڭى قوشنىلار ئارا ئىناق - ئىتتىپاق بولۇش، پايدا ۋە خېرىدارنى بىر - بىرىدىن تالاشماسلىقتەك يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىنسانىي ئەخلاق باسقۇچىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بازار تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن زىتلىشىدىغان ئەھۋال ئۇلارنىڭ توپلىشىپ، ئالاھىدە تاۋار ماركىسى خاراكتېرىنى ئالغان مەھەللىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە توسالغۇ بولالىتتى. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساپ، شۈكۈر - قانائەت

قاتارلىق ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئايرىلالمايدۇ .

## § 2 . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى

تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى نىكاھ ، ئائىلىگە ئوخشاش بىئولوگىيىلىك ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ، كىشىلەر ئاساسەن تۇغقانلار بىلەن بىرگە ياشايدۇ ، بىرگە ئەمگەك قىلىدۇ ، بىرگە ئىبادەت قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى تۇغقاندىن ئايرىلمايدۇ .

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمى بولىدۇ . بۇ خىل ئۆلچەم بەزىدە ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىپادىلەنسە ، بەزىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن بولىدۇ . دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە توپلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇغقاندارچىلىق ئۆلچەملىرى بولسىمۇ ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن ، ئاتا تەرەپ تۇغقانلارنى ئاساس ، ئانا تەرەپ تۇغقانلارنى قوشۇمچە قىلىش ياكى ھەر ئىككى تەرەپتىكى تۇغقانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشتەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن . ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاتا تەرەپ تۇغقان بىلەن ئانا تەرەپ تۇغقان پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ . مەسىلەن ، ئانىسىنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى بىلەن دادىسىنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى ئوخشاشلا «تاغا» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ . بەزى جايلاردا «كىچىك دادا ، چوڭ دادا» نامى بىلەن يېشىنى پەرقلەندۈرسىمۇ ، ئۇ يەنىلا «تاغا» دېگەن خاس ئىسمىنىڭ جانلىق ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت خالاس . ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى قانداشلىق ، نىكاھ ۋە باشقا كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق

ئۆزى بىلەن باشقا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان مۇناسىۋەت . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلەنگەن :

## 1 . قانداشلىق تۇغقانچىلىقى

قانداشلىق تۇغقاندارچىلىق ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان تۇغقانچىلىقنى كۆرسىتىدۇ . مەلۇم بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قانداشلىق تۇغقاندارچىلىقنى تاللىغىلى بولمايدۇ . ئادەم تۇغۇلغان هامان بەلگىلىك قانداشلىق تۇغقاندارچىلىق تورىدا بولىدۇ . ئاتا جەمەت ۋە ئانا جەمەتتىكى ئۆزى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان تۇغقانلارنىڭ هەممىسى ئۆزىنىڭ قانداشلىق تۇغقانلىرى بولىدۇ . قانداشلىق تۇغقانلار يەنە بىۋاستە ياكى غول قانداشلىق تۇغقانلار ۋە ۋاستىلىك ياكى شاخچە قانداشلىق تۇغقانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ .

غول قانداشلىق تۇغقانلار . ئۆزىدىن يۇقىرى ئەجدادى ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن 4 ـ ئەۋلادىنى ئاساس قىلىدۇ . جەمئىي 9 ئەۋلاد هېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۇلۇغ بوۋا (موما ) ، چوڭ بوۋا ، بوۋا ، ئاتا (ئانا ) ، ئۆزى (مەن ) ، بالا (ئوغۇل ، قىز ) ، نەۋرە ، ئەۋرە ، چەۋرە قاتارلىقلار .

شاخچە تۇغقانلار ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى هەمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئادەتتە بىرىنچى شاخچە تۇغقان دائىرىسىگە كىرىدۇ . مەسىلەن ، ئاكا ، هەدە (ئاچا ) ، ئۇكا ، ئىنى ، سىڭىل ، جىيەن قىز ، جىيەن ئوغۇل ، جىيەن نەۋرە قاتارلىقلار .

شاخچە قانداشلىق تۇغقانلار . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېرىنداشلىرى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يەنى ، تاغا ، هاما ۋە بىر نەۋرە تۇغقانلاردىن ئىبارەت .

## 2 . نىكاھ تۇغقانچىلىقى

نىكاھ تۇغقانچىلىقى نىكاھنى ئاساس قىلغان شەرتلىك قانۇنىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت . نىكاھ تۇغقاندارچىلىقى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ : بىرى ، قانداشلىق تۇغقانلارنىڭ جورىلىرى ، يەنە بىرى ، جورىنىڭ قانداشلىق تۇغقانلىرى ، مەسىلەن ، ئەر ، خوتۇن ، كۈيئوغۇل ، كېلىن ، قېيناتا ـ قېينانا ، قېيناكا ـ قېيىنىنى ، قېيىنسىڭىل ، ئۇكا ، ئەپ يەڭگە ، باجا قاتارلىقلار ، شۇنداقلا قۇدا نىكاھ تۇغقاندارچىلىقى مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ .

## 3 . سۈنئىي تۇغقاندارچىلىق

سۈنئىي تۇغقاندارچىلىق قانداشلىق ۋە نىكاھ تۇغقاندارچىلىقتىن ئايرىم تۇرىدىغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر جەمئىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك سۈنئىي تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغان .

(1) يېقىن تۇغقانلار ئارا بالا بېقىۋېلىش شەكلى بىلەن پەيدا بولغان تۇغقاندارچىلىق .

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرزەنت ئائىلىنىڭ گۈلى ھېسابلىنىدۇ . يېزا ئاھالىسىدە ئادەتتە كېلىننى كۆچەتكە ئوخشىتىدۇ . ئوغۇل تەرەپ ئەلچىسى قىز تەرەپكە كەلگەندە ، «كۆچەت سوراپ كەلدۇق» دەيدىغان ئادەت بار . ئەنە شۇ كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش ـ بولماسلىقى ، ئۇنىڭ توي قىلىپ پەرزەنت كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بىراق بەزى فىزىئولوگىيىلىك سەۋەبلەر

تۇپەيلىدىن پەرزەنت كۆرەلمىگەن ئەر ـ خوتۇنلار كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاجرىشىپ كەتىسمۇ، يەنە بىر قىسىم ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە بولغان مېھرىنى ئۈزەلمەي، قېرىنداشلىرىنىڭ باللىرىنى بېقىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇلار ئەر تەرەپ ياكى ئايال تەرەپ قېرىنداشىنىڭ باللىرىدىن بىرەرىنى، بەزىدە بىر نەچچىنى بېقىۋالىدۇ. بېقىۋېلىنغۇچى بىر تەرەپنىڭ جىيەنى بولغاچقا، ئارىدا مېھىر ـ مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە قولايلىق بولىدۇ. پەرزەنتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار هاممىسى ياكى تاغىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئەھۋالدا هاممىسىنى «ئانا»، تاغىسىنى «دادا» دەپ چوڭ بولىدۇ. ئۆز ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسى ياكى هەدىسى ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم باللار ئادەتتە هامما، تاغىلىرى تەرىپىدىن بېقىۋېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشاشلا سۈنئىي ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنت مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. ئۆگەي بالا ۋە ئۆگەي ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ نىكاھ تۇغقاندارچىلىقى، شۇنداقلا سۈنئىي تۇغقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

(2) بايلار بىلەن ئىشلەمچىلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىپ قالغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى

بۇ خىل تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئانچە كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، ئەمما يېزا ـ كەنتلەردە ۋە شەھەرلەردىمۇ مەۋجۇت. بايلار ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بەزى پەسىللەردە ياكى پۈتۈن يىل ئىشلەمچىلەرنى ياللىغان. كۆپ قىسىم بايلار ئىشلەمچىلەرنى ئەزگەن ھەم ئىش ھەققىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم بايلار ئىشلەمچىلەرگە ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. بولۇپمۇ يېتىم باللارنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ بېرىدىغان،

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا بىر كىشىلىك مىراس بۆلۈپ بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان .

بايلار بىلەن چاكارلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن مۇنداق سۇنئىي تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپىمۇ بار . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : «خوجايىن بولغۇچى چاكارنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈشى لازىم . ئۇلارنى قۇل ئورنىدا كۆرۈشكە بولمايدۇ» دەپ تەشەببۇس قىلغان . ئۇ يەنە «چاكارلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى خوجايىنلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك . بىراق خۇجايىنلار بۇنىڭ ئۇچۇن چاكارلارغا بولغان بېسىمنى ئاشۇرسا بولمايدۇ . ھەق تۇتۇۋالسا تېخىمۇ بولمايدۇ» دېگەن . بۇ خىل تەشەببۇس ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك غۇرۇرغا ھۆرمەت قىلىش ، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق تەشەببۇسلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە . ئىسلام دىنى «سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ» ھەم سىنىپىي جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ، ئىنساندىن يۇقىرى تۇرىدىغىنى بىردىنبىر ئاللا دەپ قارايدۇ . ئەزىز كىشىلەر پەقەت ئاللاغا ئىخلاس قىلغان مۆمىن بەندىلەر ، ساۋابلىق ئىش قىلغانلار دەپ قارىلىدۇ . شۇڭلاشقا بايلاردا چاكارلار ۋە ئىشلەمچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ، ئېتىز ـ ئېرىقلاردا بىرگە ئىشلەيدىغان ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتلىرى قاتارىغا ئېلىپ ، ئاخىرىدا بىر كىشىلىك مىراس بۆلۈپ بېرىدىغان ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ بولغان .

(3) ئېمىلداش تۇغقانلار

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئېمىلداش» سۆزى بىر ئانىنىڭ سۈتىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمگەن پەرزەنتلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق پەرزەنتلەر ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئانىسىنى ئېمەلمىگەن

ياكى مەقسەتلىك ھالدا بىر ئانا تەرىپىدىن ئېمىتىلگەن پەرزەنتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرگەندە ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك ئامىللار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ : ئۇنىڭ بىرى ، بوۋاق ئېمىدىغان سۈت مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ، تۇغقانلار ياكى قوشنىلار ئارىسىدىن بالا ئېمىتىۋاتقان بىر ئانا بۇ بوۋاقنىمۇ ئېمىتىپ باققان بولىدۇ . نەتىجىدە بۇ بوۋاق بىلەن ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقى ئوتتۇرىسىدا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن بولىدۇ . يەنە بىرخىل ئەھۋال بولسا ، نەۋرىلەرنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئېمىتىۋېلىش . ئۇيغۇرلاردا نەۋرىلەر ئارا توي قىلىش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ توي قىلىشى چەكلەنمەيدۇ . ناۋادا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشسا ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . بولۇپمۇ قەشقەردە مەيلى شەھەر ياكى سەھرا بولسۇن ، پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنىڭ مەغلۇبىيىتى سەۋەبىدىن بىر ـ بىرى بىلەن بولغان قېرىنداشلىقتىن كېچىشكەن تۇغقانلارمۇ مەۋجۇت . شۇڭلاشقا تۇرمۇشتىن تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلىگەن بەزى ئانىلار ئۆزلۈكىدىن تەشەببۇس نەۋرىلەرنى ئېمىتىپ ، ئېمىلداشلىقنى شەكىللەندۈرگەن .

ئېمىلداشلار قېرىنداش دەپ قارىلىپ ، بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشى قەتئىي چەكلەنگەن . ئۇلار سۈنئىي قېرىنداشلار بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە قارىتا ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيدۇ .

# § 3 . ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىقنىڭ رولى

تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى يېتەرسىز بولغان، تەرەققىي تاپمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ رولى ئائىلە، كۆيۈمچانلىق، مىراسخورلۇق ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاساس بولغان ئىجتىمائىي بىرلىكتە بۇخىل روللار گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئائىلە — نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى يادرو ياكى باغ قىلغان، ئورتاق ياشايدىغان، ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئىستېمال قىلىدىغان بىر گەۋدە. ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالىملار كۆپىنچە بىئولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك، تەلىم - تەربىيە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي روللىرىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىمۇ يۇقىرىقىدەك روللارغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە بەزى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، قىممەت قارىشى، ئېستېتىك قارىشى قاتارلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. مۇشۇ ئاساستا ئىسلاملاشقان ئەنئەنە شەكىللىنىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە، نىكاھ ئادەتلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئىسلام ئەقىدىسىگە ئاساسلانغاندا، ئائىلىنىڭ

ئاساسى مۇستەھكەم بولغان ئۆزئارا ئىشەنچ ، ئۆزئارا ياردەم ئۇستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك . ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك روللىرى بار .

1 . بىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى . بۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ تۈپكى فۇنكسىيىسى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، جىنسىي مۇناسىۋەت ، ئەۋلاد قالدۇرۇش پەقەت ئائىلە دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . نىكاھ ۋە ئائىلە ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ھاياتلىق ئۇچۇن ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن قىلىنغان داغدۇغىلىق ۋەدە .

ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھقا ئائىت شەرىئەتلىرى ئەر- ئاياللار باراۋەرلىكىنى قوغدايدۇ . مەسىلەن ، ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭمۇ ، ئاياللارنىڭمۇ يالغۇز ياشىشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ . ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، نىكاھسىز بىرگە ياشاش ۋە «سىناق توي» دېگەنلەر ئائىلە قۇرۇش شەرتىنى ھازىرلىيالمايدۇ . شۇڭا ، ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولغاندىلا ، ئائىلە قۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ . ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ناۋادا نىكاھ بولمىسا ، تويمۇ بولمايدۇ . ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ نىكاھ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر . نىكاھسىز ئۆتكۈزۈلگەن جىنسىي مۇناسىۋەت «ھارام» دەپ قارىلىدۇ . نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىمۇ «ھارامدىن بولغان» دەپ قارىلىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامان ئېلىنىدۇ ، ئاۋام تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ . ئۇنداق كىشىلەرمۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرەلمەيدۇ . شۇڭا ، نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۇستىگە قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ بىئولوگىيىلىك رولى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

2 . بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش فۇنكسىيىسى . بۇ ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ فۇنكسىيىسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئاتا ـ

ئانىسىنىڭ ، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى .

ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە ، پەرزەنت ئىگە بولغان مۇقەددەس هوقۇق ياشاش هوقۇقىدۇر . بالىلارنىڭ هاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىسلامنىڭ مۇهىم بىر ئەقىدىسى . شۇڭا تۇغۇلغان بالىلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئاتا - ئانىنىڭ بۇرچى . ئاتا - ئانا يەنە پەرزەنتلەرنىڭ ئائىلە قۇرۇپ ، ئىگىلىك تىكلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك . شۇڭا بالىلارنىڭ تويىنى قىلىدۇ . بالىلارغا يېرىم ئۆي تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولىدۇ . ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى دېگىلى بولمايدۇ . بولۇپمۇ قىز پەرزەنت ئۈچۈن چوڭ ئۆي ئۇلارنىڭ باشپاناگاهى ، ئەرلىرىدىن يامانلىغان ئاياللار ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ پاناهلىنىدۇ . ئاجرىشىپ كەتسىمۇ بالىلىرىنى ئېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . ئەگەر ئاتا - ئانىسى بولمىسا ، ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . ئەگەر قايتا نىكاهلىق بولۇش توغرا كەلسە ، بالىلار ئاساسەن چوڭ ئۆيدە بوۋا - مومىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ . بولۇپمۇ تاسادىپىي ئەهۋالدا ئايال ئۆلۈپ كېتىپ ، بالىلىرى يېتىم قالغاندا ، ئاتا - ئانا نەۋرىلىرىنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ . ئاتا - ئانىسى بولمىسا ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ، هەرگىزمۇ ئۇلارنى جەمئىيەتكە تاشلاپ قويمايدۇ .

بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيە جەهەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئوخشاشلا جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئېلىش جەريانىدۇر . بۇ جەرياننىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئائىلىدە ئۆتىدۇ . ئائىلە ئۆزىنىڭ ئالاهىدە شەكلى بىلەن جەمئىيەت ئېتىقادى ، قىممەت قارىشى ۋە مۇهىم مەدەنىيەت ئۆلچىمىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدۇ . ئىسلام ئەقىدىسى ئۈچۈن ئېتىقادىمۇ ، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە

ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر . شۇڭا ئۇيغۇرلار پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىرىنچىدىن ، پەرزەنتلەرگە مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىتىدۇ . بولۇپمۇ قىزلار كىچىكىدىن ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ، ئائىلە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىدۇ . ئوغۇللار بولسا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى ياكى قول ھۈنەر ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تېخنىكا ئۆگىنىدۇ . ئىككىنچىدىن ، پەرزەنتلەرگە ئادەم بولۇش تەربىيىسىنى بېرىدۇ . بۇ ئاساسەن ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى ، تۇرمۇش ساۋاتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ئۈچىنچىدىن ، ئائىلە ھۈنەر ـ كەسپىنى پەرزەنتىگە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت .

3 . چوڭلارنى كۈتۈش فۇنكسىيىسى . ئۇيغۇر ئائىلىسىدىكى كۈتۈش ياكى بېقىش فۇنكسىيىسى دېگەندە ، ئۇ چوڭلار (بوۋاي ، موماي ) نى ، ھەرخىل ئاجىزلار (مېيىپ ، ئاغرىق ياكى ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ئاجىزلار ) نى بېقىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇرلاردا ئائىلىدىكى ياشانغانلار ۋە ئاغرىق ـ سىلاق ، ئاجىزلار پۈتۈنلەي ئائىلىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىدۇ . بۇ خىل ئادەتمۇ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن . ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى : پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقى بىلەن ياردەم بېرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا چوقۇم ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرىدىغان بىرەر پەرزەنت بولىدۇ .

4 . ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى . ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ

ئائىلىنىڭ باشقا فۇنكسىيىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى ئىستېمال ئۇچۇن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئائىلە ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىمۇ ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمگەك مېۋىسىمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مۈلكى بولىدۇ.

5. دىنىي فۇنكسىيىسى: دىنىي ئېتىقادنىڭ يېتىلىشى، دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئۆگىتىلىشى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن. ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتى تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە ئىسلام دىنى مۇراسىمى بىلەن ئۆتىدۇ. دىنىي تەربىيىنى پەرزەنت تۇغۇلۇشتىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئىسىم قويغۇچى بوۋاقنىڭ «ئوڭ قۇلىقىغا كىرگىنى ئەززان ئاۋازىدۇر، سول قۇلىقىغا كىرگىنى قۇرئاننىڭ شەرھىسى، ساڭا ئاللا ئىسىم ئاتا قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭ ‹پالانى› بولسۇن!» دەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىغا رەسمىي مۇرىت بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ مۇراسىمدا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام روھى بوۋاقنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلگەندەك سىمۋوللۇق ئەھۋال گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق پائالىيەت ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

6. ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش — رىشتە باغلاش فۇنكسىيىسى.

ئۇيغۇرلار تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىدىغان مىللەت.

ئائىلە بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچەيتىدىغان ۋە قېرىنداشلىق رىشتىسىنى باغلايدىغان مۇھىم سورۇندۇر. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسى ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىدا تىكلەنگەن مۇسۇلمان ئائىلىدۇر. ئىسلام دىنىدا نىكاھ ئېتىقاد ۋە ئەھدىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ نىكاھلانغۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ۋەدە ـ قەسەمدۇر. شۇڭا، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئاللا ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشى، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك. ئۆزئارا ھەمنەپەس بولغان ئىللىق ئائىلە تۇرمۇشى كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەر ئائىلىدىن ھۇزۇر ۋە تەسەللى ئالالايدۇ.

7. كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىدە بىرەردىن چالغۇ ئەسۋاب بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە چالىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن چالغۇ ئەسۋاب زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە مېھمانخانىغا تىزىلغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تېلېۋىزور، رادىئو بولمىغان دەۋرلەردە، ئائىلىدە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ئورتاق قاتنىششى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، «ئائىلە مەشرەپ» لىرى ئىدى. بۇ پائالىيەتكە بەزىدە قوشنىلارمۇ قاتناشقان.

كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش، چۆچەك ئېيتىشىش قاتارلىقلارمۇ ئائىلە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يالغۇز ئائىلە ئەزالىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغاندەك، تۇغقانلار ئارا ھەمكارلىق، ياردەملىشىش

توغقان توپى دائىرىسىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسە . توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . چۈنكى خۇسۇسىي ئىگىلىك شارائىتىدا ، قېرىنداشلارنىڭ قوشنا بولۇشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال . ئاتا ئۆز زېمىنى ياكى ئائىلىسىنى ئوغۇللىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ . شۇڭلاشقا قېرىنداشلار تەبىئىي ھالدا قوشنا ئولتۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىكى مۇراسىملار بەزىدە يىراق توغقانلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ . مەسىلەن ، دەپنە مۇراسىمى ، ئۆلۈم ئىشى تاسادىپىي بولغاچقا ، ئەل - جامائەتكە خەۋەر قىلىش ، يەرلىك كولاش ، ئۆلۈم ئۈزىتىش ، نەزىر قىلىش دېگەنلەر قوشنىلارسىز ئورۇندالمايدۇ . شۇڭا «يىراقتىكى توغقاندىن ، يېقىندىكى قوشنا ئەلا» ، «يامان بىلەن گۆردىمۇ قوشنا بولما» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ . يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قوشنىلارغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . شۇڭا ئۇيغۇرلاردىكى توغقانلار ۋە قوشنىلار ئارا مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان :

(1) ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە . يېزىلاردىكى قوشنا - قولۇملار ئارا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئالاھىدە كۆپ بولغان . ئازادلىقتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن دېھقانلار مەلۇم كۆلەمدە تېرىلغۇ يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . دېھقانچىلىق پۇتۇنلەي ئادەم كۈچى ۋە ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغاچقا ، توغقانلار ۋە قوشنىلار ئارا ھەمكارلىشىش ئىستىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان . تېرىش ، سۇغىرىش ، ئورۇش قاتارلىق ئالدىراش مەزگىللەردىكى ھەمكارلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ

ئەنئەنىسىگە ئايلانغان ئىدى . ئۇلار دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، ئات ، ئېشەك ، كالا قاتارلىقلارنى ئالماشتۇراتتى .

(2) تۇرمۇش جەھەتتە . تۇرمۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ئۆي سېلىش ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ، ئۆلۈم ئۇزىتىش ، كېسەل يوقلاش ، مىراسخورلۇق ، قوشنىلار ئارا ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

(3) تۇغقانلار ئارا ئىقتىسادىي ياردەم . تۇغقانلار ئىچىدىكى ئىقتىسادى ئاجىز بولغانلار ، تۇل كىشىلەر ، يېتىم ـ يېسىرلار دائىم باشقا تۇغقانلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ . ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا ، خامان ئالغاندا ۋە رامىزاندا تېخىمۇ كۆپ بۇيۇملار بىلەن ئۇلارنى يوقلايدۇ . چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ، ھوسۇلنىڭ 10 دىن بىرى «ئۆشرە» ئايرىلىپ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئاجىزلارغا ياكى قوشنىلاردىكى ئاجىزلارغا بېرىلىدۇ . رامىزاندا چارۋىچىلىق ۋە سودىدىن بولغان كىرىمنىڭ 40 تىن بىرى «زاكات» ئايرىلىپ ئاجىزلارغا بېرىلىدۇ .

ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە ، ئۆشرە ـ زاكات بېرىدىغانلار ئالدى بىلەن ئۆز تۇغقانلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ . يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆشرە ـ زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر بولمىسا ، يىراق تۇغقانلار ئارىسىدىن ئىزدەيدۇ . يىراق تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ بولمىسا ، مەھەللىدىكى ئۆشرە ـ زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە بېرىدۇ . بۇ ئىسلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بولغاچقا ، ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئەقىدە سۈپىتىدە ئەمەل قىلىپ كەلگەن .

(4) كۆيۈمچانلىق تەربىيەسى . كۆيۈمچانلىق تەربىيەسى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە

مۇھەببىتىنى يېتىشتۈرىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىدۇر . ئۇ ئاتا ـ ئانىغا ئوبدان قاراش ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ، ئەدەپ ، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ، ئاكا ـ ئىنى ، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆزئارا ياردەم قىلىش روھى بولۇش ، ئاتا ـ ئانىنىڭ سەۋەنلىكىنى يوشۇرۇش ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ، خۇشاللىقىدىن خۇشال بولۇش ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن نەزىر قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ خىل تەربىيە بىر تەرەپتىن ، ئائىلىنى ئاساس قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت بىردەك ئېتىبار بېرىدىغان ئەخلاق تەربىيىسى . شۇڭا ئۇ يەنىلا بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان تەربىيە . شۇڭلاشقا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ، بۇ خىل تەربىيە ئائىلىدىن ھالقىپ چىقىپ ، دىنىي مەكتەپ ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ، مەھەللە ئورتاق ئېلىپ بارىدىغان ھەم ئورتاق نازارەت قىلىدىغان تەربىيىگە ئايلانغانىدى . ئەڭ تىپىك بولغىنى ، پەرزەنتلەرنىڭ بۇگۈن ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارقىلىق قايتۇرۇلىدۇ ، «سەن ئاتا ـ ئاناڭغا نېمە قىلساڭ ، بالىلىرىڭ ساڭا نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ياندۇرىدۇ» دېگەن قاراش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت . شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ خىل تەربىيىگە مەيلى ئېغىزدا بولسۇن ، مەيلى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە بولسۇن ، ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ .

دېمەك ، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە تۇرمۇش قارىشى ۋە قانداشلىق ، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇستەھكەم بولۇپ ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا ئېڭى ، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ساداقەت ، ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ، شەرم ـ ھايا قاتارلىق ئىنسانىي تۇيغۇلارنى يېتىلدۈرۈش ، ئېچىش ، تەرەققىي

قىلدۇرۇشنى نىشانلىغان . شۇڭا باشقا جايلاردىن قەشقەرگە كەلگەن ھەر قانداق كىشى قەشقەر خەلقىنىڭ سالام ـ سەھەتلىك ، ئىززەت ـ ئىكراملىق ئادەتلىرىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ . بۇ خىل پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەردىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن . رېئال تۇرمۇشتىكى بۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈش مۇمكىن :

بىرىنچى ، سالاملىشىش قائىدىسى

سالاملىشىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيىسىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن . ئۇلار مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش كىشىلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ، بىر ـ بىرىگە سالام بېرىپ كۆرۈشۈشى ، ئەگەر تونۇشلار بولسا ، سالامىلىشىپلا قالماي ، بەلكى ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن ، شۇنداقلا سالاملىشىشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن . مەسىلەن ، سالام بەرگۈچى باشنى سەل ئېگىپ ، ئوڭ قولىنى ياكى ھەر ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئىللىق چىراي بىلەن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» (ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى : سىزگە تىنچلىق يار بولسۇن ، دېمەكتۇر . ) دەپ سالام بېرىش ، سالامنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ خۇش پېئىللىق بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» (مەنىسى : سىزگىمۇ تىنچلىق يار بولسۇن ) دەپ جاۋاب قايتۇرۇش . ئادەتتە كىچىكلەر چوڭلارغا ، كېتىۋاتقان كىشىلەر ئولتۇرغان كىشىلەرگە ئالدىن سالام بېرىدۇ . سالام بېرىش ئادىتى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ قانات يايغان ، ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرەرسى تالادىن ئۆيگە كىرگەندە ، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا قىزغىن سالاملىشىدۇ . ھەتتا 7 ~ 8 ياشلىق ئوغۇل بالىلار ئۆيگە مېھمان كەلسە مېھمانخانا ئۆيگە ئەدەپ بىلەن كىرىپ قىزغىن سالام بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ .

قول ئېلىشىپ سالاملاشقان چاغدا ، قولىنىڭ ئۈچىنى تەگلەش ياكى باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قول تەگلەش ، ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرگە بىر قولىنى تەگلەش ، قول تەگلىگەن كىشىگە ئېتىبارسىز قاراش ، قولىنى تەگلەپ قويۇپ باشقا كىشى بىلەن سۆزلىشىش . . . قاتارلىق قىلىقلار ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ .

ئىككىنچى ، رۇخسەت سوراش قائىدىسى

بىرەر ئىش بىلەن باشقا ئائىلىگە كىرىشكە توغرا كەلگەندە ، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىدىن كىرىشكە ئىجازەت سوراش كېرەك . ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلماي ياكى ئىشىك چەكمەي باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىرىۋېرىش ئەخلاقسىزلىقتۇر . ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىش ، ئۆيدىن بىر ئاۋاز چىقمىسا يەنە چېكىش ، شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم چەككەندىن كېيىن ، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىسا ، ئۆيدە ئادەم يوقلۇقى ياكى ئۆي ئىگىسى ھېچكىمنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . بۇنداق چاغدا ئىشىكنى يەنە چېكمۇەرمەي قايتىپ كېتىش كېرەك .

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئىشىك چەككەننى ئاڭلاپ «سىز كىم» دەپ سورىسا «كىم» ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېيتىش زۆرۈر . كۆرۈشكەندىن كېيىن ئوچۇق چىراي بىلەن سالام بېرىپ ، كېلىشتىكى مۇددىئانى ئېيتىپ ئەدەپ بىلەن خوشلىشىش كېرەك .

ئۈچىنچى ، مېھماندارچىلىق قائىدىسى

قەشقەر خەلقى ئەزەلدىن مېھماندوستلىقى ۋە مېھمانغا ئىنتايىن ھۆرمەت ـ ئېكرام بىلەن قارايدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ ھەقتە قەشقەرنى زىيارەت قىلغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن سەيياھلار نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان . 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 65 ـ ۋە 66 ـ بابلىرىدا مېھمانغا

بېرىش ۋە مېھماننى كۈتۈش قائىدە ـ يۇسۇنلىرى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان قائىدە ـ يوسۇنلار قەشقەر خەلقى ئارىسىدا ئېسىل ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مېھمانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى قەشقەرنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىنى «مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر» دېگەن روھتا تەربىيىلەشكە ئادەتلەنگەن. ئادەتتە، قەشقەردە چوڭلار ئارا مېھمانغا بېرىشكە توغرا كەلسە، شۇ ئائىلىدىكى ئەڭ كىچىك پەرزەنتلىرىنى بىرگە ئەگەشتۈرۈپ بارىدىغان ئادەت بار. بۇنىڭدىن مەقسەت، بالىلارنى سەبىي ھالىتىدە مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش نەزەردە تۇتۇلغان.

مېھمانغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلار قەشقەرنىڭ ھەربىر ئائىلىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشقان:

△ ئەگەر ئۆيگە بىرەر ئادەمنى مېھمانغا تەكلىپ قىلغان بولسا ياكى چاقىرمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى تارتىپ ئۆيىگىزگە كەلگەن بولسا، ئۆي ئىگىسى خۇش چىراي قوبۇل قىلىپ، ھۆرمەت ـ ئېكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىش.

△ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئالدىغا دەرھال داستىخان سېلىپ، پەتنۇس بىلەن چاي كەلتۈرۈش.

△ چاي ۋە غىزانى ئۆي ئىگىسى باشلاپ بېرىش، مېھماندىن بۇرۇن ئۆي ئىگىسى تاماقتىن توختىۋالماي، مېھمان بىللە ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ يەپ تۇرۇش.

△ مېھماننى تاماققا پات ـ پات تەكلىپ قىلىپ تۇرۇش، لېكىن زىيادە زورلىماسلىق.

△ مېھمان تاماقتىن قول تارتقاندىن كېيىن، دەرھال پاكىز

لۆڭگە بېرىپ قولىغا سۇ كەلتۈرۈش .

△ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا ، سۆزنى كۆپرەك مېھمانغا بېرىش ، ئۆي ئىگىسى سۆزلەشكە توغرا كەلسە ، مېھماننىڭ كەيپىياتىغا بېقىپ سۆزلەش ، مېھماننىڭ زېتىغا تېگىدىغان گەپ - سۆزلەردىن پەرھىز قىلىش .

△ مېھماننىڭ ئالدىدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرسىگە تەنبىھ بېرىپ ، ئۇلارغا قاتتىق - يىرىك سۆزلىمەسلىك .

△ مېھمان كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا ، ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ، ئامانلىق تىلەپ خەيرلىشىپ ، يەنە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى ئۆتۈنۈش .

△ مېھمان ئات - ئۇلاغ مىنىپ كەلگەن بولسا ، ئۆي ئىگىسى دەرھال ئات - ئۇلاغنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن ئېلىپ ، ئات - ئۇلاغلاردىن ياخشى خەۋەر ئېلىش .

△ كىچىك باللاردىن باشقا ، تەكلىپ قىلىنمىغان كىشىنى ئۆزى بىلەن زىياپەتكە ئەگەشتۈرۈپ بارماسلىق .

△ تويي ياكى كوللېكتىپ زىياپەتكە بېرىشكە توغرا كەلسە ، بېرىشتىن بۇرۇن ئۆيدە ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىش ، زىياپەتلەردە ئاچ كۆزلۈك قىلماي ئەدەپ - قائىدە بىلەن تاماققا داخىل بولۇش .

△ مېھمان ئىگىسى قۇربىتىگە يارىشا ، نېمە تەييارلىغان بولسا ، رەھمەت ئېيتىپ قوبۇل قىلىش .

△ داستىخاندا ئاشقان قەنت - گېزەك ۋە باشقا ناز ۇ نېمەتلەرنى ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكلىپىسىز زەللە قىلىپ ئالماسلىق .

△ ئەر - ئاياللار بىر داستىخاندا مېھمان بولماسلىق ، ئەر مېھمانلارنى ئەرلەر كۈتۈش ، ئۆيدە ئەر كىشى بولمىغان ئەھۋالدا ئەر مېھمان كېلىپ قالسا ، ياكى ئۆيدە ئايال كىشى يوق مەزگىلدە ئايال مېھمان كېلىپ قالسا ، داستىخان تەييارلاشنىڭ ھاجىتى يوق .

△ مېھمانغا بارغۇچى كىشىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز ،

ئازادە بولۇش، ئاغزىدىن سامساق، تاماكا . . . قاتارلىقلارنىڭ سېسىق پۇرىقى چىقماسلىق .

△ ئۆزىدىن چوڭلارنى بېسىپ ئولتۇرماسلىق، مەنسەپ ـ مەرتىۋىدىن ياش پەرقىنى چوڭ بىلىش .

△ ئۆزىدىن يۇقىرىدا ئولتۇرغان مېھمان ئەدەپكە چىقىشقا توغرا كەلسە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يول بوشىتىپ بېرىش .

△ جامائەت سورۇنىدا يۆتەلمەكچى ياكى چۈشكۈرمەكچى بولسا، ئېغىز ـ بۇرنىنى ياغلىقتا توسۇپ، قاتتىق ئاۋاز چىقارماي يۆتىلىش ياكى چۈشكۈرۈش . خەپرۇك تۈكۈرۈش ياكى تۈكۈرۈك چاچراپ كېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش .

△ بىر كىشى سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز قىستۇرماسلىق . ناۋادا ئۇ كىشىنىڭ سۆزى تۈگىسە، سۆھبەتداشلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن سۆز باشلاش . سۆز قىسقا، مەنىلىك بولۇش، ئەزمىلىك قىلماسلىق .

△ سورۇندا يوق كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق، غەيۋەت ـ شىكايەتكە قۇلاق سالماسلىق .

△ سۆھبەتداشلارنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تېگىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتمەسلىك، ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلماسلىق .

△ سۆھبەت بولۇۋاتقاندا يېنىدىكى كىشى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەسلىك .

△ 2 ~ 3 كىشى ئۈچۈن لېگەندە كەلتۈرۈلگەن غىزالارنى يېيىشكە توغرا كەلگەندە تۈزۈت بىلەن «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشىپ تەكلىپ بىلەن يېيىش، لېگەندىكى تاماقنى قول ياكى قوشۇق ـ چوكا بىلەن مالتىلىماسلىق . ئۆز ئالدىدىن تەرتىپلىك يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزارتماسلىق .

△ نان ـ توقاچلارنى ئىككى قول بىلەن ئوشتۇش ، مەزەنىڭ ھەممىسىنى زىيادە سۇندۇرۇۋەتمەسلىك .

△ ئېغىزنى يوغان ئېچىپ ماچىلدىتىپ تاماق يېيىشتىن ساقلىنىش .

△ ئېغىزغا سىغمىغان لوقما ياكى گۆش پارچىسىنى ئېغىزدىن قايتا چىقىرىپ تاماق يەۋاتقان لېگەنگە سالماسلىق .

△ ئاش يۇقى ياكى مايلاشقان قولنى داستىخانغا ياكى كىيىمگە سۈرتمەي لۆڭگە بىلەن سۈرتۈش .

△ مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندا ، يەنە ئەزمىلىك قىلىپ ئولتۇرماي ، ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ ، يولغا راۋان بولۇش ۋە باشقىلار .

مېھماندارچىلىقتا ئائىت يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلار ماھىيەتتە قەشقەر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، ئۇنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق . بۇنداق كىشىلىك ئەخلاق ـ مىزانلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولسىمۇ ، ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ خاسلىقتا ، مىللىيەتلىككە ئىگە بولغان .

## § 4 . ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىقتىكى ئۆزگىرىشلەر

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى . ماۋزېدۇڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا «جۇڭگو

خەلقى بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇردى» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارمۇ باشقا ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بېشىدىكى «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش پەقەت يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ھالەتنىڭ ئۆزگۇرۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە سىياسىي، ئىدىيە، ئائىلە، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلەردىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئازادلىقتىن كېيىن يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، نەتىجىدە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئاساسەن «ئىجارە كېمەيتىش»، «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى»، «خەلق كوممۇناسى»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «سوتسىيالىستىك تەربىيە»، «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش»، «سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش»، «ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلدى. بۇ ھەرىكەتلەر ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتتىكى جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئائىلە جەمەتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆچلۈك جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئەگەر بۇ بىر تارىخىي دەۋرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى

كۆرۈۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس .

## 1 . ئاممىنىڭ قەلبىدە ئاتا سىيماسى پەيدا بولدى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى . يېزىلاردا فېئوداللىق مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى يوقىتىلىپ ، يەرسىز دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى ھەل قىلىندى . بۇ خىل ئازادلىق سەۋەبىدىن قەد كۆتۈرۈپ يەر ـ سۇغا ئىگە بولغان ئامما ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقىنى داھىي ماۋزېدۇڭغا يىغىنچاقلاپ ، داھىينى مەدھىيىلەپ «قىزىل قۇياش» ، «بۈيۈك قۇتقازغۇچى» ، «ئاتا» دەپ ئاتايدىغان بولدى . بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «ماۋجۇشى ئاتىمىزدىن يوليورۇق سورايمىز ، ماۋجۇشى ئاتىمىزغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيمىز ! » دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ ھەرىكەتلەر ھەممە يەرنى قاپلىدى .

## 2 . ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى تەقىب قىلىندى

يېزىلاردىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاخىرلىشىپ ئۆزۈن ئۆتمەي كوپېراتسىيىلىشىش باشلانغان بولغاچقا ، شەھەرلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ كوللېكتىپلاشتۇرۇپ ، سودا ـ سانائەتتە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى . كوللېكتىپنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىردەك بولمىدى . بىر قىسىم كىشىلەر كوللېكتىپقا قاتنىشىشقا پاسسىپلىق بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ ، ئاخىرى بارلىق مۇلكىدىن ئايرىلىپ ، كوممۇنا ئەزاسى بولدى . بارلىق كوممۇنا ئەزالىرى نومۇرغا تايىنىپ جان باقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى .

نورما ۋە نومۇر ئۇقۇمى كوممۇنا دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن

بارلىق جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ كاللىسىدا ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. نورما ئادەم سانىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ، ئەمما نومۇر بىلەن باغلىنىشلىق. نومۇر يەتمىسە، پۇلغا نورما ئېلىش كېرەك. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئەزالارنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر قەرزى بار. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل ۋەزىيەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قوشاق توقۇغان يېڭىسار ناھىيە قىزىل يېزىلىق دېھقان ئابدىمىن ھازىرمۇ ھايات (2007 ـ يىلى 1 ـ ئايدا زىيارەت قىلىنغان):

تاغىرى ئۆزىدىن ئابدىمىن،
كەتمىنى ئۆزىدىن ئابدىمىن.
قىشمۇ يازۇ ئىشلىسە،
قەرز چىققان ئابدىمىن.

ئابدىمىن ئاكا مۇشۇ قوشاقنى توقۇغانلىقى ئۈچۈن دادۈي (چوڭ ئەترەت، ھازىرقى كەنتكە باراۋەر) دە چوڭ كۈرەش قىلىنىپ، «كوممۇناغا قارشى چىققان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيگەن ئىدى.

نورما ئاشلىق سەۋەبىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا ئۆشرە ـ زاكات دەيدىغان نەرسىلەرمۇ يوقاپ كەتتى. ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدا بولسا، ناھايىتى ئاز ئادەملەر قاتنىشىدىغان، تاماق ئېتىلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى، كىشىلەر ھەقىقەتەن سۇنئىي ئىقتىسادچانلىق، تېجەشچانلىق بىلەن كوممۇنا ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىدى. ئائىلىدە قالدۇرۇق يەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى تىرىلدۈرۈشكە باشلىدى.

## 3. ئائىلىنىڭ تەربىيىلەش فۇنكسىيىسى قىسمەن جەھەتلەردە سىرتقا يۆتكەلدى

ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى يېتىلدۈرۈشكە مەسئۇل بولىدىغان، كىشىلىك ھاياتىكى تۇنجى مەكتەپ.

ئائىلىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەن ئەزا ئالدى بىلەن ئائىلىدە ئىجتىمائىيلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بىراق ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئۈچ خىل فۇنكسىيىسى (تۇرمۇش تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسى، ھۈنەر تەربىيىسى) ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. بىر تەرەپتىن، ئاتا ـ ئانا ھەرخىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ۋاقتىدىن قىسىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ سېلىنىشى ۋە مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئائىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. باللار 7 ~ 8 ياشقا كىرىشى بىلەن مەدەنىيەت تەربىيىسى ھاياتىنى باشلايدىغان بولدى.

## 4. ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق يىراقلاشتۇرۇلدى

ئانا ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ شەخستۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ ئۆلۈم ئىلاھى بىلەن ئېلىشىپ بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان. ئۇ كېچە-كۈندۈز توختىماستىن بىزگە قارىغان. ئۇ بىزگە ھەددى ـ ھېسابسىز ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزنى ساقلاۋاتقان دەريانى «ئانا دەريا»، يەرنى «ئانا يەر»، «ئانا تۇپراق» دەيمىز. شۇڭا نۇرغۇنلىغان شائىر، يازغۇچىلار ئانىلارنى ماختىغان ياكى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئانىسىغا تەقدىم قىلغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشى، ئەۋلاد قالدۇرۇشىدا، ئانىنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئاتىنىڭ بەدىلىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ئېلىمىزدە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ،

«ئاياللار ئۆي ئىشى، ئەرلەر تالا ئىشى» بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئائىلىدە ئەرنىڭ ئىشى ئائىلە ئۈچۈن كېرەكلىك ماددىي ئەشيانى تەييارلاش، ئاياللىنىڭ ۋەزىپىسى شۇ نەرسىلەر بىلەن باللارنى بېقىش ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى تۆھپىسى ئانچە نەزەرگە ئېلىنمىدى ھەم ئۇ «ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى خورلىشى» دەپ قارالدى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

ئاياللار ۋە ئائىلە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي بۇرۇلۇش كوپىراتسىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىقتى. كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئاياللارنى ئائىلىدىن ئازاد قىلىپ، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. ئاياللار كوممۇنا جەريانىدا ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ سۇ قۇرۇلۇشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغىچە قاتناشتى. بوۋاقلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ «يەرلىك» يەسلىلىرىگە ئاپىرىلدى، باللار مەكتەپكە باردى. بەزى ئائىلىلەردە بوۋاي، مومايلار نەۋرىلەرنى باقتى. ھەپتىلەپ، ھەتتا ئايلاپ تۈگىمىگەن كوممۇنا ئەمگىكى ئانىلارنى ھالسىراتتى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە «نومۇر» ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىسە، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن يەنە ئۆي ئىشلىرىنى قىلدى. شۇڭلاشقا بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلار «كوممۇنا دەۋرىدە ئاياللار ئازاد بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك ـ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان» دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئانىلارنىڭ باللار ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىن ئېشىپ كەتتى، بىراق باللارنىڭ ئېرىشكەن ئانا مېھرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئازىيىپ كەتتى. بۇ ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ

بۈيۈك ئۆبرازىغا ئاز بولمىغان سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى . تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئازادلىقتىن كېيىن ، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت «سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش » نەزەرىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى . كىشىلىك مۇناسىۋەت «سىنىپىي كۈرەش » تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە سىنىپىي تەركىبكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىنقىلابىي مۇناسىۋەتكە ئايلىنىشقا مەجبۇر بولدى . كىشىلەر سىرت بىلەن بولغان ئالاقىدە «تەركىب » نى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدىغان بولدى . ناۋادا ئېسىدىن چىقىرىپ قويسا «سىنىپىي ئېڭى تۆۋەن » دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلەتتى .

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، پارتىيىنىڭ سولچىل خاتالىقى تۈگىتىلدى . خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت سىنىپىي كۈرەش دائىرىسىدىن چىقىپ ئىقتىسادىي ساھەگە قەدەم قويدى . ھەر خىل سىنىپىي تەركىب قالپاقلىرى ئېلىپ تاشلاندى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سۈنئىي توسۇقلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى . نەتىجىدە قوشنىدارچىلىق ۋە تۇغقاندارچىلىق قايتىدىن ئۆز فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان يۈك تۇغقانلار ۋە قوشنىلار ئارا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى . مەسىلەن ، مېيىپ ، ئاجىزلار ، قېرىلار ئاساسەن يەنىلا تۇغقانلارنىڭ ياردىمىدە ياشاۋاتىدۇ .

بىر ئائىلە ئەزالىرى بىر كوللېكتىپ سۈپىتىدە شۇ ئائىلە ياراتقان ئىقتىسادىي ھوقۇقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا . چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەرگە قارىغاندا ، كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا

تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشىندارچىلىق فۇنكسىيىسى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە بويىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا . ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا ، قەشقەر رايونى بۇ جەھەتتە تىپىك بولۇپ ، «قەشقەرچە ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت تورى» ئاساسىي جەھەتتىن بۇزۇلمىغان . لېكىن ئومۇملۇق جەھەتتىن قارىغاندا ، دۇنيا كۆلەملىك ياتلىشىش كەيپىياتى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ، جۈملىدىن قەشقەر ئاھالىلىرى ئارىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى . ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈش مۇمكىن .

تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشىندارچىلىق جەھەتتىكى ياتلىشىش كەيپىياتى : يۇقىرىقىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەس «ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر» بىر قەدەر بېسىقىپ ، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى مەركەز قىلغان يۇقىرىقى بىر يۈرۈش «ئىنقىلابىي ھەرىكەت» لەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىلىپ ، ئۇنىڭدىكى ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى ھەمدە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دادىل قەدەم تاشلاشقا چاقىردى . بۇنداق يېڭىچە ئىسلاھات يۈنىلىشى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلاش بىلەن بىرلىكتە ، خەلقنىڭ روھىي قىياپىتىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . بۇنداق روھى ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ قىممەت قارىشىدا روشەن ئەكس ئەتتى . ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەممە كىشىنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى تېزلىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىۋەتتى . ئۆزئارا كىشىلىك مۇناسىۋەت ، مېھىر ـ

شەپقەت جەھەتلەردىكى ئەنئەنىۋى ئالىي ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى سېزىلمەس دەرىجىدىكى ياتلىشىش ئېگىلىدى . بۇ خىل ياتلىشىشنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ ، بىر ئائىلە ئەزالىرىدىن تارتىپ ، تۇغقاندارچىلىق ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگىچە ئەكس ئەتتى . بۇنداق ياتلىشىش سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ھەر بىر كىشىنىڭ قىممەت قارىشىنى كۈچەيتىپ ، مۇستەقىل ياشاش ، ئەقلىي مۇلۇك بايلىقىنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي رول ئوينىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن جەمئىيەت تەقەززا بولۇۋاتقان ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا توسالغۇلۇق رول ئوينايدۇ . ئىناق جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . ئىناقلىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى بولمىش ئائىلىدىن باشلىنىدۇ . شۇڭا تەرەققىيات بىلەن ياتلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىش ۋە تەڭشەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ، بۇ ھەقتە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

## 5 § . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇغقاندارچىلىق ـ قوشنىدارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى

**1 . ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار**

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ، ئۇرۇق ـ تۇغقان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان بىر توپقا مەنسۇپ كىشىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ . ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، ئەڭ يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر .

ئۇنىڭ يىراق چېكىنى ھەتتا نەچچە ئەۋلاد ئارىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە كېڭەيتىش ئۇيغۇرلاردا ئومۇمەن مەۋجۇت ھادىسە. شۇڭلاشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ يىراق ـ يېقىنلىق دەرىجىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇن ۋە ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلەرنىڭ مەركەزدىن سىرتتا تارقىلىشى، كېڭىيىشى ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە ئاجىزلاپ بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا ماسلاشقان كېڭەيمە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يادرو قىلغان. مەلۇمكى، ئاتا-ئانىلار قايسى مىللەت ياكى توپتا بولمىسۇن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. كونىلاردا «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەتلىسەڭ، پەرزەنتلىرىڭدىن ھۆرمەت كۆرسەن» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجرىگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ دۇئاسىنى ئېلىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىن باش تارتقان ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلارنى جەمئىيەت چەتكە قاقىدۇ. «بۇنداق كىشىلەردىن ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەرخىل كىشىلىك مۇناسىۋەتتە پاسسىپ ئورۇندا تۇرغاچقا، ئىش ـ ئوقىتى ئىلگىرى باسمايدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ «دۇئاسى»دىن ئىبارەت روھىي ئوزۇق ئۇلاردا

بولمايدۇ . شۇڭلاشقا قەشقەردىكى بەزى ئەنئەنىۋى ئائىلىلەردە تاكى هازىرغىچە پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنى «سىلى ، ئۆزلىرى»گە ئوخشاش ئالاھىدە ھۆرمەت ـ تەكەللۇپ سۆزى بىلەن ئاتايدۇ . ئايرىم ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاتا ـ ئانىسىنى پۇرسەت بولسىلا بىر ـ ئىككى كىلوگرام گۆش ، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق سوۋغاتلار بىلەن يوقلاپ تۇرىدۇ . پەرزەنتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۇچۇن ھەرۋاقىت ئىستىغپار تىلەش ، ئۇلارنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئۇنۇتماسلىق ، ئۇلارنىڭ ھايات دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ تۇرۇش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر ، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر .

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى ئەلۋەتتە ئاتا-ئانا ئەجرىنىڭ جاۋابىدۇر . ئۇيغۇرلار پەرزەنت ئۇچۇن جان پىدا قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ، ئۇلار تاكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگىچە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان خەلق . ياۋروپالىقلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇچۇن بەرگەن قۇربانى ھەددى ـ ھېسابسىز ئۇستۇن تۇرىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىمۇ شۇنداق ، بەلكى باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىدىن كۆپ ئەنئەنىلىك بولۇشى مۇمكىن . پەرزەنت تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن بۆشۈك تويىنى قىلىش ، سۈننەت تويى ، تاكى قىز-يىگىت تويىغىچە بارلىق مەسئۇلىيەت ۋە چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت ، بۇ دۇنيادىن خوشلاشقىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ ، سۈيىدە ئاقىدۇ . بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇلارغا ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەك بولىدۇ . كۆپ پەرزەنتلىك ئاتا ـ ئانا ھەتتا چوڭ ئوغۇل ، چوڭ قىزنى باشقا كىچىك قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن كېيىنكى

تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇش ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەيدۇ . شۇڭا ئائىلىدە ، ئاتا ـ ئانىدىن كېيىن چوڭ ئوغۇل ئاتىنىڭ ، چوڭ قىز ئانىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ .

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىدىن سىرتقا قاراپ كېڭەيگەندە ، بىرىنچى بولۇپ دۇچ كېلىدىغىنى كېلىن ياكى كۈيئوغۇل . كېلىن ياكى كۈيئوغۇل ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئوخشاشلا پەرزەنت ھېسابلانسىمۇ ، ئەمما مەلۇم ئائىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۆز قىز ـ ئوغۇللىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ . بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىدە كېلىننىڭ ئىجتىمائىي ئورنى نىسبەتەن تۆۋەنرەك . بىراق بۇ خىل ئەھۋال كۆپىنچە ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك شۇنداقلا دەرىجە قارىشى كۈچلۈك ، ئائىلىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا غوللۇق ئائىلە (ئاتا ـ ئانا توي قىلغان ئوغۇل ئائىلىسى بىرگە تۇرىدىغان ئائىلە شەكلى ) ئاساسىي تىپ بولسىمۇ ، ئەمما ئاتىنىڭ ئائىلىدىكى ئىمتىيازى ياكى ئانىنىڭ ئائىلىدىكى كۈچى ئومۇمەن قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يېتىدۇ . شۇڭا بەزى يېڭىدىن توي قىلغان پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس .

ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارىغاچقا ، توي چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىشقا رازى بولۇش بىلەن بىرگە ، قۇدا تاللاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ . قۇدىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى يېقىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ . قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا قۇدىلارنىڭ ئادەتتىكى ساپا ، نام ـ ئابرۇيىدىن باشقا ، مېھماندارچىلىقتىكى داستىخىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ . قۇدىلار ئارا داستىخان سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . ھەم چاي ،

ئاساسىي تاماقلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ھەتتا قۇدىنىڭ قول چايقىشى ئۇچۇن سۇ بېرىشتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئامىللار بار . ئۇيغۇرلاردا «خۇدادىن قورقىچە قۇداڭدىن قورق» دېگەن سۆز بار . دېمەك ، قۇدىلار داستىخان سېلىشقاندا بىر ـ بىرىگە ئالاھىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىغان تۇغقانلار ھېسابلىنىدۇ .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلار تۇغقاندارچىلىقتىكى ئاساسلىق پرىنسىپ «تۇغقاننىڭ بېغىشى چىڭ يەردە» ، «يات يېگۇچە ،تۇغقان ئۆلگۇچە» دېگەندىن ئىبارەت . شۇڭا تۇغقانلار ئارا باردى ـ كەلدى قىلىش ناھايىتى قويۇق . ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ، كېسەللىك ياكى مۇھىم ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە خەيرخاھلىق قىلىش ياكى يېقىندىن ياردەم قىلىش ، پەرزەنتلىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرۇش ، ھەتتا نىكاھ ئىشلىرىدا ئالدى بىلەن «ئۆز ئىچى» نى ئويلىشىش قاتارلىقلارمۇ تۇغقاندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر .

## 2 . قوشنىدارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق تۇغقاندارچىلىققا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت . شۇڭلاشقا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن سۆز بار . قوشنىلار ھەرقانداق پائالىيەتلەردە يېقىندىن ھەمنەپەستە بولىدىغان كىشىلەردۇر . شۇڭا ئۇيغۇرلار ، بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى قوشنىدارچىلىققىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . قەشقەردە «قوشنا ،ھەقەمسايە» ئاتالغۇلىرى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ . ئاش ـ تاماق سۇنۇشۇش ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا خالىس ياردەمدە بولۇش قوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت دەپ قارىلىدۇ .

قوشنا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتقاچقا، ئۇيغۇرلار قوشنا تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قوشنىنىڭ سۈپەتلىرى، مەدەنىيەت تۇزۇلمىسى، خاراكتېرى، قوشنىدارچىلىق ئىككى ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇشتا مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، مەنىۋى مۇناسىۋىتى، ئەخلاقىي مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەت بىر قەدەر روشەن بولىدۇ. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دېگەندە، يېزىلاردىكى يەر، قورو ـ جاي چېگرىلىرى، ئائىلىلەر ئارا قەرز پۇل ياكى نەرسە ئارىيەت ئېلىش، ئۇششاق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە پاك ـ ئادىل بولۇش، ئارىيەت ئالغان نەرسىلەرنى ئەينەن قايتۇرۇش، ئىگىلىۋالماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە مەنىۋى ـ ئەخلاقىي مۇناسىۋەت نازۇك ھەم ھالقىلىق ئورۇن تۇتىدۇ، يەنى قوشنىنىڭ ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىز، كېلىنلىرىگە باشقىچە نەزەر سالماسلىق، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولغان مېھماندارچىلىق، كەلدى ـ كەتتى، كىچىك ئازارلارغا نەزەر سالماسلىق، ئۇلار توغرىسىدا بولغان ئىغۋالارغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىقلار. قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا بولسا، قوشنىسىنىڭ مېھمىنىنى ئۆز مېھمىنى دەپ قاراپ، ھەمداستىخان بولىدىغان، ئۆز ئۆيىگە بىرەر ۋاخ تاماققا تەكلىپ قىلىدىغان، ھەتتا بىرەر كۈن قوندۇرۇۋالىدىغان يوسۇن بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قوشنىلارنىڭ توي-تۆكۈن ياكى مۇسىبەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ياردەمدە بولۇش، ئۇلارنىڭ دەرد-ھالىغا يېتىش، ئاغرىقلىرىدىن ھال سوراش قاتارلىقلارمۇ قوشنىدارچىلىقنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

قوشنىدارچىلىقتا باللار مۇناسىۋىتى تولىمۇ مۇھىم.

بالىلارنىڭ يېشى ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ھېلى ئۆرۈشۈپ ، ھېلى يارىشىشى تەبىئىي ئەھۋال . شۇڭا ، قوشنىدارچىلىقتا بالىلار ئارىسىغا كىرىپ ئارازلىق پەيدا قىلىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ . مۇنداق ئەھۋالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىلارنى ياراشتۇرۇش ، بالىلارنىڭ قوشنا بالىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئوينىشى ، بالىلارنىڭ ئارىلاشقاق ، چىقىشقاق ئۆسۈشىنى قارشى ئېلىش قوشنىدارچىلىقنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ھېسابلىنىدۇ .

# XIV باب قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز

## 1 § . تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى نەتىجىلەر

20 ـ ئەسىر دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد ، مائارىپ ، سەھىيە قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىلگىرىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىكىدىن پەرقلىنىدىغان غايەت زور يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئەسىر بولدى . يېڭىچە سانائەت ۋە يېڭىچە تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشى ئۇچۇرلىشىش ، سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى .

20 ـ ئەسىرگىچە ساقلىنىپ قالغان ، زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىۋالا زور دەرىجىدە ئۇچراپ كەتمىگەن بىر قىسىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇرىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئىنسانىيەت 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلىپ

يەتتى .

جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، ھەرخىل جۇغراپىيىلىك ئامىل، گېن ئامىلى، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئوخشاشماسلىقنىڭ ئۆزىگە يارىشا قىممىتى، تارىخىي ئەندىزىسى بار بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا، ياكى بىرسىنى ئىلغار، يەنە بىرسىنى قالاق مەدەنىيەت دەپ ئايرىشقا، شۇ تۈپەيلى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئوخشاش بىر ئەندىزىگە سېلىپ ئۆلچەشكە ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت باغچىسىغا تېخىمۇ ھۆسن، رەڭ قوشىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە نەرسە سانالمايدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇركۈمدىكى ئايرىم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنى قوغداش بۈگۈنكى كۈندىكى تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغدىغانغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ گۇمانتارلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش. بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ «ئەسلىدىكى مەدەنىيەت» كە چوقۇم «ئەسلىدىكى شەيئى تۈرلىرىنىڭ گېنى» غا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئۇلارنى ئۇزۇن مەزگىللىك قوغداش ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۇنۇملۇك كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

لېكىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مىراسلىرى بارغانسېرى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىشكە باشلىدى. كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىت مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن تەبىئەت مىراسلىرىغا قايتۇرۇۋالغىلى

بولمايدىغان بۇزغۇنچىلىق ۋە يوقىلىشنى ئېلىپ كەلدى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

بۇ خىل شارائىتتا بىز «مەدەنىيەت مىراسلىرى»، «تەبىئەت مىراسلىرى»، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» نىڭ تۈرمۇشىمىزدىكى ئورنى، قىممىتىنى ماھىيىتىدىن تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى بويىچە قوغداشقا، بۇ ھەقتىكى تەلىم ـ تەربىيە ۋە تەشۋىقاتنى قانداق قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دۇنيا مىللەتلىرىنى تۈر ۋە قۇتۇپقا ئايرىمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى، ھەممىگە ئورتاق بولغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار بولۇپ، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭدارلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇچىقى. ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇچۇن ئالاھىدە بولغان مەنىۋى قىممەت، تەپەككۇر شەكلى، تەسەۋۋۇر ۋە مەدەنىيەت ئېڭى — شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى، مەدەنىيەت ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى. «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» نى قوغداش دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، ئوخشاشلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەر بىر مىللەتنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەردە بولمايدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنى تولۇقلاپ بېيىتىپ بارىدۇ.» 20 ـ ئەسىرنىڭ ئۇچۇر ۋە سانائەت

بورانلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بىر قەدەر باي بولغان مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئۆچۈرتۈپ ، ئۇلارنى يوقىلىش گىردابىغا سۆرەپ بېرىۋاتقان شارائىتتا ، بۇ خىل ھەقىقەتنى ماھىيىتىدىن تونۇپ يەتكەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئىنسانىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەڭگۈشتەرلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ، قوغداش مەقسىتىدە 1998 - يىلى 11 - ئايدا 155 - قېتىملىق ئىجرائىيە يىغىنىدا «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى قوغداش ئەھدىنامىسى» نى ماقۇللاپ ، 2001 - يىلى 18 - مايدا پارىژدا ئېلان قىلغان 19 تۈرلۈك تۇنجى تۈركۈمدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر تىزىملىكىگە ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كۇنچۇ سەنئىتى ( 昆曲艺术 ) كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ، 2003 - يىل 7 - نويابىردا ئىككىنچى تۈركۈمدە 28 تۈرلۈك «ۋەكىللىك ئەسەر» باھالاپ چىقىلىپ ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۇچىن سەنئىتى ( 古琴艺术 ) تاللاندى . 2005 - يىل 25 - نويابىردا ئۈچىنچى تۈركۈمدە ئېلىمىزنىڭ «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» تولۇق ئاۋاز بىلەن تاللىنىپ ، خەلقئارادا ۋە ئېلىمىزدە زور داغدۇغا قوزغىدى . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، دۇنيا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش» قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ، ئېلىمىزدە ، جۇملىدىن رايونىمىزدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ، تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىجابىي كەيپىيات بارلىققا كەلدى . ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن ناھىيە دەرىجىلىككىچە بولغان ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ۋەكىللىك ئەسەرلەر «قوغداش تۈرى» گە تاللىنىپ ، بۇ ھەقتە بەلگىلىك

تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى . ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيىلەردىمۇ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقات مەركىزى» ياكى «ئىشخانىسى» قۇرۇلۇپ بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقان تەتقىقات ، قوغداش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى .

رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك ، كۆپ خىل مەدەنىيەت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون بولۇپ ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ، ياشاش شارائىتى ۋە ئۇسۇلى ، ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى بار . شۇ نۇقتىدىن ھەرقايسى جايلارنىڭ ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى قوغداش ، تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى تۈركۈمدە ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە نۇقتىلىق تاللاش ئېلىپ بېرىپ ، تۇنجى تۈركۈمدە ھەرقايسى رايونلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى تۈرگە ئايرىپ چىقتى ۋە بۇ ھەقتە بەلگىلىك قوغداش تەدبىرلىرىنى بېكىتتى ، بىر قىسىم قېزىش ، توپلاش ، تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى . دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» تۈرغۇزۇلۇپ ، بۇ ھەقتىكى قوغداش ، رەتلەش ، تەتقىقات ئىشلىرى خېلى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى .

تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي 14 تۈر يوللانغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى مەسئۇل بولغان تۈر 6 بولۇپ ، 43% نى تەشكىل قىلىدۇ .

**14 . 1 ـ جەدۋەل**

| تۈر نومۇرى | تۈر نامى | ئىلتىماس قىلغان ئىدارە ياكى ئورۇن |
|---|---|---|
| 1 | شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى ، پىچان ناھىيىسى ، قۇمۇل ۋىلايىتى ، مەكىت ناھىيىسى |
| 2 | تاجىكلارنىڭ بۈركۈت ئۇسسۇلى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 3 | ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 4 | ئۇيغۇر كۇلالچىلىق تېخنىكىسى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 5 | تاجىكلارنىڭ زوۋۇر ۋە تېغىم بايرىمى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 6 | ئۇيغۇر دولان مەشرەپى | مەكىت ناھىيىسى |

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي 14 تۈر يوللانغان ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى مەسئۇل بولغان تۈر 9 بولۇپ ، 65.5% نى تەشكىل قىلىدۇ .

14 . 2 ـ جەدۋەل

| تۈر نومۇرى | تۈر نامى | ئىلتىماس قىلغان ئىدارە ياكى ئورۇن |
|---|---|---|
| 1 | ئىشقول بورىچىلىقى | يەكەن ناھىيىسى |
| 2 | ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىقى | پوسكام ناھىيىسى |
| 3 | ئۇيغۇر سەنەملىرى | قۇمۇل ۋىلايىتى ، يەكەن ناھىيىسى |
| 4 | تاجىكلارنىڭ ئات توپى ئويۇنى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ماھارىتى | مارالبېشى ناھىيىسى |
| 6 | ئۇيغۇرلارنىڭ خام توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى | پەيزاۋات ناھىيىسى |
| 7 | مىللىي چالغۇلارنى ياساش تېخنىكىسى | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ، شايار ناھىيىسى |
| 8 | ئۇيغۇر پىچاقچىلىقى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 9 | ئۇيغۇر قۇرۇلۇش بىناكارلىق بېزەكچىلىك لايىھىلىرى | قەشقەر شەھىرى |

تۆنجى تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە جەمئىي 109 تۈر تاللانغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى مەسئۇل بولغان تۈر 18% نى تەشكىل قىلىدۇ.

**14 . 3 ـ جەدۋەل**

| تۈر نومۇرى | تۈر نامى | ئىلتىماس قىلغان ئىدارە ياكى ئورۇن |
|---|---|---|
| 1 | شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، پېچان ناھىيىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى، مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، تۇرپان ۋىلايىتى |
| 2 | ئۇيغۇر قاغىلىق سەنمى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 3 | ئۇيغۇر كاچۇڭ سەنـ-مى | يەكەن ناھىيىسى |
| 4 | ئۇيغۇر قارا قۇرۇم تاغ ناخشىلىرى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ماھارىتى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 6 | تاجىكلارنىڭ ئات توپى ئويۇنى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 7 | ئۇيغۇر كۇلالچىلىق تېخنىكىسى | يېڭىسار ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، پەيزاۋات ناھىيىسى |

| | | |
|---|---|---|
| 8 | ئۇيغۇر پىچاقچىلىقى | يېڭىسار ناھىيىسى ، شايار ناھىيىسى |
| 9 | ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش تېخنىكىسى | قەشقەر شەھىرى ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ، توقسۇ ناھىيىسى |
| 10 | ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى خام توقۇمىچىلىقى | پەيزاۋات ناھىيىسى |
| 11 | ئۇيغۇر چورۇق تىكىش تېخنىكىسى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 12 | ئۇيغۇر چەكمەن توقۇش تېخنىكىسى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 13 | تاجىكلارنىڭ زوۋۇر ۋە تېغىم بايرىمى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 14 | ئۇيغۇر دولان مەشرىپى | مەكىت ناھىيىسى ، ئاۋات ناھىيىسى |
| 15 | تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 16 | تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |

ئىككىنچى تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە جەمئىي 230 تۈر تاللانغان بولۇپ ، قەشقەر ۋىلايىتى مەسئۇل بولغان تۈر 11.5% نى تەشكىل قىلىدۇ .

## 14 . 4 ـ جەدۋەل

| تۈر نومۇرى | تۈر نامى | ئىلتىماس قىلغان ئىدارە ياكى ئورۇن |
|---|---|---|
| 1 | ئۇيغۇر خەلق داستانى «رابىيە ـ سەئىدىن» | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى |
| 2 | تاجىك خەلق ناخشىلىرى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 3 | دولان خەلق ئۇسسۇللىرى | مەكىت ناھىيىسى |
| 4 | ئۇيغۇر تاش ئۇسسۇلى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ ساپايى ئۇسسۇلى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 6 | ئۇيغۇرلارنىڭ ساما ئۇسسۇلى | قەشقەر شەھىرى |
| 7 | ئۇيغۇرلارنىڭ سارغايدى ئويۇنى | يوپۇرغا ناھىيىسى |
| 8 | ئۇيغۇرلاردىكى قاپاق قونچاق ئويۇنى | قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى |
| 9 | ئۇيغۇر چېلىشچىلىقى | يوپۇرغا ناھىيىسى |
| 10 | تاجىكلارنىڭ قوتاز ئۈستىدە ئوغلاق تارتىش ئويۇنى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 11 | دولانلىقلارنىڭ ئوۋچىلىقى | مەكىت ناھىيىسى |

| | | |
|---|---|---|
| 12 | ئۇيغۇرلاردىكى نەۋروز بايرىمى | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى |
| 13 | ئۇيغۇرلاردىكى خەتنە ئادىتى | قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى |
| 14 | تاجىكلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 15 | ئۇيغۇر مەشرەپلىرى | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى |
| 16 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي مەشرىپى | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 17 | ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى | پوسكام ناھىيىسى |
| 18 | ئۇيغۇرلاردىكى ئاياق ئويمىچىلىق ماھارىتى | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 19 | ئۇيغۇرلارنىڭ نان يېقىش ماھارىتى | قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى |
| 20 | دولان قالۇننى ياساش تېخنىكىسى | مارالبېشى ناھىيىسى |
| 21 | دولان چالغۇلىرىنى ياساش ماھارىتى | مەكىت ناھىيىسى |
| 22 | ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىك ماھارىتى | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى |
| 23 | ئۇيغۇر خەلق تېبابەت دورىگەرلىكى | پەيزاۋات ناھىيىسى |
| 24 | ئۇيغۇر دورىگەرلىكى | يەكەن ناھىيىسى |

يۇقىرىدىكى جەدۋەللەردىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ئىچىدە قەشقەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تۈرلەر ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوچىقى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ۋە مەدەنىيەت بايلىقى مەنبەسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئورۇندىلىشىمۇ مەلۇم مەنىدە قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قېزىش، گەۋدىلەندۈرۈش، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئاساس ھازىرلاپ بېرىش، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىپ، قەشقەرنىڭ باشقا رايونلارغا قارىغاندا مول مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىپىك ئېكولوگىيىلىك ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەر زامان ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ماكان ـ زاماندىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئائىت ھەرخىل يازما يادىكارلىقلار، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىز ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار بولالايمىز. 1972 ـ يىل 16 ـ نويابىردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى پارىژدا ئېچىلغان 17 ـ نۆۋەتلىك يىغىندا «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» گە ئاساسەن «مەدەنىيەت مىراسلىرى» غا ئېنىق تەبىر بەرگەن بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قۇرۇلۇش تۈركۈمى، مەشھۇر سەيلىگاھلار قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن. بىز بۈگۈنكى كۈندە دەۋاتقان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتتا بېكىتىلگەن «مەدەنىيەت مىراسلىرى» دىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پۈتۈنلەي ئورگانىك ئۇچۇرلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. بىز بۇ نۇقتىدىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا باھا بەرگىنىمىزدە، قەشقەردىكى ھەر دەرىجىلىك

قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خېلى كۆپ بولۇپ ، بۇنىڭ ئۆزى قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ ، مەزمۇنلۇق بولۇشىنى بەلگىلىگەن .

**14 . 5 ـ جەدۋەل :** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سخېمىسى تۆۋەندىكىچە :

| نومۇرى | شەھەر ـ ناھىيە ئىسمى | دۆلەت دەرىجىلىك | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ناھىيە دەرىجىلىك | دەرىجىسى بېكىتىلمىگەنلىرى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قەشقەر شەھىرى | 3 | 8 | 21 | | 32 |
| 2 | يېڭى شەھەر ناھىيىسى | | | | 10 | |
| 3 | كونا شەھەر ناھىيىسى | | 4 | 54 | | 58 |
| 4 | يېڭىسار ناھىيىسى | | | 21 | | 21 |
| 5 | پەيزاۋات ناھىيىسى | | | | 17 | 71 |
| 6 | يوپۇرغا ناھىيىسى | | 1 | 9 | | 10 |
| 7 | مارالبېشى ناھىيىسى | 1 | 3 | 107 | | 46 |
| 8 | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 1 | 3 | 107 | | 111 |
| 9 | يەكەن ناھىيىسى | | 9 | 33 | | 24 |
| 10 | مەكىت ناھىيىسى | | | 5 | | 5 |
| 11 | پوسكام ناھىيىسى | | 1 | 8 | | |
| 12 | قاغىلىق ناھىيىسى | | 3 | 32 | | 53 |
| جەمئىي | | 5 | 32 | 332 | 27 | 396 |

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت مالىيىسىدىن راسخوت ئاجرىتىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرلىرىنى قوغداش خىزمىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. كونكرېت تۈر ئىگىلىرى، يەنى شۇ خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قالغۇچىلارغا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ھەر بىر كونكرېت تۈرنى ساقلاپ قالغان ئۇستىكارلار رويخەتكە ئېلىنىپ، ئۇلارغا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن زور مەبلەغ ئاجرىتىلدى. دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ ۋارىسلىرىغا ھەر يىلىغا سەككىز مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىرىغا ھەر يىلىغا 3600 يۈەن ئاجرىتىلىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى دەسلەپكى قەدەمدە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇنداقلا يەنە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پايدىلانغۇچىلارغا بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كارخانىلىشىش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ئىچىدىن داڭلىق كارخانىچىلار يېتىشىپ چىقىپ، قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ

تېخىمۇ ئوخشۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۆپلىگەن ياردەملەرنى بەردى . قەشقەر شەھىرىگە جايلاشقان «سەمەن مېھمانخانىسى» نىڭ باش دىرېكتورى ئىبراھىم سەمەن ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 2006 ـ يىلى نويابىردا تەتقىقات گۇرۇپپىمىز تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىگە بارغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئالاھىدە قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى . بىز بۇ يەردە ئىبراھىم سەمەننىڭ ياردىمى ۋە قەشقەرنىڭ ھازىرقى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىش يولىدا كۆرسەتكەن ئەمگەكلىرىگە تېگىشلىك ئاپىرىن ئېيتىمىز .

## § 2 . قوغداش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەر ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار

ھازىرچە ئاپتونوم رايونىمىزدا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش» جەھەتتە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى . بىراق بۇ جەھەتتە يەنىلا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا .

بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس . سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئۈچۈرلىشىشنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان . ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى «ئېكولوگىيىلىك ھالىتى» نىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ھالىتى كىشىلىرىمىزنى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى چۆچۈتمەيۋاتىدۇ . كىشىلىرىمىز ئەنئەنىۋى

مەدەنىيىتىمىزنىڭ «ئەسلىي ھالىتىدە تىرىلدۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ساھە» ئىكەنلىكىنى ماھىيىتىدىن تونۇيالمايۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ساھە بويىچە جىددىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپىدىن ھەقىقىي تۇردە ئورۇن ئالالمايۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قېلىپلاشقان ۋارىسلىق قىلىش سىستېمىسى كەمچىل. گەرچە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ زور دەرىجىدە قوللىشى، بۇ ساھەدە نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلسىمۇ، بىراق قوغداش بىلەن ۋارىسلىق قىلىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى ھەقىقىي تۇردە كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغاچقا، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى ۋە قىممىتىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا، ھەقىقىي مەنىدىكى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغىنى يوق.

ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت سورۇنلىرى كۈنسېرى يوقىلىپ كېتىپ بارماقتا. مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلىنىش قەدىمى ئاستا. بازارلىشىش ئەھۋالى، سانائەتلىشىش، تېخنىكىلىشىشنىڭ تەسىرىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زامانىۋى كىشىلىرىمىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە ئېگىلىك تىكلەش ھالىتىگە نىسبەتەن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەستەك بىلىنمەكتە. نەتىجىدە ئۇلارغا بولغان تونۇش، چۈشىنىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش، تونۇتۇش چۈشەنچىسى غۇۋا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بارغانسېرى يوقىلىش سۈرئىتى تېزلىشىپ بارماقتا.

تۆتىنچىدىن ، ئەنئەنىۋى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش سىياسىتىنىڭ قانۇنلىشىش ئەھۋالى يېتەرسىز ، ئاجىزىتىلغان راسخوت ئاز . گەرچە بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات خېلى كۆپ ، ئومۇمىيۈزلۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، بەزىبىر قوغداش تەدبىرلىرى مۇكەممەل ئەمەس . ھەممىدىن مۇھىمى قانۇنلاشمىغان بولغاچقا ، قوغداش خىزمەتلىرى تازا ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلماۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغداش خىزمىتى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولغاچقا ، قوغداشقا ئالاقىدار بىرقاتار مەسىلىلەر سىستېمىلىق ھەل قىلىنغىنى يوق .

تەتقىقات جەھەتتىن ئالغاندىمۇ تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت :

بىرىنچىدىن ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى قۇتقۇزۇش ، قوغداش خىزمەتلىرىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ ساھەدە كۆپ خىل قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەمەلىي خىزمەتكە نىسبەتەن ئاز بولمىغان قۇلايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا . مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ كۆپ ھاللاردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىن ئايرىپ چىقىپ ، مۇستەقىل ساھە تەرىقىسىدە چۈشىنىۋېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولماقتا .

ئىككىنچىدىن ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېچىپ پايدىلىنىش خىزمىتى تەكشى ئەمەس . كۆپلىگەن تۈرلەرگە قارىتا ئىقتىسادىي سېلىنما بىر قەدەر زور بولسىمۇ ، بىراق ئېچىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ ، قوغداشقا سەل قاراش ، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس . ئەڭ مۇھىمى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قوغلىشىپلا ، ئۇنىڭ

ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ۋە قىممىتىگە بولغان تونۇش كەمچىل .

ئۈچىنچىدىن ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئالدى بىلەن بىر خىل ئىلمىي خىزمەت ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدا شۇخىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە قوغداش تەدبىرلىرىنى بېكىتىش ئالدى بىلەن بۇ ساھەدىكى غوللۇق مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنىنىڭ بار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . لېكىن ھازىرغىچە ئىشلەنگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقات خىزمەت گورۇپپىسىغا مەسئۇل كىشىلەر ئىچىدە ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە يېتىشكەن ياكى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە مەركەزلەشكەن تەتقىقات قوشۇنى كەمچىل بولۇپ تۇرماقتا .

تۆتىنچىدىن ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇنىۋېرسال ساھە بولغاچقا ، ئەلۋەتتە تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورگانىك ھالەتتە بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . لېكىن تەتقىقات خىزمەتلىرىمىزدە خەلقتىن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ، روھىي دۇنياسى ، ئېنتىلىشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ھالەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ .

بەشىنچىدىن ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە بولۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن تەتقىقاتتا ئۇلارنى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە پارچىلاپ باشقۇرۇش ، تۈرگە ئايرىش ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغاچقا ، بۇنداق ئەھۋال تەبىئىي ھالدا بىر پۈتۈن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ پارچىلىنىش ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا .

ئالتىنچىدىن ، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزىبىر ئەنئەنىۋى قاراشلار بىر تاياقتىلا خۇراپاتلىق جۈملىسىگە مەنسۇپ قىلىنىۋېتىلگەچكە ، شۇنداقلا يەنە فېئوداللىق ئادەتنىڭ قالدۇقى ، مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغاچقا ، بۇ خىل كەيپىيات ياكى خاھىش تەبىئىي ھالدا بىر

قىسىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى ئېچىپ بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھالەت بولۇپ تۇرماقتا .

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە چوڭقۇر نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئۇنىڭدا ئۇنىۋېرساللىق ، ئاممىۋىلىق ، مىللىيلىك ۋە مەھەللىۋىلىك ، ئۆزگىرىشچانلىق ، سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكلىرى روشەن گەۋدىلەنگەن بولىدۇ . تەتقىقات گۇرۇپپىمىز دەل يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ، قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى سۈرەتلەش ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ، مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ بۇ تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەپ چىقتۇق .

روشەنكى ، بارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدا قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىش ، ۋارىسلىق قىلىنىش خاراكتېرىنىڭ ، فۇنكسىيىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىنىش ، قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ .

بىز يۇقىرىدا قەشقەر رايونىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مەركىزىي نۇقتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۆزگە نۇرغۇن ئىچكى ئېنېرگىيە جۇغلىغانلىقى ، شۇ تۈپەيلى بىز بۇ رايوننىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئېلىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات كۆرسەتمىسىگە يېقىندىن ماسلاشتۇرۇپ ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە بايان قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق . خۇددى ھەر قانداق بىر كاتتا رەسىم شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزى بولالمىغىنىدەك ، بىزنىڭ بۇ بايانلىرىمىز ئەزىزانە

قەشقەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەينەن تېز سىزما بولۇشتىن خېلى يىراق .

روشەنكى ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىۋى ياشاش شارائىتى ، ياشاش ئۇسۇلى ۋە مەنتىقىسى ، مەنىۋى قىممەت قاراشلىرى ، دىنىي ئېتىقادى جەھەتلەردىكى پەرق تۈپەيلى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا ، ئۇلارغا قارىتا خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى قوغداش چارىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى . شۇنداقلا يەنە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت فورمىسىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملىرىمۇ ئوخشاشلا ئوخشاش بولمىغان مەۋجۇدىيەت شەكلى ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغاچقا ، ئۇلارغا قارىتا قوغداش تەدبىرلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئويلاشقىنىمىزدا ، ھەر بىر تۈر بويىچە ئوخشاش بولمىغان قوغداش تەدبىرلىرىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى كېرەكلىكىنى بايقايمىز . بىزنىڭ بۇ تەتقىقات تېمىمىزمۇ ئەنە شۇنىڭ ئىچىدە .

تۆۋەندە بىز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ، قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر قاتار پرىنسىپلارنى قوغداش ئومۇمىي لايىھىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىمىز :

## 1 . غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى «ماددىلىشىش» پرىنسىپى

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ماھىيىتى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ مەنىۋى تەرىپىگە قارىتىلغان بولۇپ ، ھەرگىزمۇ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا ئېيتىلغان قارشى ئۇقۇم ئەمەس . يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپ

مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ ، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ھەرقانداق مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەم ماددىي ، ھەم مەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ . بىز تۆۋەندە كۆنۈكۈپ كەتكەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئۇقۇمى تەتقىقات ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ماھىيەتتە ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ياشاش ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئورتاق نامىنى كۆرسىتىدۇ . روشەنكى ، تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ماددىي خاراكتېرى كۈچلۈك . ئۇلارغا قارىتا قوغداش ، ۋارىسلىق قىلىش نىسبەتەن كۆزگە چېلىقارلىق بولىسىمۇ ، لېكىن بەزىبىر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ مەنىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك (مەسىلەن ، سېركچىلىك ، ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن كۆز قاراشلىرى قاتارلىقلار) بولغاچقا ، ئۇلارغا قارىتا «ماددىلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ .

«ماددىلاشتۇرۇش» پرىنسىپى ئاساسلىقى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئاساسلىقى مەنىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا ئەينەن ، بىۋاستە خاتىرىلەش ، ئارخىپلاشتۇرۇش ، كۆرگەزمە ئويۇن قويۇش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىي جانلىق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ، ۋارىسلىق قىلىنىشى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ «ماددا» ھالەتكە كەلتۈرۈش پرىنسىپىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭ جانلىق ھالىتى تەتقىقات ، قوغداش خىزمىتىمىزدە سان - سىپىر ئامبىرى ، ئارخىپ ئامبىرى قۇرۇش ، ھەرخىل تەشۋىقات فىلىملىرىنى ئىشلەش ، مېدىيە ۋاستىلىرى ، تور ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ «ماددىلاشقان»

ھالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ . بىز تەكشۈرۈش داۋامىدا يەكەن ناھىيىسىدە كىسپىي مۇقامچىلار ئارخىپىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئورۇندالغانلىقى ، شۇ تۈپەيلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئورۇندىغۇچىلىرىنىڭ ئەل ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بايقىغىنىمىزدا ، بىزنىڭ بۇ پرىنسىپىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى بايقىدۇق . بۇ پرىنسىپنى يەنە كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، تۇرالغۇ ئۆي ، سېرىكچىلىك ۋە تەنتەربىيە ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە تەتبىقلاش ئارقىلىق ، شۇ ساھەلەرنىڭ ھەر بىر ئىش ھالقىلىرىغىچە تەپسىلىي خاتىرىلەش ، سىنغا ئېلىش ، مېدىيە ۋاستىسى ئارقىلىق قوغداش ، ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز . تەكشۈرۈش داۋامىدا ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ گەۋدىلىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىشلەنگەن ھەر خىل VCD پلاستىنكىلىرى بىزگە بۇ ھەقتىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىسپات بولدى .

## 2 . ئادەمنى مەركەز قىلىش پرىنسىپى

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ مەنىۋىلىكىدە . يەنى «كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولمايدىغان ، قايتا تەكرارلانمايدىغان» خاراكتېرىدە كۆرۈلىدۇ . مەلۇم بىر مەدەنىيەت بۇيۇمى روياپقا چىقىشتىن ئاۋۋال ، ئۇ مەلۇم ھۈنەرۋەننىڭ مېڭىسىدە سۇبيېكتىپ ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ، ھېسسىياتى ، گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە ئىش قوشۇپ ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ . بۇ يەردىكى مەسىلە ماھىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، «كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولىدىغان»

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ خەزىنىسى ، كانى بولغان «ھۈنەرۋەن» نى قوغداشتا كۆرۈلىدۇ . ناۋادا شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سۈبيېكتى ، ئىختىراچىلىرى ، ئىجراچىلىرى ، ئېلىپ يۈرگۈچىلىرى ، ئىزچىللاشتۇرغۇچىلىرى ، ۋارىسلىرى بولغان «مەدەنىيەت بەرپاچىلىرى» يوقىلىپ كېتىدىكەن ، ئۇ ھالدا شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىن سۆز ئېچىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ . بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزگە مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشى ، تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن كېيىن مۇقامچىلارنىڭ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ، ھازىرقى ئون ئىككى مۇقامنىڭ قىسمەن كەمتۈك ئاھاڭلىرىنى بايقاپ بولالماسلىقىدەك پولاتتەك پاكىت «ئادەمنى مەركەز قىلىش» پرىنسىپىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . شۇنداقلا قەشقەر رايونىدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە ئاتا مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۇلالچىلىق (ساپالچىلىق) ، سەگەزچىلىك ، تۇگمەنچىلىك ، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ بارغانسېرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى ، مەدداھلىق سەنئىتى ئىگىلىرى ، ۋارىسلىرىنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ، قەشقەر رايونىنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئالاھىدە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تۈرلەرنىڭ ۋارىسلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز . بۇنىڭدا «ئەسلىدىكى ئېكولوگىيىلىك ۋارىسلىق قىلىش» ، «كەسپىي ۋارىسلىق قىلىش» ۋە «مائارىپ ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش» تىن ئىبارەت ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولۇشى مۇمكىن .

«ئەسلىدىكى ئېكولوگىيىلىك ۋارىسلىق قىلىش» تا تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تايانچ كۈچلەرنى قەرەللىك ھالدا بىر يەرگە يىغىپ، شۇ كەسىپ ئۇستىلىرىنىڭ ئۆز ھۈنەرلىرىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىش، ئۆگەنگۈچىلەرگە ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ «ئۇرۇق» لۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ياردەمدە ئۇلارنىڭ داۋاملىق شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

«كەسپىي ۋارىسلىق قىلىش» تا كونكرېت كەسىپ ئۇستىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاتا مىراس كەسىپنىڭ داۋاملىشىپ، ئەجداد چىرىغىنىڭ تېخىمۇ نۇر چېچىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. يەنە بىر جەھەتتىن كەسپىي كارخانىلار ياكى ئورۇنلارنىڭ ئۆز كەسىپ دائىرىسىدە قەرەللىك ھالدا ھەر خىل كۆرگەزمە، مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ كەسىپنى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ، شۇ ساھەگە قارىتا مۇئەييەن قىزغىنلىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«مائارىپ بىلەن ۋارىسلىق قىلىش» تا مەلۇم كەسىپلەر بويىچە كەسىپلەشكەن ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا شۇ كەسىپ بويىچە ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىش، بۇ ھەقتە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە سۆزلىتىش، مائارىپتىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك تەربىيىلەش ۋاسىتىسى ئارقىلىق،

جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ چۈشەنچىسى ، دىققەت ـ ئېتىبارى ، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كۆچەيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ناۋادا يۇقىرىقىدەك ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئىشقا ئاشىدىغان بولسا ، قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قوغدىلىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ .

## 3 . بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى

بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى دېگىنىمىز ، ھەرقايسى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق باغلىنىش بىر پۈتۈنلۈكىدىن تاشقىرى ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزلۈك ھالىتى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپىنى كۆرسىتىدۇ .

(1) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزلۈك ھالىتىنى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە قوغداش

مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى كۆپ خىل ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، شۇ شەيئىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئورتاق يىغىندىسى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، كۇلالچىلىقنى ئالغىنىمىزدا ، ئۇ كۇلالچىلىق ئۇستىسى ، ساپالغا كېرەكلىك لاي ، رەڭ ، خۇمدان قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ ، كۇلالچىلىققا قارىتا قوغداش تەدبىرلىرىنى ئويلاشقىنىمىزدا ، يۇقىرىقى تەركىبلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپلىق ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ .

(2) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتىنى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە قوغداش

مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشى مەلۇم جۇغراپىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ناۋادا شۇ خىل مۇھىتتىن ئايرىلىدىكەن، شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۆز مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۆزى بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتىنىمۇ ئويلىشىشىمىز، بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى بويىچە قوغداش تەدبىرلىرىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولغان مەشرەپنى ئويلاشقىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى مۇقام، ئەلنەغمە، ناخشا - ئۇسسۇل، چالغۇ، مۇقامچى، ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار، مەشرەپ قائىدە - يوسۇنلىرى، تاماشىبىندىن ئىبارەت ھەر قايسى تەركىبلەرگە تەڭ ئېتىبار بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھالەتتە قوغدىغىلى، ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. يەنە بۇ نۇقتىدا بىز قەشقەر رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە مۇكەممەل بىر سىستېما بەرپا قىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ھەر قايسى ساھەلەرگە ئورتاق ئېتىبار بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

## 4. جانلىق ھالەتتە قوغداش پرىنسىپى

خۇددى بىلىق سۇدىن ئايرىلالمىغاندەك، بىزنىڭ كاتتا بايلىقىمىز، روھىيىتىمىز ھېسابلىنىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزمۇ ئۆزىنى جانلىق ھالەتتە راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مۇھىتقا موھتاج بولىدۇ. ئاشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەسلىي، جانلىق ھالىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن يەنىلا بىلىقنى مىسال كەلتۈرگىنىمىزدە، ئۇ

ماددىي ئوقتىدىن مەيلى ئۆلگەن ۋە مەيلى تىرىك بولسۇن ، ئوخشاشلا بىلىق ھېسابلىنىدۇ . مەنىۋى ئوقتىدىن كۆزەتكىنىمىزدە ، ئۇنىڭ تىرىك تۇرۇشى ھەممىدىن مۇھىم . دېمەكچىمىزكى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جانلىق ، تىرىك ھالەتتە قوغداپ قېلىش ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ . تەكشۈرۈشىمىزدىن دەلىللەنگەن «قەشقەر سەمەن ساياھەتچىلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (گۇرۇھى)» نىڭ «سەمەن مېھمانخانىسى» قورۇسى ئىچىدە مەخسۇس «ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ساياھەت باغچىسى» قۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئون نەچچە خىل ھۈنەر - كەسىپنى جانلىق ھالەتتە ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىپ ، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشى ھەم بۇ ئارقىلىق قەشقەر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئادەتلىرىنى جانلىق ھالەتتە قوغدىشى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنىڭ تامامەن مۇمكىنچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . شۇنداقلا يەنە قەشقەرنىڭ ھۈنەر - كەسىپ بىلەن داڭلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ زور ئەۋزەللىك ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن كارخانىلىششقا قاراپ يۈزلىنىش مۇمكىنچىلىكىدىن دالالەت بېرەلىشى ئارقىلىق ، بىز بىر قىسىم مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئەسلىي ھالەتتە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان ساھە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سالىمىز .

## 5 . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خەلققە قايتۇرۇش ۋە كۆپ تەرەپلەرنىڭ قاتنىشىش پرىنسىپى

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ھۆكۈمەت ، ئىلىم ساھەسى ، ئىقتىساد ساھەسى ، مېدىيە ساھەسى ۋە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ئىنتايىن

زۆرۈر. بولۇپمۇ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلىپ بېرىلىشى ۋە ئىزچىللىشىشى قىيىنغا توختايدۇ. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مەدەنىيەت خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، مىراسلىرى بولغاچقا، خەلق ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھەقدارلىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلقنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىيىتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاز ـ تولا كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىزكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىنىش قانۇنىيىتىگە ئارىلىشالمايمىز. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيىلەرنى جارى قىلدۇرالايدۇ، خالاس.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مۇكەممەل سىياسەت تۈزۈش، قانۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش قاتارلىق فۇنكسىيىلەرنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ خىزمىتى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن، قوغداش خىزمىتى تەشكىلىي ئاپپاراتىدىن، يولباشلىغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئىلىم ساھەسى: غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر گەرچە مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشىغا بىۋاسىتە ئارىلىشالمىسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى

ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ ، ھەرقايسى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا قارىتا قوغداش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار تەكلىپ ، لايىھىلەرنى سۇنىدۇ . ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق قوغداش خىزمىتى ئىلمىيلىككە ئىگە بولىدۇ . بىزنىڭ بۇ تەتقىقات ئەمگىكىمىزمۇ شۇ جۈملىگە كىرىدۇ .

ئىقتىساد ساھەسى : غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەر قوغداش خىزمىتى ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن تەمىنلەش ، شۇنداقلا يەنە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن ، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە راۋاجلىنىش ، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ . بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماددىلىشىش پرىنسىپى ، ئادەمنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى ، بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەم تەلەپلىرى بويىچە پىلانلىق ئاساستا ئىش كۆرۈش كېرەك .

مېدىيە ساھەسى : غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە مېدىيە ساھەسىنىڭ ئەڭ چوڭ رولى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ، ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا كۆپلەپ تەشۋىق قىلىش ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، بىر قىسىم مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىش قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ . بىز بۇ نۇقتىدا قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئېسىل تائاملار ، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ، مۇنبەت تۇپراق قاتارلىق پروگراممىلىرىدا قويۇلۇۋاتقان مەزمۇنلارنىڭ زور رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىمىز .

يۇقىرىدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ پەقەت خەلق ئارىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ ئەڭ زور ئىكەنلىكىنى ئىپتىراپ قىلىدۇ. قانداقتۇر ناتوغرا، ئىلمىيلىكتىن يىراق يوللار بىلەن زورلۇق ۋاسىتىسى قاتارلىقلارنى قوللىنىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتتىن يىراق ھالدا قوغداش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرىدۇ، خەلققە، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

## 6. ئەسلىي ھالىتى بويىچە قوغداش پرىنسىپى

مەلۇمكى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەرۋاقىت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. لېكىن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەسلىي ئىپادىلىنىش ھالىتىدە بىرقىسىملىرىنىڭ ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىش، قوبۇل قىلىنىش، مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش جەريانىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئەسلىي ھالىتىدە ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقايمىز. بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا قوغداش پرىنسىپىمىز ئەسلىي ھالىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا قوغداش پرىنسىپىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى، فۇنكسىيىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا مەقسىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىمىز.

## 7 . مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداشتىكى كۆپ خىللىلىش پرىنسىپى

مەلۇمكى ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوخشاشمىغاچقا ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كېلىپ چىققان . شۇنداقلا يەنە ھەرقايسى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي بىرلىك ئىچىدە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىشى نەتىجىسىدە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدە ئۆزگىرىش كېلىپ چىققان ياكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ خىللىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن . مانا بۇ بىز دەۋاتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كۆپ خىللىلىش پرىنسىپىنى كۆرسىتىدۇ .

يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ھەرخىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ، بىز قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ خىللاشقان ئارىلاشما ھالەتتىكى تىپىك مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز .

مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىكى كۆپ خىللىلىش مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ ،غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ خىل ھالىتىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئەسلىي ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . لېكىن بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىزدىن قارىغىنىمىزدا ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا بىر قەدەر ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى دېگىنىمىزدە ، بۈگۈنكى سانائەت ، ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەسىرىدىن نىسبەتەن يىراقتا تۇرغان ، ئەنئەنىۋى فولكلور خاراكتېرى ، ۋارىسچانلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى نەزەردە

تۇتىمىز. بۇ نۇقتىدا قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇزېيى سۈپىتىدە يېپەك يولى ئالاقىسىنىڭ ھەرخىل قاينامىلىرىدا نىسبەتەن ئەنئەنىۋى خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. ھەر قايسى تەركىبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەكلى ۋە شارائىتى ئوخشاشمىغاچقا، ئۇلارغا قارىتا كۆپ خىل، ئوخشاشمىغان قوغداش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بىز بۇ نۇقتىدا يەنە ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئۆزگىرىپ بارىدىغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، جۈملىدىن كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا قارىتا پەقەت مېدىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق كۆپلەپ تەشۋىق قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ فورمىسى ھالىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش، ساياھەتچىلىك، كەسپىي كارخانىچىلىق قاتارلىق يوللار ئارقىلىق قوغداش خىزمىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشالايمىزكى، ھەرگىزمۇ مەجبۇرىي يوسۇندا قانۇنلاشتۇرالمايمىز. دېمەكچىمىزكى، ئوخشاشمىغان ساھە ئوخشاشمىغان ئۆلچەمنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 8. تىپىك تۈرلەر بويىچە قوغداش پرىنسىپى

ھەرقانداق مىللەت ياكى ھەرقانداق بىر رايوننىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدە بارلىق تۈرلەرنىڭ قوغدىلىدىغان تۈرلەرگە كىرىشى ناتايىن. بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دېگىنىمىزدە، نۇقتىلىق ھالدا شۇ رايون، شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەھەللىۋى، ئېتنىك خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تۈرلەرنى نەزەردە تۇتىمىز. شۇنداقلا يەنە، شۇ مىللەتنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوغداشنىمۇ تەلەپ قىلمايمىز. پەقەت شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە

قىسىملىرىنىلا نەزەردە تۇتىمىز . بىزنىڭچە قوغدىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك :

(1) تارىخىي قىممىتى . يەنى شۇ تۇرنىڭ شۇ مىللەت ، شۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇئەييەن دەرىجىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ، ئۆز قىممىتى ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغان ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ .

(2) سەنئەت قىممىتى . مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئالدى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە شۇ توپ ، شۇ خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ، شۇ توپ ، شۇ خەلقنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئېستېتىك خاھىشى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدى بىلەن «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» نىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ۋەكىللىك ئەسىرىگە تاللىنىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ .

(3) ئىلمىي قىممىتى . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شۇكى ، ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيدا بولغان بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت . بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ بىرى — مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلمىي قىممەتنى ھازىرلىغان بولۇش ، شۇ توپ ، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرى ۋە چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇش كېرەك . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەتنىڭ شەيئىلەرگە مەنپەئەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىدا ، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە ئىلمىيلىك - قانۇنىيەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ . شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت

ھادىسىلىرى يۈكسەكلىككە، چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ، كۈچلۈك فولكلور ئاساسىنى ھازىرلىيالايدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئالغاندا، قەشقەردىكى 11 ناھىيە، بىر شەھەر يەنە ئۆزىگە خاس بىر قىسىم ئەۋزەللىككە ئىگە. مەسىلەن، يەكەننىڭ 12 مۇقامى، مەكىت ۋە مارالبېشىنىڭ دولان مۇقامى، يېڭىسارنىڭ پىچاقچىلىقى، قەشقەر شەھىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، سودا مەدەنىيىتى دېگەندەك. ھەر قايسى ناھىيە، تارماقلار ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كوزىر قىلغان ئاساستا، نۇقتىلىق ھالدا شۇ تۈرلەرگە قارىتا مەبلەغ سېلىپ، قوغداش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىكى ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 9. يوقىلىپ كېتىش ھالىتىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش پرىنسىپى

ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت مۇھىتىدا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالماقتا. بەزى تۈرلەر نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدىن يوقىلىپ كەلمەسكە كەتتى، دېسەكمۇ خاتالاشقان بولمايمىز. بۇنداق شارائىتتا بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ «قايتا پەيدا بولماسلىق» ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئەڭ جىددىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇلاھىزە قىلىپ، بولۇپمۇ شۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ سۇبيېكتلىرى بولغان ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇھىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ھالدا

قوغداش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك .

## 10 . قوغداش بىلەن پايدىلىنىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى

مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ، شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئۈنۈملۈك هالدا پايدىلىنىپ ، مەلۇم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش بۇ ساهەدىكى هەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى . بۇنىڭدا بىز دائىم سۆزلەپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ ، قوش ئۈنۈم يارىتىش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەهەتتە پايدىلىنىشقا ئەرزىگۈدەك پرىنسىپ هېسابلىنىدۇ .

قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى سۈپىتىدە ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئەنئەنىگە ، قويۇق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ ، هەرقايسى تۈرلەر يەنە ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ، ئۇلار هەققىدە ئايرىم - ئايرىم هالدا قوغداش تەدبىرلىرى ، پرىنسىپلىرىنى بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ . بىز يۇقىرىدا ئومۇمىي تۈرلەر بويىچە ئاساسلىق قوغداش پرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە ، يەنە قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈۋەندىكىدەك خىزمەت ئۇسۇللىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز :

(1) قەشقەر تەۋەسىدىكى هەرقايسى جايلاردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەنبەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش .

«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەهدىنامىسى» دا بەلگىلەنگەن بارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت

مىراسلىرىنىڭ تۈرى بويىچە پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئۇلارغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋى ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئەينەن، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا رەتلەش، خاتىرىلەپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سان - سىپىر ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىمىزگە ئاساسلانغاندا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى مۇقامچىلارنى ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمىتى خېلى ئەتراپلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس. بىز ئىلمىي، ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ھەقىقىي بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئارخىپلاشتۇرۇپ چىققىنىمىزدا، ئاندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن يول ئاچالايمىز.

(2) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قاتلاممۇ قاتلام قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش.

رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقى، ھەرقايسى رايونلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش، توپلاش، قوغداش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە دۆلەت، ئاپتونوم رايون، شەھەر، ناھىيە قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

(3) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش.

گەرچە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تېگى- تەكتىدىن خەلقنىڭ شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېتىبار تۇيغۇسىنى قوغداشنى مەقسەت قىلسىمۇ، بىراق ئۇنى قانۇنىي تەرتىپتە تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك، ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ باشلامچىلىقى ۋە يېتەكچىلىكىدىن ئايرىپ ئېلىپ بارغىلى

بولمايدۇ . شۇڭا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش زۆرۈر :

بىرىنچى ، ھۆكۈمەتنىڭ باشلامچىلىق فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك .

ئۇزاقتىن بېرى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ ، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ باشلامچىلىق فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ، قوغداش خىزمىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى ، مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىنى ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى توغرا بولغان يېتەكچى ئورگاننىڭ باشلامچىلىقىغا تاپشۇرۇش كېرەك .

ئىككىنچى ، قانۇنلۇق ، تۈزۈملەشكەن قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك .

گەرچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا بولغان ئاكتىپچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولسىمۇ ، بىراق بىر قىسىم كىشىلەر ، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى تازا يېتەرلىك ئەمەس . شۇنداقلا خىزمەت ئىشلەش ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن قالايمىقان ، ھەتتاكى بىر قىسىم قانۇنسىز قىلمىشلار يۈز بېرىۋاتقان شارائىتتا ، بۇ ھەقتىكى سىياسەت ، ئەمر - پەرمانلارنى قانۇنلاشتۇرۇش كېرەك .

ئۈچىنچى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئىلمىي بولغان ۋارىسلىق مېخانىزمى بەرپا قىلىش ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك .

بەزى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئالاھىدە خاراكتېر، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەۋجۇدىيەت شەكلىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارغا قارىتا ئالاھىدە يوسۇندىكى ۋارىسلىق قىلىش، قوغداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنى ئويلاشقاندىن كۆرە، مەبلەغنى ئالدى بىلەن ئويلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن زور مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئارقىلىق توپلانغان ئىجتىمائىي بايلىق گاھىدا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىدىن غايەت زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

(4) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش.

بىرىنچى، ئەڭ ئاۋۋال جايلار ۋە تارماقلاردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقات مەركىزى، تەتقىقات ئىشخانىسى ياكى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسى، پرىنسىپى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى بەلگىلەش، يۇقىرى - تۆۋەن ئورگانلار بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئېچىپ پايدىلىنىش كېرەك.

بۇنىڭدا ئايرىم تۈرلەر بويىچە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، باشقا تۈرلەرنىڭ قوغدىلىش خىزمىتىنى ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە قىلىش، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ماس قەدەمدە قوغدىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

(5) تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ غەيرىي

ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش .

رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ، كۆرگەزمە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ، بۇ خىزمەتنىڭ پايدىسى ۋە ئەھمىيىتىنى ئەتراپلىق ، توغرا ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ ۋە تەشۋىق قىلىپ ، جەمئىيەتكە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتۇش ، شۇ ئارقىلىق ئاكتىپ ، قىزغىن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك .

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن قوغداش پرىنسىپلىرى بارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ماس كېلىۋەرمەيدۇ . بىراق ، يەككە ، ئايرىم تۈرلەر بويىچە ماس كېلىدىغان قوغداش تەدبىرلىرىنى ئويلاشقىنىمىزدا ، يەنىلا مەلۇم قىممەتكە ئىگە دەپ قارايمىز .

قەشقەر ئەسىرىمىزنىڭ باش قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇستى ئوچۇق فولكلور مۇزېيى . ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخقا ۋە قويۇق فولكلور ئالاھىدىلىكىگە ، مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەقىقەتەن پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ . شۇ نۇقتىدىن مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ، مۇشۇ ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ، مەدەنىيەت خىزمىتى ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق . تەتقىقات خىزمىتىمىزدە كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ ، بۇ تېمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشىغا ، شۇ ئارقىلىق دىيارىمىز قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى قوغداش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمىز .

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

## A . خەنزۇچە مەنبەلەر :

1.《喀什地区志》(上,下),新疆人民出版社 2004 年
2.《喀什市志》,新疆人民出版社 2002 年
3.《巴楚县志》,新疆大学出版社 1998 年
4.《叶城县志》, 新疆人民出版社 1999 年
5.《麦盖提县志》,新疆大学出版社 1994 年
6.《莎车县志》,新疆人民出版社 1996 年
7.《英吉沙县志》,新疆人民出版社 2003 年
8.《泽普县志》,新疆大学出版社 1992 年
9.《岳普湖县志》,新疆人民出版社 1996 年
10.《疏勒县志》,新疆人民出版社 2001 年
11.《疏附县志》,新疆人民出版社 2000 年
12.《伽师县志》,新疆人民出版社 1997 年
13.《喀什市地名图志》, 喀什市地名委员会 1985 年
14.《民族服饰研究》,新疆人民出版社 1995 年
15.《突厥语大词典》研究论文集 ,新疆人民出版社 2006 年
16.《中国新疆维吾尔木卡姆艺术》,新疆人民出版社 2006 年
17.《文化研究导论》,高等教育出版社 2004 年
18. 牛汝极《文化的绿洲》,新疆人民出版社 2006 年
19. 阿布都克里木·热合曼《丝路民族文化视野》,新疆大学出版社 1999 年

20. 西仁・库尔班,伊明江・木拉提《塔吉克族民俗文化》,新疆大学出版社 2001 年
21.《维吾尔族哲学思想研究》，华南科技出版社 1995 年
22.《民俗研究》，山东教育出版社 2004 年第 2,第 3 期
23.《中国民族民间舞蹈集成》(新疆卷)，中国 ISBN 中心 1998 年
24.《人类服饰文化学》，天津人民出版社 1995 年
25.《中国数文化》，岳麓书社 1995 年
26.《丝路文化》(新疆卷)，浙江人民出版社 1995 年
27.《中国少数民族文化大辞典》(西北地区卷),民族出版社 1999 年
28.《中国各民族宗教与神话大辞典》，学苑出版社 1993 年
29.《品读莎车》，新疆人民出版社 2007 年
30.《十二木拉姆歌词选》，新疆人民出版社 2007 年
31.《新编新疆文史资料第一集》2004 年
32. 牛汝极《阿尔泰文明与人文西域》新疆大学出版社 2003 年
33.《西域文化名人志》，新疆人民出版社 1991 年
34. 艾娣雅・买买提《一位人类学者视野中的麦西莱甫》民族出版社 2007 年
35.《新疆史纲》，新疆人民出版社 2004 年
36. 姜戎《狼图腾》，长江文艺出版社 2004 年
37.《维吾尔文学史》，新疆大学出版社 1998 年
38. 《新疆历史与文化》,新疆人民出版社 2006 年

## B . ئۇيغۇرچە مەنبەلەر

39 . يۇسۇپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 - يىلى .
40 . مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىلى .

41 . مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كوراگان : «تارىخى رەشىدي» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2007 ـ يىلى .
42 . سەيپىدىن ئەزىزى : «سۇتۇق بۇغراخان» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى .
43 . «نەۋارىخي مۇسىقىيون» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1982 ـ يىلى .
44 . «شىنجاڭ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى .
45 . تۇرسۇنئاي يۇنۇس : «ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىلى .
46 . غەيرەتجان ئوسمان : «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىلى .
47 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002 ـ يىلى .
48 . ۋېي لياڭتاۋ : «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى . 2000 ـ يىلى .
49 . «شىنجاڭدا مىللىي سودا ـ سانائەت» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (44) . شىنجاڭ 2001 ـ يىلى .
50 . ئابدۇللا تالىپ : «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى .
51 . ئىمىن تۇرسۇن : «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىلى .
52 . «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ توپلام) سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن ، 1986 ـ ، 2000 ـ يىللار .
53 . «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى .

54 . «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىلى .
55 . «غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىلى .
56 . «20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» ئالمۇتا ، 2005 ـ يىلى .
57 . مۇھەممەت يۇسۇپ : «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى . 1994 ـ يىلى .
58 . يۇ تىيەنخېڭ (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى .
59 . «مۇقام تېكىستلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى .
60 . ئەبۇئەلى ئىبن سىنا : «تېبابەت قانۇنى» ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ـ سەھىيە نەشرىياتى ، 2000 ـ يىلى .
61 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1997 ـ يىلى .
62 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىلى .
63 . گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) : «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1997 ـ يىلى .
64 . ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى .
65 . «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2006 ـ يىلى (12 توملۇق) .
66 . م . زۇنۇن . ئابدۇكېرىم رەھمان : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ

يىلى .
67 . ئابدۇكېرىم رەھمان : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى .
68 . ئادىل مۇھەممەت تۇران : «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2005 ـ يىلى .
69 . ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخ مەدەنىيىتى» (ئۈچ توم ) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2006 ـ يىلى .
70 . «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىلى .
71 . ئەسەت سۇلايمان : «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2006 ـ يىلى .
72 . ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى : «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2004 ـ يىلى .
73 . مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم : «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 2003 ـ يىلى .
74 . ئابدۇكېرىم رەھمان : «مۇقام پېشۋالىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىلى .
75 . غەيرەتجان ئوسمان : «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2007 ـ يىلى .
76 . ئابدۇكېرىم رەھمان : «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلورى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2006 ـ يىلى .
77 . ئابدۇكېرىم رەھمان : «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى .
78 . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى .
79 . ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا : «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ،

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى.
80. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، (4 جىلد) مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.
81. مۇھەممەت ئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.
82. كىلىمكېيت (گېرمانىيە)، «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.
83. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.
84. تۇرسۇنجان لېتىپ، ئىلشات تۇرسۇن: «ئۇيغۇر چالغۇلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.
85. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.

ئىككىنچى بۆلۈم

# تاجىكلار قىسمى

# I باب گېئوگرافىيىلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى

## 1 § . تاشقورغاننىڭ گېئوگرافىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي مۇھىتى

«تاشقورغان» سىمۋوللۇققا ئىگە گېئوگرافىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدىكى جاھانغا مەشھۇر قەدىمكى تاش شەھەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. خۇددى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناس مارك ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1943) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «تاشقورغان سەرىكۇي[1] » تاغلىق رايوننىڭ مەركىزى بولۇپ، شۇبھىسىزكى ناھايىتى قەدىمكى جاي. بۇ يەردە قەدىمكى غەرب سودىگەرلىرى ماللىرىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ماللىرىغا ئالماشتۇرغان ئاشۇ ۋاقىتلاردىن قارىغاندىلا، بۇ جاينىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. هازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەر ئاساسەن ھىندى راۋلىسۇن ئەپەندى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلىمەكتە. يەنى «تاش قەلئە» (تاشقورغان) دېگەن بۇ نام ۋە

[1] «سەرىكۇي» — تاشقورغان رايوننىڭ ئەنئەنىۋى نامى بولۇپ، تارىخىي يازمىلاردا ئەڭ دەسلەپتە «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا ئۇچرايدۇ. ئۇ تاجىكچە «سەر» (باش) بىلەن «كوھ» (تاغ) دېگەن سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جانلىق تىلدا «سەركوھ» سۆزى «سەرىكۇي» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «تاغنىڭ بېشى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئورنى قەدىمكى گرېك ئالىمى پتولمىي (تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 90 ـ — 168 ـ يىللىرى) ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ گېئوگرافىيە پېشۋاسى تايرىت مارىنوس تىلغا ئالغان «تاش قەلئە» سېرىس ئېلى (جۇڭگو) نىڭ غەربىي چېگراسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى ئىدى، دېگەن خاتىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش كېلىدۇ. ئەمەلىي ئورنىدىن ئېيتقاندا، «تاش قەلئە» نىڭ ئورنى سەرىكۇي تاغلىق رايونىنىڭ مەركىزى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى زاماندا تاۋار ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئەڭ قۇلاي جاي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ جاي ئىلگىرى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان مۇقەررەر تۈگۈنگە ئايلانغان.»[1]

گېئوگرافىيىلىك ئورنى جەھەتتىن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغە، قارا قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تاشقورغاننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقى 488 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئاننىڭ ′23°71 — ′01°77 غا توغرا كەلسە، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقى 329 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالىي پاراللېل ′37°35 — ′40°38 غا توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ پايتەخت بېيجىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى 7000 كىلومېتىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1800 كىلومېتىر، قەشقەر

① ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 54 ـ بەت.

شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 294 كىلومېتىر ، قەشقەر ئايروپورت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى قەشقەر ئىستانسىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 298 كىلومېتىر كېلىدۇ .

تاشقورغان ناھىيىسى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سودا ئېغىزى . ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ-كېلىشنىڭ مۇقەررەر تۈگۈنى ، ئېلىمىزنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم كۆزنىكى . جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ، ناھىيە مەركىزىنىڭ پاكىستاننىڭ چېگرا ئېغىزى سۇست بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىر ، پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئاباد شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر ، تاجىكىستان پايتەختى دۈشەنبە شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاز كەم 1000 كىلومېتىر ، ئافغانىستان پايتەختى كابۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى 1000 كىلومېتىردىن سەل ئارتۇق كېلىدۇ . ئاپتونوم ناھىيىدە مەشھۇر خونجىراپ پورتى بىلەن قارا سۇ پورتى بار .

جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق تاشيولى پۈتۈن ناھىيىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ . تاشقورغان ناھىيىسى تاشقى ئىقتىساد ۋە تاشقى سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە . مۇشۇ سەۋەبلىك ، تاشقورغاندىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش ، غەربتىن كىرگۈزۈپ شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم خەلقئارالىق ئېغىزىغا ئايلاندى . تاشقورغان ناھىيىسى شەرقتە يەكەن ۋە قاغىلىق ناھىيىلىرى بىلەن ، شىمالدا ئۇلۇغ مۇز تاغ ئاتا ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . غەربىي تەرىپى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەدەخشان رايونى (چېگرا لىنىيىسى 197 كىلومېتىر كېلىدۇ ) بىلەن ، غەربىي جەنۇبىي تەرىپى

ئافغانىستاننىڭ ۋاخان رايونى (چېگرا لىنىيىسى 92.45 كىلومېتىر كېلىدۇ) بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى پاكىستاننىڭ گىلگىت رايونى (چېگرا لىنىيىسى 599.1 كىلومېتىر كېلىدۇ) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان ئەمەلىي چېگرا لىنىيىسى 888.5 كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقتا كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىداش مۇھىم چېگرا ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاشقورغان ناھىيىسى — تاغلىق كوھىستان رايونى بولۇپ، بۇ يەردىكى تاغلار ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى، تۇتاشلىقى جەھەتتە تاغلىق دۇنياسىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۇرگەن. ماھىيەتتە، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۇنياغا مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى بولغان ھىمالايا تاغ تىزمىسى، قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى مۇشۇ رايوندا ئۆزئارا قوشۇلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ چىرايلىق سۈپەتلىشىدۇ. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە قاتمۇقات ئېگىز تاغ چوققىلىرى، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان جىلغا - ئېدىرلىقلار بار. ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا — چوگۇرى چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز) بار، شىمالىدا «تاغلارنىڭ بوۋىسى» دەپ ئاتالغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز) بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئېگىز چوققا توغرۇلۇق تاجىكلار ئارىسىدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەپسانە - قىسسىلەر، رىۋايەت - چۆچەكلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. تاشقورغاندىكى مەشھۇر زەرەپشان دەرياسى بىلەن تاشقورغان دەرياسى پامىر شەرىپتىنى باشلاپ يەكەن دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن يەكەن دەرياسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇ يەردىن ئەڭ ئۇزۇن

ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ .

314 ـ دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، قونجىراپ داۋىنى ئارقىلىق پاكىستان دائىرىسىگە ، ئۇ يەردىن يەنە غەربىي ئاسىيا ، ئەرەب ئەللىرى ۋە يىراق ياۋروپا ئەللىرىگە بارىدۇ . يېقىندا پۇتۇپ قاتناش باشلانغان يەكەن ـ تاشقورغان تاشيولى تاشقورغان رايونىنىڭ شەرقىي يېزا ـ كەنتلىرىنىڭ قاتناش شارائىتىنى مىسلىسىز ياخشىلىدى .

پۇتۇن ناھىيىدە 11 يېزا ، ئىككى بازار ، ئىككى مەيدان ، 47 كەنت بار . يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدىن 50 مىڭ مو يەر ئاجرىتىلىپ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان «تاجىك ئاباد بازىرى» تەسىس قىلىندى . بۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، بېيىش يولىغا قەدەم بېسىش ئۈچۈن قوللىنىلغان زور تەدبىر بولۇپ ، بۇ قۇرۇلۇش رەسمىي يولغا قويۇلۇپ ، دەسلەپكى ئۇنۇم كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ناھىيە بويىچە 14 مىللەت ، 32 مىڭ 4 ئادەم بار . بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ سانى 26 مىڭ 133 كىشى بولۇپ ، پۇتۇن ناھىيە نوپۇسىنىڭ 81,65% نى ئىگىلەيدۇ . ناھىيىدە تاجىكلاردىن باشقا ، يەنە خەنزۇ (1552 كىشى ) ، قىرغىز (1085 كىشى ) ، ئۇيغۇر (1917 كىشى ) قاتارلىق مىللەتلەر بار . قىرغىزلارنىڭ «كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسى» تەسىس قىلىنغان .

تاشقورغاننىڭ تەبىئىي بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ ، ھاۋا كىلىمات بايلىقى ، يەر ـ زېمىن بايلىقى ، يايلاق ـ ئوتلاق بايلىقى ، ئورمان ـ دەرەخ بايلىقى ، سۇ بايلىقى ، ئېنېرگىيە ۋە يەر ئىسسىقلىقى بايلىقى ، ياۋايى ھايۋانات بايلىقى ، ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى ، مەدەن ـ كان بايلىقى ،مۇزلۇقلار بايلىقى ، مىنېرال سۇ بايلىقى ، ئارشاڭ ـ بۇلاق بايلىقلىرى ، دورا ـ دەرمان بايلىقى ، سەيلە ـ ساياھەت بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇلار

ئىچىدىن تاشقورغاننىڭ پامىر مىنېرال سۈيى، پامىر ئارشاڭ ئىچىملىك سۈيى ۋە پامىر تەبىئىي مۇزلۇق سۈيى يەر شارىدىكى ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىچىملىك سۈيى ھېسابلىنىپ، «ھاياتلىق سۈيى» دەپ تەرىپلەنمەكتە. دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوندا دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋاناتتىن يىلپىز، پامىر ئارقىرى، تاغ تېكىسى، قوڭۇر ئېيىق، ئۈلار ۋە بۈركۈت قاتارلىقلار بار، قار لەيلىسى، قۇرۇمئوتى، ئەڭلىك ئوتى، ياۋا پىياز قاتارلىقلار بىباھا دورا - دەرمەك ئۆسۈملۈكلىرى بولۇپ، تاجىك مىللىي تېبابەتچىلىكىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. تاشقورغاننىڭ چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى بىلەن پامىر قوتىزىنىڭ گۆشى دۆلەت تەرىپىدىن ئەلا دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك دەپ بېكىتىلدى.

تاشقورغاندىكى خىلمۇ خىل تەبىئىي بايلىقلار ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رىزقى - نېسىۋىسى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس قىممەتلىك خەزىنىسى. بىز ئۇنى ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز لازىم، ھەرگىزمۇ ئېچىش جەريانىدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ۋەيران قىلماسلىقىمىز كېرەك.

## § 2 . تاشقورغان رايونىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى

تاشقورغاننىڭ خىلمۇخىل بايلىقلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ھەممىدىن مول بولۇپ، غايەت زور ئېچىش ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ھەم ئىستىقبالىغا ئىگە. يېقىندىن نەشر

قىلىنغان بىر ساياھەت قوللانمىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ 50 يېرىنى كىشى ئۆمرىدە بارمىسا بولمايدىغان جايلار دەپ ، شۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ تاشقورغاندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس يۇرتنى 18 ـ ئورۇنغا تىزىپ قويغان . دېمەك ، تىلسىمات دىيار تاشقورغان ساياھەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان پاك دىيار ، ئەزىز يۇرتتۇر .

تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىقىياس كۆركەم بولۇپ ، ئۇلۇغ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەقىقىيلىقى ۋە پاك ـ ساپلىقىنى مۇشۇ يەردە بىۋاستە ھېس قىلىشقا بولىدۇ . بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ھەممىدىن قىزىقارلىق بولۇپ ، بىر كۈندە تۆت پەسىلنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ ، ھۇزۇر ئالغىلى بولىدۇ . بەزى جايلاردا (مەسىلەن ، قوغۇشلۇق يېزىسىدا ) بىر كۈندە قۇياشنىڭ توققۇز قېتىم چىقىپ ، توققۇز قېتىم پېتىۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئاپئاق قار ـ مۇزلاردىن تاج كىيگەن تاغ ـ چوققىلار باغرىدىكى يېشىل يايلاق ـ چىمەنلىكلەر بىلەن ئۆزئارا شۇ دەرىجىدە ماسلاشقانكى ، كىشىنى سەلتەنەت مەنزىرىسىگە باشلاپ بارىدۇ . بۇ يەرنىڭ مىللىي ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە رەڭدار مەدەنىيىتى تېخىمۇ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ .

تاشقورغان شۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئەۋلىيالار قەدەمگاھىكى ، ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرمۇ بۇ يەرگە تەلپۈنۈپ ۋە قىزىقىپ كەلمەكتە . بولۇپمۇ «يىپەك يولى » ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئىقلىملىرىدىن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئەمەلدار ـ كاتىپلىرى ، دىنىي راھىب ـ ئۆلىمالىرى ، كارۋان ـ سودىگەرلىرى ، زىيارەت ـ ساياھەتچىلىرى ، مەرگەن ـ شىكارچىلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيە ـ تەۋەككۈلچىلىرى توختاۋسىز ھالدا بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ۋە خاتىرە ـ ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان . خونجىراپ ئېغىزى 1986 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەندىن

بۇيان ، ھەر يىلى دۇنيانىڭ 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن 50 — 60 مىڭدىن ئارتۇق مېھمان تاشقورغانغا كېلىپ سەيلە - تاماشا قىلماقتا ، ساياھەتتە بولماقتا ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا . ساياھەتچىلەر بۇ زېمىنگە قەدەم تەشرىپ قىلىش بىلەن تەڭلا ، بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ، كەۋسەر كەبى سۈزۈك زىلال سۈيى ، كۆركەم مەنزىرىسى ، تاجىكلارنىڭ سېھرىي مەدەنىيىتىگە مەپتۇن بولماقتا ، دەرھەقىقەت بۇ خىلۋەت ئېگىزلىكنىڭ ھەر قەدەمدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان مۇزلۇقلىرى ، ئاجايىپ - غارايىپ تاش قىيالىرى ، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلىرى ، شىپالىق چەشمە بۇلاقلىرى ، «ھاياتلىق سۈيى» دەپ نام ئالغان مىنېرال سۈيى ، ئارشاڭ ئىچىملىك سۈيى ۋە مۇزلۇق سۈيى ، زۇمرەت كەبى كۆل - فونتانلىرى ، قىممەت باھالىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلىرى ھەم ئىنسانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، ئاسار ئەتىقىلەر ، سۈرلۈك مەقبەرە - گۈمبەزلەر ، ئەۋلىيا - ئەنبىيا مازارلىقلىرى كىشىلەرنى زىيادە مەھلىيا ۋە جەلپ قىلىدۇ .

تاشقورغان رايونىنىڭ ئىككى خىل ھادىسىسى ئادەمنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ، ئۇلۇغ تەبىئەت مەنزىرىسى . ئالايلۇق ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا — چوگۇرى چوققىسى ، تاجىكلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھىي تاغ — ئۇلۇغ مۇز تاغ ئاتا ، قوڭۇر توققۇز چوققىسى ، مۇز تاغ ئاتا سۈيىدىن ھاسىل بولغان قاراكۆل ، مازار نەسىللىك قوي فېرمىسى ، بىر كۈن ئىچىدە توققۇز قېتىم كۈن چىقىپ ، توققۇز قېتىم كۈن پاتىدىغان قوغۇشلۇق مەنزىرىسى ، خونجىراپ داۋنى مەنزىرىسى ، ئېگىزلىكتىكى تەبىئىي مۇنچا — تاغارما ئارىشىڭى ، شامبابا مىنېرال بۇلىقى ، كۆئېنلۈندىكى (قارا قۇرۇمدىكى ) ئۆرۈك ماكانى — داتۇڭ يېزىسى ، ئىلاھىي چىمەنلىك — تاغارما ئوتلىقى ، ئالتۇن چاچقۇچ —

زەرەپشان دەرياسى ۋە باشقىلار ؛ يەنە بىرى ، تاجىك ئەجدادلىرى ياراتقان ئىجتىمائىي مۆجىزىلەر . ئالايلۇق ، 10 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە جىرغال كونا تاش قورال مەدەنىيەت ئىزى ، 2500 يىلدىن 4000 يىلغىچىلىك تارىخقا ئىگە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزى — شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، پەس بەلدىردىكى ئاندىرونوف مەدەنىيەت تىپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ،پتولمى خاتىرىسىدىكى 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى تاش شەھەر خارابىلىقى ، بۇلۇت ئاستىدىكى قۇرۇلۇش مۆجىزىسى — مەلىكە قورغان خارابىلىقى ، يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئۆتەڭ - يول ئىزلىرى — گەز دەرياسىدىكى ئۈچ كەپە قونالغاھى ، دەپتەردىكى قەدىمكى رابات ئىزى ، تاشقورغان بازىرىدىكى كەرىمبەگ قەلئەسى ، داتۇڭ يېزىسىدىكى بەمافىل مۆجەررەد مازىرى ۋە بەمافىل ۋەلى مازىرى ، تىزناپ يېزىسىدىكى قۇلچاق مازىرى ، تاشقورغان يېزىسىدىكى شاھ ئەۋلىيا مازىرى ۋە ئۈنىڭ يېنىدىكى ئاتەش دىنىنىڭ ئىزناسى — «ئاتەشكەدە» ، رىۋايەت - چۆچەكلەردىكى ئەمەس ، بەلكى رېئاللىقتىكى ئىزناسى بولغان مەشھۇر «پەرھات - شېرىن ئۆستىڭى» خارابىلىقى ، رۇستەم پەھلىۋان جەڭگاھلىرى ، ئەۋلىيا — ئەنبىيا قەدەمگاھلىرى ، قەدىمكى قەلئە - قورغان خارابىلىرى ، سۇرلۇك گۈمبەز - مەقبەرىلەر خارابىلىقلىرى ، كونا مازارلىقلار ھەم ئۇلار ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە باشقىلار . بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۆجىزىلەر ئۆزئارا ئورگانىك بىرىكىپ ، ئاخىرى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى »دە تاجىكلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان بۇركۇت مەدەنىيىتى ، مۇز تاغ ئاتا مەدەنىيىتى ، رۇستەم پەھلىۋان مەدەنىيىتى ۋە دۇلدۇل - تۇلپار مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن . مۇشۇ سەۋەبلىك ، تاشقورغاننىڭ مۇبارەك نامى ۋە تاجىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرى

ھەتتا قەدىمكى گرېك كلاسسىكلىرى پتولمىي (مىلادىيە 90 ـ 168 ) ، سترابون (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 63 ـ يىلىدىن مىلادىيە 20 ـ يىللارغىچە ) ۋە ئارىئەن (مىلادىيە 95 ـ — 175 ـ يىللار ) نىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان . زامان ـ دەۋرانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيادىكى ھەرخىل دىنلار (بۇددا دىنى ، خرىستىئان دىنى ، ئىسلام دىنى ، زەردۇشت دىنى ، مانى دىنى قاتارلىق دىنلار ) ؛ ھەر خىل تىل سىستېمىلىرى (ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىن ساك تىلى ، سوغدى تىلى ، توخار تىلى ، سانسكرىت تىلى ؛ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىن قەدىمكى تۈرك تىلى ، ئۇيغۇر تىلى ، قىرغىز تىلى ، موڭغۇل تىلى ؛ خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىن قەدىمكى چىياڭ تىلى ، تۈبۈت تىلى ، خەنزۇ تىلى ؛ ھام ـ سام تىللىرى سىستېمىسىدىن ئەرەب تىلى ) ؛ تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى (جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسى ، ھىندى مەدەنىيەت سىستېمىسى ، ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە گرېك ـ ياۋروپا مەدەنىيەت سىستېمىسى ) پامىر رايونى ، جۇملىدىن تاشقورغاندا ئۆزئارا ئۇچراشقان ، يۇغۇرۇلغان ۋە يەرلىكلەشكەن . تاجىك خەلقى بۇ خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە تەسىرىدىن بەھرە ۋە ئوزۇق ئېلىپ ، ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىپ بېيىتقان . ئوخشاشلا تاجىكلار ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بولغان قەدىمكى تاش شەھەر ، مەلىكە قورغان ، بۇركۈت نەي ۋە بۇركۈت ئۇسسۇلىمۇ دۆلەت ، رايون ، مىللەت ۋە ئېتىقاد پاسىلىدىن ھالقىپ دۇنياغا تارالغان ، تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان . بۇ توغرۇلۇق ماركو پولو (1254 — 1324 ) ، ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1934 ) ، سۋېن ئاندىرس ھېدىن (1865 — 1952 ) ، داگوگۇاڭروي (1876 — 1948 ) ، يانخانسىن (1863 — ؟ ) ، ل . بۇلنيۇس (1931 — ؟ ) ، ئەلى مازار خەيرى (1991 — 1914 ) ، ل . گرۇسېت (1885 —

1952 ) قاتارلىقلارنىڭ خاتىرە ـ ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ مول ۋە قىزىقارلىق بايانلار ، تەسۋىرلەر ھەم سۆپەتلەشلەر بار . شۇڭا تاشقورغاننىڭ ساياھەتچىلىكى ناھايىتى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە دېيىمىز . ھازىرقى مۇھىم گەپ — بىرى ، ئېلان ـ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك . يەنە بىرى ، مۇلازىمەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش كېرەك ، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، تاشقورغان ناھىيىسى ئۆزىنىڭ گېئوگرافىيىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ۋە ساياھەتچىلىك جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرغاندىلا ، ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، بېيىش يولىغا قەدەم تاشلاپ ، ھاللىق سەۋىيە يارىتالايدۇ . بۇ بىر ئۇنۇملۇك چىقىش يولى ۋە تېپىلماس پۇرسەت . ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەش لازىم ، ئەلۋەتتە .

## § 3 . ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مۇقەددەس زېمىن

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان 50 يىل مابەينىدە ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان ، غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن بۇيان ، تاشقورغاننىڭ قىياپىتىدە بىقىياس زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى . پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي مېڭىپ ، «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ، ۋەتەننى سۆيۈپ ، چېگرىنى قوغداش ، ئۆزىنى بېغىشلاپ پىداكارلىق

كۆرسىتىش»تىن ئىبارەت تاشقورغان روھىنى جارى قىلدۇردى. «ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك»نى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، رېئاللىقتا يۈزلىنىش، نامراتلىقتىن قورقماسلىق، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەش، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، شەرەپ - نومۇس قارىشىنى تىكلەش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. ھازىر ئاپتونوم ناھىيە سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، جەمئىيەت تىنچ، ئىقتىساد راۋاجلىنىۋاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، خەلق خاتىرجەم ۋە پاراۋان ياشاۋاتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا كىشىنى شادلاندۇرىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

40 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ توك تارقىتىپ، تاشقورغاننىڭ جىنچىراغ دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. توك بولغاچقا يېزا - كەنتلەردە رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش، كىر يۇيۇش، ئىسسىنىش، تاماق ئېتىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

2001 - يىلى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 65 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى تۆمۈر مۇنار قۇرۇلۇشى سېلىنىپ، كۆچمە

ئالاقىلىشىش شىركىتى ۋە بىرلەشمە ئالاقىلىشىش شىركىتى تاشقورغان ناھىيىسىدە يانفونچىلىق كەسپىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دە تېلېفون ئالاقىلىشىش شارائىتى مىسلىسىز ياخشىلاندى. بۇ بىر ھېسابتا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

2002 - يىلى ناھىيە بازار ئىچىدە 2 مىليون يۈەنلىك مەبلەغ بىلەن ۋودوپىرنۇود قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تاشقورغاننىڭ چېلەك بىلەن سۇ ئەكېلىش، ھارۋا بىلەن سۇ توشۇش ئىشلىرى تارىختا ئايلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ناھىيە «ئىككىدە ئالاھىدە بولۇۋېلىش» تەپەككۇرى (ئالاھىدە مىللەت، ئالاھىدە رايون)نى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، پۇلى بار كارخانىلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە يەر بېرىپ، 40 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قەۋەتتىن يۇقىرى بولغان بىنالارنى سېلىپ، ناھىيىنىڭ شەھەر قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم ناھىيە ناھىيە بازىرىنىڭ قاشگال يولىدا تاجىك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان 16 تۈرلۈك ئوبراز ھەيكەللەرنى ياساپ، ناھىيە بازىرىنىڭ مىللىي پۇرىقىنى قويۇقلاشتۇردى، ناھىيە بازىرى يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە قوللىشى بىلەن، ناھىيە بازىرىدا ئۇنىۋېرسال مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. پائالىيەت ئۆتكۈزۈش، كۆرگەزمە قىلىش، ئارامگاھ، كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى. مەدەنىيەت مەركىزى ئەتراپىدىكى بۇركۇت ھەيكىلى ۋە يېشىللىزارلىقلار ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، مۇز تاغ ئاتا باغرىدىكى يېڭى تاغلىق شەھىرىنىڭ كەلگۈسى

تەرەققىياتقا قەدەم تاشلاۋاتقانلىق مەنزىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ .

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 مىليون يۈەندەك مەبلەغ بىلەن يەكەن ـ تاشقورغان تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى . بۇ ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى «يىپەك يولى »نىڭ قايتىدىن جانلىنىشى بولۇپ ، ئۇ يەكەن بىلەن تاشقورغان ئارىلىقىدىكى تاغلىق يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قاتناش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپلا قالماستىن ، يەنە يەكەن ـ تاشقورغان يول ساھىلىدىكى تەبىئەت ۋە ئادەميات مەنزىرە سەيلە ـ ساياھەتچىلىكىگە ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى . بۇ يول ساھىلىدا تاشقورغان دەرياسى ۋە زەرەپشان دەرياسىدا سېلىنغان 7 چوڭ پولات ئاسما كۆۋرۈك ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك بولۇپ ، يېڭى زامان مېلودىيىسىنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر جىلغىلىرىغىمۇ يېتىپ بارغانلىقتىن بېشارەت بېرىپ ، كىشى تەپەككۇرىنى يىراق ـ يىراقلارغا پەرۋاز ئەيلىتىدۇ .

314 ـ دۆلەت تاشيولىدىكى جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق يولىنىڭ قەشقەردىن پاكىستانغىچە بولغان ئارىلىقى يېڭىدىن كېڭەيتىلىپ ، كۆتۈرۈلۈپ ياسالدى . ئاپتونوم ناھىيە بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ناھىيە بازىرىنىڭ 10 نەچچە كىلومېتىرلىق يولىنى 18 مېتىرغا كېڭەيتىپ ياساپ ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاسفالت يول قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ ، ئازادە يول مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى .

ئومۇمەن «پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەرۋايىت ماكان» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان تاشقورغان ناھىيىسى ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە . ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىقتىسادي تەرەققىيات ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ، پۇل مۇئامىلە

ئىشلىرى ، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرى ، مالىيە ـ باج ئىشلىرى ، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ، ئورمانچىلىق ـ سۇچىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ ، ئاجىزلىقتىن زورىيىپ ، كۆنسېرى گۈللىنىش ۋە ئاۋاتلىق مەنزىرىسى بارلىققا كەلمەكتە . تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «تاجىك ئاباد بازىرى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان «پەس بەلدىر سۇ ئامبىرى تۇگۇن قۇرۇلۇشى» (2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان)نىڭ باشلانغانلىقى تاشقورغان رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى پۇرسەت ۋە ئىستىقبال ئېلىپ كەلدى . شۇڭا يۈكسەك ئىپتىخارلىق ۋە تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئېيتالايمىزكى ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بۈگۈنىدىن كېيىنكى تەرەققىيات مەنزىلى شۈبھىسىز پارلاق ، ئىستىقبال پارلاق ، يول ئەگرى ـ توقاي .

## § 4 . تاجىكلارنىڭ مىللەت نامى ، ئاھالىسى ۋە ئولتۇراقلىشىشى

«تاجىك» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ مىللەت نامى ، ئۇنىڭ مەنىسى «شاھنىڭ تاجىسى» ياكى «خان تاجىسى» دېگەندىن ئىبارەت .

تاجىكلار دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان مىللەت بولۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان . ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجىكلاردىن باشقا ، تاجىكىستان ، ئافغانىستان ، ئۆزبېكىستان ، پاكىستان ، ھىندىستان ۋە ئىران

قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تاجىكلار بار. «تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بىر مىللەت، 9 ـ ئەسىردە، تاجىكلار تارىختا تۇنجى قېتىم بۇخارانى مەركەز قىلغان، زېمىنى كەڭ، قۇدرەتلىك سامانىيلار دۆلىتىنى بەرپا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى دەل مۇشۇ مەزگىللەردىن ئېتىبارەن شەكىللەنگەن.»[1] «تاجىكلار ناھايىتى قەدىمكى مىللەت، ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ئىران تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق بۇ خەلقلەر پارسلارغا ئوخشاشلا قەدىمكى تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە.»[2] «تاجىكلار دېگەندە، ئىران تىللىق مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ماھىيەتتە قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.»[3]

جۇڭگو شىنجاڭ تاجىكلىرى ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە، ئاز بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرى؛ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىمۇ ئاز بىر قىسىم تاجىكلار بار.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 5 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇس ئېنىقلاش مۇھىم سان ـ سىپىرلارنى ئېلان قىلغان ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت نۆلنى ئۆلچەم قىلغاندا، ئېلىمىز

---

① «1999 — 2000 ـ يىلى. دۇنيا بىلىملىرى يىلنامىسى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. تاجىكىستان»، 193 ـ بەت.

② «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 252 ـ بەت.

③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ئوچېركى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 659 ـ بەت.

تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي سانى 39 مىڭ 642 كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن 26 مىڭ 133 كىشى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان، مەزكۇر ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسى (32 مىڭ 4 كىشى)نىڭ 81.65% نى ئىگىلەيدۇ. قەشقەرنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە 2173 تاجىك بولۇپ، بۇلاردىن 1418 كىشى مەزكۇر ناھىيىنىڭ زەرەپشان تاجىك يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. قەشقەرنىڭ پوسكام ناھىيىسىدە 3385 تاجىك بولۇپ، بۇلاردىن 2042 كىشى مەزكۇر ناھىيىنىڭ بۇيلۇق تاجىك يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. قالغان قىسمى بۇ ناھىيىنىڭ ئايكۆل ۋە ئاقتام يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. قەشقەرنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە 1723 تاجىك بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن، بۇ ناھىيىنىڭ غوجائېرىق ۋە كۆكيار يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىدە 4581 تاجىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇلاردىن 3458 كىشى تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. خوتەن رايونىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە 861تاجىك بولۇپ، بۇلار ئاساسەن مەزكۇر ناھىيىنىڭ نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىغا ئولتۇراقلاشقان. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، قالغان تاجىكلار ئۈرۈمچى (248 كىشى)، قەشقەر شەھىرى (185 كىشى)، سانجى ئوبلاستى (149 كىشى)، ئىلى ئوبلاستى (134 كىشى)، قاراماي (48 كىشى)، شىخەنزە (36 كىشى)، چۆچەك (24 كىشى) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

ئىرق تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا، تاجىكلار تىپىك ياۋروپا ئىرقى (ئاق تەنلىك)غا مەنسۇپ، بۇ توغرۇلۇق ئىلىمنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلاردا ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا كۆپلىگەن خاتىرىلەر، مەلۇماتلار ۋە ئۇچۇرلار بار.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، تېرە رەڭگى سۇسراق، چېچى سېرىق ياكى قوڭۇر رەڭدە

بولىدۇ. كۆزى كۆك ياكى بوز رەڭ، لەۋلىرى نېپىز، قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭىكى ئېگىز ئەمەس، بەدەندە تۈكلىرى تەرەققىي قىلغان، ساقاللىق بولۇپ، ياۋروپا ئىرقى (ئاق تەنلىكلەر)نىڭ تىپىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

تاجىكلار تارىختا ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادتىن كېيىن، تەدرىجىي بىر ئىلاھلىق ئېتىقادقا كۆچۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە 11 - ئەسىرگە كەلگەندە، تاجىكلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرى ناسىرخىسرەۋ (مىلادىيە 1004 - — 1088 - يىللار)نىڭ تەرغىبى ۋە دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىي شىئە مەزھىپىئىچىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادىغا كىرگەن. بۇ جەھەتتە، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىدىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، يەنە تاجىكلارنىڭ چوڭ گەۋدىسى بولغان تۇزلەڭلىك تاجىكلىرىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت (ياشاش مۇھىتى) جەھەتتە، ئىرق تەۋەلىك جەھەتتە، تىل سىستېمىسى تەۋەلىكى جەھەتتە، ئېتىقاد مەزھىپى جەھەتتە، ئېكولوگىيىلىك ۋە ئادىمىيات مۇھىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت جەھەتتە، ئېلىمىز مىللەتلىرى، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىچىدە خاس ئۆزگىچىلىككە ۋە جەلپكارلىققا ئىگە. ھالبۇكى، بۇ ماھىيىتىدىن غەيرىي مەدەنىيەت مىراسى ۋە خەزىنىسىدۇر. ئۇنى قوغداش ھەممىمىزنىڭ يۈكسەك مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

# § 5 . جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىن قىسقىچە ئۇچۇر - مەلۇمات

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن . جىرغالدا بايقالغان كونا تاش قورال مەدەنىيەت ئىزناسىدىن ئايانكى ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا تاشقورغان رايونىدا ئىنسانلار پائالىيىتى بولغان . «شامبابا قەبرىستانلىقى» ۋە يېقىندا پەس بەلدىر قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا ، بۇنىڭدىن 2500 - 4000 - يىللار ئىلگىرى تاشقورغان رايونى ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۈزۈمىدىن قۇللۇق تۈزۈمگە ئۆتۈپ ، ئومۇميۈزلۈك مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان . تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەرنىڭمۇ تارىخى 2000 يىلدىن ئېشىپ ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مۇناسىۋەتتىن ئىنفورماتسىيە ۋە ئۇچۇر بېرىدۇ . يېقىندىن بېرى پەس بەلدىر سۇ ئامبىرى تۇگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئېلىپ بېرىلىپ ، نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملار تېپىلدى . ئۇلارنىڭ دەۋرى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە توغرا كېلىدىكەن .

جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخى خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام 36 بەگلىك ئىچىدىكى «پۇلى بەگلىكى» ، «ساكىنا بەگلىكى» ۋە «ساكا

بەگلىكى» قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدە بولغان. بۇ بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر بار.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى تاشقورغان دائىرىسىگە «دارا بەگلىكى» ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ بەگلىكنىڭ تەزكىرىسى توغرۇلۇق «كېيىنكى خەننامە»دە جۇزئىي يازمىلار بار.

ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تاشقورغان رايونى «مەنلى» دەپ ئاتىلىپ، سۇلې (قەشقەر)گە قارام بولغان.

جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاشقورغان رايونى «ئىرۇ» نامى بىلەن ئاتىلىپ، يەنىلا سۇلې (قەشقەر)گە قاراشلىق بولغان.

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (مىلادىيىنىڭ 713 ـ — 727 ـ يىللار) غىچە بولغان ئارىلىق تاشقورغان، جۇملىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا تاجىك ئەجدادلىرى قۇرغان «قىرپانە بەگلىكى» تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا سەلتەنەت سۈرگەن. مەزكۇر بەگلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 500 — 600 يىلدەك داۋام قىلغان. «قىرپانە بەگلىكى» نىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، تۈزۈم ـ ئەھكاملىرى، يىپەك يولىدىكى خەير ـ ساخاۋەتلىرى، تىل ـ يېزىقى، ئەدەبىي ھېكايەتلىرى، ئەتراپىدىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە «تاش شەھەر» توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» («فاشيەن تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «لياڭنامە. ياتلار تەزكىرىسى»، «راھىبلار تەرجىمىھالى»، «دەريالار تەپسىراتى

ئىزاھلىرى » ، «لوياگدىكى ئىبادەتخانىلار تەزكىرىسى » ( «سۇڭ يۈن ساياھەت خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، «يېڭــى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، خۇيچاۋ : «بەش ھىندى دۆلىتىگە ساياھەت خاتىرىسى» ، شۈەنزاڭ : «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇســى» ، «كـــــتابلار جەۋھــــرى» ، «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» قاتارلىقلاردا ناھايىتى قىممەتلىك يازما خاتىرىلەر بار . بۇ خاتىرىلەر «قىرپانە بەگلىكى» دەۋرىدىكى تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىــــمائىــي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ ، بىزنى تەپەككۇر قىلىش ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە يەكۈن چىقىرىش ئاساسى ھەم ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا غەربىي يۇرتتا تۈبۈتلەر دەۋرى باشلاندى . «قىرپانە بەگلىكى» شاھــى ئوردا ۋەزىر - ۋۇزرالارنى باشلاپ تۈبۈتلەرگە ئەل بولدى . تاڭ سۇلالــــى ھۆكۈمىتى تاشقورغان رايونىدا غەربىي تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق «سۇڭلىڭ (پامىر) بۇقالى»نى تەسىس قىلىپ ، ئۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ھەربىي قاراۋۇلى قىلغان .

سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاشقورغان رايونى ئۇدۇن (خوتەن )گە تەۋە بولغان .

مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن پۈتكۈل تاجىكلار تارىخىدا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىش — ئەرەبلەر ئىستىلاســى سەۋەبىدىن ، تاجىكلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تاجىك ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقى بولدى . مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە تاجىك ئەجدادلىرى تاھىرىلەر سۇلالىسى ، سافارىلار خانلىقى ۋە سامانىيلار خانىدانلىقىنى قۇردى . بۇلاردىن سامانىيلار

خانىدانلىقى پۈتكۈل تاجىكلار تارىخىدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ تاجىكلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىنى تاماملىدى، ئوتتۇرا ئاسىيادا تاجىكلارنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەت دەۋرى باشلاندى. جاپپار رۇداكى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئەبۇئەلى ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى قاتارلىق دۇنياۋى ئالىملىرىمىز مانا مۇشۇ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ سەركەردىلىرى بولدى. ئېلىمىز تاجىكلىرى بولسا ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ۋە شائىرى ناسىر خىسرەۋ (1003 — 1088) نىڭ دەۋتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە تارمىقىنى قوبۇل قىلدى.

موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئومۇمىيۈزلۈك چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 ـ — 1644 ـ يىللىرى)دە تاشقورغان رايونى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، تاشقورغان رايونىنىڭ ھاكىم بەگلىرىنى سەئىدىيە خانلىقى تەيىنلەيتتى.

بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مىلادىيىنىڭ 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان، ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇردى. تاشقورغان رايونىدا يەكەن خان ئامبىلىغا قارام «سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنغان. تاشقورغاندا بىر مەھەل تىنچ، ئەمىن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن تاشقورغان رايونىغا قوقان خانلىقى كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. قوقانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشتە تاجىكلار ئىچىدىن

قولچاقتا ئوخشاش قەلەمدار ـ ئەلەمدار مىللىي قەھرىمانلار بارلىققا كېلىپ ، ئۇلاردىن بىزگە شانلىق تارىخ ۋە گۈزەل داستانلار مىراس قالدى .

مىلادىيەنىڭ 1870 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن چاررۇسىيە ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى پامىر رايونىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى . تاجىك خەلقى جاھانگىرلارغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتكىچە قەيسەرانە كۈرەش ئېلىپ باردى .

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىندى . تاشقورغاندا «پولى مۇداپىئە ـ سوراق شۆبە ۋازارىتى» تەسىس قىلىندى . ۋازارەتكە 27 كەنت قارايتتى .

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى ) «پولى ۋازارىتى» «پولى ناھىيىسى»گە ئۆزگەرتىلىپ ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى داۋاملىق ساقلىنىپ ، 1926 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇق چىقىرىپ ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى .

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )دە تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى . ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە تەپرىقىچىلىقلار تۈپەيلى ، خەلق ئاچ ـ يالىڭاچ ھالدا ئاران ـ ئاران كۈن ئۆتكۈزگەن ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن ئەمدىلىكتە ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە ، تاشقورغان ناھىيىسىدە تۇنجى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان . 1939 ـ يىلى قەشقەر نەزەرباغدا تاجىك تەمىناتلىق مەكتىپى قۇرۇلغان . شۇندىن بۇيان تاجىكلارنىڭ ئۆز زىيالىيلىرى بارلىققا كېلىپ ، ھەرقايسى

ساھەلەردە رول ئوينىغان .

1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن خۇجيەن ، شۇلياڭ قاتارلىقلار پۇلى (تاشقورغان ) ناھىيىسىگە كېلىپ ، جاپالىق شارائىتتا ئىشلەپ ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاپ ، چېگرا قاراۋۇللارنى تۇرغۇزۇپ ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، تاشقورغاندا چوڭقۇر ئىنقىلابىي تەسىر قالدۇرغان .

1945 ـ يىلى تاشقورغان رايونىدا «تاشقورغان ئىنقىلابى» پارتلاپ ، گومىنداڭنىڭ تاشقورغاندىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت — «تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى» قۇرۇلغان . «تاشقورغان ئىنقىلابى» بىر يىل داۋام قىلىپ يەكەن ، يېڭىسار ، قاغىلىق ناھىيىلىرىگە كېڭىيىپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلگەن . ئىنقىلابتىن كېيىن ، ئىنقىلابىي كۈچلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغان . 1954 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئاپتونوم ناھىيە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قاراشلىق بولۇپ كەلمەكتە . تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەكەن ، پوسكام ، ئاقتۇ ، گۇما قاتارلىق جايلاردا زەرەپشان ، بۇيىلۇق ، تار ، نەۋئابات قاتارلىق تاجىك يېزىلىرى تەسىس قىلىنغان .

ئېلىمىز تاجىكلىرى شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى . ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە گەرچە چەت ـ

ياقا تاغلىق مۇھىت ئىچىدە ياشىسىمۇ ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار ، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئاق كۆڭۈل ، سەممىمىي ۋە مۇلايىم ، كىشىلەرگە سېخىي ، مېھرىبان ، دوستلۇق ـ ئاغىنىدارچىلىق ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قەدىرلەيدىغان ، قارىنى ـ كۆكسى كەڭ بولغان بۈيۈك مىللەت . ئۇزاق تارىخ مۇساپە ـ مەنزىللىرىدە ئۇلار ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش ، چەت ئەل باسمىچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، مۇقەددەس يۇرت ـ دىيارىنى قوغداش ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ، ئىناقلىق ۋە ھەمدەملىكنى ساقلاش ئۈچۈن ، زور بەدەل ـ قۇربانلارنى بېرىپ ، تىللاردا داستان بولغىدەك بىھېساب تۆھپىلەرنى ياراتقان . شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، سېھرىي كۈچكە ئىگە سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدىن ، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ پروزا ـ پوئېزىيىلىرىدىن ، رەسسام ـ كومپوزىتورلارنىڭ رەسىم ـ مۇزىكىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە . «يىپەك يولى» تارىخىدا ئۇلار ئۆزىنىڭ خەير ـ ساخاۋەتلىكلىكى ۋە ئادەمگەرچىلىكى بىلەن ھۆرمەت ۋە مەدھىيىگە تېخىمۇ سازاۋەردۇر . بۇ خىل ئۇزاق قەدىمىي تارىخ ، بۇ خىل سەلتەنەتلىك سېھرىي مەدەنىيەت ، بۇ خىل بىباھا ئەخلاق ـ پەزىلەت بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر تاجىك كىشىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ، تىرىشىپ ئىزدىنىشىگە ، روناق تېپىپ بېيىشىغا ئاجايىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە .

## § 6 . تاجىك تىلى

تاجىك تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران

تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئىران تىلى ئائىلىسى ئۆز ئىچىدىن يەنە غەربىي ئىران تىل تارمىقى ۋە شەرقىي ئىران تىل تارمىقى دەپ ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ. ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى پارس تىلى بىلەن بىرلىكتە ئىران تىلى ئائىلىسىنىڭ غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ماكرو جەھەتتىن ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تاجىك تىلىنىڭ مۇھىم دىئالېكتلىرى بولغان پامىر تاجىكلىرىنىڭ تىلى (ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۆي دىئالېكتى بىلەن ۋاخان ئۈيالېكتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىران تىلىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئادەتتە «شەرقىي ئىران تىللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دىئالېكتلارنىڭ تاجىك ئەدەبىي تىلى، جۈملىدىن پارس تىلى بىلەن بولغان پەرقى خېلى زور. بۇنىڭغا گېئوگرافىيىلىك مۇھىت، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مەدەنىيەت شارائىتى ۋە تارىخىي، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سەۋەب بولغان. پامىر تاجىك تىللىرىنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرى بولغان ئارىيان تىلى، ساك تىلى، سوغدى تىلى، تۇتار تىلى ۋە ھىندى ـ سانسكرىت تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئىستېمالدىن قالغان يۇقىرىقى تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ «تىرىك لۇغىتى» ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «سەرىكۆي تىلى» بىلەن «ۋاخان تىلى» تاجىك ئۆلچەملىك تىلىنىڭ ئىككى چوڭ دىئالېكتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرى بولغان ساك تىلى، سوغدى تىلى ۋە توخار تىلىغا چېتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىللار ئوخشاش مەنبەگە ئىگە يىلتىزداش تىللار ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاجىك ئەجدادلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى قەدىمكى سىدىيە

يېزىقىنى قوللانغان . بۇ يېزىق مىلادىيەدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ ، ئەڭ دەسلەپتە دەجلە ، ئېفرات دەريا بويلىرىدىكى بابىلۇنلار ، ئاسسۇرىيىلىكلەر ۋە كەلتىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان . ئەھمىنىيە خانىدانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى چاغلىرىدا ، تاجىك ئەجدادلىرى يەنە ئارامى يېزىقىنى ئىشلەتكەن . بۇ يېزىق كېيىنچە سوغدىلار ۋە خارەزىملىكلەر ئارىسىغا تارقىلىپ ، تارىختا يەنە «سوغدى يېزىقى» دەپمۇ ئاتالغان[1] .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن پارسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا «خەتى مىخي» بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل شەكىللەنگەن . بۇ تىل قەدىمكى پارس تىلى دەپ ئاتىلىدۇ . پېرسىيە خانىدانلىقىنىڭ شاھلىرىنىڭ نۇسرەت تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن تاش ئابىدىلەر «بېھستون ئابىدىسى» ، «نەقشى رۇستەم ئابىدىسى» قاتارلىق يادنامىلار مانا مۇشۇ يېزىقتا ئويدۇرۇلغان . پارسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا (ھازىرقى تاجىكىستان ۋە ئافغانىستان ) قەدىمكى پارس تىلىغا پاراللېل ھالدا «زىندىي ئاۋىستا» خاتىرىلەنگەن تىل بارلىققا كەلگەن . بۇ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى زامان تاجىك تىلىدۇر . قەدىمكى پارس تىلى بىلەن قەدىمكى زامان تاجىك تىلى پەقەت دىئالېكت پەرقىغىلا ئىگە بولۇپ ، ماھىيەتتە بىر تىلدۇر .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە ، شەرقىي ئىران رايونلىرىدا ئارساكلار خانىدانلىقى قۇرۇلغان ، بۇ چاغدا «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» شەكىللەنگەن . ئارساكلار خانىدانلىقىدىن تەخمىنەن 30 يىل كېيىن قۇرۇلغان ساسانىيە خانلىقى دەۋرىدە ، ھازىرقى ئىران دائىرىسىدە «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» شەكىللەنگەن . «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» شەرقىي ئىران

(1) «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخي» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1307 ـ ، 1308 ـ بەتلەر .

قەبىلىلىرىنىڭ تىلى بولۇپ ، ماھىيەتتە ، ئوتتۇرا قەدىمكى تاجىك تىلى ھېسابلىنىدۇ . «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» پارسلارنىڭ تىلى بولۇپ ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى ھېسابلىنىدۇ . ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا ، «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» بىلەن «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» بىر تىل بولۇپ ، تارىختا ئادەتتە «پەھلىۋى تىلى» دېگەن بىرلا نام بىلەن ئاتىلىدۇ .

مىلادىيەنىڭ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، «پەھلىۋى تىلى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ ، خۇراسان ، باكتېرىيە ۋە سوغدىيانا تۇتىشىدىغان رايوندا ساك تىلى ، سوغدى تىلى ، تۇخار تىلى ۋە باشقا ئىران تىللىرى ئاساسىدا يېڭى بىر تىل — «دەرى تىلى» بارلىققا كەلگەن . بۇ تىل كۆنسېرى نۇسرەت قازىنىپ ، تاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاكىمىيەت ۋە ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالغان . پارس ـ تاجىك مەدەنىيىتىنى جاھانغا نامايان قىلغان . ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ، ئىران ۋە تاجىك مەدەنىيىتى مۇنبىرىدە دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان جافار رۇداكى ، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ، ناسىرخىسرەۋ ، نىزامىي گەنجەۋى ، شەيخ سەئىدى ، ھافىز شىرازى ، ئۆمەر ھەييام ، جالالىدىن رۇمى ، مەۋلانە ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق كۆر مىڭ ئەدىب ـ شائىر دەل مۇشۇ «دەرى تىلى» بىلەن ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، ئالەمگە تونۇلغانىدى .

«دەرى تىلى» خېلى بىر زامانغىچە ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنىدى . يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ، دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى ، تارىخىي ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ، بۇ تىل ئىراندا «پارس تىلى» ، تاجىكىستان ، پاكىستان ۋە ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «تاجىك تىلى» ، ئافغانىستان تاجىكلىرى ئارىسىدا بۇرۇنقى نامى بىلەن «دەرى تىلى» (ئۇلار ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتايدۇ) دەپ

ئاتىلىدىغان بولدى .

هازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى «دەرى تىلى» ئاساسىدا شەكىللەنگەن ، ئۇنىڭ يېزىق سىستېمىسى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن .

تاجىك تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخي ئەسەرلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئۇچۇرلار بار . بۇيۇك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بۇددا پىركاملى شۈەنزاڭ ئۆزىنىڭ «بۇيۇك قىرپانە بەگلىكى ئۇستىدە توختالغاندا : «قىرپانلىقلارنىڭ تىل - يېزىقى قاسى ( 传沙国 ، قەشقەر )لىقلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن بولسا ، «يېڭى تاڭنامە»دە : «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قاۋۇل ، بەستلىك ، چەبدەس بولۇپ ، تەقى - تۇرقى ۋە تىل - يېزىقى ئۇدۇن (خوتەن) لۇقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ»[2] دەپ تەسۋىرلەنگەن . «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياهەت خاتىرىسى» دە ئۇسسا بەگلىكى (يەكەن) تونۇشتۇرۇلغاندا ، «ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى قەشقەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن»[3] دەپ يېزىلغان .

بۇ توغرۇلۇق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتاقلىق سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى ، پروفېسسور جى شيەنلىن باشچىلىقىدا يېزىلغان يىرىك ئەسەر « ‹بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياهەت خاتىرىسى› گە شەرھ »دە دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : «ئەمەلىيەت ، بۇ تىل (قەدىمكى سەرىكۆه تىلى ۋە ۋاخان تىلىنى دېمەكچى ) بىر خىل شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ ، ئۇ قۇرۇلما جەهەتتىن قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ كۆپ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە . ئۇ لېكسىكا جەهەتتىن هىندى تىلىنىڭ

---

[1] [3] «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياهەت خاتىرىسى» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى ، 1985 - يىلى نەشرى ، 983 - ، 990 - بەتلەر .

[2] «يېڭى تاڭنامە» ، جۇڭخۇا نەشرىياتى ، 1975 - يىلى نەشرى 6234 - بەت .

كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا ، ئىران تىلىغا ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، بارچۇق ساك تىلى خوتەن ساك تىلىدىن خېلىلا پەرقلىنىپ ، بىر قەدەر قەدىمكى ساك تىلى تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . خوتەن ساك تىلىمۇ قەدىمكى خوتەن ساك تىلى ۋە كېيىنكى خوتەن ساك تىلى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ . چۈنكى بۇ ئىككى باسقۇچ ئۆزئارا خېلىلا پەرقلىنىدۇ .

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىلى سوغدى ۋە توخار تىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، بۇ ئىككى خىل تىل ھەممىسى شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ ؛ ئىككىنچىدىن ، سوغدىلار قەدىمكى پامىر ، جۈملىدىن تاشقورغان رايونىدا ئەڭ كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، توخار تىلى تاشقورغان رايونىنىڭ يېقىن قوشنىسى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونىدا بارلىققا كەلگەن ؛ تۆتىنچىدىن ، سوغدىلار بىلەن توخارلار ئېلىمىز تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ئېتنىك تەركىبنىڭ بىرى . يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ، ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلغاندا ، ئۇشبۇ تىلنىڭ قەدىمكى ساك تىلى ، سوغدى تىلى ۋە توخار تىلى بىلەن بولغان تارىخىي مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ .

ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، پامىر ئېگىزلىكى مىسلىسىز كوھىستان بولۇپ ، قاتناش شارائىتى ناچار ، باشقا رايونلار بىلەن ئالاقىلىشىش قۇلايسىز بولغاچقا ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان . بولۇپمۇ دېڭىز قاتنىشى بارلىققا كېلىپ ، يىپەك يولى ئۆز سەلتەنەتىنى تەدرىجىي يوقاتقاندىن كېيىن ، بۇ رايون تېخىمۇ بېكىنمە ھالەتكە چۈشكەن ، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىل

تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولغان . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تىل تەرەققىي قىلالماي ، هازىرقى زامان تاجىك ئۆلچەملىك تىلى ، جۇملىدىن هازىرقى زامان پارس تىلىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن . بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئېلىمىز تاجىك تىلى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكى ۋە ساپلىقى ، ئالاهىدىلىكى بىلەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك تىلى ، سوغدى تىلى ، توخار تىلى قاتارلىق شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ تىل ئامىللىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ ، بۇ تىللارنى تەتقىق قىلىشنى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىن ئەتمەكتە ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تىل مۇتەخەسسىسلىرىنى جەلپ قىلماقتا . نۇرغۇن تىلشۇناسلار ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۇھ تىلى بىلەن ۋاخان تىلىنى قەدىمكى ساك تىلى ، سوغدى تىلى ۋە توخار تىلى بىلەن تومۇرداش تىل ، هازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى بىلەن پارس ئەدەبىي تىلىنى مۇشۇ تىلنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى دەپ قارىماقتا . ئەگەر بۇ خىل قاراش توغرا چىقسا ، ئۇ چاغدا سەرىكۇھ تاجىك تىلى بىلەن ۋاخان تىلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى شەرقىي ئىران ئۆلگەن تىللىرى بىلەن هازىرقى هايات قالغان تىللارنىڭ «ئانا تىلى» بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تەتقىقات قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە ئالاهىدىلىكىنى ، ئۇنىڭ قەدىمكى ساك تىلى ، سوغدى تىلى ۋە توخار تىلى بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ، شۇنداقلا بۇ تىلنىڭ قەدىمكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى شەرقىي ئىران تىللىرى (قەدىمكى خوتەن ساك تىلى ، قەشقەر تىلى) بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ھەمدە بۇ تىلنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئىستىقبالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش — تىلشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىقىدا تولىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان

چېلىقارلىق مۇھىم تېما . كىشىلەر جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۇھ تىلى بىلەن ۋاخان تىلىنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر پۈتۈن گەۋھەر ، قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ «تىرىك لۇغىتى» دەپ تەرىپلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك .

تاجىك تىلى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي جايلىرىغا تارقالغان .

تاجىك تىلىنىڭ سەرىكۇھ دىئالېكتى بىلەن ۋاخان دىئالېكتى فونېتىكا ، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن ئۆزئارا جۇزئى پەرقلەنسىمۇ ، لېكىن چوڭ جەھەتلەردىن يەنىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ . بۇ ئىككى خىل دىئالېكت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككلەرگە ئىگە :

(1) بۇ ئىككى دىئالېكتتا توققۇز سوزۇق تاۋۇش ، 31 ئۈزۈك تاۋۇش ، جەمئىي 40 فونېما بار .

(2) بوغۇم سوزۇق تاۋۇش فونېمىسىنى يادرو قىلىدۇ . تاق سۆزلەردە بىردىن ئۈچكىچە بوغۇم بولىدۇ . ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش بوغۇم بولىدۇ . بىر بوغۇمدا بىردىن ئۈچكىچە ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كۆرۈلىدۇ .

(3) ئۇرغۇ سۆز ئۇرغۇسى ۋە جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ . قانداق قۇرۇلمىلىق سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇرغۇ ئادەتتە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ . قىسمەن ئەھۋاللاردا ئۇرغۇنىڭ يۆتكىلىشى مەنە ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

(4) لېكسىكىسى مول بولۇپ ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچىلار ۋە سۆز ياسىغۇچى كەينى قوشۇمچىلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

(5) سۆز ياساش ئۇسۇلى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ . بىرى ،

مورفولوگىيىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى ، يەنە بىرى ، سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى ، سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى 10 خىلدىن ئاشىدۇ .

(6) سۆز قوبۇل قىلىش جەھەتتە ، ئۇيغۇر تىلى ، خەنزۇ تىلى ، ياۋروپا تىللىرى ۋە ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

(7) سۆزلۈكلەر سىمانتىكىلىق مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن ، ئىسىملار ، سۈپەتلەر ، سانلار ، رەۋىشلەر ، ئالماشلار ، پېئىللار ، ئالدى قوشۇلغۇچىلار ، كەينى قوشۇلغۇچىلار ، باغلىغۇچىلار ، ئىملىق سۆزلەر ، ئۇندەش سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسىملار بىلەن پېئىللار ئەڭ چوڭ ئىككى تۈر ھېسابلىنىدۇ . ئالماشلار بىلەن سانلار ئىسىم كاتېگورىيىسىگە ، سۈپەتلەر ، رەۋىشلەر ، ئىملىقلار ، ئىنقلاش تۈرىگە مەنسۇپ ، ئالدى قوشۇلغۇچىلار ، كەينى قوشۇلغۇچىلار ۋە باغلىغۇچىلار ياردەمچى سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ . ئۇندەش سۆزلەر بولسا ئالاھىدە تۈر ھېسابلىنىدۇ .

(8) گراماتىكا جەھەتتە ، سۆز بىرىكمىلىرى تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى ، ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋەتىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ، ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى دەپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ ؛ جۈملىلەر ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ؛ جۈملە بۆلەكلىرى ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ، ھالەت ۋە قىستۇرما بۆلەك دەپ بۆلۈنىدۇ ؛ ئاددىي جۈملە شەكىللىرىدىن بايان جۈملە ، سوراق جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىلەر بار . قوشما جۈملە شەكىللىرىدىن تەڭداش مۇناسىۋەتىدىكى قوشما جۈملىلەر ، تاللانما قوشما جۈملىلەر ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر بار .

ئېلىمىز تاجىك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ، بۇ تىلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىمۇ نىسبەتەن چەكلىك .

بىرىنچىدىن ، تاجىك تىلى ئائىلە تىلىدۇر . تاجىك يۇرتلىرىدا ھەربىر ئائىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلى ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ . ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئارىسىدا ، ئەر - خوتۇن ئارىسىدا بىردەك تاجىك تىلى ئىشلىتىلىدۇ . ئائىلىلەردە بوۋاقنىڭ تىلى تاجىك تىلىدا چىقىدۇ . باللار ئائىلىدە تاجىك تىلىدا تەربىيىلىنىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، تاجىك جەمئىيەت تىلىدۇر . تاجىكلار جەمئىيىتىدە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلىدا ئالاقىلىشىش ئېلىپ بارىدۇ . مەسىلەن ، ئۆزئارا سالام - سەھەت قىلغاندا ، بىر - بىرى بىلەن خوشلاشقاندا ، ئۆزئارا ھال - ئەھۋال ۋە كۆڭۈل - دىل ئىزھار قىلغاندا ، توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - يېتىم ، نەزىر - چىراغ ، ھېيت - ئايەم ، مېھماندارچىلىق ، پەرز - پەرھىز ، دىنىي پائالىيەت ، سودا - سېتىق ، ئېلىم - بېرىم قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلى ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ .

ئۈچىنچىدىن ، مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتە ، مىسالى ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ، مۇزىكا - ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ، ئەلنەغمە ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بىردەك تاجىك تىلى قوللىنىلىدۇ . ئەڭ ئاددىيسى چوڭلار كىچىك باللارغا ئەپسانە ، رىۋايەت ، چۆچەك ، تەمسىل ، لەتىپە ۋە ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندە تاجىك تىلىنى ئىشلىتىدۇ . تاجىك ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ تېكىستى بىردەك تاجىك تىلىدا ئىجاد قىلىنىدۇ ۋە ئوقۇلىدۇ .

تۆتىنچىدىن ، تاجىك جەمئىيىتىدە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى قوللىنىلىسىمۇ ، ئىشخانا ۋە دەرسخانا سىرتىدا كىشىلەر يەنىلا تاجىك تىلىدا پىكىر ۋە

ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ .

بەشىنچىدىن ، تاجىكلار ئومۇمەن قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق ئىقتىدارغا ئىگە . تاجىكلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ ، بىر قىسمى خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ . يەنە بىر قىسمى قىرغىز تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ . بىر قىسىم ئائىلىلەردە تېخى بىۋاسىتە پارس تىلىدا سۆزلەش ئادەت قىلىنغان . ئومۇمەن ، تاجىك جەمئىيىتىدە كۆپ تىللىق ھادىسە شەكىللەنگەن .

ئېلىمىز تاجىكلىرى ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇر يېزىقى ياكى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلەتمەكتە .

تاجىك تىلى ئالاھىدە بىر خىل تىل . ئۇ تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇملىسىگە كىرىدۇ . ئۇنى قۇتقۇزۇش ، قوغداش ، تەتقىق قىلىش ، مەيلى تارىخىي قىممەت نۇقتىسىدىن بولسۇن ، مەيلى ھازىرقى رېئال قىممەت نۇقتىسىدىن بولسۇن ، تولىمۇ زۆرۈردۇر . بىز تاجىك تىلىنىڭ بۇ خىزمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .

# Ⅱ باب　تاجىك ئەل ئەدەبىياتى

## 1 § . تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرى توغرىسىدا

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ئەل ئەدەبىياتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالساق ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنىڭ مول ، رەڭدار ، تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە ئىزچىللىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ . ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ، ئەل ئەدەبىياتى ئىنتايىن بايدۇر . بۇ تارىخي يادىكارلىقتا ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقانداق بىر تۈر - ژانىرى تېپىلىدۇلا ئەمەس ، بەلكى خېلىلا سالماققا ئىگە .

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى ئەل - ئاۋام ئۆلچىمىدىن تۈرگە ئايرىغاندا ، «ساۋگ» (ھېكايەتلەر ياكى پروزىچىلىق ) ۋە «بېيىت» (شېئىري ئەسەرلەر ياكى پوئېزىيىچىلىك ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . «ساۋگ» (ھېكايەتلەر ) نىڭ مېغىزى (مەزمۇنى ) ۋە ھەجىمى (دائىرىسى ) ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ژانىر تۈرى نۇقتىسىدىن بارلىق پروزا ئەسەرلىرى (نەسري ئەسەرلەر )نىڭ ھەممىسىنى ، يەنى ئەپسانە - رىۋايەت ، ھېكايە - چۆچەك ، مەسەل ، لەتىپە ، تېپىشماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «بېيىت» (شېئىري ئەسەرلەر ياكى ناخشا - قوشاقلار )

نىڭ مەزمۇنى مىسلىسىز مول ۋە رەڭدار بولۇپ ، ئۇ ئەمەلىيەتتە هازىرقى زامان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئايرىلغان بارلىق تۇرلەرنى ، يەنى غەزەللەر (لىرىك شېئىرلار ) ، رۇبائىيلار (پەلسەپىۋى شېئىرلار ) ، قەسىدىلەر (دىنىي مەدھىيە شېئىرلىرى ) ، مەسنەۋىلەر ۋە تەلقىنلەر (مەرسىيە شېئىرلىرى ) نى ئۆز ئىچىگە ئالسا ، مەزمۇنەن ئەمگەك قوشاقلىرى ، ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى ، مۇھەببەت ـ سۆيگۈ قوشاقلىرى ، ماتەم ـ مۇراسىم قوشاقلىرى ، مەدھىيە قوشاقلىرى ، دىنىي مۇراسىم قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كېيىنكى كەلگەچكە يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتى ئىچىدىكى «بېيىت » تۇرى تاجىك مۇقام ـ كۈيلىرى ، خەلق ئۇسسۇلى ، چالغۇ سازلىرى بىلەن ئورگانىك بىر گەۋدە بولۇپ ، ئادەتتە ئۇنىۋېرسال شەكىلدە تەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ئەلنەغمە شەكلىنى هاسىل قىلغان بۇ ئەل ئەدەبىياتىدا تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس چالغۇلىرى بولغان بۇركۇت نەي ، داپ ۋە راۋاب ئاجايىپ تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ . بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا تاجىكلار ئارىسىدا رەڭگارەڭ سۆزلىنىدىغان رىۋايەت ـ هېكايەتلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ، زاماندىن زامانغا ، ماكاندىن ماكانغا تارقىلىپ كەلمەكتە . بۇ رىۋايەت ـ هېكايەتلەر دۇردانىلىرىنىڭ مۇبارەك نامى هەتتا قەدىمكى گرېك كلاسسىكلىرى پتولمى (تەخمىنەن مىلادىيە 90 ـ — 168 ـ يىللار ) ، سترابون (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 63 ـ يىلىدىن مىلادىيە 20 ـ يىللارغىچە ) ، ئارىئەن (مىلادىيە 95 ـ — 175 ـ يىللار ) ، هەم كېيىنكى ماركو پولو (مىلادىيە 1254 ـ — 1324 ـ يىللار ) ، ئاۋرىل ستەيىن (مىلادىيە 1862 ـ — 1934 ـ يىللار ) ، سۋېن ئاندىرس هېدىن (مىلادىيە 1865 ـ — 1952 ـ يىللار ) ، داگوگۋاڭرۇي (مىلادىيە 1876 ـ — 1948 ـ يىللار ) ، يانفانىسىن (مىلادىيە

1863 ـ ؟ ) قاتارلىقلارنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ ، يىراق مەغرىب ئېلىگە تارقالغان . شۇڭا ، بىز چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەل ئەدەبىيات بايلىقىمىزنىڭ موللىقى بىلەن پەخىرلىنىمىز .

## § 2 . «ساۋگ» (پروزا ـ نەسر ) ژانىرى توغرىسىدا

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، «ساۋگ» تاجىك تىلىدىكى خاس تېرمىن بولۇپ ، ئادەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نەسري ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق نامىنى ، يەنى ئەپسانە ، رىۋايەت ، ھېكايە ، چۆچەك ، مەسەل ، لەتىپە ۋە تېپىشماقلارنى كۆرسىتىدۇ .

### 1 . تاجىك ئەپسانىلىرى

ئەپسانىلەر — ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى . تاجىك ئەپسانىلىرى ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىكى تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ـ قاراشلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە داۋاملاشقان تارىخىي خاتىرىسى ياكى مىراسىدۇر .

تاجىك ئەل ئەپسانىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى باي ، ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى كەڭ ، مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيىسى مول بولۇپ ، تاجىكلارنىڭ ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ . چۈنكى بۇ خىل ئەپسانىلەردە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەلسەپە ، دىنىي ئېتىقاد ، تىل ـ

ئەدەبىيات ، ھۈنەر ـ سەنئەت ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىجادىيەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن بولغاچقا ، ئۇلار قەدىمكى پامىر يۇرتىنىڭ گېئوگرافىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى تەكشۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ . ھازىرغا قەدەر تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدا بۈيۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىغا ئائىت ئەپسانىلەردىن ئاي ئەپسانىسى ، قۇياش ئەپسانىسى ، قار ئەپسانىسى ، زىرائەت ئەپسانىسى ، يەر تەۋرەش توغرىسىدىكى ئەپسانە ، تاغ ئەپسانىسى ، سۇ ئەپسانىسى ، گۈل ئەپسانىسى ، جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردىن ئادەملەرنىڭ يارالمىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ، زەھھاك ۋە ئىبلىس توغرىسىدىكى ئەپسانە ، نۇر ۋە زۇلمەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئەپسانىسى ، ئىككى ساندۇق خەزىنە ئەپسانىسى قاتارلىقلار توپلىنىپ ، رەتلىنىپ ، بىر قىسمى خەلق ئەدەبىياتى قامۇسلىرىدا ۋە بىر قىسمى خاس ئەسەرلەردە ئېلان قىلىندى .

تاجىك ئەل ئەپسانىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . بىرىنچىدىن ، ئۇ تارىختىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تۈرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ ، مەزمۇن جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە . تاجىك ئەپسانىلىرى قاتلاملىرىدا قەدىمكى تاجىك ـ پارس مەدەنىيىتى جۇلالىنىپلا قالماستىن ، ئۇنىڭدا يەنە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى ، ئاتەشپەرەسلىك (زوروئاستىرىزم دىنى ) دىنىي مەدەنىيىتى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ مەدەنىيىتى ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ، ئىللىنىزم مەدەنىيىتى (گرېك ـ باكتېرىيە مەدەنىيىتى )نىڭ جەۋھەرلىرى گەۋدىلەنگەن . ئىككىنچىدىن ، ئۇ روشەن بۈركۈت مەدەنىيىتى تۈسىگە ئىگە . تاجىكلارنىڭ بۈركۈت توغرىسىدىكى رەڭگارەڭ رىۋايەتلىرى قاتلىمىدا بىر مەركىزىي ئىدىيە — بۈركۈت بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى (ئەمەلىيەتتە تەبىئە بىلەن

جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ) مېھىر ـ شەپقەتلىك مۇناسىۋەت يورۇتۇلغان . ھايات ـ مامات پەيتىدە بۇركۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ ، پىداكارلىق ۋە شەپقەت كۆرسىتىپ تاجىكلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان . بۇركۇت تېخى ئەبەدىي يادىكارلىق بولسۇن ئۈچۈن ، تاجىكلارغا «بۇركۇت نەي» بىلەن «بۇركۇت ئۇسسۇلى»نى مىراس قالدۇرغان . بۇ ئەپسانىلەرگە ئاساسەن تاجىكلاردا «بۇركۇت مىللىتى» ۋە «بۇركۇت مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇملار بارلىققا كەلگەن . ئۈچىنچىدىن ، «مۇز تاغ ئاتا» تۇسىگە ئىگە . تاجىك ئەپسانىلىرىنىڭ كۆپى «مۇز تاغ ئاتا»نى دەۋر قىلىپ ، سۇژىت لىنىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن . تاجىكلارنىڭ قەلبىدە «مۇز تاغ ئاتا» تاغلارنىڭ پىرى بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ يەنە ئىلاھىي تاغ ، ئىنسانلارغا ئابى ھايات — سۇ ۋە گۈل ـ گىياھ ئاتا قىلغان تاغ . تۆتىنچىدىن ، تاجىك ئەپسانىلىرىدا تاجىكلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ، يەنى ئۇلارنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى ، سەمىمىي ـ مۇلايىملىقى ، ئالىيجانابلىقى ، ئادەمگەرچىلىكى ، مەردانىلىكى ، قىسقىسى ، تاجىك ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن . شۇڭا ئۇ ، سېھرىي كۈچ ۋە جەلپكارلىققا ئىگە .

## 2 . تاجىك رىۋايەتلىرى

تاجىك رىۋايەتلىرى تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بىر قەدىمىي ژانىر . ئۇنى مەزمۇنەن تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ : (1) قەدىمكى قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ؛ (2) يەر ـ جاي ناملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ؛ (3) بىر قىسىم شەيئى ، ھادىسە ۋە نەرسە ـ بۇيۇملارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ؛ (4) كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر . بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇز تاغ ئاتا رىۋايىتى ، بۇركۇت نەي رىۋايىتى ، پەھلىۋانى رۇستەم

رىۋايىتى ، دۇلدۇل ـ تۇلپار رىۋايىتى تاجىك خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ يادروسى بولۇپ ، ئۇلار ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ مولللىقى ، ۋەقەلىك سىستېمىسىنىڭ بەھەيۋەتلىكى ، ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر . بۇ بىباھا بايلىقنى چۈشەنمىگەندە تاجىك خەلقىنىڭ ھەقىقىي قەلبىنى ، تاجىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ . چۈنكى تاجىك رىۋايەتلىرى بىر روشەن ئەينەك بولۇپ ، پەقەت مۇشۇ ئەينەكتىنلا تاجىكلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئىگىلىشىمىزچە ، ھازىرغىچە توپلىنىپ رەتلەنگەن تاجىك رىۋايەتلىرى 200 گە يېتىدۇ . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتلەردىن سىرت ، مەلىكە قورغان رىۋايىتى ، تاش شەھەر رىۋايىتى ، داپ رىۋايىتى ، سۇرناي رىۋايىتى ، پەرھاد ـ شېرىن ئۆستىڭى رىۋايىتى قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ ، ھەر بىرى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . تاشقورغاندا نېمە كۆپ دېسە ، مازار كۆپ . ھەربىر مازارنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قىزىقارلىق رىۋايەتلەر خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە .

## 3 . تاجىك ھېكايەت ـ چۆچەكلىرى

تاجىك خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرى نەسرىي ژانىر بويىچە سانى كۆپ ، تارقىلىشى كەڭ ، مەزمۇنى خىلمۇخىل بولۇپ ، ئۇلاردا تاجىكلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ، ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىلىرى ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، ئارزۇ ـ ئارمىنى ، غايە ـ ئىستىكى ، نىيەت ـ ئىقبالى ، دىنىي ئېتىقادى ، گېئوگرافىيىلىك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ، كىشىلىك مۇناسىۋىتى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، قىسقىسى ، تاجىك ھاياتى ۋە مەدەنىيىتى ئەتراپلىق ئىپادىلەنگەن .

تاجىك خەلق چۆچەكلىرىدە دەۋر ۋە زامان پۇرىقى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي دەۋر ئىنزناسى كۆرۈلسە، بىر قىسىم چۆچەكلەردە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، تاجىك خەلق چۆچەكلىرىنى خىيالىي چۆچەكلەر، ھايۋانات چۆچەكلىرى، بالىلار چۆچەكلىرى، مۇھەببەت چۆچەكلىرى، ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر دەپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تاجىكلاردا چۆچەك سۆزلىگۈچىلەر كۆپرەك مومايلار بولۇپ، ئۇلار كەچتە ئوخلاش ئالدىدا كىچىك بالىلارنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارغا خىلمۇ خىل چۆچەكلەردىن ھېكايەت قىلىشىدۇ. كىچىك بالىلار بولسا مومايلارغا مايلىق توقاچلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۆچەكلەرنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تاجىك خەلق چۆچەكلىرى مومايلارنىڭ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىشى بىلەن زاماندىن زامانغا، ماكاندىن ماكانغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## 4. تاجىك خەلق مەسەللىرى

تاجىك خەلق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن مەسەللەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسەل ئالاھىدە بەدىئىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي ۋە قىسقا، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ئەمەس. ھەربىر مەسەل قىسقا بىر ۋەقەلىك ئارقىلىق، بىرەر قائىدە - قانۇنىيەت، يەكۈن ياكى ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولىدۇ. مەسىلەن، «تۈلكە بىلەن ئېيىق» دېگەن مەسەلنى ئالساق، ئېيىق بىلەن تۈلكە دوست بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى تۈلكە دوستى ئېيىققا ئۆزىنىڭ قانات ياسايدىغان ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ پو ئېتىپتۇ. ئېيىق

تۈلكىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر جۇپ قانات ياساپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىلىپتۇ. تۈلكە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ، ئېيىقنى بىر ئېگىز يارنىڭ ئۈستىگە باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «مۇشۇ يەردىن پەسكە سەكرەپ ئۇچساڭ، ساڭا تەبىئىي ھالدا بىر جۇپ قانات ئۆسۈپ چىقىدۇ» دەپتۇ. ئېيىق تۈلكىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئېگىز ياردىن پەسكە قاراپ سەكرەپ، يار ئاستىغا يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. تۈلكە خۇشاللىقىدىن پەسكە چۈشۈپ ئېيىقنى يەۋەتمەكچى بولغاندا، ئېيىق ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ، يالغان ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، تۈلكە يېنىغا كەلگەندە ئۇنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ، چىشلەپ ـ چىشلەپ يەپ كېتىپتۇ.

## 5. تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەر بار، ئۇلار پەلسەپىۋىلىككە، نەزەرىيىۋىلىككە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئوبرازچانلىقى، تىلىنىڭ شېرىن ۋە جەلپكارلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تاجىكلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ماقال ـ تەمسىللەر تاجىك خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا تاجىكلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملىرى، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەرنى تاجىك ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ كىچىك ئېنسىكلوپېدىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن تۆۋەندىكى

يەتتە تۆرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :[1] تاجىكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چۈشەنچە ـ قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «ئادەمنىڭ كىندىكى قورسىقىدا ، ئالەمنىڭ كىندىكى پامىردا» ؛ «ئادەمنى ئىككى نەرسە بالاغا قالدۇرىدۇ ، بىرى ئاغزى ، بىر نەپسى» ؛[2] تاجىكلارنىڭ ئانا يۇرتى — تىلسىمات پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «سەرىكۆيدە ئاشلىق بىر قېتىم پىشىدۇ» ، «يەكەننىڭ ئاتلىسىدىن شىنگاننىڭ سۈيى قۇۋۋەتلىك» ، «سۇ — مۇزدىن ، مۇز — سۇدىن» ، «داۋان ئاتلاپ خوتۇن ئالما ، دەريا كېزىپ يەر تېرىما» ؛[3] تاجىك ئېتنوگرافىيە فولكلورىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «يالغۇز باشقا گۆر ياخشى» ، «مۇساپىر نەگە بارسا ، كۆڭلى ۋەتەنگە تەلپۈنىدۇ» ، «توي خۇدانىڭ خەزىنىسى» ، «ئېشەك ئېرىقتىن ئۆتۈۋالسىلا ئۆزىنى تۇلپار سانايدۇ» ، «قىزىل گۆشتىن ئاق سۈت چىقىپتۇ» ، «قىزىل تىل قارا باشقا چىقىپتۇ» ؛[4] تاجىكلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «دەم — غەم» ؛ «مېھماننىڭ ئۆيگە كېلىشى بەرىكەت» ، «ئەرنىڭ قانىتى ئات ، ئاتتىن قالساڭ يات» ، «سېغىنى يوققا ياز بولماس ، زىرائىتى يوققا كۈز بولماس» ،[5] ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن : «بالاڭغا ئەلى دەپ ئات قويغىنىكى ، ئۆمەر

---

① «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .

② «تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .

③ مەدەلىخان ، راخمانقۇل : «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى ، ئۇيغۇرچە نەشرى .

④ باباخان غاپۇرۇپ : «تاجىكلار تارىخى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .

⑤ «پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخى ، جۇغراپىيىسى ۋە مىللەتلىرىگە ئائىت ئىنگلىزچە پايدىلىنىش ماتېرىياللار توپلىمى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .

دەپ ئات قويما» ، «ئاچ قالغان موللا قۇرئان كەرمنى پۈتىغا قويۇپ ، تورۇستىكى ناننى ئاپتۇ» ، «جان ئادەم تېنىدە ئامانەت» ، «ئەجەل ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» ،① ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا مىللەتلەر تۇرمۇشى بىلەن ئورتاقلىقى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «ئەگرى بۇرۇننى كەسكىلى بولماس» ، «مەرد دەۋرى بىلەن مەرد» ، «ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەم» ، «بىلىم — ئەقىل چىرىغى» ؛② باشقا مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ماقال ـ تەمسىللەر ، مەسىلەن ، «ھۈنەر ئۆگەنسەڭ چىنغا بار ، تىل ئۆگەنسەڭ پارسقا بار» ، «ھىندىدىن تېۋىپ كەلگىچە ، سەرىكۆيدە بىمار جان ئۈزۈپتۇ» ، «پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىدىغان راست گەپتىن ، زىيىنى يوق يالغان گەپ ياخشى» ۋە باشقىلار .

## 6 . تاجىك خەلق لەتىپىلىرى

تاجىك خەلق ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن خەلق لەتىپىلىرى بار . ئۆزگىچە ئەدەبىي شەكىلگە ئىگە خەلق لەتىپىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق ھادىسىلەرنى ماتېرىيال قىلىپ ، ئاخىرىدا ھەجۋىي خاراكتېرلىك يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقىرىدۇ . تاجىك خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ھەجىمى كىچىك ، پېرسوناژلىرى ئاز ، ۋەقەلىكى چاققان ، لوگىكىلىقى پۇختا بولۇپ ، ھەر لەتىپىدە كىچىك بىر مەسىلە بايان قىلىنىپ ، خاتىمىدە ئۇنىڭدىن تەربىيىۋى خاراكتېرلىك ئەقلىي يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىرىلىدۇ . كىشى تەپەككۇر قىلغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يېتىدۇ ـ دە ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ . شۇ سەۋەبلىك خەلق لەتىپىلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ

① «يەر ـ جاي ناملىرى لۇغىتى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى نەشرى .
② «دىن لۇغىتى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشرى .

ھەجۋى سەنئەتتىكى يۈكسەك تالانتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. خەلق لەتىپىلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن دۈشمەنلەرنى ھەجۋى قىلىدىغان لەتىپىلەر ۋە خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان تۇرمۇش لەتىپىلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دۈشمەنلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان خەلق لەتىپىلىرىدە، ئۆتمۈش زامانىدىكى پادىشاھ، خان، ۋەزىر، بەگ، قازى ۋە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، نومۇسسىزلىقى، ئەخمەقلىقى، دۆتلىكى، ھاماقەتلىكى، رەزىللىكى ۋە باشقا يىرگىنچلىك ئەپت - بەشىرىلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، مەسخىرە قىلىنىدۇ.

تۇرمۇش لەتىپىلىرىدە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى تېما قىلىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى نادانلىق، ھورۇنلۇق، مەنمەنچىلىك، ماختانچاقلىق، مەغرۇرلۇق ۋە باشقا خىلمۇخىل ئىللەتلەر ھەجۋى قىلىنىدۇ. تۇرمۇش لەتىپىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئۆتكۈر، ئاچچىق مەسخىرە كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيىۋى كۈچىمۇ زور بولۇپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ئاقىلدىن سوراپتۇ:

— تەقسىر، ئاڭلايدىغىنىڭىز كۆپمۇ، سۆزلەيدىغىنىڭىز كۆپمۇ؟

— ئاڭلايدىغىنىم ئەلۋەتتە كۆپتە!

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى مەندە ئاڭلايدىغان ئەزادىن ئىككىسى بار، سۆزلەيدىغان ئەزادىن ئاران بىرسى بار.

تاجىك خەلقى ئارىسىدا ئاتاقلىق لەتىپىچىلەردىن دىلاۋەر ۋە كەفتاننىڭ لەتىپىلىرى مۇئەييەن سالماقتا ئىگە.

## 7 . تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى

تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆسمۈر ـ باللارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى سىنايدىغان ، كىشلەرنىڭ زېھنىي كۈچىنى مۆلچەرلەيدىغان ، ئادەمنى پىكىر ۋە قىياس قىلىشقا ئۈندەيدىغان نۇرغۇن قىزىقارلىق تېپىشماقلار بار . هازىر خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، تاجىكلار ئارىسىدا تېپىشماقلارنىڭ بارلىققا كەلگەن تارىخى ناهايىتى قەدىمىلىككە ئىگە . بۇنى بىر قىسىم تېپىشماقلاردا ئىپادىلەنگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىپتىدائىي قاراشلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ .

تاجىك خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ ئەڭ مۇهىم ئالاهىدىلىكى شۇكى ، بىرىنچىدىن ، تېپىشماقلار سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭ سوئال قىسمىدا ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئالاهىدىلىكى ئىنتايىن يىغىنچاقلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . جاۋاب قىسمىدا ماهىيەت ۋە مېغىزى ئاشكارىلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ سوئال ـ جاۋابتىن ئىبارەت بۇ شەكىلدە بىرەر شەيئى ياكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ئىپادىلىنىدۇ . مۇشۇ ئالاهىدىلىك بولغاچقا ، تېپىشماقلارنى خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنى سىنايدىغان ، يېتىشتۈرىدىغان ، ئۇنۇمى يۇقىرى بولغان ئالاهىدە بىر خىل ئەدەبىي ژانىر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

مەزمۇن جەھەتتە ، تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى كەڭ تېماتىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ ، بىر قىسىملىرىدا ئۇلۇغ تەبىئەت هادىسىلىرى ، بىر قىسىملىرىدا بولسا ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك هادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . ئاز بىر قىسىم تېپىشماقلاردا هەتتا خەلقنىڭ ئالەم ۋە كائىنات توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلىنىدۇ . قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ، تاجىك خەلق تېپىشماقلىرى شېئىرىي تېپىشماقلار

ۋە نەسرىي تېپىشماقلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شېئىرىي تېپىشماقلار ئادەتتە بىر كۇپلېت شېئىردىن تۈزۈلۈپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىسە، نەسرىي تېپىشماقلار بىرەر جۈملە ياكى بىرەر قىسقا ئابزاس ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن،

قىرىق دىۋانە، بىر كاماردا ئاۋارە. (چۈمۈلە)
كۈندۈزى ئىززەتتە، كېچىسى خىزمەتتە. (يوتقان ـ كۆرپە)
ئۆزى پۈتسىز، ئەمما يۈگۈرۈشى بەك تېز. (شامال)

## 3 § . «بېيىت» (پوئېزىيە ـ شېئىر) ژانىرى توغرىسىدا

### 1 . تاجىك خەلق داستانلىرى

تاجىكلار مول داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت. شەرق داستانچىلىق تارىخىدا تاجىك داستانلىرى سەلتەنەتلىك ۋە پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە. تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا دۇنياۋى نوپۇز ۋە تەسىرگە ئىگە داستانلىرىمىزدىن زەردۇشت دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «زىنىد ئاۋىستا» داستانى، كلاسسىكلىرىمىزدىن رۇداكىنىڭ «كەلىلە ۋە دىمنە» داستانى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسى، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ «تېبابەت» داستانى، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «موھزانول ئەسرار» (سىرلار خەزىنىسى) خەمسەسى (بەش داستاندىن تەركىب تاپقان)، خىسرەۋ دېھلەۋىنىڭ بەش داستانلىق «پەنج ـ گەنج» خەمسەسى، ھەزرىتى ئابدۇراخمان جامىنىڭ يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) خەمسەسى، مىرزا ئابدۇقادىر

بېدىلنىڭ «كومىرى ۋە مودەن» داستانى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي خام ماتېرىيالى تاجىك خەلق داستانلىرىدىن ئېلىنغان.

ئېلىمىز تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدىمۇ داستانچىلىق ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىنمۇ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە. ھازىرغا قەدەر توپلىنىپ، رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان مۇھىم داستانلاردىن «نىگار ـ مەجنۇن»، «دوختەرى زەرىن»، «پەنج بۇرادەر»، «دوختەرى قەيسەرى چىن»، «تەيغۇن» قاتارلىقلار بار. بۇلار تاجىك پوئېزىيىچىلىكىنىڭ يادروسى بولۇپ، تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«نىگار ـ مەجنۇن» داستانى تاجىك خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم مىسرالىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ، توي ـ تۆكۈن ۋە بەزمە ـ مەشرەپلەردە بېيىتچىلار تەرىپىدىن ئوقۇلىدۇ. بۇ داستان قۇرۇلما جەھەتتىن ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسىمدا داستاندىكى باش پېرسوناژ مەجنۇننىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىغا ئالاقىدار ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. كېيىنكى قىسىمدا مەجنۇننىڭ يەنە بىر ئاساسىي پېرسوناژ — تەڭداشسىز گۈزەل ساھىبجامال قىز نىگار بىلەن بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، ئۇنىڭ كۈرمىڭ مۈشكۈلات ـ توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاخىرى نىگارنىڭ ۋىسالىغا يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنگەن. داستان ۋەقەلىكلىرى تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى داستانچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە ھېكايەت (نەسرىي) شەكلىدە بايان قىلىنسا، پېرسوناژلار دىئالوگلىرى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان:

خانەڭ كۆرۈپ كەلدىم ساڭا مېھمان بولۇپ،
مۇڭداشقىلى كەلدىم جانان سېنى كۆرۈپ.

شۇنداق يوسۇن بار ئەل ئارا مېهمان كەلسە ،
خانە ساھىب ئۆزى چىقىپ ئالار كۇتۇپ .

«دوختەرى زەرىن» (ئالتۇن قىز) داستانىدا ، سەييىاد ئىسىملىك يىگىت بىلەن زەرىن ئىسىملىك قىز ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن . بىراق بۇ ئىككى ياشنىڭ چىن مۇھەببىتى پادىشاھنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ ، تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان . كېيىن پادىشاھ ئەينەن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن چەكسىز پۇشايمانغا قالغان . ئۇ نەق مەيدانغا كېلىپ ، مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىغان قىزى زەرىننىڭ كۆز يېشىنى سۇرتۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندا ، مەلىكە زەرىن شاھ دادىسىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي ، سۆز قىلىشنىڭ ئورنىدا مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇغان :

سەن ئىدىڭ تاجۇ تەختىم ، شانۇ شەۋكەتلىك ئاتام ،
ھەم ئانامدەك مېھرىبان ، ئەلدە ھۆرمەتلىك ئاتام .
بىلمىدىڭ دەردىمنى سەن ، قىلدىڭ ماڭا زۇلۇم ـ سىتەم ،
ئەمدى تۆكتۈڭ سەنمۇ ياش ، بەكمۇ ھەسرەتلىك ئاتام .

داستاننىڭ ئاخىرى تېخىمۇ قىززىقارلىق بولۇپ ، ئۇ تاجىكلارنىڭ «بۇركۇت نەي» دىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى — سۇرنەي (قومۇش نەي)نىڭ دۇنياغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۇرىدۇ .

«پەنج بۇرادەر» (بەش ئاكا ـ ئۇكا) داستانى ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىلغار بولغان خەلق داستانى . داستاندا دېهقان ئوبرازى ئارقىلىق ، تاجىك خەلقىنىڭ ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن .

داستاندا ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان بەش ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بۇ ئالەمدىكى تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى قىززىقارلىق بايان قىلىنغان . ئېيتىلىشىچە ، بەش ئاكا ـ ئۇكىدىن

بىرى شاھ ئوردىسىنىڭ ۋەزىرى ، بىرى شائىر ـ غەزەلچى ، بىرى شىكار ـ ئوۋچى ، بىرى دىندار دەھموللا (داموللا ) ، بىرى سەھرايى ـ دېھقان ئىكەن . كۈنلەر ئۆتۈپ ، يىللار ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بوپتۇ . تۆت ئاكا ـ ئۇكا ناھايىتى تەقۋادار بولۇپ كېتىشىپتۇ . ئۇلار دېھقان ئىنىسىنى زادىلا ياراتمايدىغان ، ھەتتا ئۇنى كەمسىتىدىغان ، كۆرسىمۇ سالاملاشمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ يۇرت ـ دىيارىدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ ، ئاچارچىلىق ، قەھەتچىلىك ھەممە يەرنى قاپلاپتۇ . تۆت ئاكا ـ ئۇكا خانىۋەيران بولۇپ ، سەرسان ـ سەرگەردان ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇلارنىڭ دېھقان ئىنىسى بولسا ، بايمۇ ئەمەس ، نامراتمۇ ئەمەس ، ھەرھالدا قەدىر ـ ئەھۋال كۈن كەچۈرۈپتۇ . تۆت ئاكا ـ ئۇكا تازا ئوسال ئەھۋالغا قېلىپ ، دېھقان ئىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «دادىمىزنىڭ ئەرۋاھى ھەققى ئۈچۈن بىزگە خەير ـ ساخاۋەت قىلساڭ» دەپ نان سورىشىپتۇ . دېھقان ئىنىسى ئېگىز تەكچىدىكى ناننى كۆرسەتسە ، ئۆلىمالىقنى كەسىپ قىلغان دەھموللامنىڭ بويى يەتمەي ، قولتۇقىدىكى ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى ئايىغىغا قويۇپ ناننى ئېلىپ يەپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ تاجىكلار ئارىسىدا ، «ئاچ موللا قۇرئاننى دەسسەپ تەكچىدىن نان ئاپتۇ» ، «ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام» دېگەندەك گەپلەر تارقالغانىكەن .

مەزكۇر داستاندا قىممەتلىك بىر قاراش بار . ئۇ بولسىمۇ ، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «دېھقان»غا تايىنىشى كېرەك . ئىنسانلار ئىچىدە دېھقانلار ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر بولۇپ ، ھاياتلىقنىڭ ئاچقۇچى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدا ؛ دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەمۇرچىلىقىمۇ ئالدى بىلەن دېھقان مېھنىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ . تۇرمۇش گۈلزارىدا دېھقان بەئەينى گۈللەر ئارىسىدىكى

جۇلالىنىپ تۇرغان ئەتىرگۇل . ئىنسانلار ئارىسىدا دېھقانلارغا تەڭداش كېلىدىغان ساپ دىل ، شەپقەتلىك ، ئاق كۆڭۇل كىشىلەر يوق . دېمەك ، يۇقىرىدىكى داستاندا دېھقانىنىڭ ئۇلۇغلۇقلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن . ھۇرۇن ۋە بىكار تەلەپ كىشىلەر مەسخىرە قىلىنغان .

يۇقىرىدىكى داستانلاردىن باشقا ، يەنە «دوختەرى قەيسەرى چىن» ، «تەيغۇن» (قۇلچاق) ، «پەرى گۇلچېھرە» ، «گۆر ئوغلى» ، «پەھلىۋانى رۇستەم» ، «مۇرغى سۇخەنگۇي» (سۆزلىيەلەيدىغان قۇش) ، «گۇلى رۇقىيە» ، «پەرھاد ـ شېرىن» ، «ئاق بۆجەن» ، «بابايى پىرەك» قاتارلىق داستانلار تاجىكلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ۋە مىللىي روھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## 2 . تاجىك خەلق بېيىتلىرى (ناخشا ـ قوشاقلىرى)

تاجىك خەلق بېيىتلىرى (ناخشا ـ قوشاقلىرى) ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئېسىللىقى ، بەدىئىي قۇرۇلۇشىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنىڭ گۇل تاجىسى ھېسابلىنىدۇ . «بېيىتسىز ھايات — تاجىك ھاياتى ئەمەس» دېگەن بۇ يەكۇن تاجىك خەلق بېيىتلىرىنىڭ ناھايىتى مول ئىكەنلىكىنى يان جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

سېلىشتۇرۇش ، تەھلىل قىلىش ، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، تاجىك خەلق بېيىتلىرى (ناخشا قوشاقلىرى)نى ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئاساسەن ، قارشىلىق ناخشىلىرى ، غېرىبلىق ناخشىلىرى ، سۆيگۈ ناخشىلىرى ، ئۆرپ ـ ئادەت ناخشىلىرى ، مەرسىيە ناخشىلىرى ، ھەجۋىيات ناخشىلىرى ، قەسىدە ناخشىلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد ناخشىلىرى دەپ بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

تاجىك خەلقىنىڭ قارشىلىق ناخشىلىرى ئومۇمەن ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن كونا جەمئىيەتتىكى ئېزىش - ئېزىلىشلەر، زۇلمەت، ناھەقچىلىق، ئادالەتسىزلىك، ۋەھشىيلىك ۋە قانخورلۇققا بولغان قارشىلىق كەيپىياتلىرى ھەمدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلمەتلىك كونا دۇنياغا ئوت ئېچىپ، ھۆررىيەت ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە ھەۋەس - ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن بولسا، غېرىبلىق ناخشىلىرىدا ئازاب ۋە زۇلۇم دەستىدىن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىرلىق ۋە دەرد - ھەسرەتتە قالغان، زۇلۇم ۋە ئېزىلىش دەستىدە خارلانغان، قان - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ ھىجران قايغۇسىغا چۆمگەن غېرىب - بىچارىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىلدىكى ناخشىلاردا مۇساپىر - غېرىبلارنىڭ ئانا دىيارىغا بولغان سېغىنىش، ئانا يۇرتىنى سۆيۈش، ئەزىزلەشتەك كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە يۇرت سۆيەرلىك روھى ھەم ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن:

تاڭ سەھەردە ماڭدىم سابادا، چۆل - باياۋانلار ئارا،
قاقشايمەن زار يىغلاپ، مۇشكۈلات كەلگەچ ماڭا.
ئۆرتىدى كۆڭلۈمنى مىڭ دەرد، قاقشىتار پىراق مېنى،
قايسى جاينىڭ ئوغلى ئەردىم نە ماكان بولغاي ماڭا.

تاجىك خەلقىنىڭ غېرىبلىق ناخشىلىرىدا كۆپىنچە قايغۇ - پىغان ۋە مۇڭ - زار ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا، ناھايىتى ھېسسىياتلىق بولىدۇ. سۆيگۈ - مۇھەببەت ناخشىلىرى تاجىك خەلق بېيىتلىرىنىڭ ئاساسي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ناخشا - قوشاقلاردا بىر تەرەپتىن، يىگىت - قىزلارنىڭ سۆيگۈسى بايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاجىكلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋاستىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت بىلەن جەمئىيەت ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن

ئايرىلالمايدۇ . كونا جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن مۇھەببەت بېيىتلىرىدا زۇلمەت ـ جاھالەت ، ئەركىن مۇھەببەتكە توسالغۇ بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدىئولوگىيە قاتتىق تەنقىد قىلىنىپ ، ياش يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئەركىن ، ئىختىيارىي مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرى تەسۋىرلەنگەن . مەسىلەن :

گۇل جامال تالدەك بويۇڭنى قىبلىگاھىم دەيمىكىن ،
ئاي كەي نۇرلۇق يۈزۈڭنى شەمسى ـ زىيايىم دەيمىكىن ،
يا شېرىن سۆز سۆزلىسەڭ ، بۇلبۇلگوياھىم دەيمىكىن ،
روزى ـ شەب چەكسىز پىغان ، شۇدۇر دۇئايىم دەيمىكىن ،
سەنكى دىلبەر تاش يۈرەك ، مۇرغى گىرىبان ئەيلىدىڭ .

لەۋلىرىڭگە لەۋنى ياقسام بالۇ شەربەت بار ئىكەن ،
كۆكسۈڭدىكى جوپ ئاناردا جانغا راھەت بار ئىكەن ،
ئەھلى ئاشىققا ئوتۇڭدىن كۆپ مالامەت بار ئىكەن ،
ھەم يەنە ۋىسال يولۇڭدا دىشۋار ـ قىيامەت بار ئىكەن ،
تامدۇرۇپ لەۋدىن شېكەرلەر ، كۇلكە ـ خەندان ئەيلىدىڭ .

تاجىك خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت بېيىتلىرى ، مەرسىيە ناخشىلىرى ۋە ھەجۋىيات قوشاقلىرى تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر جان ـ بىر تەننى ھاسىل قىلغان . مەسىلەن ، «شاھ مۇبارەك» تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . ئۇنىڭدا پەدەر — ئاتا ئۆيىدىن چىقىپ ، كېلىن كۆچۈرۈشكە قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان يىگىت پادىشاھقا ئوخشىتىلىپ ، ئۇنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ :

شاھنىڭ بۇ قۇتلۇق كۈنى ،
ئەپكىلىڭلار سەللىنى .①

① سەللە — تاجىكلاردا توي كۈنى يىگىتنىڭ بېشىغا ئاق ۋە قىزىل شايىدىن سەللە ئورۇلىدۇ ـ دە ، پادىشاھقا ئوخشىتىلىدۇ .

تەييار بولسۇن شىر ـ روغەن ،[1]
كەمىرى زىننەتلەنگەن .

ئولتۇرۇشى تەختى زەر ،
بىز ساڭا غۇلام ـ نۆكەر .
يۈزۈڭدىن شادلىق ياغار ،
قولغا كەلدى بىر گۆھەر .

شاھقا مۇبارەك بولسۇن ،
پادىشاھ مۇبارەك بولسۇن .

تاجىكلارنىڭ توي كۈنى ئېيتىلىدىغان «كېلىنچەك» ناخشىسىدا ، كېلىن قىزنىڭ تەسىرلىك سۈپەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ .

تاجىك خەلقىنىڭ ئەمگەك قوشاقلىرىدا ئەمگەك كۆز قارىشى ۋە ئەمگەك سۆيەر روھى ئىپادىلىنىدۇ . ئەڭ قەدىمكى ئەمگەك ناخشىلىرىدىن «خامان قوشىقى» ، «سىغىن قوشىقى» ، «پادىچى قوشىقى» قاتارلىقلار بار .

## 3 . تاجىك خەلق رۇبائىيلىرى

تاجىك ئەل ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا ، قەدىمدىن بۇيان شەكىللەنگەن كۆپلىگەن خەلق رۇبائىيلىرى بار . تاجىك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىدىن تابىلدى ھوشۇر ، مەدەلىخان باۋلۇن ، مۇنى تابىلدى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزۈندىن بىرى توپلاش ، رەتلەش ۋە تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئېلىمىز تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدا 1000 دىن ئارتۇق ئەل رۇبائىيلىرى بار ئىكەن . بۇنىڭدىن بىر قىسمى ئۇيغۇر ، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىندى .

[1] شىر ـ روغەن — سۈت ۋە سېرىقماي بولۇپ ، توي كۈنى يىگىت بىلەن كېلىنگە ئىچكۈزۈلۈپ مۇبارەكلىنىدۇ .

بىر قىسمى تېخى مەتبۇئات يۈزىنى كۆرمىدى .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزدىن قارىغاندا ، ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىدا ، جۈملىدىن پارس كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا رۇبائىي دېگەن بۇ ئالاھىدە شېئىر ئالتۇنى ئەڭ ئاۋۋال خەلق ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن . 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە رۇبائىيچىلىقنى تاجىك كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىغا ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋاسى جاپپار رۇداكى (مىلادىيە 550 ـ — 941 ـ يىللار ) ئېلىپ كىرىپ ، رۇبائىيچىلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ، ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ، پىرى شاھ ناسىرخىسرەۋ ، ئۆمەر ھەييام ، مەۋلانە جالالىدىن رۇمى ، شەيخ سەئىدى ، ھافىز شىرازى ، ئابدۇراھمان جامى ، مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل قاتارلىقلار خېلى كۆپ رۇبائىيلارنى يازغان . بۇلار ئىچىدىن «رۇبائىيچىلىق پىرى» ئۆمەر ھەييام تاجىك — پارس ئەدەبىيات تارىخىدا رۇبائىيچىلىقنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ ، شانۇ شەۋكەت قازانغان ھەم مەڭگۈلۈك ئۆرنەك تىكلىگەن .

ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدا ئەل رۇبائىيلىرىنىڭ تېماتىك تۈرى ۋە مەزمۇنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ ، ئۇ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . پۈتۈن رۇبائىيلارنى تۈرگە ئايرىغاندا ۋەتەن ، يۇرت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ، تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ، ئىتتىپاقلىق ، ئىناقلىق ۋە ھەمدەملىك توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ، ھەسرەت ـ نادامەت ، ئايرىلىش ـ ھىجران توغرىسىدىكى رۇبائىيلار ۋە باشقا تۈردىكى رۇبائىيلارنىڭ بارلىقىنى روشەن ھېس قىلىشقا بولىدۇ . تۆۋەندىكى بىر قانچە

رۇبائىي ئەنە شۇ تۇرلەردىندۇر :

ئۆز ۋەتەن تۇپرىقى تەختى سولايمان ،
تىكىنى گوياكى گۇل لالە ــ رەيهان .
گەر يۇسۇپ مىسىردا سۇرسە سەلتەنەت ،
ئۇنىڭدىن كۆپ ئەزىز ئۆز يۇرتى كەنئان .

پەلسەپىۋىلىك ۋە نەزەرىيىۋىلىكى چاقناپ تۇرغان ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تۆۋەندىكى رۇبائىيغا قاراڭ :

قوش ئىشىك رەباتتۇر بۇ جاهان گويا ،
كۇندە بۇ رەباتتا كارۋانلار باشقا .
كەلدىم بۇ جاهانغا قىلىپ تاماشا ،
كۆردۈمكى ، ئۇ ئەسلىي بىر ئېقىن دەريا .

تاجىكلارنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى رۇبائىيلىرى تېخىمۇ گۇزەل بولۇپ ، كىشىگە ھۇزۇر ــ بەخش بېرىدۇ :

سېنى دەپ كۆيدۈممەن ، سىنەم يارا ــ چاك ،
ئالدىڭدا گەر ئۆلسەم دېمەك ، شېھىت ــ پاك .
يۇرىكىم قېنى گەر تامسا زېمىنغا ،
كۆكلەمدە لالىزار بولغاي زېمىن ــ خاك .

ئومۇمەن تاجىك خەلق رۇبائىيلىرى تاجىك خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسى بولۇپ ، تاجىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىدە مەڭگۇ چاقناپ تۇرىدۇ .

تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدا ، بېيىت ژانىرىدا يەنە نۇرغۇن لىرىك غەزەللەر ، ئەۋلىيا ــ ئەنبىيالار توغرىسىدىكى قەسىدىلەر ، ئىككىلىك ئەركىن شېئىرلار (مەسنەۋى) ، «ئەركەتىلۇ» ۋە «فەلەك» تېپىدىكى خەلق ناخشىلىرى بار .

قىسقىسى ، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ، تەرەققىياتى ۋە قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا ، تاجىك خەلق ئەدەبىياتى بىقىياس مول ، رەڭگارەڭ ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ ، بۇ خىل ئىزچىللىق

يۈتكۈل تاجىك ھاياتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىغا سىڭگەن . ئۇ ، تاجىك يازما ئەدەبىياتىدەك تۇرۇپ گۈللىنىپ ، تۇرۇپ ئۇزۇلۇپ قالغان ئەمەس ، بەلكى تاجىك مىللىتىنىڭ تارىخي كەچۈرمىشلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ، ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن . مۇشۇ نۇقتىدىن تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنى تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ، جۈملىدىن تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزى ۋە جېنى دېيىشكە بولىدۇ . تاجىكلار ئۇستىدە ئىزدەنگەندە ، تاجىكلارنى تەتقىق قىلغاندا ، بۇ نۇقتىغا سەل قاراشقا ، ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ . چۈنكى خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتى تاجىك خەلق ئىجتىمائىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەينىكىدۇر .

تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ : بىرىنچىدىن ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنىڭ كۆلىمى زور ، شەكىللىنىش تارىخى ئۇزۇن . ئىككىنچىدىن ، قىممەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەر تارىخي قىممەت ، ماتېرىياللىق قىممەت ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە . ئۈچىنچىدىن ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئېيتقاندا ، تاجىك ئەدەبىياتى بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇ ، ئەپسانە ــ قىسسىلەر ، رىۋايەت ــ چۆچەكلەر ، مەسەل ــ لەتىپىلەر ، ئويۇن ــ تېپىشماقلار ، ماقال ــ تەمسىللەر ، ناخشا ــ قوشاقلار ، داستان ــ غەزەللەر ، قەسىدە ــ مەرسىيىلەر ۋە زور مىقداردىكى رۇبائىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تاجىكلارنىڭ تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە ئالەم توغرىسىدىكى قاراشلىرى ، مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ، تارىخي قىممەت ــ سەرگۈزەشتلىرى خىلمۇخىل ژانىرلىق ئەل ئەدەبىياتىدا ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنى

تاجىكلارنى چۈشىنىش، تاجىكلارنى بىلىشنىڭ كىچىك ئېنسىكلوپېدىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق، تاجىكنى بىلىمەن دېسەڭ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنى بىل!

تاجىكلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى مۇنداق: 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خېلىلا توپلىنىپ، رەتلىنىپ، بىر قىسمى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بىر قىسمى تاجىك تىلىدا توپلانغان پېتى تېخى تۇرۇۋاتىدۇ. خېلى بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يەنىلا خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. كونىلارنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، تاجىك ئەل ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بىز يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئورگانلىرىدىن تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يەنە بىر قېتىم يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. گۆھەر قاراپ تۇرۇپ يوقاپ كەتسە بولمايدۇ.

## § 4 . ئاتاقلىق تاجىك خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى

تاجىكلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى، ئەقىل - پاراستىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا خالىسانە بېغىشلىغان ۋە بۇ يولدا ئابىدە كەبى تۆھپە ياراتقان خەلق سەنئەتكارلىرى بار. ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى، پىداكارلىق روھى

ۋە ئەجىر ـ تۆھپىلىرى تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالىدۇ . بۇ يەردە بىز ئۇلار ئارىسىدىن تىپىك سەنئەتكارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

## 1 . مەدەلىخان باۋلۇن

1943 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدې كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1957 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان ، ئۇزۇن مۇددەت تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ، ناھىيىلىك مىللىي ـ دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، تاشقورغان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولغان . ئۇ ئىزچىل ھالدا تاجىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ناھايىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان . ئۇ تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتى ، «مەلىكە قورغان» رىۋايىتى ، «نىگار ـ مەجنۇن» داستانى ، تاجىك خەلق رۇبائىيلىرى (مىڭ رۇبائىي )نى يىغىپ ـ توپلاپ ، رەتلەپ ، تەرجىمە قىلىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان ۋە نەشر قىلدى . «تاشقورغان خەلق چۆچەكلىرى» ، «تاشقورغان خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى» ۋە «تاشقورغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى »دىن ئىبارەت تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئۈچ توپلامنى ئىشلەش خىزمىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالغان . ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ، «تاجىك خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانمىلار» (خەنزۇچە ) ، «بۇركۇت نەي — جۇڭگودىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھېكايەتلىرى» (خەنزۇچە ) ناملىق

ئىككى يىرىك توپلامنى ئىشلەپ نەشر قىلدۇرغان . ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (1988 ـ يىل نەشرى ) ، «جۇڭگو تاجىكلىرى» (1994 ـ يىل خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە نەشرى ) ، «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2005 ـ يىل نەشرى ) دېگەن كىتاب ـ ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان . ئۇنىڭ تاجىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئائىت «تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى» ، «تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ، «تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىغا ئائىت چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» ، «شەيخ سەئىدى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىكى يۇكسەك ئورنى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلىرى ، «قار كۆچۈش» ، «ئاخىرقى ئەسلىمە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ، «نەۋرۇز مەدھىيىسى» ناملىق شېئىرى ، «كۈمۈش ساپلىق شەمشەر» ، «مۇز تاغدىكى چىمەن» ، «مۇز ئادەمنىڭ سىرى» قاتارلىق كىنو سېنارىيىلىرى بار . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، مەدەلىخان باۋلۇن زامانىمىزنىڭ تاجىك مەدەنىيىتى مۇنبىرىدىكى مول ھوسۇللۇق زىيالىيسى ، كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار ، ئۇنىڭ نامى ۋە تۆھپىسى تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالغۇسى .

## 2 . مۇنى تابىلدى

1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدې كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1974 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، تاشقورغان ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، ناھىيىلىك

سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇنى تابىلدى ئىلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى تۆھپىكار شەخس. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، هازىرغا قەدەر مۇنى تابىلدى «جىلغىدىكى مەقبەرە» (پوۋېست)، «مۇزتاغ ئاتا سېنى ئۇنتۇمايدۇ» (پوۋېست)، «تاغلىق يىگىت» (هېكايە)، «لەيلى» (هېكايە)، «تاجىك قىزى» (شېئىر)، رۇبائىيلار (22 رۇبائىي)، «كۈمۈش ساپلىق شەمشەر» (كىنو سېنارىيىسى)، «جۇڭگو تاجىكلىرى» (بەدىئىي فىلىم)، «بۈركۈت نەي ساداسى» (تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمى) قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرى؛ «تاشقورغان تارىخىدىن تەرمىلەر» (ئىلمىي ماقالە)، «تاشقورغاندىكى ‹تورا› لار» (ماقالە)، «تاجىك خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەهرىمانى — قۇلچاق» (ئىلمىي ماقالە)، «پامىردىن ئۆتكەن سەيياهلار» (ماقالە) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى بار. ئۇ يەنە «تاشقورغان خەلق چۆچەكلىرى»، «تاشقورغان خەلق ناخشا - قوشاقلىرى»، «تاشقورغان خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن ئىبارەت «ئۈچ توپلام» نىڭ باش مۇهەررىرى. «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى» (3 - قىسىم) نىڭ مۇدىر هەيئىتى. ئۇنىڭ خىزمەت سالمىقى ئېغىر، خىزمەت ئۇنۇمى يۇقىرى، نەتىجىسى ئالاهىدە بولغاچقا، مەملىكەتلىك ئىلىم - پەننى پىلانلاش رەهبەرلىك گۇرۇپپىسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى تەهرىر هەيئىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن.

## 3. رۇزى گۈلباي

1952 - يىلى تاشقورغان ناهىيىسىنىڭ داتۇڭ يېزىسىدا

تۇغۇلغان . 1976 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ئوقۇش پۈتكۈزگەن . ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، داتۇڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ، تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە . 1998 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئىشلىمەكتە . ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ، قەشقەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى ، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، پاكىستان ، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ زىيارەتتە بولغان .

رۇزى گۇلباي تاجىكلارنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك زىيالىي . ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، نۇرغۇن پوۋېست ، ھېكايە ، شېئىر ، كىنو سېنارىيىسىنى يېزىپ ، بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى . ئۇنىڭ «ئاھ ، دىلپارە» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى (2001 ـ يىلى نەشرى ) ، «سەيلىگاھ » (2004 ـ يىلى نەشرى ) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، «قاشتېشى بوۋاي» ناملىق كىنو سېنارىيىسى ، «بۇركۇت نەي ساداسى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمى بار . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ يەنە «پامىر كېچىسى» ، «تاشقورغان بۇلبۇلى» ناملىق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بار . ئۇ ھاكىم بولغان مەزگىللەردە ، تاجىك خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ۋە نۇرغۇن خىزمەتلەرگە ئۇزى بىۋاستە قاتناشتى .

## 4 . رەھمانقۇل

1945 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدې كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1957 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقان . ئۇ ئۇزۇن مەزگىللىكچە تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ياخشىلاپ ، تاجىكلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان . ئۇ خېلى بىر مەزگىللىكچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى ، ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى ، ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق خىزمىتىنى ئۇستىگە ئالغان . بۇ جەرياندا ئۇ قوشۇمچە تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ، رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «گۇلى رەنا» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرى ، «دوختەرى زەرىن» (ئالتۇن قىز مەنىسىدە ) قاتارلىق داستانلارنى توپلاپ ، تەرجىمە قىلغان ۋە ئېلان قىلغان . ئۇ يەنە نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ ، «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ئۇنىۋېرسال ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئەجىر سىڭدۈردى . ئۇنىڭ يەنە «پامىر ئېگىزلىكىدىكى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ — تاشقورغان ئىنقىلابى» (ئىلمىي ماقالە ) ، «تاجىكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى» (ئىلمىي ماقالە ) قاتارلىق ماقالىلىرى خېلىلا سالمىقى ۋە تەسىرى بار ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ . ئاپتورنىڭ يەنە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن : «شادۇخەندان تاشقورغان» ، «مەرھابا قۇتلۇق كۈن» قاتارلىق شېئىرلىرى بار . ئۇ يەنە «قەشقەر يىلنامىسى» ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» قاتارلىق قورال خاراكتېرلىك كىتابلار ئۈچۈن تاجىكلارنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىغا

ئائىت ماقالىلەرنى يېزىپ بەرگەن .

## 5 . ھاجى ئەيسا

1953 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيە كۆكيار قىرغىز يېزىسىدا بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ـ مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئۇ ئۇزۇن مەزگىل مەدەنىيەت ـ مائارىپ سېپىدا ئىشلىگەن . ھازىر ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر . ھاجى ئەيسا ئۆزى قىرغىز مىللىتىدىن بولۇپ ، قىرغىز خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، پامىر قىرغىزلىرىنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ئېسىل خەزىنىلىرىنى توپلاپ ـ رەتلەپ چىققان . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ، رەتلەش ، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ناھايىتى مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئۇ «تاشقورغان خەلق چۆچەكلىرى» ، «تاشقورغان خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى» ، «تاشقورغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن ئىبارەت «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈش تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇنىڭ «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە مائارىپىدىكى زور ئىشلار خاتىرىسى» ، «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى 50 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ساھە ، ھەرقايسى سەپلەردە بارلىققا كەلگەن تۆھپىكارلار» قاتارلىق ماقالىلىرى بار . ئۇنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى نەتىجىلىك ، تۆھپىسى چېلىقارلىق بولغاچقا ، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسىنى يىغىش ، توپلاش ، تەھرىرلەش ، تەرجىمە قىلىش ، نەشر قىلىش خىزمىتىدە

ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن .

## 6 . ئەبۇل ھەسەنخان

1958 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدې كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . 1985ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل پارس تىلى كەسپىدە ئوقۇغان . خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ، تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا تاجىك ئەل ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ «پەرھاد ـ شېرىن ئۇستىگى» رىۋايىتى ، «بۇزەرى جەمىل» چۆچىكى ، «غەۋلەك» چۆچىكى ، تاجىك خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى يىغىپ ـ توپلاپ ۋە تەرجىمە قىلىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان . ھازىر ئۇ تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ، تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا . ئۇ يەنە تاشقورغاننىڭ پەس بەلدىر كەنتىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئەبۇل ھەسەنخان يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئالاسومكا» ، «دېھقان» ، «تۇل خوتۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن پارچە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ ، تۇرلۇك ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى كىشىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ، تاجىك جەمئىيىتىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى . ئۇ يازغان «تاجىك خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق سەنئىتى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## 7. باتۇرجان ئاتىخان

1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1992 ـ يىلى قەشقەر تېببىي مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققان. 1994 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ تاشقورغان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

باتۇرجان ئاتىخان خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «تاشقورغان تارىخىدىكى ‹قىرپانە بەگلىكى› ھەققىدە يازما خاتىرىلەر قالدۇرغان تارىخىي شەخسلەر»، «داتۇڭ سېرىقيار قاشتېشى كېنىنىڭ ئېچىلىش تارىخى»، «تاجىك ئەلنەغمە پېشۋاسى — شاغۇلام جاھاندارشا»، «تار تاجىكلىرىنىڭ سەۋرۇنخانا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقا جايلارغا تارقىلىشى»، «قەشقەر نىزەرباغ تاجىك مەكتىپى توغرىسىدا»، «قەشقەر ـ تاشقورغان پوچتا لىنىيىسىنىڭ ئېچىلىش تارىخى»، «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە كەلگەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى» قاتارلىق ماتېرىيال خاراكتېرلىك ماقالىلىرى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. باتۇرجان يەنە مول ھوسۇللۇق تاجىك ياش شائىرى. ئۇنىڭ رەسمىي مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى 500 پارچىغا، نەسرلەر 10 پارچىغا، باشقا ئەسەرلىرى 15 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇ ئىشلىگەن تاجىك ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى «بۈركۈتلەر پەرۋازى» 2003 ـ

يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «خىلۋەتلەردە پىچىرلاش» (2004 ـ يىلى نەشرى) ، «مۇز تاغ سۆيگۈسى» ، «قەشقەردە توي» قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن .

## 8 . قەيسەر دۆلەتبېك

1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دەپتەر يېزىسىدا تۇغۇلغان . 1992 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن . هازىر ئۇ تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلىمەكتە .

قەيسەر دۆلەتبېك خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان ، ئىزچىل هالدا تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ، تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش ، رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ «تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەمۇري رايونلارغا بۆلۈنۈشى» ، «تاشقورغان تاشيول قاتنىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى» ، «تاشقورغاندىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىكى مۆتىۋەر هاكىم — شېرىنبەگ مۇهەممەد» ، «پامىر ئېگىزلىكىگە دەسلەپ كەلگەن كوممۇنىستلارنىڭ پائالىيىتى هەققىدە» ، «يۇسۇپجان پاراكەندىچىلىكى ۋە گۈلشىرخاننىڭ قەهرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى» ، «تاشقورغان ناهىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناهىيە دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭ ئىسمىلىكى هەققىدە ئىزاهات» ، «مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان تاجىك ۋەكىللىرىنىڭ ئىسمىلىكى هەققىدە ئىزاهات» ، «قەيسەر جەڭچى ، تۆهپىكار چاكار ، چېۋەر رەهبەر» ، «بەلدىر دىيارىدىكى ئۈچ ئەۋلاد سەنئەتكار» ، «قەدىمكى يىپەك

يولىدىكى يېڭى راباب — خونجىراب» ، «شىنجاڭدىكى تۆت تاجىك مىللىي يېزىسى» ، «راسكام كەنتىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قىياتاش رەسىملىرى ھەققىدە »قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان . ئۇ يەنە شائىر بولۇپ ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بار . ئۇ ئىشلىگەن «خىلۋەتلەردە پىچىرلاش» شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 - يىلى نەشر قىلىنغان .

## 9 . ئاتىكەم زەمىرى

1943 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تاجىك زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1955 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ، تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ، تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى ، قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتىپى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا رېژىسسورلۇق ، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن .

ئاتىكەم زەمىرى 1960 - يىلىدىن ئېتىبارەن ، تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق سەنئىتىنى توپلاش ، رەتلەش ، تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئۇ «تاجىك خەلق چۆچەكلىرى» ، «تاجىك خەلق داستانلىرى» ، «تاجىك خەلقىنىڭ ترادىتسىيىلىك ناخشىلىرى ۋە ھازىرقى زامان ناخشىلىرى» قاتارلىق توپلاملارنى ئىشلەپ ، شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان . ئۇنىڭ «تاجىك خەلق ئۇسسۇلى توغرىسىدا» ، «تاشقورغاندا سەھنە سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى» ، «بۈگۈنكى دەۋر تاجىك يازما ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ؛ «خۇش ئامەدى» ، «پامىر ھېكايىلىرى» ، «مۇز تاغ

يۇرىكى » ، «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى » ، (ئاپتورلارنىڭ بىرى ) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ؛ «قۇياشقا يېقىن كىشىلەر » (رومان ) ، «ۋاپادار سۆيگۈ » (داستان ) ، «پامىر كىشىلىرى » (كىنو سېنارىيىسى ) قاتارلىق يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى ، نۇرغۇن ھېكايە ، شېئىر ، نەسرلىرى بار . ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى . ئۇ كۆپ قېتىم دۆلەت ، ئاپتونوم رايون ، قەشقەر ۋىلايىتى ، تاشقورغان ناھىيە دائىرىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . ئۇ تاجىك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارى نامىغا مۇناسىپ .

## 10 . مايىل لەلبەگ

1946 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيە تىزناپ يېزىسىدا بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتكە چىققان . تىرىشچان بولغاچقا ، ئانا تىلىدىن باشقا ، ئۇيغۇر تىلى ، خەنزۇ تىلى ، پارس تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ، تىل بايلىقىنى ئاشۇرغان . كىچىكىدىن تارتىپ ، تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ ، نۇرغۇن ئەپسانە ، رىۋايەت ، چۆچەك ، مەسەل ، تېپىشماق ، ماقال ـ تەمسىل ، ناخشا ـ قوشاق قاتارلىقلارنى يىغىپ توپلىغان . تاجىكلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپ ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلىگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بىر قىسىم شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ «تار داشت » رىۋايىتى ، «قەدىمكى دەۋرلەردە تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن سەيياھلار ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرى » قاتارلىق ماقالىلىرى بار . ئۇ يەنە تاجىك خەلق داستانلىرىدىن ،

ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئوقۇپ بېرەلەيدۇ .

## 11 . گۇلمىر مەمەت

1930 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسىدا بىر ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1953 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقان . 1956 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تىل كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان . 1959 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇرۇمچى ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا تاجىك تىل ـ يېزىقى تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «تاجىك تىلى تەزكىرىسى» ، «سەرىكۇي تاجىك تىلى» ، «تاجىكچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان . ئۇ يەنە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىپ ، تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، بىرىنچى قول ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن . بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «بەش مەجمۇئە» ئىچىدىكى «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «تاجىكلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش» دېگەن مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ روياپقا چىقىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان . ئۇ يەنە مەشھۇر «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» دېگەن فىلىمنىڭ تاجىك مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى مەسلىھەتچىسى بولغان ۋە قوشۇمچە يەتتە يەردە رول ئالغان . فىلىمنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق چىقىرىشىنىڭ سەۋەبى : كىنو ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ؛ تاجىك مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ؛ تاجىكلارنىڭ مەشھۇر «گۇلبىتە» ناخشىسى («گۇل نېمىشقا شۇنچە قىزىل ؟ ») ناھايىتى يېقىملىق . ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى ، فىلىمنىڭ

پەردە ئارقىسىدىكى تاجىك ئالىمى گۈلمىر مەمەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە مەسلىھەتچىلىكى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، گۈلمىر مەمەت بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى ، مەدەنىيەت ساپاسى ياخشى بولغان مۇنەۋۋەر تاجىك زىيالىيسى ۋە خەلق سەنئەتكارى ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدىكىلەر تاجىك خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق سەنئەتكارلىرى . بۇلاردىن باشقا ، يەنە تاجىك خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتى ساھەسىدە بىر ئۆمۈر ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەپ ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ، ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان سەنئەتكارلارمۇ ئاز ئەمەس . ئۇلارنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپىنى تىلغا ئالساق : سەمىن (تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان ) ، مەمەتجان قۇربان (تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان ) ، پاختايىك (تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى ) ، مىنە (تاشقورغان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بولغان ) ، ئەلىيار (تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولغان ) ، دەلىي مەتخۇشال (تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولغان ) ، سائادەت (تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولغان ) قاتارلىقلار تۆھپىكار شەخسلەردۇر . مەرھۇم خەلق سەنئەتكارلىرى تابىلدى ھوشۇر ، مۇھەممەد روزى ، ئىسھاق ئەزارە ، دەرياباي ئەسمەرى قاتارلىقلار تاجىك خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ .

# III باب تاجىك خەلق سەنئىتى

## § 1 . تاجىك خەلق بوركوت ئۇسسۇلى

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى رەڭگارەڭ ھەرىكەت گۈزەللىكىگە باي بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەركىن ۋە بەختلىك ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرى، باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىققا بولغان مەدھىيە كۈيلىرى ھەمدە بۈيۈك تەبىئەتنىڭ يۈكسەك گۈزەللىكىنى سۆيۈش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، تاجىك خەلقى ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان «بوركوت ئۇسسۇلى»دا ئۇچار قاناتلارنىڭ سەركەردىسى بولغان بوركوتنىڭ مەغرۇرانە ۋە ئەركىن پەرۋازىنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق، خەلقىنىڭ بوركوت كەبى باتۇر - مەردانە بولۇش، بوركوتتەك ئەركىن ياشاش ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئەنئەنىۋى «قىلىچ ئۇسسۇلى»دا ئۆزگىرىشچان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جەڭگە ئاتلانغان پالۋاننىڭ يۈكسەك ماھارەتلىرى ۋە باتۇرلۇقلىرى ئىپادىلەنگەن. ئاياللار ئۇسسۇل ئوينىغاندا، ئېگىز كۆتۈرگەن قوللىرىنى سازنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا ئىچىگە ۋە سىرتىغا سوزۇپ ۋە قايرىپ، سىرتقا قاراپ پىرقىراپ ئوينايدۇ. ئاياللار ئۇسسۇلنى ئەرلەرگە نىسبەتەن سىلىق ۋە تەكشى ئوينايدۇ. ئەمما ئۇسسۇل ئويناشتىكى ھېسسىيات مەزمۇنى بىلەن مەردانىلىكى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەر

بىلەن ئايالنىڭ بىرلىكتە ئوينىغان ئۇسسۇلى ھېسسىيات ، مەزمۇن ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تاجىك ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ .

ئورۇنداش شەكلى جەھەتتىن ، تاجىك خەلق ئۇسسۇلى يالغۇز كىشىلىك ، جۈپ كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل دەپ بىر قانچە شەكىلگە بۆلۈنىدۇ .

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ئادەتتە «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ . چۈنكى بۇ ئۇسسۇل نەۋقىران بۈركۈتنىڭ پەرۋاز ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان . بۇ ھەقتە تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇخىل قىزىقارلىق رىۋايەت ـ ھېكايىلەر ساقلانماقتا . تاجىك خەلقىنىڭ ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان «ئارغىماق ئۇسسۇلى»دا چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى تۈرلۈك چېۋەر ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەنگەن . تاجىكلارنىڭ «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ . 1980 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان بۇ ئۇسسۇل مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى شوخ ، لەرزان ھەم خىلمۇخىل ھەرىكەت گۈزەللىكىگە ئىگە . مەيدانغا چۈشكەن ئۇسسۇلچى ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىيات ۋە خۇشاللىق ھاياجىنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ، مۇزىكا تېمپىسىغا ماس كېلىدىغان خىلمۇ خىل ئۇسسۇل پوكۇسلىرىنى چىقىرىدۇ . ئۇسسۇلچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى — پۇتىدىن تارتىپ ، بەل ـ مۈرىلىرى ، كۆز ـ قاشلىرى ۋە ئېغىز ـ لەۋلىرىگىچە نەپىس ۋە بەلگىلىك رىتىم ئاساسىدا بىر پۈتۈن ئۇسسۇل ھەرىكەت تۈرىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئۇسسۇل پوكۇسلىرى ۋە ئىپادىلىنىدىغان چىراي ئالامەتلىرى ئۇسسۇل ئوينىغۇچىنىڭ

ياش قۇرامى ۋە جىنسىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ . ياشانغانلار قىرلىق مىجەزىگە ماس ھالدا سىپايە ، لەرزان ئۇسسۇل ئوينىسا ، ياشلار ئۆزىنىڭ ياشلىق غۇرۇرى ۋە كەيپىياتلىرىنى نامايىش قىلىپ ، ئۇسسۇلنى شوخ ھەم رەڭگارەڭ ھەرىكەتلىك قىلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەرلەر ئۇسسۇل ئوينىغاندا ، بىر بىلىكىنى ئالدىغا ، بىر بىلىكىنى كەينىگە سوزۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ ھەم ئالدىغا سوزغان بىلىكىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ، كەينىگە سوزغان بىلىكىنى سەل پەسكە چۈشۈرۈپ ، قەدەمنى نىسبەتەن چاققان تاشلايدۇ . مۇزىكا تېمپىسىغا ماس ھالدا ھەرىكىتى ئاستىلىغاندا ، ئىككى مۈرىسىنى لىك ـ لىك ئېتىپ ، ئۆزىنىڭ شاد ـ خۇراملىقى بىلەن مەردانىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇسسۇلنى تېزلەتكەندە ، خۇددى بۈركۈتنىڭ گاھ قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىلغان ، گاھ قانات قېقىپ پەسكە شۇڭغۇغان ھەرىكىتى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ .

## § 2 . خەلق ئاھاڭ ـ كۈيلىرى

تاجىك خەلق ئاھاڭ ـ كۈيلىرى تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ۋە ناخشا ـ قوشاقلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھالدا تاجىك خەلق مىللىي مۇزىكا سەنئىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن .

تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى ئۆزگىچە تېمپا ، ئۇدار ۋە مېلودىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن ۋە قوللىنىش سورۇنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ، چاپسۇز ،

مەيلىس ، ۋەلۋەلەكىك ، ئەركەتىلۇ ، تىمباك ساز ، تەلقىن ۋە قەسىيدەپ يەتتە خىلغا بۆلۈنىدۇ .

چاپسۇز : تاجىك خەلق كلاسسىك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇقام شەكىللىرىنىڭ بىرى . توي - تۆكۈن ۋە باشقا شاد - خۇرام مەرىكىلىرىدە چېلىنىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ۋە ئوقۇلىدىغان ناخشىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاپسۇز تېمپىسىغا چۈشۈرۈلىدۇ .

مەيلىس : بۇمۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇزىكا شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ، توي - تۆكۈن ، بەزمە - مەشرەپ ۋە ئايال - قىزلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرىدا قوللىنىلىدۇ .

تىمباك ساز : بۇ مۇقام مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش ۋە ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئورۇندىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئىككى ئايال كىشى داپ ، ئىككى ئەر كىشى نەي چالىدۇ . بۇ مۇزىكىنىڭ تېمپىسى داغدۇغىلىق ، ھەيۋەتلىك ۋە جىددىي بولۇپ ، مىڭلىغان ئارغىماقلارنىڭ بەس - بەستە چېپىۋاتقانلىقىنى ، شىر كەبى جىگەرلىك مەرد ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ ، ماھارىتىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . دېمەك ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، تىمباك سازنى بىر خىل ئاممىۋى ئوغلاق تارتىشىش ۋە بەيگە مۇسابىقىسىنىڭ زەپەر مارشى دېيىشكە بولىدۇ .

ۋەلۋەلەكىك : بۇمۇ تاجىكلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش ۋە باشقا ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلەردە ئورۇندىلىدۇ . مۇزىكا ھەيۋەتلىك بولۇپ ، ئارغىماق ۋە چەۋەندازلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ .

ئەركەتىلۇ : بۇ تاغ ناخشىسى بولۇپ ، بۇنىڭدا غېرىب - مىسكىنلىك ، قايغۇ - ھىجران ، ئەسلەش - سېغىنىش ، ياد ئېتىش قاتارلىق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەيدۇ . تاجىكلار بۇ خىل ئاھاڭنى «فەلەك» دەپمۇ ئاتايدۇ .

تەلقىن : مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ئورۇندىلىپ ، ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ . «تەلقىن»نىڭ سۆز تېكىستى تۆراقلىق بولۇپ ، «ياتقان قەبرەڭ جەننەت بولسۇن ، بۇيۇك روھىڭ ئاسايىش تاپسۇن» دەپ مەرھۇمغا ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلىنىدۇ .

قەسىيدە (قەسىدە) : بۇ دىنىي ناخشا بولۇپ ، دىنىي پائالىيەتلەردە ياكى باشقا سورۇنلاردا دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ كارامەتلىرى ، ئېسىل پەزىلەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ خىل ناخشىلار بىر قەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە . قەسىدىلەر مەخسۇس «بىلەنزىكۇم» دېگەن چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تەڭكىشى بىلەن ئورۇندىلىدۇ .

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ، تاجىك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەركىن تېمپىدا ئوقۇلىدىغان تاغ كۈيلىرى ۋە نەي ئاھاڭلىرى بار . بۇلاردا تېمپا چەكلىمىسى ئۇ قەدەر كۈچلۈك بولمىغاچقا ، كىشى ئۆز ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ .

تاجىك ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ تېمپىلىرى كۆپ ھاللاردا 8/7 ، 8/6 ، 8/5 ، 4/5 ، 4/2 ۋە ئارىلاش تېمپىلاردا بولىدۇ . ناخشىلارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى كۆپرەك بەش دەرىجە ، 8 دەرىجە ، 9 دەرىجە ۋە بەزىدە ھەتتا 12 دەرىجىگىچە بولىدۇ . مەخسۇس مۇزىكىلاردا ياكى ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدا ئاۋاز دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرەك بولىدۇ . مۇزىكا شەكلى كۆپرەك تاق مۇزىكا مىسراسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى مىسرالىق مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلىدۇ ياكى 4 مىسرالىق مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلىدۇ . ناخشا ئوقۇش كۆپىنچە كوللېكتىپ ئوقۇش ، نۆۋەتلىشىپ ئوقۇش ، ئېيتىشىش قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ . تاجىكلارنىڭ ناخشا ئوقۇيدىغان سورۇنلىرى ئاساسەن ، توي -

تۆكۈن ، بەزمە ـ مەشرەپ بولغاچقا ، بۇنداق سورۇنلاردا ناخشىچى ئۆزى داپ ياكى راۋاب چېلىپ ئوقۇيدۇ ياكى ناخشىچى ناخشا ئوقۇيدۇ ، باشقىلار ناخشىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى كۇپلېت ياكى مىسرانى تەكرارلاپ ياندۇرۇپ بېرىدۇ . ئېيتىشىش شەكلى كۆپىنچە تاغ ـ يايلاق ياكى باشقا خىلۋەت ئورۇنلاردا ئەر ـ ئايال ياكى ئىككى ئەر بىر ـ بىرىگە ياندۇرۇپ ئوقۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ خىل شەكىل ئىنتايىن ئاز قوللىنىلىدۇ .

## § 3 . چالغۇ ئەسۋابلىرى

تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ ، بىر قەدەر تىپىكلىرىدىن ، بۇركۇت نەي ، سۇر نەي ، راۋاب ، داپ ، سېتار ، بۇلەرزىكام ، قۇمرى ، قوپۇز ۋە ياۋروپا ھەم باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئىسكىرىپكا ، غېجەك قاتارلىقلار بار . بۇلار كۆۋۈل ئېچىش ۋە باشقا سورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ .

بۇركۇت نەي . تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس نېيى شۇنداقلا تاجىكلارنىڭ ئوبرازى . ئۇ تاجىكلارنىڭ سەنئەت ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

بۇركۇت نەي بۇركۇتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ . نەينىڭ تۆۋەن يېرىم تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ . تىك تۇتۇپ چېلىنىدۇ . بۇركۇت نەينىڭ ئاۋازى زىل ھەم ئېگىز بولۇپ ، تاجىك مۇزىكىلىرىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ .

بۇركۇت نەينىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇخىل سۆزلىنىدىغان رىۋايەتلەر ساقلانماقتا . بۇ رىۋايەتلەرنىڭ

ۋەقەلىكلىرى ھەرخىل بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىر . يەنى بۇركۇت تاجىكلار بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ . تاجىكلار بېشىغا ئەڭ قىيىن كۈنلەر چۈشكەندە ، بۇركۈت مەردانىلىك بىلەن چىقىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، خەلققە بەخت ـ سائادەت ۋە ئاسايىشلىق ـ خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ . بۇركۈتنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا تاجىكلارنىڭ تۇتېمى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا كېسىپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ . ئەمما تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە بۇركۈت باتۇرلۇق ، جەسۇرلۇق ۋە مەردلىكنىڭ سىمۋولى ، قۇشلارنىڭ سەركەردىسىدۇر . شۇ سەۋەبلىك بۇركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدىغان «بۇركۈت نەي» تاجىك چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان ، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دە ياشىغۇچى تاجىكلار مۇقەددەس «بۇركۈت نەي» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ غايە ۋە ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە .

سۇرنەي (قومۇش نەي) . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى . ئۇ قومۇش ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ، ئوتتۇرىسىدا يەتتە ئاۋاز تۆشۈكى ، كەينى تەرىپىدە بىر ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ . سۇرنەينىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ، لەرزان بولۇپ ، بىر قەدەر مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق مۇزىكىلارنى چالغىلى بولىدۇ . سۇرنەينىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تاجىكلار ئىچىدە «سۇرنەي رىۋايىتى» ساقلانماقتا . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىغان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۆلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۇلارنى بىر قەبرىگە يەرلىككە قويىدۇ . ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن ئىككى تال قومۇش ئۈنۈپ چىقىدۇ ، ھەر قېتىمقى مەيىن تاغ شاملىدا قومۇشلاردىن ئاجايىپ مۇڭلۇق

ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ . بىر تاجىك بوۋاي ئىككى تال قومۇشتىن ئىككى جۈپ نەي ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارغا «سۇرنەي» دەپ ئات قويىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، «سۇرنەي» بارلىققا كەلگەنىكەن .

راۋاب . تاجىكلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان چالغۇ ئەسۋابى . راۋاب ئۆرۈك ياكى جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . قارنى ئات ياكى ئۆچكە تېرىسىدىن كېرىلىدۇ . ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى بوركۇت قانىتىغا ئوخشايدۇ . تاجىك راۋابى ئالتە تارلىق بولۇپ ، بىرى ئاساسىي تار ، قالغىنى ئەكس سادالىق تارلاردۇر . راۋاب تارلىرى قوي ـ ئۆچكە ئۈچىيىدىن ياسىلىدۇ . پەدە بېكىتىلمەيدۇ ، زەخمىكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ . ئادەتتە سىيرىپ ، چېكىپ چېلىنىدۇ . تاجىك راۋابلىرى نىسبەتەن قىسقا ، توم كېلىدۇ . ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ . بۇ خىل راۋابنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ، تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ .

سېتار (ئۈچ تارلىق) . تاجىكلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر بولۇپ ، ئالتە تار تارتىلىدۇ ، پەدە بېكىتىلىدۇ . سېتارنىڭ ئاۋازى ئېگىز ، زىل ، ياسىلىشى نەپىس ، كۆركەم بولۇپ ، ئۇنىڭ گەۋدە قىسمىغا گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان ، بەزى يەرلىرىگە دۇر ـ مارجانلار بېكىتىلگەن بولىدۇ .

بۆلەرزىكام . تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ بىلەن ئاساسەن تاجىك كلاسسىك مۇقاملىرىدىن بىرى بولغان قەسىدە ـ مەرسىيە ئاھاڭلىرى ئورۇندىلىدۇ . بۆلەرزىكامنىڭ ماتېرىيالى ، ياسىلىش تېخنىكىسى ۋە شەكىل قۇرۇلمىسى ئاساسەن تاجىك راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . لېكىن جۈغى راۋابتىن چوڭ ، بېشى ھىلال ئاي شەكلىدە بولىدۇ .

ئۇنىڭغا توققۇز تار بېكىتىلىدۇ ، پەدە بېكىتىلمەيدۇ .

بۆلەرزىكامنىڭ كۆرۈنۈشى نەپىس ، كۆركەم ، ئاۋازى بوم ۋە ھەيۋەتلىك بولىدۇ . تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە بۆلەرزىكام ئالاھىدە بىر چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى رولى جەھەتتىن قارىغاندا ، باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلسا ، بۆلەرزىكام بىلەن قەسىدە ـ مەرسىيە ناخشا ئاھاڭلىرى ئورۇندىلىدۇ . بۇ خىل ناخشىلاردا ھەسرەت ـ نادامەت ، قايغۇ ـ ھىجران ، سېغىنىش ـ ياد ئېتىش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بىر قەدەر زور بولىدۇ . دىنىي رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ھەققىدىكى ئۇلۇغلاشلار قەسىدە ئاھاڭلىرى ئارقىلىق بۆلەرزىكامدا چېلىنىدۇ . شۇڭا ، دىنىي ساھەدە ئۇنىڭ رولى بىر قەدەر چوڭ .

بۆلەرزىكامنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ، خاراكتېرى ۋە سورۇنى خاسلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، خەلق ئىچىدە ئۇ راۋاب ، سېتارلارغا ئوخشاش ئۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن . شۇڭا ، بۆلەرزىكامچىلار خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر .

زاماننىڭ تەرەققىياتى بۆلەرزىكامنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى بارا ـ بارا كېڭەيتىپ ، ئۇنىڭغا سەھنىدىن ئورۇن بېرىشكە باشلىدى . ھازىر سەھنىلەردە تاجىك كلاسسىك ئاھاڭلىرىنى ئورۇندىغاندا ياكى تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ ـ تەرتىپكە سالغاندا ، بۆلەزرىكام بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى .

داپ . تاجىك خەلقىنىڭ توي ـ تۆكۈن ، بەزمە ـ مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى . تاجىك دېپىنىڭ گەردىشى چوڭقۇر ۋە قېلىن ، يۈزى بىر قەدەر چوڭ كېلىدۇ .

گەردىشىنىڭ ئىچىگە تۆمۈر جىرىڭلاتقۇ بېكىتىلىدۇ . تاجىكلارنىڭ داپ چېلىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . بولۇپمۇ كۆپ ھاللاردا بىر تېمپىغا ئىككى ئايال تەڭ چالىدۇ . ئۇلاردىن بىرى ئاساسىي تېمپىغا چالسا ، يەنە بىرى ئۇششاق چېكىشلەر ئارقىلىق ئاساسىي تېمپىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ . داپنىڭ گەردىشى ئۆرۈك ، جىگدە ۋە باشقا ياغاچلاردىن ، قارنى ئات ، ئېشەك تېرىسىدىن ياسىلىدۇ .

داپنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا تاجىكلار ئارىسىدا «داپ رىۋايىتى» ساقلانماقتا . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا پامىر تاغلىرى ئېتەكلىرىدە تاجىك قەبىلىلىرى ياشايدىكەن . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇشال - خۇرام ، خاتىرجەم ۋە باياشات ئىكەن . لېكىن قاراڭغۇلۇق ۋە يامانلىق تەرەپدارلىرى ھەمىشە خەلققە ئاسايىشسىزلىق ئېلىپ كېلىدىكەن . بىر قېتىم بىر يىرتقۇچ يىلان پەيدا بولۇپ ، ئۇ تەبىئىي ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ ، دەسلەپتە ئورمان ئىچىدىكى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار - قاناتلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇۋېتىدىكەن . كېيىنچە زەھەرلىك يىلان زەھەرلىك نەشتىرىنى ئىنسانلارغا قارىتىپ ، كېچىلىرى كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردا ئۆي - خانىلارغا كىرىپ ، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ . يىغا - زار ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ . كىشىلەر نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ ، يىلان يەنىلا كىشىلەرگە ئارام بەرمەپتۇ . ئەھۋال چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇ . نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ داپ ئىسىملىك بىر يىگىت كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ، خەلق ئۇچۇن بالايىئاپەتنى يوقىتىش مەقسىتىدە جاڭگال ئىچىگە كىرىپ ، يىلان بىلەن ئېلىشىش قارارىغا كەپتۇ . ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، دادىسىدىن مىراس قالغان ئوق مىلتىقى بىلەن

قىلىچىنى ئېلىپ ، يىلان ئۆۋىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . كىشىلەر كۆز يېشى قىلىپ ، سۆيۈملۈك ئوغلانىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ . داپ جاڭگالغا بېرىپ ، بىر توپ قارىغايلىقنى پاناھ قىلىپ ، يىلاننىڭ قەيەردىن چىقىشىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ ئىككى كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇمماي قارىسىمۇ يىلان زادىلا كۆرۈنمەپتۇ . ئىچ ـ ئىچىدىن زېرىكىپ كەتكەن داپ قىلىچىنى ئېلىپ ، جاڭگال ئىچىنى ئايلىنىپتۇ . بىر يەرگە كەلسە ، يىلان يەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ياۋايى ئېشەكنىڭ تېرىسى تۇرغۇدەك . ئۇ بۇ تېرىنى ئېلىپ ، ئۆز جايىغا قايتىپ كەپتۇ . ئۇ بىر تال دەرەخ شېخىنى كېسىپ گەردىش قىلىپ ، ھېلىقى ئېشەك تېرىسىنى ئۇنىڭغا تارتىپ ، ئاندىن ئاپتاپتا قاقلاپتۇ . ئارىدىن يەنە بىر كۈن ئۆتۈپتۇ . بىر كۈنى ئەتىگەن كۈنچىقىش بىلەن تەڭ يىلان تۇيۇقسىز چىقىپ شىددەت بىلەن داپقا ئېتىلىپتۇ . يىرتقۇچ يىلان بىلەن ئىنسان پالۋىنى تۇتۇشۇپ قاپتۇ . يىلان ئۆزىنى يىغىپ ـ يىغىپ ، ئاندىن بىرلا ئېتىلىپ كېلىدىكەن . يىگىت چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ ، قىلىچى بىلەن يىلاننى چېپىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتىنى كۈتىدىكەن . بۇنداق ھۇجۇم ـ مۇداپىئە بىر كۈن داۋام قىلىپتۇ . ھەر ئىككى تەرەپ قانغا مىلىنىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپتۇ . ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ . زەھەرلىك يىلان يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى يىغىپ ئاتقانىكەن ، يىگىت يانغا قاچىمەن دەپ بىر دەرەخكە ئۇسسۇپ يىقىلىپتۇ . يىلان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، يىگىتنىڭ ئوڭ پۇتىنى چېقىۋاپتۇ . يىلاننىڭ زەھىرى يىگىتنىڭ پۇتۇن بەدىنىگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ . لېكىن ، يىگىت كۈچىنى يىغىپ دەرھال قوپۇپ ، قىلىچىنى بىر ئېتىپتىكەن ، يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا تېگىپتۇ ، يىلانمۇ زەخىملىنىپتۇ . يىلان دەرغەزەپكە كېلىپ يەنە بىر قېتىم ئېتىلىپ يىگىتنىڭ سول پۇتىنىمۇ چېقىۋاپتۇ . يىگىت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ، ھېلىقى قاقلانغان داپ ئۇستىگە چۈشۈپتۇ . «داڭ» قىلغان ئاۋاز

بىلەن يىلان چۆچۈپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ . يىگىت داپنى ئېلىپ تاراڭلىتىشقا باشلاپتۇ . يىلان ئارقىسىغىمۇ قارىماي قېچىپتۇ . داپنىڭ ئاۋازى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ ، كىشىلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ، جاڭگالغا قاراپ يىغىلىپتۇ . ئۇلار جاڭگالنى قورشىۋېلىپ ، ئاخىرى قۇيرۇقى زەخىملەنگەن يىلاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ . لېكىن زەھەرلىنىپ قالغان يىگىتمۇ جان ئۈزۈپتۇ . كىشىلەر زەھەرلىك يىلاننىڭ يوقىتىلغانلىقىغا شادلىنىپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ . لېكىن يەنە جەسۇر پالۋىنىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ . ئۇلار بىر مۆجىزە بولسۇن دەپ ، تاختايدىن قاسقان ياساپ ، يىلاننىڭ تېرىسىنى ئۇنىڭغا تارتىپ قويۇپتۇ . ئەزىز پالۋىنىنى ئەسلەش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا پالۋاننىڭ نامى بىلەن «داپ» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى زامانلاردا يىرتقۇچ هايۋانلارغا قارشى بىر خىل قورااللىق رولىنى ئوينىغان ، بۈگۈنكى كۈندە نەغمە ـ ناۋا چالغۇلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان داپ ئادەمزات ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ .

## § 4 . تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى تاجىك سەنئىتىنىڭ ناهايىتى مۇهىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان .

تاجىك ئەلنەغمىسى تاجىك ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ هەرخىل ئېتنوگرافىك شەكىللىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان ، ناخشا ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە هەرىكەتلەر ئورگانىك هالدا بىرلەشتۈرۈلگەن كومپىدىيىلىك تۇسكە ئىگە ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنىدۇر . ئۇ خەلق ئەلنەغمىسى بولغاچقا ، ئۇنىڭغا هەشەمەتلىك سەهنە جاهازىلىرى ۋە

كىيىم ـ كېچەكلەرنى ھازىرلاش ھاجەتسىز ، ئۇنى ھەرقانداق سورۇندا ئاددىيغىنە كىيىم ـ كېچەك ، چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەنلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ .

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ئىپادىلەش شەكلى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن ، دراما ، ئوپېرا ۋە قورچاق ئويۇنى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ .

## 1 . دراما

تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە سۆزلىك قىزىقارلىق ، كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە قىسقا خەلق درامىلىرى بار . بۇ درامىلار قەدىمكى تاشقورغان تارىخىدىكى مەلۇم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . مىسالى ، توي ـ تۆكۈن ياكى باشقا خەلق يىغىلىشلىرىدا ئوينىلىدىغان «بەدەخشانلىق سودىگەر»نى ئالساق ، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن بۇرۇنقى زامانلاردا بەدەخشاندىن تاشقورغانغا كەلگەن ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ئىسلام دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ ، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان قىلمىشلىرى ، ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ، رەزىللىكى ۋە دۆتلۈكى پاش قىلىنغان ، ساتىرا قىلىنغان . درامىنىڭ تىلى يۇمۇرلۇق ، ھەرىكىتى كۈلكىلىك ، مەزمۇنى قىزىقارلىق بولۇپ ، كىشىنى جەلپ قىلىدۇ . يىراق ئۆتمۈش جەمئىيەتتە تاجىكلار مۇشۇ خىلدىكى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ ، زۇلۇمغا ، ھايانكەشلىككە قارشى كۈرەش قىلغان .

## 2 . ئوپېرا

تاجىك ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە قىزىقارلىق ۋە كومېدىيىلىك ئوپېرالارمۇ بار . بۇنىڭغا «ئەبىشقا ـ ئاغىچا»نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ . بۇنىڭدا بىر قېرى باينىڭ بىر ياش قىزنى

زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقە بايان قىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ ۋە قامچىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ نىكاھتا ئەركىن بولۇش ئارزۇ - ئارمىنى ۋە تەلىپى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىزگە مەلۇم، تاجىك خەلقىمۇ باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاش فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈمىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ يىگىت - قىزلارنىڭ توي ۋە نىكاھ ئىشى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىنىڭ رايى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ياشلارنىڭ پاك - ساپ مۇھەببىتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرايتتى. بىر - بىرىگە ئاشىق بولغان يىگىت - قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمەي، ۋىسال يولىدا تراگېدىيىلىك ھالدا قۇربان بولاتتى. شۇڭا، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئەلنەغمىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان ھەم فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈمگە ئېتىلغان ئوق سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر مەزمۇن قىلىنغان تاجىك خەلق ئوپېراسى «ئەبىشقا - ئاغىچا» دا گۈزەل قىز قېرى باينىڭ خىلمۇخىل بېسىم ۋە قاتمۇقات توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياققان جورىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. يىگىتلەر بەس - بەستە مەيدانغا چۈشۈپ، قىز بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ھېلىقى قىز نۇرغۇن يىگىتلەر ئارىسىدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنى تاللاپ چىقىدۇ. قېرى باي بولسا، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاخىرى قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن يىراق يەرگە قاچىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، مەيداندا تەنتەنە ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ. ياش قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا مەسخىرىگە قالغان قېرى باي مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. ئويۇننىڭ

ئاخىرلىششى قىزىقارلىق ، «ئەبىشقا» (قېرى باي) رولىنى ئېلىپ چىققان ئارتىس كۆپچىلىككە قاراپ : «بۇرادەرلەر ، مېنى ھەرگىز دورىماڭلار ، قېرى كىشىنىڭ ياش قىزغا ئۆيلىنىشى ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پەسكەش ئىش !» دەيدۇ . قويۇق دراماتىك تۈس ئالغان بۇ ئويۇنغا ، تۈۈۈ ئويۇن قاچان ، قەيەردە ، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس . بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنى گەپ ئارىسىدا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىزكى ، بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ، فېئودالىق قائىدە - تۈزۈم ۋە دىنىي تەقىب ئاستىدىمۇ ئەركىن مۇھەببەت ۋە نىكاھ تەلەپ قىلىنغان ، ئەزگۈچى سىنىپلار ئاشكارا ئەيىبلەنگەن «ئەبىشقا - ئاغىچا»نىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە خەلق ئارىسىدا ئاشكارا ئوينالغانلىقى ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ ، ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش !

«ئەبىشقا - ئاغىچا»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام ، تىلى يۇمۇرىستىك ، ھەرىكىتى قىزىقارلىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا ۋەقەلىكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىرىنچىدىن ، ئاددىي ، ئىككىنچىدىن ، رەتسىز ، ئۈنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە ، ئۇزلۇكسىز يېڭى مەزمۇنلار بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

## 3 . قورچاق ئۇسسۇلى

تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنلار بىر قەدەر كۆپ . بۇ خىل قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنلار رېئال تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ماتېرىيال قىلىپ بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن ، «دەڭگەن بەچچە» (بالىنى ئوينىتىش) ، «ئاق قۇ بىلەن

تولكە » ، «سودىگەر بىلەن ئات » ، «قوش سەيلىسى » قاتارلىقلار بار . بۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى چوڭقۇر ، ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتى قىزىقارلىق بولۇپ ، توي - تۆكۈنلەردە ئوينىلىدۇ . «دەڭگەن بەچچە» دېگەن بۇ ئۇسسۇللۇق ئويۇن بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنىكەن . ھېكايە قىلىنىشىچە ، بىر باي بولۇپ ، ئۇ ھەر قېتىم توي - تۆكۈن بولغاندا ، بالىسىنى ئەپكېلىپ ، باشقىلارغا ئۇتقۇزۇپ ئۇسسۇل ئويناتقۇزىدىكەن . كىشىلەر پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى چىقىرىپ ، بايۋەچچىگە تەقدىم قىلىدىكەن ھەم بايۋەچچىنى نۆۋەت بىلەن قوچاقلاپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن . بۇنىڭدىن باي ناھايىتى مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىكەن . بۇ ئىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلىپتۇ . ئەمما كىشىلەر بىزار بولغانلىقىدىن ، كېيىنرەك باشقىچە يول تۇتۇپتۇ . ئۇلار تويغا كەلگەندە ، بىر تال كالتەكنى چاپانغا يۆگەپ قورچاق قىلىپ ، ئاندىن ئۇنى سول قولىدا تۇتۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بوپتۇ . ئۇلار باينىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ ، قورچاقنى خىلمۇخىل ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ ھەم باينى قاتتىق ھەجۋىي قىپتۇ . جامائەت ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلگەن باي ئىزا - نومۇستا قېلىپ ، مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ . بۇ ئويۇن ئوينىلىپ ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، مەيداندا ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات كۆتۈرۈلىدۇ - دە ، تاماشىبىنلار قىزغىنلىق بىلەن ئالقىش ياڭرىتىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، «سودىگەر بىلەن ئات » دېگەن ئۇسسۇللۇق ئويۇنمۇ قىزىقارلىق . ئۇنىڭدىمۇ بەدەخشانلىق بىر سودىگەرنىڭ تاشقورغان رايونىغا كېلىپ ، زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى پاش قىلىنىدۇ . ئويۇن باشلىنىش بىلەن تەڭلا ، بەدەخشانلىق سودىگەرنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس ياغاچ ئات مىنگەن ھالدا مەيدانغا چۈشىدۇ . ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ، سودىگەرنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىنى دورىغاندىن كېيىن ، ئاتتىن چۈشىدۇ . ئۇ

ئېتىغا يۇقىرى باھا قويۇپ ، ئۇنى بىر تاجىك خېرىدارغا ساتماقچى بولىدۇ . ئاتنىڭ باھاسى بەك قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، خېرىدار ئۇنى ئالالمايدۇ . لېكىن مۇتتەھەم سودىگەر ئېتىنى زورلۇق بىلەن خېرىدارغا تېڭىپ ، ئۇنىڭ بارلىق مالۇ ۋەجىنى سوپۇرۇپ كېتىدۇ . ئويۇن داۋاملىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، تاماشىبىنلارنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتى قوزغىلىدۇ .

تاجىك قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، ئۇنىڭدا تەقلىدىي - تەسۋىرىي شەكىلنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ خىل ئۇسسۇللۇق ئويۇنلاردا ، ئۇسسۇل شەكلى بىلەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك قىلىقلىرىنى دوراش ئارقىلىق ، بىرەر ماھىيەتلىك مەزمۇن ياكى بىرەر مەركىزىي پىكىر يورۇتۇلىدۇ . بۇنىڭغا «ئاق قۇ بىلەن تۆلكە» مىسال بولالايدۇ . بۇنىڭدا ئاق قۇنىڭ ئەمگەكچان ، ئاق كۆڭۈل ، ھالال مېھنىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى ، تۆلكىنىڭ بولسا ، ھىيلىگەر ، قۇۋ ، تەييارتاپ كېلىدىغانلىقى گەپ - سۆز ياكى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى قىزىقارلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن . ئاق قۇ رولىنى ئالغان ئارتىس بىر جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ ، بىر يېڭىگە كالتەكنى ئۆتكۈزگەندە ، ئاق قۇنىڭ بوينى ھاسىل بولىدۇ - دە ، بەئەينى ئاق قۇ شەكلىگە كىرىدۇ . ئۇ ئاق قۇنىڭ بوينىنى سوزۇپ بېلىق ۋە باشقا جانىۋارلارنى تۇتقان چاغدىكى ھەرىكىتىنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . تۆلكىنىڭ رولىنى پاكار بويلۇق ئادەم ئېلىپ چىقىدۇ . ئۇ دۇمبىسىگە كىچىك بالىنىڭ چاپىنىنى قاتلاپ تېڭىۋالغاندا ، تۆلكىنىڭ قۇيرۇقى ھاسىل بولىدۇ . ئىككى كىچىك تۇماقتىن تۆلكىنىڭ ئىككى قۇلىقى شەكىللىنىدۇ . ئاق قۇ بىلەن تۆلكە مەيداندا تەڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا ، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ . تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ، قىقاس - چۇقان سادىسى

پەلەككە كۆتۈرۈلىدۇ .

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، تاجىك ئەلنەغمىسىدە خەلق ھەققانىيەتلىك ، ياخشىلىق ، يورۇقلۇق ۋە ئادىللىقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇتتۇرىغا چىقىپ ، گەرچە نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەققانىيەتسىزلىك ، يامانلىق ، قاراڭغۇلۇق ۋە ناھەقچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ . ئىلغارلىق ئالغا سۈرۈلۈپ ، قالاقلىق ، جاھالەت ئەيىبلىنىدۇ .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى تاجىك خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلغان ھالدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ، مەدەنىيىتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە باشقا مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن . شۇڭا ، ئۇ تارىخىي ، بەدىئىي قىممىتى بىلەن تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ .

## 5 § . تاجىكلارنىڭ گۈزەل ھۈنەر ـ سەنئىتى

تاجىكلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى كۆركەم ، نەپىس ۋە چىرايلىق بولۇپ ، تاجىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى نامايان قىلىدۇ .

### 1 . كەشتىچىلىك

تاجىك ئايال ـ قىزلىرىنىڭ ئەڭ داڭدار ھۈنەر ـ سەنئىتى — كەشتىچىلىكتۇر . كەشتىچىلىك تاجىك ھاياتىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان . كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ باش كىيىمى بولغان تۇماق ، كۇلتا ، دوپپا ، كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا ـ

ئېتەكلىرى ؛ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قولياغلىق ، ھەميان ، چاي قېپى ، موخوركا خالتىسى ، مۆھۆر قېپى ، جىراب (پايپاق) ، ئىشتان بېغى ، چورۇق بوغقۇچلىرى ، يوتقان - كۆرپە ، ياستۇق قاتارلىقلار ۋە ئات سەرەمجانلىرى رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ . كەشتىلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى ئايال - قىزلار ئۆزى لايىھىلەپ چىقىدۇ . كەشتىلەرگە تۇرلۇك گۇل - گىياھ ۋە ھەرخىل گېئومېترىيىلىك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ . تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى بولغان كۇلتىنى ئالساق ، ئۇنىڭ كەڭلىكى بىر سۇڭدىن ئاشمايدىغان ، ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان جىيەك كەشتىسىلا بىر پۇتۇن چىمەنزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ چېۋەر قوللىرىدىن چىققان بۇنداق گۇزەل سەنئەت بۇيۇملىرىغا ھەرقانداق ئىنسان ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ . قىزلارنى كىچىكىدە تەربىيىلەشتە ، ئانىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى — قىزىغا كەشتە ئۆگىتىپ بېرىشتۇر . شۇڭا ، كەشتە تىكىش مەنزىرىسى تاجىك دىيارلىرىدا ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ . قىزلارمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە ئالدى بىلەن ئەڭ كۆركەم كەشتىلەنگەن قولياغلىق ، موخوركا خالتىسى ياكى مۆھۆر قېپى تەقدىم قىلىدۇ .

تاجىكلار ئاتنىڭ سەرەمجانلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق بېزەپ ياسايدۇ . قامچىنىڭ دەستىسىنى ئىنچىكە كۇمۇش سىملار بىلەن ئوراپ ، ئۇستىگە ناھايىتى چىرايلىق گۇللەرنى چىقىرىدۇ . توقۇملىرىنىمۇ كەشتىلەپ چىرايلىق ياسايدۇ . تۇرلۇك يۇڭ ، يىپەك يىپلاردىن كۆركەم توقۇلغان ئاتنىڭ شالچە (ئېگەر ئاستىغا سېلىنىدىغان) سى كىشىنىڭ تېخىمۇ زوقىنى كەلتۇرىدۇ .

## 2 . تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى — كۇلتا

«كۇلتا» تاجىكچە سۆز بولۇپ ، تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى . ئۇ نەپىس ، رەڭدار ، كۆركەم ۋە

جىلۋىدارلىقى بىلەن تارىختىن بۇيان تاجىك ئايال ـ قىزلىرىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلمەكتە .

كۇلتا قۇرۇلما جەھەتتە تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇنىڭ ماتېرىيالى ئاق رەخت ، ھەرخىل رەڭلىك يىپەك ياكى مەشۇت يىپ ،پاختا ۋە ئەستەرلىك رەختلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، يىڭنە بىلەن كەشتىلەپ تىكىلىدۇ .

تاجىكچە كۇلتا روشەن ياش پەرقى ، خۇشاللىق ۋە ھازىلىق پەرقى ، نىكاھلانغان ـ نىكاھلانمىغان پەرقى ، پەسىل پەرقى ۋە سورۇن پەرقى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . كۇلتىنىڭ نەقىشى ۋە رەڭگىدىن كىيگۈچىنىڭ ياش قۇرامىنى ، شادلىق ـ خاپىلىقىنى ، توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ، تاجىكچە كۇلتىنىڭ رەڭگارەڭ شەكىل نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن . بىر قەدەر ئومۇملاشقان كۇلتا تۈرلىرىدىن «شەيدايى كۇلتا» ، «چەكەن كۇلتا» ۋە «سىدام كۇلتا» بار . «شەيدايى كۇلتا» يۇمىلاق بولۇپ ، ھەممە يېرى ئۆزگىچە رەڭلەر بىلەن كەشتىلىنىدۇ . ئالدى ـ كەينى ئوخشاش بولۇپ ، قانداق كىيسە بولۇۋېرىدۇ . بۇ يازلىق كۇلتا بولۇپ ، ئۇنى «يازلىق كۇلتا» دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ . «چەكەن كۇلتا» ئۆلچەملىك تاجىك كۇلتىسى بولۇپ ، ئومۇملىشىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ . تاجىك ئاياللىرى قىزلىرىغا كىچىكىدىن تارتىپلا مۇشۇنداق كۇلتا كەشتىلەشنى ئۆگىتىدۇ . «چەكەن» دېگەن سۆز تاجىكچە «كەشتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇنداق كۇلتىنىڭ ھەممە يېرى رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ ؛ لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ نەپىس قىسمى ئالدى تەرىپى بولۇپ ، ناھايىتى يۇقىرى كەشتىچىلىك ماھارىتى بىلەن تىكىش تەلەپ قىلىنىدۇ . چۈنكى ، كۇلتىنىڭ ئالدى تەرىپى مۇكەممەل بىر ئوبرازنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە كۆپرەك بىرەر داڭلىق گۈلنىڭ ياكى

بىرەر چىمەنزارلىقنىڭ كۆركەم قىياپىتى نەقىش قىلىپ تىكىلىدۇ . كىچىككىنە رەخت پارچىسىغا يىپ ساناپ تۇرۇپ مۇكەممەل بىر چىمەنزارلىقنىڭ كۆرۈنۈشىنى يۇقىرى كەشتىچىلىك تېخنىكىسى بىلەن نەقىشلەپ چۇشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . چەكەن كۆلتىسىنىڭ رەڭگىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، رەڭمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تاللىنىدۇ . ئادەتتە قىزىل ، سېرىق ، كۆك ، يېشىل ، قارا ، ئاق ، خورما رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىپ ، ئاساسلىق يەرلىرىگە ئوچۇق رەڭلەر بېرىلىدۇ .

چەكەن كۆلتىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى «كېلىن كۆلتىسى» بولۇپ ، ئۇنىڭ نەقىش نۇسخىسى ، رەڭگى ۋە كۆركەملىكى كېلىنىنىڭ نەۋ باھارىنى ، قۇتلۇق كۈنىنى ، ھەۋەس - ئارزۇسىنى تولۇق ئىپادىلىگەن بولىدۇ . يېڭى توي قىلغان كېلىنلەر بېشىغا مۇشۇنداق كۆلتا كىيىپ ، ئۈستىگە چوڭ قىزىل شايى رومال ئارتىپ ، چېچىغا باشتىن - ئاخىر تۆت قاتار ئاق سەدەپ ۋە مەشۇت يىپتىن ياسىغان «چۇلىك» ، قۇلىقىغا زىرە ، گۇشۋار ، بويىنىغا تۇرلۇك مارجان ، مەرۋايىت ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان «دىۋىرەك»نى يېپقا ئۆتكۈزۈپ تاقايدۇ . كۆلتىسىنىڭ تۆپىسىگە كۈمۈشتىن ياسالغان «سىل - سىلا» دېگەن زىننەت بۇيۇمى ئاسىدۇ . قوللىرىغا چىرايلىق ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ .

«سىدام كۆلتا»نى ئاساسەن ياشانغان ئاياللار كىيىدۇ . ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىلا كەشتىلىنىپ ، باشقا يەرلىرى ئاساسەن سىدام بولىدۇ . ئالدى تەرىپىمۇ يېشىل ، كۆك ، قارا ، ئاق قاتارلىق سوغۇق رەڭلەر بىلەن كەشتىلىنىدۇ . «قارىلىق كۆلتا»مۇ مۇشۇنداق رەڭلەر بىلەن تىكىلىدۇ . چۈنكى ، تاجىكلارنىڭ رەڭ قارىشىدا بۇ رەڭلەر ئومۇمەن سەلبىي مەنىگە ئىگە .

كۆلتا تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدە ناھايىتى چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ئۇ ئەمەلىي

ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە سەنئەت ئېستېتىكىسى قىممىتىگىمۇ ئىگە . شۇ سەۋەبتىن ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش جەريانىدا ، ئۇ نۇرغۇن چەت ئەللىك سەنئەت ئەربابلىرى ، سودىگەرلىرى ۋە ساياھەتچىلىرىنى مەپتۇن قىلىپ ، يۇقىرى باھا بىلەن ئامېرىكا ، ياپونىيە ، ئەنگلىيە ، پاكىستان ، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە ئېلىپ كېتىلمەكتە .

## 3 . رەسسامچىلىق

رەسسامچىلىق تاجىكلار تۇرمۇشىدا بەك تەرەققىي قىلغان ۋە ئومۇملاشقان ئەمەس . لېكىن ئۇ يەنە بەزى ساھەلەردە خېلىلا مەۋجۇت . بىرى ، مەقبەرە ـ گۈمبەزلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەرئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قىزىقىشلىرى بىلەن پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . مەقبەرە ـ گۈمبەز تاملىرىغا كۆپرەك مىلتىق ، كېيىك ، ئات ، ئېگەر ، ئوۋ ئىتى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان . كىشىلەر مۇشۇ رەسىملەرگە قاراپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ . رېئالىستىكلىق تۇسىگە ئىگە قەبرە رەسىملىرى تاجىكلارنىڭ رەسسامچىلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . يەنە بىرى ، تاشقورغان ناھىيىسى راسكام تەۋەسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان بولۇپ ، تاغ جىلغا ئېغىزلىرىدا تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن قورام تاشلاردا ياكى يول بويلىرى ، دەريا ياقىلىرىدىكى چوڭ ـ چوڭ سىلىق تاشلار ئۈستىگە ئويۇپ چىقىرىلغان . قىياتاش رەسىملىرى (پېتروگلىپ ) ، قىيا ئۆڭكۈرلىرى ، قىيا تاشلارغا سىزىلغان رەسىملەر ، يەككە ھالدىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر ، سىزىقچىلار ، قاپارتما ، ئويما قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى . بۇنداق رەسىملەر كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن ئوتتۇرا

ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتتىكى رەسىملەردۇر . ئۇلار ئادەتتە مېتال ۋە باشقا قوراللارنى ئىشلىتىپ ئويۇلغان ياكى ئوخرا (سېرىق ياكى قىزىل رەڭلىك مىنېرال بوياق ) بىلەن بوياپ سىزىلغان بولۇپ ، سېرىق ، قارا ، قىزىل ، ئاق رەڭلەر بىلەن بويالغان . ئۇنىڭ سىزىلىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ ، بىرى ، ھەرخىل ئوبرازلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئويۇپ چىقىرىش ، يەنە بىرى ، تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئويۇپ چىقىرىش ياكى بوياق بىلەن سىزىپ چىقىرىشتىن ئىبارەت . قىيا تاش رەسىملىرى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئوبرازلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

قىيا تاش رەسىم يادىكارلىقلىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى رەسىم شەكلىدە قىيا تاشلارغا ئويۇپ قويۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن يادىكارلىق بولغاچقا ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ . رەسىملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ : (1 ) نوقۇل ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى ؛ (2 ) ئادەم رەسىملىرى ؛ (3 ) ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەر ؛ (4 ) قەبىلىلەر ئارا بولغان ئۇرۇشلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ؛ (5 ) كۆپ خىل مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر ؛ (6 ) دىنىي ئېتىقاد ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ؛ (7 ) مال بېقىش تەسۋىرىي رەسىملىرى ؛ (8 ) ئۇسسۇل قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ؛ (9 ) ھارۋا چاقلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ؛ (10 ) جىنسىي تېۋىنىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بۇ قىيا تاش رەسىملەردە يۇقىرىقى تۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇچراپ تۇرىدۇ .

راسكام كەنتى تەۋەسىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىزلىرىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇرۇك ئولتۇراق رايون تەۋەسىدىكى چوڭتىقوي، ئەرسەر، ئەزغەر، كۆكتاش، باش ئەندىجان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بولۇپمۇ كۆكتاشنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا قىرغىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھەلقەبار دېگەن يەردە ئىنتايىن زىچ ۋە تۇرلۇك شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن قىياتاش رەسىملىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىنچىكە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا يېڭىدىن يەنە نۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن مېتال قوراللار دەۋرىگىچە بولغان دەۋردە سىزىلغان قىيا تاش رەسىملىرى دەريا ساھىللىرىدىكى تۇپتۈز تەكشى قىيالىقلارغا، تاغ قاپتاللىرىدىكى قىيا تاش بەلۋاغلىرىغا، يەنى ئۇستى ئوچۇق قىيا تاشلىق جايلارغا سىزىلغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە باش قىيا تاش رەسىملىرى، يۇقىرىقى كونىدېر تاش رەسىملىرى، شەيتان جىلغا قىيا تاش رەسىملىرى، ھەلقەيەر قىيا تاش رەسىملىرى بار.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت تەتقىقات تېمىسىدىكى سېلىشتۇرما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ بايان قىلغاندا، راسكام تەۋەسىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى ئاساسەن، رەڭلىك سىزما رەسىم ۋە قىيا تاش ئويما رەسىملىرى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. راسكامنىڭ كۆكتاش ھەلقەياردىكى قىيا تاش ئويما رەسىملىرى ئىنتايىن كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە كەسمە كۆرۈنۈشلەر ئاساس قىلىنسا، بەزىلىرىدە تاشقى ئىزناسى ئاساس قىلىنغان. بۇ رەسىملەردە ئالدى بىلەن تەخمىنەن ئىزناسى سىزىۋېلىنىپ، ئاندىن رەڭ بېرىپ ئوخشاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان. قىيا تاش ئويما رەسىملىرىدە ئادەتتە ئوبرازلارنىڭ

ئىزناسى تاش ياكى مېتالدىن ياسالغان سايمانلار بىلەن قىياتاش بېتىگە چېكىلگەن ياكى سوقۇپ چىقىرىلغان .

ئاي ۋە كۈننىڭ پېتىشى ، تاغلار كەينىدىن نۇر چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاي ۋە قۇياشنىڭ كۆرۈنۈشى ، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ، دەريا ، سۇ ، ئادەم ۋە باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرى قىيا تاش ئويمىچىلىرىنىڭ سەنئەت ۋە تەبىئەت توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ .

كۈننىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان ھالىتى ، دەريا سۇلىرىنىڭ ئېقىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەينەن ۋە توغرىلىق دەرىجىسى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ . بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان بەلگە (تامغا )لار ئويۇلغان بولۇپ ، بۇ بەلكىم قەدىمكى چاغلاردىكى ھەرقايسى قەبىلە ، ئۇلۇس (توپ ، گۇرۇھ ) لار ئىشلىتىدىغان مەخسۇس بەلگە تامغىسى ، يەر - مۈلۈك پاسىللىرىنىڭ باشلىنىشى ياكى ئاخىرلىشىش بەلگىلىرىنىڭ پاسىلى بولۇشى مۇمكىن .

راسكام مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ تارقىلىشى كەڭ ، سانى كۆپ ، شەكلى خىلمۇخىل ، ساقلىنىشىمۇ بىر قەدەر ياخشى ، مەيلى ئولتۇراق ئىزلار ، قەلئە - ئىمارەت ئىزلىرى ياكى مېتال تاۋلاش ئىزلىرى بولسۇن ، ياكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ سانى ، شەكلى ، مەزمۇنى ۋە ئوبرازچانلىقىنىڭ رەڭگارەڭلىكى جەھەتتە بولسۇن ، ئۇ ئاپتونوم ناھىيە ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .[1]

رەسسامچىلىق تاجىكلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىدىنمۇ ئورۇن

---

[1] يۇقىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى» (3 - قىسىم )دىن ئېلىندى . جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزۈپ ئىشلىگەن . 2004 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .

ئالغان . ئۆينىڭ تاملىرىغا ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە ، ئېگەر ۋە باشقا جابدۇقلارغا ئويۇلغان رەسىملەرمۇ بىر قەدەر كۆركەم بولۇپ ، كەشتە نۇسخىلىرىدەك كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىدۇ .

## 4 . ھەيكەلتىراشلىق

1980 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن لايدىن ياسالغان قوي ھەيكىلى تېپىلغان . بۇ تاجىكلاردا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ ئىلگىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ . بۇ ھەيكەل ناھايىتى نەپىس ياسالغان ، ئۇنىڭ گەۋدە قىسىملىرىغا گۈل چىقىرىلغان . قورچاق ياساش تاجىكلاردا ئومۇمىي ئادەت . ئانىلار بالىلىرىغا لاتا ۋە رەخت پارچىلىرىدىن كىچىك بالىلارنىڭ قورچىقىنى ياساپ بېرىدۇ . بەزىدە چوڭلار كىچىكلەرگە توشقان ، ئات ، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قورچاقلىرىنى ياساپ بېرىدۇ . بۇلار ئەلۋەتتە بىر خىل خەلق سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ، تاجىكلاردا ياغاچتىن ھەرخىل ئويمىلارنى ئويۇش ، ياساش ئادەتلىرى بار . مىسالى ، ئارغىماق مودېلى ، تۈگمەن مودېلى قاتارلىقلار .

تاشچىلىق سەنئىتىمۇ تاجىكلاردا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان . ھەر خىل بىلەيلەرنى ياساش ، تۈگمەن تاشلارنى ياساش ئادەتتىكى تۇرمۇش سەنئىتىگە ئايلانغان .

ھەرخىل پالاس ، خۇرجۇن توقۇش ، يىپ ئېگىرىش ، پوپايكا توقۇش ، چىغدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى توقۇش قاتارلىق ھۈنەرلەرمۇ تاجىكلار تۇرمۇشىدا بىر قەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن .

# IV باب تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى

## 1 § . يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى

تاجىك تائاملىرى تۇرنىڭ كۆپلۈكى ، تەركىبى تۇزۇلۇشىنىڭ خىلمۇخىللىقى ، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ، ئىچىش ـ يېيىشنىڭ قائىدىلىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تائاملىرىدىن پەرقلىنىدۇ . تاجىك تائاملىرىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

تاجىكلار ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى پامىرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بولغان گۆش ـ ماي ، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ . چاي بىلەن گۈرۈچ گەرچە تاجىكلار دىيارىدىن چىقمىسىمۇ ، لېكىن بۇلار تاجىك خەلق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق تائاملارغا ئايلىنىپ قالغان . ھەر قانداق تاماقتا ۋە ھەر قانداق مېھماندارچىلىقتا سۈتلۈك چاي بولۇش بىر خىل مىللىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان .

تاجىكلار بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدۇ . ئەتىگەندە ئادەتتە سۈتلۈك چاي بىلەن نان ئىستېمال قىلىنىدۇ . تۇرمۇشى

ياخشىلىرى سېرىقماي ۋە قايماقنىمۇ قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ . چۈشتە سۈيۇقئاش ، ئۇماچ ، قېتىق ۋە باشقا يەڭگىلرەك تاماقلار ئېتىلىدۇ . كەچلىك تاماق بىر قەدەر ياخشى بولۇپ ، شورپا ، پولۇ ، بۇلماق ، سۈتلۈك تاماقلار ئېتىلىدۇ . تاجىكلارنىڭ تائام قارىشىدا ، تەركىبىدە ئومۇمەن گۆش ، ماي ، سۈت كۆپرەك بولغان تاماقلار ياخشى تائاملار ھېسابلىنىدۇ . تاجىكلار تۇزسىز تاماق يېمەيدۇ . تاجىكلار نەزەرىدە تۇز ئەڭ پاك ۋە ساپ زات بولۇپ ، ئۇ ھەرقانداق تاماققا تەم كىرگۈزىدۇ . تۇزسىز تاماق تەمسىز كېلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، تاجىكلار تۇزنى خار قىلىدىغان ھەر قانداق قىلىقنى ، مىسالى تۇزنى دەسسەشنى ، تۇزلۇق يەرلەرگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ . چارشەنبە كۈننى ئالەم بىنا بولغان كۈن دەپ بىلىپ ، بۇ كۈنى بېرىپ تۇز كولاشقا ، تۇز ئارىيەت بېرىشكە ، باشقىلاردىن تۇز ئېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ .

تاجىك تائاملىرىنىڭ تۈرى نىسبەتەن كۆپ . ھېسابلاپ كۆرۈشمىزچە ، تاجىكلار گۈرۈچتىلا پولۇ ، شويلا ، شوۋىگۈرۈچ ، شىرگىرنچ ، ئەلۈت قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىدۇ .

تۆۋەندە بىر قىسىم ئاساسلىق تائاملار ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز :

«شىرگىرنج» . تاجىكچە سۆز بولۇپ ، «شىر» نىڭ مەنىسى «سۈت» ، «گىرنج» نىڭ مەنىسى «گۈرۈچ» ، ئومۇمىي مەنىسى «سۈتتە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ» تۇر . بۇ تاماقنى ئەتىگەندە ، ئالدى بىلەن گۈرۈچ سۈتتە پىشۇرۇلىدۇ ، يېگەندە ئۈستىگە قايماق ياكى سېرىقماي سېلىنىدۇ .

«شىر تەرىت» . سۈتتە پىشۇرۇلغان ئاش دېگەننى بىلدۈرىدۇ . خېمىرنى ئۈزۈپ تاشلاپ سۈتتە پىشۇرىدۇ . يېگەندە ، ئۈستىگە قايماق ياكى سېرىقماي سېلىنىدۇ .

«تەرىت» . مايلىق نان دېگەننى بىلدۈرىدۇ . ئاۋۋال ياغنى

قىزدۇرۇپ ، ئاندىن ئۇستىگە نانىى ئۇشتۇپ سالىدۇ . بىردەم پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ، ماي نانغا سىڭىپ كېتىدۇ . يېگەندە ، پولۇ كەبى قول بىلەن يېيىلىدۇ .

«بۇلماق» . مايدا پىشۇرۇلغان ئاش دېگەننى بىلدۈرىدۇ . ئالدى بىلەن ياغ قىزدۇرۇلۇپ ئۇستىگە ئۇن سېلىنىدۇ . ئاندىن ئۇستىگە ئازراق سۇ ۋە مۇۋاپىق تۇز سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ .

«خەكىس» . ئۇن بىلەن مايدىنلا تەركىب تاپقان ئاش دېگەننى بىلدۈرىدۇ . ماي قىزدۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇستىگە ئۇن سېلىنىپ ، بىردەمگىچە پىشۇرۇلۇپ ، ئازراق تۇز سېلىنىدۇ . بۇ خىل تائام سەپەرگە بەك ئەپلىك . شۇڭا كۆپ هاللاردا سەپەرگە چىققانلارغا ئېتىلىدۇ .

«قاتلىما» . خېمىرنى نېپىز يايغاندىن كېيىن ، قەۋەتلەپ قايماق سۈركەپ ، يۆگەپ ، ئاندىن كۆمەچداندا ئۇزاقىچە پىشۇرۇلىدۇ . بۇ تائام ناهايىتى يېيىشلىك بولۇپ ، قول بىلەن يېيىلىدۇ .

يۇقىرىدىكى تائاملاردىن باشقا ، تاجىكلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تائاملاردىن : پەنەير (پىشلاق) ، لىندىچ (ئېرىمچىك) ، جىگەي ، قۇرۇت ، چەكە ، قېتىق ، سۇل (ئۆپكە) قاتارلىق سۇتتە ئەتكەن تاماقلار ، ئۇماچ ، زاڭ ، نان ، توقاچ ، گىردە ، سۇيۇقئاش ، شورپا ، قەلي (توغراپ پىشۇرۇلغان گۆش) قاتارلىقلار بار . هازىرقى كۈندە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان تائاملاردىن : لەڭمەن ، بوسۇ ، مانتا ، كاۋاپ ، جوۋاۋا ، سامسا ، گاڭپەن ، هالۋا قاتارلىقلارمۇ بار .

دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت تۇپەيلى ، تاجىكلار قوي ، ئۆچكە ، قوتاز ، كالا ، تۆگە ، كېيىك ، ئۇلار ، كەكلىك ، توخۇ ، بېلىق گۆشلىرىنى هالال دەپ هېسابلاپ ئىستېمال قىلىدۇ . تاجىكلار ئىسلام دىنىدا هارام دەپ قارالغان هايۋان ۋە ئۇچار

قاناتلاردىن ، مىسالى ، چوشقا ، ئېشەك ، ئىت ، بۆرە ، تۈلكە ، ئېيىق ، سۇغۇر ، مۈشۈك ، قاغا قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ ، سۈتىنى ئىچمەيدۇ .

تاجىكلار ئىسلام دىنىنىڭ شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئاتنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ . قىمىزىنى ئىچمەيدۇ . تاجىكلارنىڭ قارىشىدا «ئاتنىڭ كۈچى ھالال ، گۆشى ھارامدۇر . »

تاجىكلار ، ھالال بولسىمۇ ، لېكىن دۇئادىن ئۆتمىگەن ، پىچاق بىلەن بوغۇزلىمىغان گۆشنى ھارام دەپ ھېسابلايدۇ . بۇ خىل گۆشنى ئىتقا تاشلاپ بېرىدۇ .

تاجىكلارنىڭ غىزالىنىش ئادەتلىرى بىر قەدەر قائىدىلىك بولۇپ ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ .

غىزالىنىشتىن ئىلگىرى قولنى پاكىز چايقاش لازىم . داستىخاندا ئولتۇرغاندا ، مېھمان ياكى چوڭلار باشتا ئولتۇرۇپ ، ئاۋۋال غىزاغا تەكلىپ قىلىنىدۇ . غىزالىنىش جەريانىدا قاتتىق كۈلۈشكە ، ۋارقىراشقا بولمايدۇ . ئۆرە تۇرۇپ غىزالىنىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ . غىزاغا ئېغىز تېگىشتىن ئىلگىرى ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ باشلاپ ، غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ، «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا ئوقۇشى لازىم .

تاجىكلارنىڭ بىر كۈندىكى ئۈچ ۋاخ تامىقى قائىدە بويىچە ئايال ساھىبخانا تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ . نېمە تاماق ئېتىش ، قانچىلىك تاماق ئېتىش ، تاماقنى تەقسىملەش ئايال ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ . ئادەتتە تاسادىپىي مېھمان كېلىدۇ دەپ قاراپ ، تاماق سەل ـ پەل ئارتۇق ئېتىلىدۇ . تاجىكلار ئىسسىق نان يېقىشقا ئامراق ، شۇڭا ھەر قانداق ئۆيدە ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ئوچاققا ئوت قالاپ ، نان ياقىدۇ . تاجىكلاردا ئەرلەر

ئومۇمەن تالا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ، تاماق ئېتىش ئىشلىرىغا زادى ئارىلاشمايدۇ .

ئىلگىرى ياغاچتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار ، ساپال ۋە مىستىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار كۆپرەك ئىشلىتىلەتتى ، ھازىر ئاساسەن ھازىرقى زامان قاچا ـ قۇچىلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى .

سىرىقماي ۋە قۇرۇت تاجىك تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان تائاملار جۈملىسىگە كىرىدۇ . بۇ خىل سۈت مەھسۇلاتلىرىنى تاجىك ئائىللىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقىرىدۇ . سىرىقماينى ئىشلەپ چىقىرىشتا ، ئالدى بىلەن سۈتنى قايىنىتىپ ، قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ . ئاندىن ئۇنى ئېگىزرەك ياغاچ كۈپ (تۇڭ) ئىچىگە قۇيىدۇ . كۈپنىڭ ئىچىدىكى قېتىقنى قوچۇيدىغان «پەدار» دەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب بار . بىر نەچچە سائەتلىك قوچۇش ، تېمپېراتۇرىسىنى ئىسسىق سۇ بىلەن تەڭشەش ئارقىلىق ماي ئايرىلىپ چىقىدۇ .

قۇرۇتنى ئىشلەشتە ، سىرىقماي ئايرىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ، قېپقالغان قېتىقنى يەنە قايىنىتىپ ، ئۇنى تاغار ئىچىگە قۇيۇپ ، سۈزمىگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ، مونەك ـ مونەك قىلىپ ، چىغ ئۈستىگە تىزىپ ، ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ .

ياز كۈنلىرى تاجىك ئايال ـ قىزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت . بولۇپمۇ سىرىقماينى ئىشلەپچىقىرىش خېلىلا ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ، ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىر قەدەر ئېغىر ئەمگەك بولسىمۇ ، لېكىن ئەمگەكچان تاجىك ئائىللىرى جاپالىق ئىشلەپ ، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ ، ئائىلىنىڭ بىر يىللىق تۇرمۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە تۆھپە قوشىدۇ .

## § 2 . كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى

تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ تاجىك ئەرلەرنىڭ نەپىس تۇمىقى بىلەن ئايال - قىزلارنىڭ جىلۋىدار چەكەن كۈلتا (تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى) سى سىمۋوللۇققا ئىگە بولۇش بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر.

تاجىكلاردا ئەرلەر ئادەتتە قارا مەخمەلدە تاشلانغان، قارا قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيىدۇ. تۇماق نىسبەتەن ئېگىز رەك بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى قىسمى قارا مەخمەلدە تاشلىنىدۇ. ئاياغ تەرىپى قىزىل مەخمەل، كۆك مەخمەل (ياشلارنىڭ) ياكى بەقەسە (ياشانغانلارنىڭ) رەختلەردىن جىيەك تارتىلىدۇ. جىيەك بىلەن مەخمەل تاش تۇتىدىغان ئورۇنغا رەڭگارەڭ يىپلار بىلەن كەشتە تىكىلىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر يەنە شۇ پاسوندا تىكىلگەن ئاق شايىدىن تاشلانغان تۇماقنىمۇ كىيىدۇ.

تاجىك ئەرلەرنىڭ تۇمىقى، بىر تەرەپتىن، كۆركەم ھەم چىرايلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پامىر رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماسلاشقان. ئىسسىق بولغاندا، ئۇنى قاتلاپ كىيگىلى، سوغۇق بولغاندا، ئۇنى گەدەنگىچە چۈشۈرۈپ كىيگىلى بولىدۇ. ئەرلەر ياز كۈنلىرى ئاق رەختتىن كەشتىلەپ تىكىلگەن «شەيدايى» ناملىق دوپپىنى كىيىدۇ.

ئۇچىسىغا كىيىدىغان كىيىملەر جەھەتتە، ئەرلەر ئادەتتە قىسقا ياقىلىق يەكتەك كىيىدۇ، يەكتەكنىڭ ياقىسىغا (بولۇپمۇ ياشلارنىڭ) تۇرلۇك كەشتىلەر تىكىلىدۇ. يەكتەك ئۈستىگە يەنە

ئۆزۈن تون چاپان كىيىدۇ . بېلىنى پاختا ياكى يۇڭ يىپتىن توقۇلغان پوتا ياكى كەشتىلەنگەن چاسا بەلۋاغلار بىلەن باغلايدۇ . قىش پەسلىدە ئەرلەر يۇڭ رەختتىن توقۇلغان چەكمەن ياكى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تاشلانغان ياكى تاشلانمىغان جۇۋا كىيىۋالىدۇ .

ئايال ـ قىزلار ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك ، كۆڭلەك ئۈستىدىن ئالدىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۆزۈن چاپانلارنى ياكى گۈللۈك ، ياقىسىز تون چاپانلارنى كىيىدۇ . ئاياللار كىيىدىغان كىيىملەر روشەن رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . ياش ئاياللار ، قىزلار قىزىل ، سېرىق ، جىگەر رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىپ ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى نامايان قىلسا ، ياشانغانلار كۆك ، قارا ، يېشىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ .

ئاياغ كىيىمى جەھەتتە ، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىگىز پايپاق ، رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان جۇراب (پايپاق ) كىيىدۇ . پايپاق ئۈستىدىن قونجى كېيىك تېرىسىدىن ئېتىلىپ ، قىزىل رەڭدە بويالغان ، چەمى كالا ، قوتاز تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۆزۈن قونچلۇق چورۇق چاقىان ، يېنىك ۋە ئىسسىق بولۇپ ، تاغ يولى ۋە ھاۋاسىغا باب كېلىدۇ .

توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا دەبدەبىلىك پائالىيەتلەردە ئەر ـ ئاياللار ئۆتۈك ۋە مەسسە كىيىدۇ .

بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر تاجىكلار تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ ، ئەنئەنىۋى كىيىملەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكتە .

تاجىك ئاياللىرى ئۆزىنى پەردازلاشنى ياخشى كۆرىدۇ . ياش كېلىنلەر چېچىغا تۆت قاتار باشتىن ـ ئاخىر ئاق سەدەپ تاقايدۇ . مەشۇت يىپتىن «چۇلىك» دەپ ئاتىلىدىغان پۆپۈك ياساپ چېچىغا ئېسىۋالىدۇ . قۇلاقلىرىغا سىرغا ، گۆشۋار قاتارلىقلارنى سالىدۇ .

بوينىغا ھەر خىل ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان «دۇۋىرەك» دەپ ئاتىلىدىغان زىننەت بۇيۇملارنى تاقايدۇ. كۆڭلەككە يەنە چوڭ ـ چوڭ كۈمۈش ھالقىلارنى تاقايدۇ. كۆلتىسىنىڭ تۆپىسىگە كۈمۈشتىن ياسالغان «سىل ـ سىلا» ئاسىدۇ. قوللىرىغا ئۈزۈك، بىلەزۈك سالىدۇ. بۇنداق بۇيۇملار ئەڭ قىممەت مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. بۇ خىل زىننەت بۇيۇملار تاجىك قىزلىرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇلارنى پەرىزات كەبى گۈزەل قىلىپ قويىدۇ.

ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن يەنە ئارقا تەرىپىدىن پەرتۇق تارتىپ قويىدۇ. بۇنداق پەرتۇقنى ئاياللار ئۆزلىرى تۇرلۇك رەڭلىك رەخت پارچىلىرىدىن قۇراق قىلىپ تىكىپ قويىدۇ. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىك ئاياللىرى يەنە رەڭلىك رەخت پارچىلىرىدىن ياستۇق، قاچا ـ قۇچا ياپقۇچى، ئورۇن ـ كۆرپە ئالدىغا تارتىلىدىغان پەردە، چاي خالتىسى، موخوركا خالتىسى، مۆھۈر قېپى، قولياغلىق قاتارلىق ھەرخىل زىننەت بۇيۇملارنى تىكىپ، ئۆيلەرنى زىننەتلەيدۇ.

ئومۇمەن تاجىك جامە (كىيىم) لىرى روشەن جىنسىي ئايرىملىققا، يەسىل ئايرىملىققا، ياش قۇرام ئايرىملىققا، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق ئايرىملىققا ئىگە. كىيگەن كىيىمدىن شۇ كىشىنىڭ ياش قۇرامىنى، توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، شادىمان ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## § 3. لەڭگەر ئۆي

پانىي ئالەمدە ئۆيۈڭ بولسۇن،
باقىي دۇنيادا گۆرۈڭ بولسۇن.

تاجىك خەلق ماقالى

تاجىكلار خېلى بۇرۇنلا تۇراقلىق مەھەللىۋى ھاياتقا ئۆتكەن. تاشقورغان رايوندا ناھايىتى كۆپ قەدىمكى قورغانلار، قەلئەلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق نۇرغۇن قەدىمكى ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرى تېپىلدى. بۇلار تاجىكلارنىڭ كۆچمەن ھاياتتىن تۇراقلىق مەھەللىۋى ھاياتقا خېلى بۇرۇنلا ئۆتكەنلىكىنى ماددىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاشقورغاننىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە ھەر بىر قوۋم ۋە جەمەتنىڭ ياكى ھەربىر ئائىلىنىڭ تۇراقلىق مەھەللىلىرى (ئۆيلىرى) ۋە مۇقىم قەبرىستانلىقلىرى بار. بۇ ئىككىسى بولمىغان كىشى جەمئىيەتتە «بىخانە» (ئۆيسىز، ماكانسىز)، «بىگۆر» (گۆرسىز، يەرسىز) دەپ ھاقارەتلىنىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىنىدۇ.

تاجىكلارنىڭ تۇراقلىق مەھەللىلىرى مەركىزىي ئۆي، ھويلا، مېھمانخانا، قازناق، ئوتۇنخانا، سامانخانا، ئاتخانا، قوتان ۋە چوڭ ئېغىلدىن تەركىب تېپىپ، ئەتراپى دەل ـ دەرەخ بىلەن قاپلىنىدۇ. مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سىستېمىدا كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغىنى — «لەڭگەر ئۆي» دۇر.

«لەڭگەر ئۆي» نىڭ ئىستېمال مەنىسى «قەدىمكى ئۆي»، «ئەنئەنىۋى ئۆي»، «چوڭ ـ كاتتا ئۆي» ياكى «مەركەز ئۆي» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىنىڭ سىمۋولى. بۇگۈنكى كۈندە، يېڭى پاسوندىكى قۇرۇلۇشلار تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەھەللە قارىشى ۋە قۇرۇلمىسىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، «لەڭگەر ئۆي» ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ساپلىقىنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتە.

«لەڭگەر ئۆي» كۈچلۈك گېئومېتىرىيىلىك سان ـ سىپىرلىق خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى تاشقى كۆرۈنۈشى

ئۇزۇنچاقراق تۆت چاسا بولۇپ، ئاساسى گەۋدە قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە يېرىم مېتىردىن يەتتە مېتىرگىچە بولىدۇ. ئۆستىگە ئىككى دانە خا ياغاچ تارتىلىپ، بەش مەركىزىي ئورۇنغا چوڭ تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ، ئاندىن جەگە ياغاچلار سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆستىگە شاخ - شۇمبا ۋە چىغ بېسىلغاندىن كېيىن، يۇمشاق لاي بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى مۇتلەق كۈنگەي تەرەپكە قارىتىلىپ سول بۇرجەككە چىقىرىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، قاپ ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا پەگاھ بولىدۇ. پەگاھنىڭ ئۈچ تەرىپىدە كەڭلىكى ئىككى مېتىردىن ئۇزۇنراق بولغان ئۈچ تۇر (كاڭ) ئايرىلىدۇ. پەگاھنىڭ بىر تەرىپىگە چوڭ ئوچاق سېلىنىپ، ئۇدۇلىدىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ. تۈڭلۈك ئۆيگە يورۇق چۈشۈرۈش ۋە ئىسنى چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئوچاقنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تام بولۇپ، تامنىڭ كەينى تەرىپى ئەمەلىيەتتە يەنە بىر ئېغىز چوڭ ئۆيدەك تۇرىدۇ. تاجىك تىلىدا بۇ ئۆي «ئەيرى ئۆي» دەپ ئاتىلىپ، قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچلار قويۇلىدۇ. بۇ ئۆي ئەمەلىيەتتە ئاشخانا ھېسابلىنىدۇ. «ئەيرى ئۆي» گە قارىتىلىپ ئېچىلغان يەنە بىر ئۆي بولۇپ، ئۇ «غەزەڭ ئۆي» (قازناق) دېيىلىدۇ. «غەزەڭ ئۆي» شۇ ئائىلىنىڭ ئىسكىلاتى بولۇپ، ئاشلىق، ئۇن ۋە باشقا قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەر قويۇلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ بارلىق توي - تۆكۈنلىرى، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرى «لەڭگەر ئۆي» دە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا، «لەڭگەر ئۆي» «مەركەز ئۆيى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«لەڭگەر ئۆي» تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، قۇرۇلمىسى ۋە رولىنى تەتقىق قىلىش، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە . ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ، نوپۇسى كۆپرەك ئائىلىلەر يەنە «لەڭگەر ئۆي»نى چۆرىدەپ بىر قانچە ئېغىزلىق ئايۋان ، پېشايۋان ، ساۋرۇمخانا (سورۇنخانا) ، مېھمانخانا ، ھۇجرا قاتارلىقلارنى سالىدۇ . بۇ ئۆيلەرنى چۆرگەلدۇرۇپ ، قورغان تېمى سوقۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە چارۋا ـماللار تۇرىدىغان ئېغىل ـ قوتانلار ، سامانخانا قاتارلىقلار سېلىنىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، بۇ مەھەللىنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ .

يايلاقلاردا چارۋىچىلار ئاساسەن ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) ۋە تام ئۆي (كەپە) لەردە تۇرىدۇ . ئاق ئۆي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن . بىر تەرىپىگە چىغدىن توقۇلغان پەردە تارتىلغان بولۇپ ، بۇ «چۇگدەن» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ ئىچى ئەمەلىيەتتە يېمەك ـ ئىچمەك ، سۈت ـ قېتىق ساقلاش ئورنى ھېسابلىنىدۇ . ئاق ئۆينىڭ بىر تەرىپى ياتاقخانا قىلىنىدۇ . ئوتتۇرىسىغا چوڭ ئوچاق سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا كۈندىلىك ئاش ـ تاماق ئېتىش ئىشلىرىنى ئىشلىگەندىن باشقا ، يەنە سۈت مەھسۇلاتلىرىمۇ مۇشۇ يەردە پىششىقلىنىپ چىقىرىلىدۇ . تاغ ۋە ئوتلاقلاردىكى كەپىلەر ئادەتتە لاي ـ تاش ياكى چىمدىن تۆت چاسا قىلىپ ياسىلىپ ، ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ . كەپىلەر ۋاقىتىنچە بولغاچقا ، ھەشەمەتلىك سېلىنمايدۇ .

## § 4 . قاتناش قوراللىرى

تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپلا «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دە ياشاپ كەلمەكتە . شۇڭا ئۇلارنىڭ قاتناش قورالىمۇ مۇشۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدۇ . ئات ، قوتاز ، تۆگە ، ئېشەك قاتارلىقلار ئەڭ مۇھىم قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ . بۇلاردىن قوتاز «ئېگىزلىكتىكى كېمە» ھېسابلىنىپ ، چارۋىچىلار تاغدىن ـ تاغقا ،

يايلاقتىن ـ يايلاققا كۆچكەندە، قوتازدىن پايدىلىنىدۇ. قوتاز ئېگىز گە چىقىشقا ماھىر، كۆپ يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، مېڭىشى سىلىق. شۇڭا ئېگىز، خەتەرلىك تاغلاردا ئۇ جانغا ئەڭ ئەسقاتىدۇ. تاجىكلار قوتازنى كىچىككىدىنلا بۇرنىنى تېشىپ كۆندۈرۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق سەرەمجانلىرى، مىسالى، ئېگەرى، توقۇمى، بەلۋېغى قاتارلىقلارنى تاجىكلار ئۆزلىرى ياساپ چىقىرالايدۇ. 2005 ـ يىلى پامىر قوتاز گۆشى دۆلەت تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك يېمەكلىك دەپ بېكىتىلدى.

ئات ئۇزۇن سەپەردە ناھايىتى ياخشى مىنىك ئۇلىغى. كىشىلەر يايلاقتىن ـ يايلاققا، كەنتتىن ـ كەنتكە بارغاندا، ئات ئىشلىتىدۇ. تاغ ـ دەريادىن ئۆتۈش توغرا كەلسە، ئات ئەڭ بىخەتەر قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. ئاتنىڭ سەرەمجانلىرىنىمۇ يەرلىك خەلقلەر ئاساسەن ئۆزلىرى ياساپ چىقىدۇ. تاجىكلار تۇرمۇشىدا ئات قەتئىي بولمىسا بولمايدىغان بىر خىل قاتناش ۋە كۆڭۈل ئېچىش قورالى.

تۆگە تۈزلەڭ جايلاردا يۈك توشۇشقا ناھايىتى ئەپلىك قاتناش ئۇلىغى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇلايىم، ياۋاش، كۈچلۈك، ئۇسسۇزلۇققا چىدام بولغاچقا، كىشىلەر يىراقراق سەپەرلەرگە چىققاندا تۆگىنى ئىشلىتىدۇ. تۆگىنىڭ بارلىق سەرەمجانلىرىنى يەرلىك خەلقلەر ئۆزلىرى تەييارلايدۇ. ھازىرقى زامان قاتناش يوللىرى راۋانلىشىپ، ئاپتوموبىللار ھەممە يەرگە قاتناۋاتقانلىقتىن، تۆگىنىڭ رولى بارغانسېرى قالمىدى.

ئېشەك ئۆينىڭ كۈندىلىك قاتناش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى ھېسابلىنىپ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. يېقىن ئەتراپتىن ئوتۇن توشۇشتا، تۈگمەنگە ئاشلىق يۆتكەشتە، ئېتىزلارغا ئوغۇت يۆتكەشتە ئېشەك كۆپ رول ئوينايدۇ.

# V باب ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار

## § 1 . چوڭ ئائىلە ۋە مىراسخورلۇق ئادىتى

تاجىكلار ئائىلىسى بىر ئەر ـ خوتۇنلۇق تۈزۈمى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى چوڭ ئائىلە بولۇپ ، مەزكۇر ئائىلىنىڭ بارلىق ئاساسلىق ھوقۇقلىرى ، مىسالى ، ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ، مېھماندارچىلىق قاتارلىقلار ئائىلە باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئائىلە باشلىقى كۆپ ھاللاردا ئەرلەر ، قىسمەن ئائىلىلەردە ئاياللارمۇ بولىدۇ . ئائىلە ئەزالىرى ئائىلە باشلىقىغا بويسۇنۇشى كېرەك . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، ئائىلە باشلىقىغا ھۆرمەت قىلىش ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش — تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئادەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ . مۇشۇ سەۋەب بولغاچ ، 3 ~ 4 ئەۋلادتىن تەركىب تاپقان چوڭ ئائىلىلەر ئىناق ، ئىتتىپاق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بۇ ئەلۋەتتە مۇھىم تەرەپ . ئائىلە ئىناقلىقىدىن جەمئىيەت ئىناقلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . چۈنكى جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن ئېيتقاندا ، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتىن جەمئىيەتنى كۆرگىلى

بولىدۇ . ئائىلە باشلىقى ئادەتتە تەبىئىي ھالدا دادا ياكى ئانا ۋە ياكى چوڭ پەرزەنت بولىدۇ . چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئائىلە باشلىقى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەسلىھىتى ۋە بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە ئېلىپ بارىدۇ . بۇنداق چوڭ ئائىلىدە خارلاش ـ خارلىنىش بولمايدۇ ، زومىگەرلىك قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ . ناۋادا ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئىشلار يۈز بەرسە ، ئۇنداق ئائىلە ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ .

تاجىكلاردا ئاتا ـ ئانا ھايات چېغىدا ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ . تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئاتا ـ ئانىنى بېقىش ، پەرۋىش قىلىش ۋە ئۇلارنى باقىي ئالەمگە يولغا سېلىش ، ھەربىر پەرزەنتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى . بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغان پەرزەنت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ، قارغىشىغا ئۇچرايدۇ . بۇنى «ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلىغان بالا — بىۋاپا بالا» ، «ئاتا ـ ئانىسىغا ئەسقاتمىغان بالا ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ» ، «ۋاپاسىز بالىدىن كۈزنىڭ ئاپتىپى ياخشى» دېگەن تاجىك ماقال ـ تەمسىللىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ . قىسقىسى ، ئاتا ـ ئانا ھايات چاغدا ، بالىلارنىڭ ئايرىم ئۆي تۇتۇشى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ . ئۆي ئايرىپ چىقىش تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ .

تاجىكلارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىۋى ئادىتى مۇنداق : ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسىنى بېقىشى مۇتلەق پەرز بولغاچقا ، ئۇلار دادىسىنىڭ مىراسىغا بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە . ئوغۇللار مىراسقا ۋارىسلىق قىلغاندا ، تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ . تەپسىلىيرەك ئېيتقاندا :

1 . ئاتا مىراسىدىن ئوغۇل پەرزەنتلەر تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ . ئانا ۋە ئاچا ـ سىڭىل (توي قىلمىغان ) لارنىڭ تۇرمۇشى مۇۋاپىق نەزەرگە ئېلىنىدۇ . ئۇلار ئوغۇللاردىن قايسىسى بىلەن

ئولتۇرۇشنى خالىسا ، شۇ ئوغۇلغا مىراس كەڭرەك بېرىلىدۇ .

2 . ئەگەر ئاتا ـ ئانا هايات چېغىدا بالىلار ئۆي ئايرىپ چىققان بولسا ، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ، خوتۇنى تۇل ياشىسا ، مىراس شۇ تۇل خوتۇنغا قالىدۇ .

3 . ئەگەر ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولۇپ ، ئوغۇل پەرزەنت بولمىسا ، قىزلار مىراسقا ۋارىسلىق قىلالايدۇ . ئەمما ، بىر شەرت توي قىلمىغان بولۇشى كېرەك .

4 . ئوغۇل پەرزەنت يوق ، قىزى توي قىلغان ، باشقا يېقىن تۇغقىنى يوقلارنىڭ مىراسىنى يۇرت ئاقساقاللىرى مۇۋاپىق كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ .

ئومۇمەن ، تاجىك ئائىلىلىرى بىر قەدەر چوڭ ، مۇناسىۋەتمۇ بىر قەدەر ئىرماش ـ چىرماش بولىدۇ ، شۇڭا بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ كۆپلىگەن قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بولۇپ ، ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا بىردەك رىئايە قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ . بىر قەدەر تىپىك قائىدىلەردىن ، ئائىلە ئىچىدە كىچىكلەر چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ، ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇپ ، ئىناق ۋە مېھرىبان ئۆتۈش ، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ، ئاكا ـ ئۇكىلار ، ئاچا ـ سىڭىللار ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇش زور كۆچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىدۇ . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىسى هايات تۇرۇپ ، ئۆي ئايرىپ چىقىدىغان ، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ، بىر ـ بىرىنى تىللايدىغان ، بىر ـ بىرىنى ئۇرىدىغان ئىشلار ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . ئاتا ـ ئانىلارنى رازى قىلىش دېگەن بۇ ئۇقۇم تاجىك جەمئىيىتىدە بۇزۇلماس ئەخلاقىي مىزاندۇر . ئۆگەيلىك هادىسىلىرى ۋە قېينانا ـ كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىنىش ۋە ئىشەنچسىزلىكلەر ئادەتتە ئاز ئۇچرايدۇ .

## 2 § . نىكاھ ۋە توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى

تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپلا بىر ئەر ـ خوتۇنلۇق تۈزۈمنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ھەم مۇشۇنىڭغا ئادەتلەنگەن . كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە قانۇن ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، تاجىك رايونلىرىدا نىكاھ ئادىتى پۈتۈنلەي ئىسلاھ قىلىنىپ ، باراۋەرلىك ، ئەركىنلىك بولغان يېڭى نىكاھ تۈزۈمى ئورنىتىلدى . قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى ۋە توي قىلغۇچىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى خالىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ . زورلاپ قىلىنغان توي كەلگۈسىدىكى ۋەيرانچىلىق دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ، تاجىك جەمئىيىتىدە ھايات تۈرۈپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ، خوتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرۇش ، ئەردىن چىقىش نومۇس ھېسابلىنىدۇ . پەرزەنتلەرنى يېتىم قالدۇرۇش كەچۈرگۈسىز گۇناھلارنىڭ بىرى سانىلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، قۇدىلىشىش ، توي قىلىشتىن بۇرۇن ، يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ .

تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى بىر قەدەر كۆپ ، قائىدىلىك ، مەزمۇنلۇق ۋە نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ . ئالدى بىلەن قۇدا چۈشۈش رەسمىيەتلىرى ئۆتىلىدۇ . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ بىر ـ بىرىنى خالىشىغا ئاساسەن ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ، دوست ـ يارەنلىرى ۋە يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىر نەچچىسى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇدا چۈشىدۇ . قىز تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يىغىپ ، قۇدا چۈشكەنلەرنى كۈتۈۋالىدۇ . ئوغۇل

تەرەپتىن قۇدا چۇشۇپ كەلگەنلەر پەگاھقا چۇشۇپ ، قىز تەرەپتىن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇلار ئىچىدىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقىنى ياكى ياشانغان ، ئىناۋەتلىك زاتلاردىن بىرى ۋاكالىتەن ئۆزلىرىنىڭ قۇدا بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ، «دوختەر تەلەبۇدەن نەڭ نىست ، دەر نەدا دەن جەڭ نىست» (مەنىسى : قىز سوراپ كېلىش ئەيىب ئەمەس ، پۇتۇشمەي چىققان غوۋغا ئەيىب ) دەپ سۆز قىلىدۇ . قىز تەرەپتىن بىر كىشى ۋاكالىتەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ . ئەگەر ئوغۇل تەرەپنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنغان بولسا ، ئوغۇل تەرەپنىڭ كىشىلىرى قىز تەرەپتىكىلەرنىڭ قولىغا سۆيۈپ ، ئۆزىنىڭ رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار قائىدە ـ رەسمىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ . مىسالى ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرى قىز مەخسۇس تۇرغان خانىغا كىرىپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىرغا ، قولىغا ئۈزۈك ، بېشىغا قىزىل ياغلىق سالىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ تويلۇق نەرسىلەرنىڭ كونكرېت سانىنى ، توي قىلىدىغان ۋاقتىنى كېڭىشىپ بېكىتىدۇ . ھەممە قارارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، بۇ خەيرىيەت ئۇلۇغ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى مۇبارەكلەپ ، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ بارغان قوينى سويۇپ ، بىر ـ بىرىنى مېھمان قىلىدۇ . قۇدا چۇشۇش رەسمىيىتى تاجىك تىلىدا «ياغلىق چىگىش» دەپ ئاتىلىدۇ .

«ياغلىق چىگىش» رەسمىيەتلىرى جامائەت ئالدىدا ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ھېچقانداق مەخپىي پۇتۇشۇشلەر بولمايدۇ .

تاجىكلارنىڭ توي مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق ، دەبدەبىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ . توي كۆڭۈللۈك ، باياشات ئۆتسۇن ئۈچۈن ، ئادەتتە چارۋا ماللار تازا سەمرىگەن ، ئاشلىقتىن مول

هوسۇل ئېلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى تەدرىجىي ئارىسال مەزگىللگە ئۆتكەن «گەنج پەسلى» (كۆز پەسلى) توي پەسلى قىلىپ تاللىنىدۇ.

توي رەسمىي باشلىنىشتىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن يىگىت ۋە قىزنىڭ ئۆيلىرىدە تويلۇق نان ۋە باشقا زۆرۈرىي يېمەكلىكلەر پىشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشلارغا ئاساسەن ئاياللار قاتنىشىدۇ. توينىڭ هارپا كۈنى قىز ۋە يىگىت هەر ئىككى تەرەپ كەنت ئىچىدە بىر يىل مابەينىدە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ، قوي سويۇپ ئۇلارنى مېهمان قىلىدۇ. ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داپ قويۇپ، ئۇلاردىن توي قىلىشقا ئىجازەت سورايدۇ. هازىدارلار داپقا چېكىپ قويۇپ، ئىجازەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

تاجىكلار تويغا باغاق تارقاتمايدۇ. يىگىت ۋە قىز هەر ئىككى تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆز ـ يات، باي ـ كەمبەغەل، دوست ـ دۈشمەن، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن كەنتتىكى هەممە ئائىلىنى، يىراق كەنتتىكى تۇغقانلىرىنى بىردەك تويغا چىللايدۇ. شۇڭا، تويغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن. تەييارلىق ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. هارپا كۈنى ئاخشىمى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە كاتتا توي، ئويۇن ـ تاماشا ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. شوخ يىگىت ـ قىزلار ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، نەغمىچىلەر نەغمە قىلىپ، مەرىكىنى قىزىتىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى كەنتتىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال توپ ـ توپ بولۇپ، يىگىت ۋە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تويىغا قاتنىشىدۇ. هەربىر ئۆيدىن يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە توي سوۋغىتى ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەرلەر ئوغلاق تارتىشىش، بەيگە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، ئاياللار ۋە باللار ساز چېلىپ،

ئۇسسۇل ئويناپ ، تويىنى قىزىتىدۇ . تويلۇق ئاش بېرىلگەندىن كېيىن ، قىز كۆچۈرۈش باشلىنىدۇ . ئالدى بىلەن يىگىت راۋۇرۇس ياساندۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك كىيگۈزۈلىدۇ ، بېشىغا ئاق شايىدىن تاشلانغان تۇماق كىيگۈزۈپ ، ئۇستىدىن ئاق شايى ۋە قىزىل تاۋاردىن سەللە يۆگەيدۇ . ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون كىيگۈزىدۇ . قولىغا ئۇزۇك ، ئۇزۇككە قىزىل تاۋار ۋە ئاق شايىدىن بولۇپ ، ئىككى ياغلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىتنىڭ ئېتى ئىنتايىن كۆركەم جابدۇنۇپ ، قولداش ۋە بىر توپ ئاتلىق ياشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ . ئۇلار يول بويى بىر تەرەپتىن ، ئوغلاق تارتىشسا ، بىر تەرەپتىن ، «شاھى مەن ئامەد» (مەنىسى : مەن بىر شاھمەن ) دېگەن توي ناخشىسىنى ئوقۇيدۇ ، تاجىكلاردا توي ۋاقتىدا يىگىت شاھقا ئوخشىتىلىدۇ . ئۇلار قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، تاماشا تېخىمۇ قىزىيدۇ . قىز تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر چىقىپ بىر ئۆچكىنى چىقىرىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ . يىگىت بىلەن كەلگەن ئاتلىقلار ئۆچكىنى تالىشىدۇ . قىز تەرەپ ئۆچكىنى بەرمەي ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئۇرۇپ ، ئوركۇتۇپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ . ئەگەر يىگىت تەرەپ ئۆچكىنى ئالالىسا ، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ . تاجىك تىلىدا بۇ ئويۇن «تۇمبەك» دەپ ئاتىلىدۇ . «تۇمبەك» ئويۇنى تازا قىزىۋاتقاندا ، قىز تەرەپتىن بىر قانچە ئايال ئىككى چىنىدە ئۇستىگە سېرىقماي قۇيۇلغان سۈت ئەپچىقىپ كۈيئوغۇلغا سۇنۇپ بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ھاردۇق سورايدۇ ھەم مۇرىسىگە ئاق ئۇن سېپىپ ، ئۇنى مۇبارەكلەيدۇ . تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ئاق ئۇن ئەڭ پاك ، ئەڭ ساپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇن سېپىش ئارقىلىق بىر - بىرىنى مۇبارەكلەش ، بىر - بىرىگە بەخت تىلەش — ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىدىن بىرى . كۈيئوغۇلنى ئۆيگە باشلاشتىن ئىلگىرى ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئابرۇيلۇق ۋەكىللىرى

تويلۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەسلىدىكى كېلىشىم بويىچە تويلۇقنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تەنتەنىلىك نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . مۇراسىمنى دىنىي زاتلاردىن خەلپە باشقۇرىدۇ . ئۇ «نىكاھنامە»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، نىكاھ سۈيىنى يىگىت بىلەن قىزغا ئىچكۈزىدۇ . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە قىز تەرەپنىڭ پىكرىگە ئاساسەن نىكاھ گۇۋاھچىسى كۆرسىتىلىدۇ . بۇ تاجىك تىلىدا «پەدەرخان» دېيىلىدۇ . «پەدەرخان» ، ۋەكىل ئاتا بولۇپ ، قىز بىلەن يىگىت تەرىپىدىن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك مەڭگۈلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ . نىكاھ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، قىز تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرى كېلىپ ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۈستىدىن قەنت ـ گېزەك ۋە يەل ـ يېمىش چاچىدۇ . ئۇششاق باللار ھۇررا قىلىپ ، قەنت ـ گېزەك ۋە يېمىشلەرنى تالىشىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تويغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنە ۋە يار ـ بۇرادەرلەر پەگاھقا چۈشۈپ ، قىز بىلەن يىگىتنى مۇبارەكلەپ ، ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ، بىر ـ بىرى بىلەن مەڭگۈ ئىناق ، ياخشى ئۆتۈشىنى ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ، ئۆمۈرۋايەت بىرلىكتە ئۆتۈشىنى تىلەيدۇ . ئاندىن قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پەگاھقا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ (قىز بىلەن يىگىتنىڭ ) ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىدۇ . يىگىت كېلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ ، ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ . كىشىلەر خۇشال نەغمە قىلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، ئۇلارنى قۇتلۇقلايدۇ . ئەگەر ئارىلىق بەك يىراق بولمىسا ، كەچقۇرۇنلۇقى قىز بىلەن يىگىت بىر ئاتقا مىنىپ ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ . يول بويى داغدۇغىلىق ئات چاپتۇرۇش ، ئوغلاق تارتىشىش ، نەغمە ـ ناۋا قىلىش ئەۋجىگە چىقىدۇ . ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ،

ئىشىك ئالدىدا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۇلارغا پايانداز سېلىنىدۇ ، سېرىقماي سېلىنغان سۈت چىقىرىپ ، يىگىت بىلەن قىزدىن هاردۇق سورىلىدۇ . مۇرىلىرىگە ئاق ئۇن سېپىلىپ ، ئۇلارغا بەخت تىلىنىدۇ . ئاندىن ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئورۇن ئالىدۇ . بۇ كۈنى ئاخشىمى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ . خىلمۇ خىل توي ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ . يىگىت بىلەن قىز ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ، توي قىزىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ .

كېلىن ئۆيگە كېلىپ 3 ـ كۈنى «پەدەرخان» بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قوي سويۇپ (هەر بىر ئائىلە ئۆز ئالدىغا ) ياكى باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەرنــــى هازىرلاپ ، «ناۋرى» (ناشتىلىق ) ئېلىپ كېلىپ قىزنى يوقلايدۇ . پەدەرخان بولغۇچى كىشى ئۆز قولى بىلەن قىزنىڭ يۈزىدىن چۈمبەلنى ئېلىپ يۈزىنى ئاچىدۇ . كېلىنگە ئۇن ، سۈت ، ياغ ئەكېلىپ ، خېمىر يۇغۇرتقۇزۇپ نان ياقتۇرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ يېڭى خانىدا يېڭى هايات باشلىغانلىقىنىڭ سىمۋولى هېسابلىنىــــدۇ . ئوغۇل تەرەپ قوي ئۆلتۈرۈپ قىزنىڭ تۇغقانلىرىنى مېهمان قىلىدۇ هەم هەربىرىنىڭ ئالدىغا كىيىم ـ كېچەك ، تۇرلۇك رەخت ۋە سەرپايلارنى قويۇپ ، ئۇلارنى ئۇزىتىدۇ .

يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، يىگىت بىلەن قىز بىرلىكتە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە سالامغا بېرىپ ، ئۇلارنى يوقلايدۇ . قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى ئۇلارنى قوي سويۇپ مېهمان قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن توي ئاخىرلىشىدۇ .

تاجىك تويلىرىدا قىز ـ يىگىت هەر ئىككــى تەرەپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ ، جامائەت هەر ئىككى تەرەپكە توي سوۋغىتى ئېلىپ بارىدۇ . شۇڭا ، ئىقتىــسادتا هېچقايســـى تەرەپ زىيان تارتمايدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، تېخى پايدا ئالىدۇ . «توي —

خۇدانىڭ خەزىنىسى» ، «توي — بەرىكەت» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بۇ نۇقتىنى يان جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تاجىكلاردا يەنە بالا ئىككى ياشقا كىرگەندە ، چېچىنى قايچىلاش ئادىتى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان توي ۋە يەتتە ياشقا كىرگەندە ، سۈننەت تويى قاتارلىقلار بار . بۇلارمۇ ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ .

## § 3 . ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى

تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى بىر قەدەر ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك بولۇپ ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەلىماتلىرى ، قەدىمكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنىنىڭ پەلسەپىۋى قاراش ساقىندىلىرى ۋە مەزكۇر مىللەتنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ ، تەدرىجىي شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەن بىر ئېتنوگرافىيىلىك ھادىسە .

تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئادەتلىرى مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا ، تاجىك خەلقىنىڭ پەلسەپە ، دىن ، ئىجتىمائىي قاراش ، تۇرمۇش ئېڭى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ جۇزئىي كۆللىياتىسى (بىرىكمىسى ) ، شۇڭا ئۇ تاجىكلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى تەتقىقاتچىلىقىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . بۇ يەردە

بىز ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

## 1 . جەسەتنى يۇيۇش

نورمال ئەھۋالدا ، ئۆلگۈچى جان ئۈزۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ . ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆلگۈچىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، كۆز يېشى قىلغاچ ، ئۆز مەرھۇمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى تەشنالىق بىلەن تىڭشايدۇ . ئۆلگۈچى جان ئۈزگەندە ، دىنىي زاتلار ياكى تەجرىبىلىك بىر كىشى ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىگە قاراپ بىر قۇر كەلىمە ئوقۇيدۇ . ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىلاپ يۇمغۇزىدۇ . ئاق رەخت بىلەن ئېڭىكىنى باغلايدۇ . ئېيتىشلارچە ، ياش ئادەملەر ، بالىلىق كىشىلەر ، قەرزدارلار ۋە پۇلدار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئاسانلىقچە يۇمۇلمايدىكەن .

كىشى ئۆلگەن چاغدا ، دەرھال يېقىن - يىراقلارغا ئادەم ئەۋەتىلىپ خەۋەر قىلىنىدۇ . ئۆيدىكى كىشىلەر ئۆينى چىرايلىق تۈزەشتۈرىدۇ . ئاندىن ئەڭ يېقىن تۇغقانلاردىن بىر قانچە كىشى جەسەتنى ئوچاق ئالدىدا چوڭ تاختايغا ئېلىپ پاكىز يۇيىدۇ . ئۆلگۈچى ئەر بولسا ، چاچ - ساقىلى چۈشۈرۈلۈپ ، پاكىز يۇيۇلىدۇ . ئۆلگۈچى ئايال بولسا ، چېچى يۇيۇلۇپ ، كۆركەم قىلىپ ئالدىغا تارىلىدۇ . تاجىك تىلىدا بۇ ئادەت «تەھۇر داد» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ، ئۆلگۈچىنى باقىي دۇنياغا پاكىز ، چىرايلىق يولغا سېلىش ئۈچۈن ئىكەن . ناۋادا جەسەت يۇيۇشقا يات ئادەم قاتناشقان بولسا ، ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى كىيىم - كېچەكلىرى ياكى باشقا ياخشىراق نەرسىلەر ئۇنىڭغا بېرىلىپ رازى قىلىنىدۇ . جەسەت يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، چوڭ تۆرنىڭ باش تەرىپىدە ئېگىز يەردە باش تەرىپى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇلىدۇ ۋە «كەشەگە» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كەشتىلەنگەن ياپقۇچ بىلەن توسۇلىدۇ . جەسەتنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدە ئىككى چىراغ

ياندۇرۇلىدۇ . جەسەت ئەڭ بولمىغاندا ، بىر كېچە قوندۇرۇلىدۇ .

## 2 . هازا تۇتۇش

تاجىكلارنىڭ هازا تۇتۇش ئادىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە . ۋاقىت جەھەتتە ، ياشانغانلار ئۈچۈن بىر يىلدەك ، قارارسىز ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئۈچ يىلغا يېقىن هازا تۇتۇلىدۇ . كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە ، خۇشاللىق ئالامىتى دەپ قارالغان قىزىل ۋە كۆركەم گۈللۈك كىيىملەرنى كىيىش مەنئى قىلىنىدۇ . ياش ئاياللار سەدەپ ، مارجان ـ مەرۋايىت ، هالقا ، ئۈزۈك تاقىمايدۇ . قىسقىسى ، ئېسىل زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ئىشلىتىش توختىتىلىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتىگىچە كىر يۇيۇلمايدۇ . ئەرلەر ئىككى ھەپتىگىچە چاچ ـ ساقال چۈشۈرمەيدۇ . جىنازا ئۆيدىن چىقىپ ، يەرلىككە قويغىچە ئارىلىقتا ئۈچ كۈن ئۆيدىكى جىمى نەرسە هارام دەپ قارىلىپ ، يېمەك ـ ئىچمەك پۇتۇنلەي قولۇم ـ قوشنا ئۆيلىرىدىن كىرگۈزۈلىدۇ . جەسەت كۆمۈلگەندىن كېيىن ، ئۆي ئومۇميۈزلۈك تازىلىنىدۇ . كىشىلەر قول ۋە يۈز ـ كۆزلىرىنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن ، ئۆيگە كىرىدۇ . دىنىي زات ئۇزۇن ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئاندىن شۇ ئۆينىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى هالال بولغان بولىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە توي ۋە باشقا خىلدىكى خۇشاللىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلمايدۇ . شۇ ئۆينىڭ رازىلىقىسىز يۇرت ئىچىدىمۇ توي ۋە باشقا تەبرىك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلمايدۇ . ئالتە ئايغا قەدەر چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدىن باشقا قالغان كۈنلەردە ھەر كۈنى تاڭ يورۇش ئالدىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ يىغلايدۇ . كۈندۈزى ئۆلگۈچىنىڭ ئەرۋاھى خۇش بولسۇن دەپ تۇپراق بېشىغا خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەر چىقىرىلىدۇ . يىراقتىكى تۇغقانلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ

مال سويۇپ كېلىپ ، تۇپراق بېشىغا چىقىدۇ . تاجىكلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «شاۋگۇن باھار» بايرىمىدا ئۆي ـ ئۆيدە كەڭ كۆلەملىك تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئەمما ، بۇ پائالىيەت ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلمايدۇ . سەۋەب ، بۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇستىدىن چاڭ ـ توزان توزۇتقانلىق بولۇپ قالىدىكەن . ئەڭ ئاددىيسى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە بىر يىلغىچە قاتتىق كۈلۈشكە ، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر يىلغىچە يىغا ـ زار ئاۋاز پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .

## 3 . تەلقىن قىلىش

«تەلقىن» سۆزىنىڭ تاجىك تىلى لۇغىتىدىكى مەنىسى ئاچچىق ۋە خاپىلىقنى چىقىرىۋېتىش ياكى دەرد ـ ئەلەمنى تۆكۈش دېگەندىن ئىبارەت . بۇ يەردىكى «تەلقىن» سۆزى ھازىدارنىڭ ئۆزىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ .

جەسەت يۇيۇلۇپ راسلانغاندىن كېيىن ، ئۆلگۈچىنىڭ ئەر تۇغقانلىرى پەگاھتا قاتار ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ . ئايال تۇغقانلىرى كۆك كۆڭلەك كىيىپ ، بېشىغا كۆك ياغلىق ئارتىپ ، جەسەت ياتقۇزۇلغان كاڭدا ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ . سىرتتىن كەلگەن جامائەت نۆۋەت بىلەن كىرىپ ، ئەرلەر ئەرلەرنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ يىغلاپ ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ . ئاياللار ئاياللارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ .

«تەلقىن» تۇراقلىق ئاھاڭغا ئىگە بولۇپ ، كىشىلەر شۇ ئاھاڭ بويىچە يىغلاپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، ياخشى خۇي ـ خىسلەتلىرى ، خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى شېئىر شەكلىگە كەلتۈرۈپ مەدھىيىلەيدۇ . بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تەلقىنلىرى ئالاھىدە ھېسسىياتلىق بولۇپ ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ . ئۇلار تەلقىن قىلغاندا ، نۆۋەت

بىلەن بىرى ئاھاڭدار ئوقۇپ يىغلىغاندا، قالغانلىرى ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىنى تەكرارلاپ تەڭكەش قىلىدۇ. ھەربىر تەلقىننىڭ خاتىمىسىدە: «ياتقان جايىڭ جەننەت بولغاي، بۇيۇك روھىڭ راھەت تاپقاي» دەپ مەرھۇمغا ياخشى تىلەكلەر تىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ۋاقتىسىز ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلەر ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەلقىنلەر ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىنى بىتاقەت قىلىدۇ. تاجىك يۇرتلىرىدا ئاياللاردىن ئالاھىدە تەلقىنچىلەر بولۇپ، ئۇلار خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇي ۋە نوپۇزغا ئىگە. تەلقىن قىلىش ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولغاچقا، يەنە كېلىپ، ئۇ ئالاھىدە تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى تاجىك ئەل ئەدەبىياتىدىكى مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى دەپ قارىدۇق. يەنە بىر ئەھۋال، دىنىي زاتلار ۋە پېشقەدەم ـ ئاقساقاللار بەك ئۇزاق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تەلقىن قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شەرھلىرىچە، زىيادە كۆز يېشى قىلىنسا، بۇ كۆز ياشلىرى ئۇ دۇنيادا ئېقىن دەريا بولۇپ شەكىللىنىپ، مەرھۇمنىڭ باقىي دۇنيادىكى سەپەر يولىدا بىر توسۇق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاياللارنىڭ تەلقىنى تازا ئەۋجىگە چىققاندا، كېلىپ ئۇلارغا تەسەللى ۋە نەسىھەت بېرىپ، ئۇلارنى تەلقىن قىلىشتىن توختىتىدۇ. يەنە بىر قىسىم زاتلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كۆپ تەلقىن قىلىش — ھاياتلارغا شۈكۈر قىلمىغانلىق، يەنە ئۆلۈم تىلەش بولىدىكەن. تاجىكلارنىڭ: «پىس تەرزىندا، دام تەمۇردا» (مەنىسى: ھاياتلارغا شۈكۈر قىل، ئۆلگەنلەرگە سالاۋات قىل.) دېگەن ھېكمىتىمۇ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا بەك ئارتۇقچە يىغا ـ زار قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى يان جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4 . ماتەم مۇراسىمى

تاجىكلاردا مۇسىبەت ئىشلىرىدا ، دوست ـ دۈشمەن ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئايال ، يات ـ ئۆز ، يېقىن ـ يىراق دەپ ئايرىلمايدۇ . بارلىق ئۆلۈم پائالىيەتلىرىدە باغاق تارقىتىلمايدۇ ، ئادەم ئەۋەتىپ ، يۇرتمۇ يۇرت خەۋەر بېرىش — داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مىللىي ئادەت . شۇڭا ، تاجىكلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن . ئۆلۈم ئىشلىرى تەييارلىقىنى قىلغاندا ، مىسالى ، ئۆلۈملۈك ئاش ، ئوتۇن ، قونالغۇ جاي ، ئورۇن ـ كۆرپە ، ئۇلاغلارغا بېرىلىدىغان يەم ـ خەشەك قاتارلىقلار ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە ، يەنى ئېشىپ قالىدىغان دەرىجىگىچە تەييارلىق قىلىنىدۇ . تاجىك ئائىلىچىلىكىدە ، ئۆلۈم ئىشلىرى تەييارلىقى ھەر قانداق شارائىتتا ئەڭ مۇھىم بىر ئىش دەپ قارىلىدۇ . چۈنكى ئۆلۈمنىڭ ۋاقىت ـ سائىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ . ئەگەر تاسادىپىي بىر ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ ، يېتەرلىك تەييارلىق بولمىسا ، شۇ ئائىلە رەسۋا بولۇپ قالىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، تاجىك ئېغىللىرىدا «ئۆلۈملۈك قوي» ، «ئۆلۈملۈك كالا» دېگەندەك ماللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ئەسلىدىكى گەپكە كەلسەك ، تاجىكلارنىڭ ماتەم مۇراسىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇ ، شۇ يۇرتتا شۇ كۈنى بارلىق ئىشلار ، مىسالى ئەمگەك ، خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ توختىتىلغانلىقىدا گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ . ماتەم مۇراسىمى ئۆلۈكنى يەرلىككە قويىدىغان كۈنى ئۆينىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مۇراسىم ئالدىدا ئالدى تەرىپى كېپەن بىلەن تىكىلىدۇ . ئۆلگۈچى ئەر بولسا ، كېپەن ئەرەنچە ، ئۆلگۈچى ئايال بولسا كېپەن ئاياللچە تىكىلىدۇ . كېپەننى تىكىدىغان يىپ كېپەنلىكنىڭ ئۆزىدىن

چىقىرىلىدۇكى ، باشقا يىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . كېپەن تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، جىنازا (مۇردا ) ئۆيدىن ئىشىك ئالدىغا چىقىرىلىدۇ . ماتەم مۇراسىمىدا دىنىي زاتلاردىن سەيىد ياكى خەلپە ناماز ئوقۇشقا (ناماز چۈشۈرۈشكە ) رىياسەتچىلىك قىلىدۇ . ئەرلەر تاھارەت ئېلىپ نامازغا قاتنىشىدۇ . ئاياللار نامازغا قاتناشماي ، توپ بىر يەردە ئولتۇرىدۇ . ناماز چۈشۈرۈۋاتقاندا ، يىغا ـ زار قىلىشقا بولمايدۇ . ئۆلۈك يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن ، دىنىي زات يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، جامائەت قاتار تۇرۇپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا سۆيۈپ ، بۇ «پەرۋەردىگارنىڭ قىسمىتى ، ئەمدى سەۋر ـ تاقەت قىلىڭلار !» دەپ تەسەللى بېرىشىدۇ . ماتەم مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، كىشىلەر قوللىرىنى يۇيۇپ ، ئۆيگە كىرىدۇ . دۇئادىن كېيىن ، ئۆلۈم ئېشى تارتىپ بېرىلىدۇ . ئادەتتە قوتاز ياكى كالا ئۆلتۈرۈلىدۇ . قائىدە بويىچە ، بۇ ئاشنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يېمەيدۇ . ئۆلۈم ئېشى تاجىك تىلىدا «پەتفەر» دېيىلىدۇ .

## 5 . جەسەتنى ئۇزىتىش

جەسەتنى ئۇزىتىش دىنىي قائىدىلەردىن باشقا ، يەنە خىلمۇ خىل مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جىنازا ئۆيدىن چىقىرىلغاندا ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكى ھەم يېپىلىدۇ . ئوچاققا ئىسرىق سېلىنىدۇ . كېيىنكى تۇغقۇنىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ، ھامىلىدار ئايال جىنازىنىڭ كەينىدىن تۇتۇپ ، بىر تال يىپنى ئېلىپ ، بارمىقىغا يۆگەپ قويىدۇ . ئەگەر ئۆلگۈچى قىزبالا بولسا ، جىنازا كۆركەم ياساندۇرۇلۇپ ، ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە نىكاھ قىلىنىپ ، ئاندىن چىقىرىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، قىز بۇ دۇنيادا بىر قېتىم نىكاھ قىلىنىدۇ . ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن ئېيتقاندا ، قىزنىڭ تويىنى بىر قېتىم قىلىش بىر خىل ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتى ،

بۇ رەسمىيەت ئاشۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر . جىنازا يولغا سېلىنىشتىن ئىلگىرى ، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ، قىزلىرى ، ھەدە - سىڭىللىرى ۋە كېلىنلىرى مۇردىنىڭ قولىغا سۆيۈپ خوشلىشىدۇ . دېيىشلەرچە ، مۇشۇنداق چاغلاردا بەزى مۇردىلار چىرايىنى ئاچىدىكەن ، بەزىلىرى ئانچە ئاچمايدىكەن .

جىنازىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش ئىككى خىل بولىدۇ . ئەگەر ئارىلىق يېقىن بولسا ، جىنازا بىر كىگىز ئىچىگە ئېلىنىپ ، ئۈستىگە كەشتىلەنگەن «كەشەگە» يېپىلىدۇ . ئاندىن بىر شوتا ئۈستىگە ئېلىنىپ ، ئالدىدىن تۆت ئادەم ، كەينىدىن تۆت ئادەم نۆۋەت بىلەن مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ بارىدۇ . جىنازىنى ئادەتتە ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بارىدۇ . ئارىلىقتا جىنازىنى ئۈچ ئورۇندا ئۈچ قېتىم يەرگە قويۇپ كۆتۈرىدۇ . چۈشەندۈرۈشىچە ، بۇ مەرھۇمنىڭ ئۇ دۇنيا سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ، يولىنىڭ داغدام بولۇشى ئۈچۈن ئىكەن . يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈشىچە ، جىنازا پەرزەنتلىرىگە تارتىش قىلسا ياكى جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچىلاردىن بىرەرى ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى رەقىبى ياكى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرى بولسا ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ، ماڭغىلى ئۇنىمايدىكەن . ئەگەر ئارىلىق يىراق بولسا ، جىنازىنى تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ بارىدۇ . تۆگە ناھايىتى دەبدەبىلىك ياسىلىدۇ . بولۇپمۇ ياش كىشىنىڭ مېيىتى ئارتىلغان تۆگە گىلەم ، رەڭگارەڭ يىپ - كەشتە ، پۆپۈك بىلەن ئالاھىدە رەڭدار قىلىپ كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ . ئەگەر ئارىلىق ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك يول بولسا ، جىنازا يەنىلا تۆگە بىلەن ئېلىپ كېلىنىدۇ . ھەر بىر قونالغۇدا مۇۋاپىق ئۆلۈم مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ . ھازىر ئاپتوموبىل يوللىرى راۋانلاشقاچقا ، جىنازا ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولدى . قائىدە بويىچە ، ماشىنىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بېزىلىدۇ .

## 6 . قەبرە ياساش ۋە يەرلىككە قويۇش

تاجىكلار ناھايىتى قەدىمدىلا ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھاياتىغا كۆچكەنلىكتىن ، ھەر بىر ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ تۇراقلىق قەبرىستانلىقى بولىدۇ . ئۆلگۈچى مەيلى يېقىندا ئۆلگەن بولسۇن ياكى يىراقتا ئۆلگەن بولسۇن ، چوقۇم ئۆز ئۇرۇق ـ جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ . شەرھلەشچە ، ئۆلگۈچى يات يۇرتتا ياكى يات قوۋمنىڭ قەبرىستانلىقىدا قويۇلسا ، بىرىنچىدىن ، شۇخاك (تۇپراق) ئۇنى راۋا كۆرمەيدىكەن ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئاسايىش تاپالمايدىكەن ؛ ئۈچىنچىدىن ، بۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن زور نومۇس ئىكەن .

ئەسلىدىكى تېمىمىزغا كەلسەك ، تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىكى خاسلىققا ئىگە . ئالدى بىلەن ۋاقىت ئۇقۇمى جەھەتتىن ، چارشەنبە كۈنى تۇپراققا تېگىشكە بولمايدۇ . سەۋەب ، بۇ كۈن دۇنيا بىنا بولغان كۈنكەن ، جۈمە كۈنى تۇپراققا كىرگەن كىشى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، بۇ كۈنى تۇپراققا كىرگەن كىشى ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدىكەن .

قەبرە ئېلىشتا ، بىر كىشى بىرىنچى بولۇپ چوت سالىدۇ . مەزكۇر كىشىگە ئۆلگۈچى ئەر بولسا ، بىر پىچاق بېرىلىدۇ . ئايال بولسا ، بىر قايچا بېرىلىدۇ . بىرىنچى قېتىم چوت سالغان يەر قېزىش جەريانىدا قانداق مۇشكۇللۇك چىققىشتىن قەتئىينەزەر ، ئىككىنچى بىر ئورۇنغا قايتا كەتمەن سېلىشقا بولمايدۇ . چۈنكى ئادەم تۇپراقتىن چىقىپ تۇپراققا قايتىشتا ، تۇپراقتىن ئۇنىڭغا بىرلا جاي نېسىپ ئىكەن .

گۆر تۆت چاسا قىلىپ تىك قېزىلىپ ، تاش ـ كېسەك بىلەن چىرايلىق قوپۇرۇلىدۇ . گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئەرلەرنىڭ بەلگىچە ، ئاياللارنىڭ كۆكرەككىچە قېزىلىدۇ . سەۋەب ئاياللار بۇ

دۇنيادا ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ . ئۇ دۇنيادىمۇ تۆۋەن تۇرىدىكەن .
ئۆلۈكنى مەخسۇس ئۇستىلار يەرلىككە قويىدۇ . ئۆلۈكنىڭ يۈزى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ .
ئۆلۈم كېپەنلىنىشتىن باشقا ساندۇققا ئېلىنمايدۇ ، باشقا ھېچقانداق نەرسە ـ كېرەكمۇ ئاخىرەتلىك قىلىپ قويۇلمايدۇ . ئېيتىشلارچە ، ناۋادا نەرسە ـ كېرەك قويۇلسا ، ئۇ دۇنيادا قوبۇل قىلىنمايدىكەن . قورۇلۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن ، ئۆلۈكنىڭ بارماق ئېچىلىرىگە ئۇششاق چالمىلار قىستۇرۇلىدۇ . ئاسايىش ، راھەت ياتسۇن ئۈچۈن ، ئۆلۈكنىڭ بېشىغا يۇمشاق قۇم بىلەن توشقۇزۇلغان تەكيە قويۇلىدۇ . جەسەتنى گۆرگە قويغاندا ، جەسەتنىڭ روھى خىجىل بولمىسۇن ئۈچۈن ، قەبرە ئاغزى «كەشەگە» بىلەن توسۇلىدۇ . گۆرنىڭ ئاغزى تۆت چاسا تاش بىلەن يېپىلىپ ، كاۋاك يەرلەر ئۇششاق تاشلار بىلەن توشقۇزۇلىدۇ . توپا كىرىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن ، تاش ئۇستىگە سامان تۆكۈلىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتى بىرىنچى بولۇپ گۆر ئۇستىگە ئۈچ گۇرجەك توپا تاشلايدۇ . ئاندىن باشقا كىشىلەر قاتار تۇرۇپ ، نۆۋەت بىلەن رەسمىيەت ئۈچۈن ئۈچ گۇرجەكتىن توپا تاشلايدۇ . قەبرە ئېچىدىن قېزىپ چىقىرىلغان توپا قايتا قەبرە ئۇستىگە تولۇق تاشلىنىدۇ . ئۆلۈك يەرلىككە قويۇلغان كۈنى قەبرە قاتۇرۇلمايدۇ . قەبرە ئۆپچۆرىسىدە كېچىچە نۆكچا ياندۇرۇلىدۇ ياكى ئىسرىق سېلىنىدۇ .
ئەگەر ئۆلگۈچى ئاتاقلىق ئەرباب بولسا ھەم ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى يار بەرسە ، ئۆلگۈچىگە ئاتاپ مەخسۇس مەقبەرە ياكى گۇمبەز ياسىلىدۇ . مەقبەرە ـ گۇمبەز تاملىرىغا ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك رەسىملەر ، يەنى ئات ، كېيىك ، مەرگەن ، ئىت ، ئۇۋ مىلتىقى ، قوي ، كالا ، قاچا ـ قۇچا ، گۈل ـ گىياھ ، جامە (كىيىم ـ كېچەك ) ، مۈشكۈز قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلىدۇ ۋە

ئەتراپىغا چىرايلىق نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. رەڭگارەڭ رەسىملەر بىلەن نەقىشلەر مەقبەرىنى ياكى گۈمبەزنى باشقىچە ھۆسنگە كىرگۈزىدۇ. بۇ تاجىكلارنىڭ گۈزەل سەنئىتى بىلەن ئېستېتىك قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتىكى قەبرىلەرنى قاتۇرۇشتا، ياشانغانلارنىڭكى تۇزلا قاتۇرۇلۇپ، ئادەتتىكى توپا لېيى بىلەن سۇۋىلىدۇ؛ ياشلارنىڭكى تۆت چاسا قىلىپ چىقىرىلىپ، ئاۋۋال توپا لېيى بىلەن، ئاندىن ئۈستىدىن ئاق بور بىلەن سۇۋىلىپ، بېشى قىزىل بويىلىدۇ.

ھايات چېغىدىلا ئۆزىگە ھەشەمەتلىك مەقبەرە ياكى گۈمبەز سالدىغان ئەھۋاللارمۇ تاجىك دىيارلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاساسەن، بىر قىسىم تەقۋادار كىشىلەر ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. ئادەتتىكى خەلق ئىچىدە بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

## 7. چىراغ ياندۇرۇش

تاجىكلارنىڭ ماتەم ـ مۇسىبەت پائالىيەتلىرى ئىچىدە «سۇراۋ پەدىد» (مەنىسى: چىراغ ياندۇرۇش) پائالىيىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەزمۇن ۋە شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ پائالىيەت كۈچلۈك ھەم قويۇق دىنىي ۋە ئەپسانىۋى تۈس ئالغان.

چىراغ ياندۇرۇش ئۆلۈكنى كۆمگەن كۈنى ئاخشىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېيتىشلارچە، بۇ ئۆلگۈچىنى باقىي دۇنياغا رەسمىي يولغا سېلىش مۇراسىمى ئىكەن. چىراغ ياندۇرۇشقا خەلپە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. رەسمىيەت بويىچە، ساھىبخانا ياخشى بىر قوينى ئۆيگە ئەكىرىپ پەگاھتا تۇتۇپ تۇرىدۇ. خەلپە دۇئا ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ قوي ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈشەندۇرۇشچە، بۇ قوي ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى سەپەر ئۇلىغىمىش. بىر شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆچكە سويۇشقا بولمايدىكەن، چوقۇم قوي سويۇش لازىم ئىكەن. سەۋەبى، ئۆچكە شەيتانمىش، قوي مۇلايىم،

ياۋاش ۋە سەممىيمىش . قوي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېغىدا پاختىدىن پىلىك ياساپ ياندۇرۇلىدۇ . بۇ نۇر ئۆلگۈچىنىڭ سەپەر يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن . قائىدىگە ئاساسەن ، «خۇدىم» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ئادەم قوينىڭ گۆشىنى پىشۇرىدۇ . قوينىڭ گۆشى تولۇق سېلىنىدۇ . ئازراقمۇ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ . قوينىڭ قېنى ، سۆڭەكلىرى ۋە ئىچىدىكى كېرەكسىز نەرسىلىرى پاكىز يەرگە كۆمۈلىدۇ . خەلپە «تەكبىرى چىراغنامە» دېگەن دەستۇرنى ئاھاڭلىق قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدۇ . بۇ كىتاب ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ بۈيۈك دانىشمەن پەيلاسوپى ناسىر خىسرەۋنىڭ دىنىي دەستۇرى بولۇپ ، ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئۆلگۈچىگە چىراغ ياندۇرغاندا ئوقۇلىدۇ . قىزىقارلىقى شۇكى ، قوي گۆشى بىلەن ئازراق بۇغدايمۇ پىشۇرۇلىدۇ . بۇ تاجىك تىلىدا «بۇج» دەپ ئاتىلىدۇ . مەنىسى ئۆلگۈچىنىڭ سەپەر جەريانىدىكى ئوزۇق - تۈلۈكىمىش . «تەكبىرى چىراغنامە» دەستۇرى قىرائەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، «خۇدىم» بولغان كىشى گۆشنى تارتىپ ، تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ . كىشىلەر گۆش يېگەچ ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئەسلىشىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ، مىسالى ، ئاتا - ئانا ۋە باللار ، ئەر - خوتۇنلار ، ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىللار بىر - بىرىنىڭ چىراغ ياندۇرغان چاغدىكى گۆشتىن يېمەيدۇ . خەلپە چىراغ ياندۇرغانلىق ھەققى ئۈچۈن ، قوينىڭ تېرىسى ۋە ئازراق گۆش ئالىدۇ . ساھىبخانا يەنە ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۇرۇپ ، خەلپىگە تون كىيدۈرىدۇ .

## 8 . قارىلىق چۇشۇرۇش

تاجىكلار ئېلىدە ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئەرلەر 40 كۈنگىچە چاچ - ساقال چۇشۇرمەيدۇ . ئاياللار چېچىنى يۇمايدۇ ، تارىمايدۇ ،

كىيىم يەڭگۈشلىمەيدۇ . مۇشۇ مۇددەت توشقاندا (كۆپ ھاللاردا توشماي تۇرۇپ ) ، يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنا ۋە جامائەت يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەسلىھەتلىشىپ ، مەلۇم بىر كۈننى قارىلىق چۇشۇرۇش كۈنى قىلىپ بېكىتىدۇ ھەم بۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئالدىن ئۇقتۇرىدۇ . قارىلىق چۇشۇرىدىغان كۈنى ھەربىر ئۆيدىن ئاياللار ئادەتتە بەش نان (بۇنىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ بولىدۇ ، كەم بولسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن بىر شەرت ، جەزمەن تاق بولۇشى كېرەك ) بىلەن بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ بارىدۇ . ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئۇستىرا ـ بىلەيلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ . ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ساھىبخانا داستىخان سېلىپ ، كەلگەن مېھمانلارغا چاي بېرىدۇ . چايدىن كېيىن ، ئاياللار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نانلار بىلەن رەختنى لېگەنگە قويۇپ ، ساھىبخانىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىدۇ . ساھىبخانىنىڭ تەشەككۈرىدىن كېيىن ، كەلگەن جامائەت ئىچىدىن ئاقساقىلى پەگاھقا چۇشۇپ : «پەرۋەردىگارنىڭ قىسمىتىگە تەن بېرىڭلار ، ئەمدى شاد ـ خۇرام يۈرۈڭلار » دەپ تەسەللى بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ساھىبخانا بىر قوي ئېلىپ كىرىپ ، دۇئا قىلدۇرۇپ سويىدۇ . گۆش پىشقۇچە كەلگەنلەر قارىلىق تۇتقۇچىلارنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى چۇشۇرىدۇ . ئاياللار قارىلىق تۇتقان ئايال ـ قىزلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكىنى يەڭگۈشلەيدۇ .

گۆش پىشقاندىن كېيىن ، ساھىبخانا مېھمانلارنى داستىخان سېلىپ ، گۆش بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەم ئۇلارغا مىڭلاپ رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ يولغا سالىدۇ .

## 9 . نەزىر ـ چىراغ

تاجىكلار ئىچىدە ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ، «پىلىك ھېيت» بىلەن قۇربان ھېيتتا تۇپراق بېشىغا چىقىپ ، ئالەمدىن ئۆتكەن

ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقە قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۆلگۈچىگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغلاردىن : ئۈچ نەزىر ، يەتتە نەزىر ، 40 نەزىر ۋە يىل نەزىر دەپ تۆت خىل نەزىر بار . ھەربىر نەزىرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدە جۈزئىي پەرقلەر بولسىمۇ ، ماكرو جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . يەنى قاتنىشىدىغان ئادەم سانى ، نەزىر ئېشى ، ئوقۇلىدىغان نامىزى (ھەممىسىدە قۇرئان ئوقۇتۇلىدۇ ) ئاساسەن ئوخشاش . شۇڭا ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىز .

## 10 . تاماكا تۇتۇش

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تاماكا» كەڭ مەنىلىك ئۇقۇم بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «موخوركا» ۋە » «ناسۋال »نى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا ، يەنە باشقا ئابستراكت مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تاماكا ياكى ناسۋال تۇتۇش ئارقىلىق ھازىدارلارغا كۆڭۈل ئېيتىش تاجىكلارنىڭ بىر خىل مىللىي ئادىتى . چۈشەندۈرۈلۈشىچە ، تاماكىمۇ ئاچچىق ، مۇسىبەتمۇ بىر خىل ئاچچىق . تاماكا تۇتۇش ئارقىلىق مۇسىبەتلىك بولغۇچىغا تەسەللى بېرىش ، ئاچچىق ئارقىلىق ئاچچىقنى بېسىش ئىكەن .

تاجىكلاردا بىرى ئەلەم بىلەن يىغلاۋاتقان بولسا يەنە بىرى كېلىپ ، ئۇنىڭغا تاماكا ياكى ناسۋال تۇتۇپ بېرىپ ، «سەۋر قىل» دەيدۇ . يىغلىغۇچى تاماكا ياكى ناسۋالنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، يىغىدىن توختايدۇ . يەنە بىر جەھەتتە ، ئەگەر بىر كىشى ھازىدار بىلەن ئويلىمىغان يەردە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا ، ئۇ دەرھال ھازىدارغا تاماكا ياكى ناسۋال تۇتسا ، ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ . ئەگەر بىر كىشى يىراق بىر يەردىن ھازىدارغا بىر تال تاماكا ئەۋەتىپ بەرسە ، بۇ «ئەپۇ قىلىڭ ، ئامالسىزلىقتىن بارالمىدىم» دېگەننى بىلدۈرۈپلا قالماستىن ، يەنە ئۆلگۈچىگە قارىتا

چوڭقۇر تەزىيىدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ . ئەگەر بىر كىشى توي قىلماقچى بولسا ، هازىدارلارنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا زادى بولمايدۇ . بۇ چاغدا كۆپ گەپنى قىلىپ چۈشەندۈرۈشتىن ، رازىلىق ئالغۇچى رازىلىق ئېلىنغۇچىغا تاماكا ياكى ناسۋال تۇتسا كۇپايە قىلىدۇ . تاجىكلارنىڭ تىل ئادىتىمۇ ، ئۆلۈم بولغان يەرگە بېرىپ ، ماتەمگە قاتنىشىشنى «تاماكا ۋېد» (تاماكا تۇتۇش ) دەيدۇ . دېمەك ، تاماكا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايغۇرغانلىق هېسسىياتىنى ئىپادىلەش ۋە هازىدارغا تەسەللىي بېرىش ، تاجىكلارنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئادىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ـ تەتقىق قىلىنغۇسى مەسىلىلەرنىڭ بىرى .

تاجىكلاردا ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا يەنە نۇرغۇن ئۇششاق ـ چۈششەك ئادەتلەر ، قائىدە ـ يوسۇنلار بار . بۇلاردىن باشقا ، تاجىك خەلقى ئارىسىدا هايات ۋە ئۆلۈم هەققىدە «ئىنسانلارنىڭ يارالمىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت» ، «ئىنسانلارنىڭ بېهىشتىن دوزاخقا چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت» ، «ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى سەپىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت» قاتارلىق چوڭقۇر ئەپسانىۋىلىقى ئىگە رىۋايەتلەر تاهازىرغا قەدەر ساقلانماقتا . بۇ رىۋايەتلەر تاجىكلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىكى پەلسەپە ۋە دىنىي قارىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

## 4 § . تاجىكلارنىڭ كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش ئادەتلىرى

تاجىكلارنىڭ كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە . مۇرەككەپ

مەزمۇن دېگىنىمىزدە، كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىشقا قاتناشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىلسە، مۇرەككەپ شەكىل دېگەندە، كۆرۈشكۈچى ۋە خوشلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ كۆرۈشۈۋاتقان ياكى خوشلىشىۋاتقان چاغدىكى ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش جەريانىدا، ئىككى تەرەپ مۇئەييەن مۇناسىۋەتتە كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىشنىڭ پاراللېل شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ تۈپەيلى تاجىكلاردا كۆرۈشۈۋاتقان ياكى خوشلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەزەر قىلىشقا بولىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ سەيىد - خوجىلىرىنىڭ قولىغا سۆيۈش، ئۇلارنى ئىخلاس بىلەن «پىرىم» دەپ ھۆرمەتلەپ ئاتاش تاجىكلارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى سالاملىشىش ياكى خوشلىشىش ئادىتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇنداق سالاملىشىش ۋە خوشلىشىش سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولغان.

پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئۆز ۋارىسلىرىغا بولغان ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش — ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش ئادىتى. بۇنداق كۆرۈشۈش ۋە خوشلىشىش ئادىتى ئاددىي، سەمىمىي، قىزغىن ۋە كەمتەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىنى ئىززەتلەش، بىر - بىرىنى سېغىنىش، قىسقىسى بىر - بىرىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ.

پەرزەنتلەر ئارا ھەدە - سىڭىللار، ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ قولىغا سۆيۈش، ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈش، ھەدە - سىڭىللار بىر - بىرىنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ كۆرۈشۈش ياكى خوشلىشىش پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى كۆرۈشۈش ياكى خوشلىشىش

ئادىتى .

تۇغقان بولمىسىمۇ ، مۇناسىۋەت يېقىنلىقىدىن تەڭ دېمەتلىك ئەرلەر بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈش (ياكى خوشلىشىش ) ، ياشانغان مويسىپىت ۋە مومايلارنىڭ قوللىرىغا جامائەت سۆيۈپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش تاجىك جەمئىيىتىدە ئومۇملاشقان بىر خىل ئىجتىمائىي كۆرۈشۈش ياكى خوشلىشىش ئادىتى .

ھازىدارنىڭ قولىغا سۆيۈپ ، ھازىدارلىقنى ئىپادىلەش ھازا ـ مۇسىبەتتە كۆرۈشۈش ئادىتى .

تەڭ دېمەتلىك ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۇچراشقاندا ، ياكى ئايال تەرەپ ئەرنىڭ قولىغا سۆيۈپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ ؛ ياكى ئەر تەرەپ ئايالنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ كۆرۈشكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ؛ ياكى ئىككى تەرەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . بۇ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا كۆرۈشۈش ياكى خوشلىشىش ئادىتى . ياش كېلىن ـ قىزلار ئومۇمەن ياشانغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ . ئۇنداق قىلمىسا ، بەك بىئەدەپلىك ھېسابلىنىدۇ .

ياش كېلىنلەر قېيناتا ، قېينانا ، قېيناكا ، قېيىنسىڭىلىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ ، ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرىدۇ . كۈيئوغۇللارمۇ قېيناتا ، قېينانا قاتارلىقلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ ، ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ . قۇدىلار بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ ، بۇ قۇدىلار ئارىسىدىكى كۆرۈشۈش ياكى خوشلىشىش ئادىتى .

تاجىكلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈش ئادىتى ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا سۆيۈش ئادىتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ . ياۋروپالىقلاردا ئەرلەر ئاياللارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ ، يەنە كېلىپ بۇنداق كۆرۈشۈش ئادىتىدە ھەرخىل

مۇناسىۋەت ئامىللىرى ئارىلاشقان . تاجىكلاردا بۇنداق كۆرۈشۈش ئادىتى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن كىشىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇلار بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ئادەت ۋە كەيپىيات .

## 5 § . ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئادەتلىرى

گەرچە فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈم ۋە دىنىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولسىمۇ ، لېكىن تاجىكلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىدە ئاياللارنىڭ بەزى ساھەلەردىكى ئىجتىمائىي ئورنى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ ، ئۇ جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئەندىزىلىشىپ كەتكەن . مىسالى ، مېھمانلار ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا ، ئالدى بىلەن ئاياللار كىرىشكە مەرھەمەت قىلىنىدۇ ۋە قائىدە بويىچە ئۇلار ئاۋۋال كىرىدۇ .

تۆردىن ئورۇن ئېلىشتا ، ئاياللار ئەڭ تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ ، چاي ئالدى بىلەن ئاياللارغا تۇتۇلىدۇ ، ئاش ئالدى بىلەن ئاياللارغا تارتىلىدۇ . سەپەرگە چىقىشتا ، ئەڭ ياخشى ئات ئاياللارغا بېرىلىدۇ . كىيىم - كېچەكنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاياللارغا مەنسۇپ بولىدۇ . توي - تۆكۈن ، ئۆلۈم - نەزىر ئىشلىرىدا ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ چوڭ ، ياش ئايال - كېلىنلەر ياشانغان ئاياللارنىڭ قولىغا سۆيىدۇ . تاجىكلارنىڭ «ئايالسىز ئۆي گۆردۇر» دېگەن ماقالىدىنمۇ ئاياللارنىڭ تاجىك جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

ئومۇمەن ، تاجىكلارنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئادەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن كىشىلىك ھېسسىياتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ .

# 6 § . مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى

تاجىكلار ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقى ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ـ مۇئامىلىدە راستچىللىقى ، ئاددىي ـ ساددىلىقى ، سەمىمىي ـ كەمتەرلىكى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر . بۇنى ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي تارىخى بىلەن مەدەنىيەت ساپاسى بەلگىلىگەن . ئۇلار خانا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆز ـ يات ، چوڭ ـ كىچىك ، باي ـ نامرات ، ئۆز مىللەت ـ يات مىللەت دەپ ئايرىماستىن ، ھەممىسىنى ئوخشاش كۆزدە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ . تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ، «مېھماننىڭ ئۆيگە كېلىشى — بەرىكەت » (تاجىك خەلق ماقالى )تۇر .

مېھمان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ، ساھىبخانىلار چىقىپ مېھماننى ئات ـ ئۇلىغىدىن چۈشۈرۈپ ، قولىدىكى قامچىسىنى ئېلىپ ، قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . ئاندىن مېھماننى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ . مېھمان ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ ۋە «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر » دېيىشىدۇ . ساھىبخانا تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە «خۇش ئامەدى » (خۇش كېلىپسىز ) دەيدۇ . مېھمان «باركاللا » دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ساھىبخانا بىلەن مېھمان يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ، مېھمان قولىنى چايقاشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، داستىخان سېلىنىپ ، سۇتلۇك چاي ، قېتىق ، قايماق ۋە نان كەلتۈرۈلۈپ ، مېھمان ئالدى بىلەن تائامغا دۇئا قىلىپ ئېغىز تېگىدۇ . ئاندىن مېھمان بىلەن ساھىبخانا غىزالانغاچ ، قىزغىن پاراڭلىشىدۇ . ئەگەر مېھمان قونۇپ قالسا ، ساھىبخانا ئۇنىڭ كەچلىك غىزاسىنى

ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قوي كىرگۈزۈپ ، دۇئا قىلدۇرۇپ سويىدۇ . كەچتە ئەڭ يېڭى يوتقان - كۆرپە بىلەن مېھمانغا ئورۇن ھازىرلىنىدۇ . ئۇخلاش ۋاقتىدا ، ساھىبخانا مېھمانغا «شەبى خەير» (ياخشى چۈش كۆرۈڭ) دەيدۇ . مېھمان ئۇزىتىلغاندا ، ساھىبخانا ئۇنىڭ ئات - ئۇلىغىنى جابدۇپ بېرىپ ، قامچىسىنى ئەپچىقىپ ، ئىشىك ئالدىدا ئۇنى قىزغىن ئۇزىتىدۇ . ئىككى تەرەپ ئەڭ تەسىرلىك تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشىپ خوشلىشىدۇ .

تاجىك مېھماندارچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ يىراق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار . قەدىمكى زامانلاردا پامىر ئېگىزلىكىدە قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قۇلايسىز ، ئولتۇراقلىشىش ناھايىتى تارقاق بولۇپ ، بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئېھتىياج بىلەن بىرەر جايغا بېرىش توغرا كەلسە ، ناھايىتى ئۇزۇن ، جاپالىق يوللارنى بېسىشقا ، بىر قانچە ئورۇنلاردا قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاقلارنىڭ كۆپى پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا ، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن يايلاقتىن - يايلاققا كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى . سەپەر قىلىش ۋە كۆچۈش جەريانىدا ، قونالغۇ جاي ۋە دەڭ بولمىغاچقا ، چوقۇم شۇ ئەتراپتىكى ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ قونۇشقا ياكى شۇ يەردە دەم ئېلىپ ، ھاردۇق چىقىرىپ ، ئۇزۇن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . يىپەك يولىنىڭ پامىردىن ئۆتىدىغان تارمىقىنىڭ سەپەر خاراكتېرىمۇ دەل شۇنداق ئىدى . بۇ ھال ھەممە كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئورتاق ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولغاچقا ، بىر - بىرىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ، بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش بىر ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى . بۇ ئادەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر خىل مىللىي ئېتنوگرافىيىلىك

ئادەتكە ئايلىنىپ ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇكەممەللىشىپ ، تولۇقلىنىپ ۋە ئىلمىيلىشىپ ، هازىرقى زامانىمىزغا يېتىپ كەلمەكتە . تاجىكلار مۇشۇنداق ئادەتكە ئىگە بولغاچقا ، ئۇلار تارىختا «يىپەك يولى» ئۈستىدە خىلمۇ خىل دۆلەت ، خىلمۇ خىل مىللەت ، خىلمۇخىل دىندىكى كارۋانلارنى كۈتۈۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ پاك ، ساپ ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان . بۇ توغرۇلۇق ، يىپەك يولىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ھەر قانداق ئەسەردە مۇناسىپ بەتلەر بار .

تاجىكلار ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ، بىرى ، يوتقان ـ كۆرپىنى بەك كۆپ ئېتىدۇ . يەنە بىرى ، ھەر ۋاخ تاماقنى جان ساندىن ئارتۇق ئېتىدۇ . سەۋەب ئېنىق ، كۈتۈلمىگەندە مېھمان كېلىپ قالسا يەرگە قاراپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . بىر ئادەمنىــــــڭ باي ـ كەمبەغەللىكىنى ئايرىشتىمۇ ، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ، مال ـ مۈلكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس ، ئۆيدىكى يوتقان ـ كۆرپىنىــڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ، كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتكەن ـ كۈتمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدۇ . ئۆي ـ ئىمارەت سالغاندا ، بىر ـ ئىككى مېھمانخانا سېلىش شەرت قىلىنىدۇ . ئەڭ ئاددىيسى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى باغلاش ئۈچۈن ، قورۇلۇش سالغاندا تاملارغا بىر قانچە قوزۇق ياكى مۈڭگۈز ئورنىتىدۇ .

تاجىكلار مېھمان بىلەن خۇش بولمىغان بېخىل ـ خەسىس كىشىلەرنى «يالغۇز جاننى ئىتمۇ باقالايدۇ» دەپ ساتىرا ـ مەسخىرە قىلىدۇ .

# 7 § . بوۋاقىقا ئات قويۇش ۋە بالا تەربىيىلەش ئادەتلىرى

بوۋاق دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ، تۇغۇت ئانىسى بوۋاقنى يەردىن كۆتۈرۈپ ، كىندىكىنى كېسىدۇ ھەم ئۇنى پاكىز يۇيۇپ ، ئىسسىق يۆگەپ ، ئانىسىنىڭ يېنىدا ياتقۇزىدۇ . بوۋاق يەرگە چۈشكەن كۈنى ئۇرۇق – تۇغقان ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم – قوشنىلار يىغىلىپ دۇنياغا كەلگەن ئادەمزاتنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ، بوۋاقنىڭ ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، بىر ئاخشام ئولتۇرۇشىدۇ . ئاياللار بوۋاققا ئۇن سېپىپ ، ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ . ساھىبخانا كەلگەن مېھمانلارنى قوي سويۇپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ .

بوۋاققا يا ئاتا – ئانىسى ، يا يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ياكى دىنىي زاتلار ، يۇرت ئاقساقاللىرى مەسلىھەتلىشىپ ئات قويىدۇ . ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ، تاجىكلارنىڭ بوۋاققا ئات قويۇش ئادەتلىرى مۇنداق بولىدۇ :

1 . بوۋاققا تاجىكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجداد ناملىرىنى قويۇش . بۇناملار ناھايىتى مەزمۇنلۇق ، ساپ بولۇپ ئاڭلىغاندا كىشى بىر خىل يېقىملىقنى ھېس قىلىدۇ . مىسالى ، فەرىدۇن ، جەمشىد ، رۇستەم ، فىردەۋس ، خىسرەۋ ، شېرىن .

2 . ئىسلام دىنىدىكى كىشى ئىسىملىرىنى قويۇش . بۇ ناملارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئەرەبچە بولۇپ ، باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ . مىسالى مۇھەممەد ، ئەلى ، فاتىمە ، ئۆمەر ، ھافىز ، شەمشىدىن ، خۇرشىدە ، شەمسىيە .

3 . تۇغۇلغان كۈننى ئاساس قىلىپ ئات قويۇش . مىسالى ، جۈمە ، شەنبە .

4 . تۇغۇلغان جاي ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىنى قوللىنىپ ئات قويۇش . مىسالى ، پامىر ، گۈلىستان ، بوستان ، گۈلبوستان ، باھارگۈل ، گۈلباھار .

5 . ھازىرقى زامان تامغىسى ئۇرۇلغان سۈپەت سۆزلىرىنى قوللىنىپ ئات قويۇش . مىسالى ، كۈرەش ، قەھرىمان ، پولات ، قەيسەر ، پالۋان .

6 . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش تۈسىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىسى «ك» بىلەن كېلىدىغان ئىسىملارنى ئات قىلىپ قويۇش . مىسالى ، بايىك ، دۇرىك ، شېكەرىك ، شەنىك ، ھۆسنىك ، غولامىك ، ھەيدەرىك ، خانىك .

7 . ۋاپات بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاققا قويۇش ۋە باشقىلار .

بوۋاققا قويۇلىدىغان ئاتتا بىرلىك ھاسىل بولغاندىن كېيىن ، دىنىي زات ياكى ئابرۇيلۇق يۇرت ئاقساقىلى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قويۇلغان ئېتىنى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ چاقىرىدۇ . ئاندىن دۇئا ئوقۇپ ، بالىنىڭ ئاغزىغا قوشۇقنى تەگكۈزىدۇ . شۇنداق قىلىپ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ نامى شەكىللىنىدۇ . بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ، مېھمان قىلىدۇ .

تاجىكلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىدىن ئۇنىڭ جىنسىنى بىلگىلى بولمايدۇ .

تاجىك ئائىلىلىرى پەرزەنتلەرگە تەربىيە بېرىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم بۇ ئىشنى كىچىكىدىن تارتىپلا چىڭ تۇتىدۇ .

ئادەتتە ئوغۇل پەرزەنتكە ئاتا تەرەپ تەربىيە بېرىشنى ئۈستىگە ئالسا ، قىز پەرزەنتكە تەربىيە بېرىشنى ئانا تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ . تاجىكلارنىڭ «ئوغۇل چوڭ بولسا ، دادىسىنى دورايدۇ ، قىز چوڭ بولسا ، ئانىسىنى دورايدۇ» دېگەن خەلق ماقالىمۇ مۇشۇ ئەمەلىيەتتىن شەكىللەنگەن .

ئوغۇل پەرزەنتنى تەربىيىلەش تۈۋەندىكى ئاساسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

ياۋاش - مۇلايىم بولۇش ؛ سەمىمىي - كەمتەر ۋە راستچىل بولۇش ؛ تىرىشچان - ئىشچان بولۇش ؛ كەسپىي جەھەتتىن چارۋىچىلىق - دېھقانچىلىق - ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىگىلىگەن بولۇش ؛ پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان بولۇش ؛ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ، كىچىكلەرنى سۆيىدىغان بولۇش ؛ ئەخلاق ۋە ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپ بولغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەردە بولمايدىغان بولۇش ، مىسالى ، غەيۋەت - شىكايەت قىلماسلىق ، ئوغرىلىق قىلماسلىق ، ئالدامچىلىق قىلماسلىق ، زىناخورلۇق قىلماسلىق ، قىمار ئوينىماسلىق ، ھىيلە - مىكىر ۋە كاززاپلىق قىلماسلىق ۋە باشقىلار .

قىزلارنى تەربىيىلەش تۈۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىغان بولۇش ؛ كەشتىچىلىك - تىككۈچىلىك ۋە ئاشپەزچىلىكنى ئۆگەنگەن بولۇش ؛ ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ، ئېرىنى ۋە ئېرى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇش ؛ يات كىشىلەرگە ئۇچرىغاندا ، بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان بولۇش ۋە باشقىلار .

# § 8 . دوست تۇتۇش ئادەتلىرى

ئۆزئارا دوست تۇتۇش — تاجىك جەمئىيىتىدە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت . دوست تۇتۇش ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا ئەمەس ، بەلكى يات جەمەتلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئەگەر ئىككى يات جەمەت ئىچىدە ئىككى ئادەم دوست بولۇپ قالسا ، ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋاستىسى ئارقىلىق شۇ ئىككى جەمەتمۇ مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنلىشىدۇ . «دوست بەلەبى گۆر» (دوست تۇتساڭ ، مەڭگۈلۈك تۇت ) ، «دوست - دوست ، هېساب رۇست» (دوستلار ئارا هېساب - كىتاب ئېنىق بولسۇن ) دېگەن ماقال - تەمسىللەر تاجىكلار ئارىسىدىكى دوست تۇتۇشنىڭ پرىنسىپ ، ئۆلچەملىرىنى يان جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تاجىكلار ئىچىدە دوست تۇتۇش ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنىڭ قائىدە - رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ . بۇلاردىن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ دوست بولۇش — ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى قائىدە - رەسمىيەت بولۇپ ، ھەشەمەتلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئەل - جامائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

قۇرئان تۇتۇپ دوست بولۇشنىڭ شەرتلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ ۋە مۇرەككەپ . ئالدى بىلەن مەلۇم بىر كىشى يەنە بىر كىشى بىلەن دوست بولغانلىقىنى چۈشىدە كۆرگەن بولۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ . ئەگەر بىر كىشى چۈشىدە يەنە بىر كىشى بىلەن دوست بولغان بولسا ، ئەتىسى سەھەردە بېرىپ ، قارشى تەرەپكە ئۇنى ئۇقتۇرىدۇ . قارشى تەرەپ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن

كېيىن ، چۇش كۆرگۈچى تەرەپ جىددىي تەييارلىق قىلىپ ، يېقىن ـ يىراقتىكى تۇغقانلىرىنى ۋە يۇرت ـ جامائەتنى چاقىرىپ تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ . مۇراسىمدا چۇش كۆرگۈچى بىر قوي ياكى كالىنى پەگاھتا تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى جامائەتكە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ . ئاندىن دىنىي زاتلاردىن بىرى قۇرئاننى قىرائەت قىلىدۇ . قۇرئان قىرائىتىدىن كېيىن ، ھېلىقى قوي ياكى كالا ئۆلتۈرۈلىدۇ . دىنىي زات قۇرئاننى دوست بولغۇچى ئىككى كىشىنىڭ مەيدىلىرىگە نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ ، ئاندىن ئۇلارنى قۇچاقلاشتۇرىدۇ . بۇ چىن دىلدىن قىيامەتلىك دوست بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . جامائەت ئۇلارغا تەنتەنە قىلىدۇ ، ئۇلارنى قىزغىن مۇبارەكلەيدۇ . بۇ رەسمىيەتلەردىن كېيىن ، چۇش كۆرگۈچى تەرەپ بىر تۆگە ياكى ئەڭ ياخشى چاپقۇر ئاتتىن بىرنى يېتىلەپ كېلىپ ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆز دوستىغا تەقدىم قىلىدۇ . ئاخىرىدا يىغىلغان جامائەت گۆش ۋە باشقا تائاملار بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ . قائىدە بويىچە ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر دوست جامائەتنى چاقىرىپ كېلىپ ، جاۋابەن دوست بولۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ . ئۇمۇ مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا ئۆز دوستىغا ئەڭ ياخشى تۆگە ياكى ئات تەقدىم قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىككى كىشى قۇرئان تۇتۇش ئارقىلىق ئەل ـ جامائەت ئىچىدە دوست بولغان بولىدۇ . تاجىكلار بۇنداق دوستلارنى قىيامەتلىك دوستلار دەپ ئاتايدۇ .

## § 9 . تاجىكلارنىڭ ئۇن سېپىش ئادىتى

تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئۇن ئەڭ پاك ، ئەڭ ساپ ھېسابلىنىدۇ . خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئۇن سېپىش ئارقىلىق بىر ـ

بىرىنى مۇبارەكلەش ، ئۆزئارا بەخت تىلەش ئۇلارنىڭ قەدىمى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بىرى . بۇ ئادەت ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مۇراسىم ، سورۇنلاردا جارى قىلىنىدۇ .

بىرىنچى ، توي ـ تۆكۈندە . ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا قىز تەرەپكە بېرىپ ، بىر قىسىم تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى داستىخانغا قويۇپ ، پاتىھەدىن كېيىن كىيىم ـ كېچەكلەر ئۈستىگە ئازراق ئۇن سېپىپ ، بۇ خەيرلىك ئىشنى مۇبارەكلەيدۇ .

كېلىن كۆچۈرۈشتە يىگىت دوستلىرى بىلەن قىز تەرەپكە بارغاندا ، قىز تەرەپتىن بىر قانچە ئايال ئىككى چىنىدە ئۈستىگە سېرىقماي قويۇلغان سۈت ئېلىپ چىقىپ كۈيئوغۇلغا سۇنۇپ ، ئۇنىڭدىن هاردۇق سورايدۇ ھەم مۇرىسىگە ئاق ئۇن سېپىپ ، ئۇنى قىزغىن مۇبارەكلەيدۇ . نىكاھتىن كېيىن ، يىگىت كېلىننى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ ، يىگىت تەرەپكە كەلگەندە ، ئىشىك ئالدىدا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۇلارغا پاياندار سېلىنىدۇ . يىگىت بىلەن قىزنىڭ مۇرىلىرىگە ئاق ئۇن سېپىلىپ ، ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت ، ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق تىلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، ھېيت ـ ئايەمدە . تاجىكلارنىڭ «شاۋگۇن باھار» (باھار بايرىمى ، نورۇز ھېيتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى ھەممە ئائىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز تازىلايدۇ . ئاندىن ئۆيىنىڭ تاملىرىغا سىمۇۋوللۇق گۈللەرنى چاپلاپ ۋە ئۇن سېپىپ يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋالىدۇ . بايرام كۈنى كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان «شاۋگۇنى» (بىر توپ كىشىنى باشلاپ ، ئۆيمۇ ئۆي پەتىلىگۈچى )نىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ، يېڭى باھارنى تەبرىكلەيدۇ . ساھىبخانا پەتچىلەرنىڭ مۇرىسىگە ئۇن سېپىپ ، ئۇلارغا يېڭى يىللىق بەخت

تىلەيدۇ ھەم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ .

ئۈچىنچى ، تۇغۇت ۋە پەرزەنت كۆرۈشتە . بىر ئايال تۇغسا ، قولۇم ـ قوشنا ۋە يېقىن ـ يىراق تۇغقان ئاياللار ئىككى جۈپ نان ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك بىر كىچىك توقاچ ئېتىپ ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئازراق ئاق ئۇننى ئۆيىنىڭ تېمىغا سېپىپ ، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى ، بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدۇ .

تۆتىنچى ، يېڭى ئۆي ـ خانىلارغا كۆچكەندە . بىرەر ئائىلە يېڭى ئۆي ياكى يېڭى مېھمانخانا سېلىپ ، ئۇنىڭغا كىرگەندە ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ، دوست ـ يارەنلەر يېڭى ئۆيگە بېرىپ ئۇلارنى مۇبارەكلەيدۇ . ئاياللار يېڭى ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ئازراق ئۇن سېپىپ يېڭى خانىنى تەبرىكلەيدۇ .

تاجىكلارنىڭ ئۇن سېپىش ئادىتى تاجىكلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش كاتېگورىيىسىدىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان . شۇڭا ، ئۇنى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ . قەدىمكى گرېك يازغۇچىسى ھومېرنىڭ «ئودېسسا» داستانىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، قەدىمكى گرېكلاردىمۇ ئاق ئۇن سېپىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى قۇتلۇقلاش ئادىتى بار ئىكەن . بۇ ئىككى قەدىمكى خەلقنىڭ ئاق ئۇن سېپىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەش ئادىتىنىڭ ئوخشاش چىقىپ قېلىشى باغلىنىشلىقمۇ ياكى تاسادىپىيلىقمۇ ؟ بۇ توغرۇلۇق داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ .

# 10 § . تاجىكلارنىڭ رەڭ قاراشلىرى

تاجىكلار تارىختىن بۇيان تەبىئىي مەنزىرىسى رەڭگارەڭ بولغان پامىر رايونىدا ياشاپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي هايات ۋە ئىستېتىك قارىشىدا ئومۇملۇققا ئىگە رەڭ قاراشلىرى شەكىللەنگەن.

تاجىكلار ئادەتتە ئاق رەڭ بىلەن قىزىل رەڭنى ياخشى ۋە ئىجابىي مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان رەڭ دەپ هېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاق رەڭ پاك، ساپلىقنىڭ سىمۋولى، قىزىل رەڭ ياشلىق، خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل رەڭ گۈزەللىك جۇملىسىگە كىرىدۇ. تۇرمۇشتىكى جىمى خۇشاللىق ئىشلار مۇشۇ ئىككى خىل رەڭ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى ئىپادىلىنىدۇ. مىسالى، تويدا يىگىت بىلەن كېلىن ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۈزۈككە ئاق ۋە قىزىل شايىدىن ياغلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىگىتنىڭ سەللىسىمۇ ئاق ۋە قىزىل شايىدىن ئورۇلىدۇ. هېيت ـ ئايەملەردە ئاق رەڭنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق ئۇن تاملارغا سېپىلىپ بەخت تىلىنىدۇ.

تاجىكلارنىڭ قارىشىدا، قارا رەڭ بىلەن كۆك رەڭ خاپىلىق، قايغۇلۇق ۋە غەپلەتنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا مۇسىبەت كۈنلىرىدە كىشىلەر قارا، كۆك رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ هازىدار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ياشلار قىزىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنىڭ قىزغىن ياشلىقىنى نامايان قىلسا، ياشانغانلار قارا ياكى كۆك

رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «نۇر» گەرچە ساپ قىزىل بولمىسىمۇ، تاجىكلار بارلىق «نۇر» نى قىزىل دەپ سۈپەتلەپ ئۇلۇغلايدۇ. كىشىلەرنىڭ تىل ئادىتىدىمۇ رەڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ. مىسالى، گۈزەل قىزلار ئاق ۋە قىزىل رەڭگە ئوخشىتىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ. يامان نىيەتلىك كىشىلەر «قارا يۈز»، «قارا يۈرەك»، «قارا نىيەت» دەپ ھاقارەتلىنىدۇ. مۇلايىم، سەمىمىي، پاك ـ ساپ ۋە مېھرىبان كىشىلەر «ئاق كۆڭۈل»، «پاك نىيەت» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. سېرىق رەڭ ئومۇمەن ئاجىزلىق، پۇشايمانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلىنىدۇ. يېشىل رەڭ ئاۋاتلىقنىڭ، يېڭىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ.

تاجىكلار بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنى رەڭ بىلەن تەسۋىرلەپ، باھارنى «يېشىل»، يازنى «رەڭگارەڭ»، كۈزنى «سېرىق»، زىمىستاننى «كۆك» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، ياش ئادەم قارارسىز ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇنىڭ قەبرىسى ئاق بوردا سۇۋۇلىپ، بېشى قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ. بۇنىڭدا بۇ شەخس بەك ياش كېتىپ قالدى دېگەن مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، تاجىكلار ئېتنوگرافىيىسىدە رەڭ قاراشلىرى بىر قەدەر ئومۇمىيلىق مەزمۇننى ئىپادىلەپ، بۇ تاجىكلارنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

## § 11 . باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى

كۆز تەگمەسلىك، جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئەسىر قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بوۋاقلار، جۇملىدىن بىر

قىسىم چوڭ ئادەملەر كۆز تۇمارى ، ئايەت تۇمارى ، دۇئا ۋە يادنامە تۇمارلىرىنى بويۇنلىرىغا ، بەللىرىگە ۋە چاچلىرىغا ئېسىۋالىدۇ . بۇ ئادەت بەزىدە تېخى ئىنساندىن ھالقىپ ھايۋانلارغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ . بىر قىسىم چاپقۇر ئاتلار ، سۇتلۇك ئىنەكلەر ۋە بىر قىسىم ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ بويۇنلىرى ياكى پېشانىلىرىدە كۆز تۇمارى بار .

ئۆي ھايۋانلاردىن تاجىكلار ئاتنى «ئىنسانلارنىڭ مېھرىبان قانىتى ، جەڭلەردىكى ۋاپادار ھەمراھى ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى» دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ . ئىتنى «ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى ، ۋاپادار ھەمراھى ، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك قورالى» دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغىمۇ بەكرەك ئېتىبار نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ .

ھەر بىر تاجىك ئائىلىسى كەم دېگەندە ، بىر ئىت بېقىشنى ئادەت قىلغان . چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مەرگەن ئىت بىر پۈتۈن گۆھەر ۋە بەرىكەتلىك رىزقىدۇر .

ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ئات مىنىش توغرا كەلسە ، ئەر جەزمەن ئالدىغا ، ئايال جەزمەن كەينىگە مىنىشى شەرت . ئۇنداق بولمىغاندا ، ئايالنىڭ كەينى ئەر تەرەپتە بولىدۇ ـ دە ، يامان بولىدۇ .

سۈت تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، قىزىل گۆشتىن ئاق سۈتنىڭ چىقىشى ، بىر بۈيۈك مۆجىزە ، ئاللانىڭ كارامىتى . شۇڭا ، سۈتنى خارلاشقا ، دەسسەشكە بولمايدۇ . سۈت بىلەن ئورۇنسىز ئېلىشقان ئادەم جاجىسىنى يەپ ، ئاخىر بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا قارىغۇ بولۇپ قالارمىش .

# VI باب پەلسەپە ۋە دىن مەدەنىيتى

تاجىكلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى گەرچە ئىزچىللاشمىغان ، سىستېمىلاشمىغان ۋە نەزەرىيىۋىلەشمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇلارنىڭ كائىنات ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كىشىلىك هايات ۋە تۇرمۇش توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇلارنىڭ قەدىمكى خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ، ماقال - تەمسىللىرى ، نۇجۇملىرى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋىلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە قاراشلىرى بىلەن پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، تاجىكلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى مەخسۇس تىما سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە باشقا مەسىلىلەرنى بايان قىلغاندا ، ئۇدۇل كېلىپ قالسا ، گەپ ئارىسىدا بايان قىلىپ كېتىمىز .

هازىرچە ئايان بولغان ماتېرىياللار ۋە ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا ، تاجىكلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا خىلمۇ خىل ئېتىقاد باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . بۇنى ئىخچاملاشتۇرۇپ ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد باسقۇچى ، بۇددا دىنى ئېتىقاد باسقۇچى ، ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئېتىقاد باسقۇچى ۋە ئىسلام دىنىي ئېتىقاد باسقۇچى دەپ تۆت چوڭ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن .

# §1 . ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادى

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا ، ئىنسانلارنىڭ ئېڭى بەك تۆۋەن ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز ئىدى . ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەبىئىي ھادىسىلەرنى بىر خىل ئىلاھنىڭ قۇدرىتىدىن بولغان دەپ چۈشەندۈرمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى ، نەتىجىدە ئۇلاردا سۇ ئىلاھى ، تاغ ئىلاھى ، ئاسمان تەڭرىسى ، يەر خۇداسى ، شامال - بوران ئىلاھىغا ئوخشاش كۆپ ئىلاھلىق قاراشلار شەكىللەنگەن . بۇ ئىلاھلار ھەققىدىكى رەڭگارەڭ سۈپەتداشلار بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ بېيىپ ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى جانلىق ، كونكرېت ئەپسانىۋى قەھرىمانلارغا ئايلىنىپ قالغان . بۇ ئەھۋال قەدىمكى تاجىك ئەجدادلار ئارىسىدىمۇ كۆرۈلگەن . گەرچە تاجىكلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ھەققىدە يازما ماتېرىيال بولمىسىمۇ ، ئەمما ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىۋاتقان خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى بىلەن ھازىرقى تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى چوقۇنۇشلاردىن قارىغاندا ، ئۇلار تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئېتىقاد قىلغان . مەسىلەن ، قۇياش ئەپسانىسى ، قار ئەپسانىسى ، ئاي ئەپسانىسى ، شامال ئەپسانىسى ، تاغ ئەپسانىسى ، سۇ ئەپسانىسى ، گۈل - گىياھ ئەپسانىسى قاتارلىقلاردىن ، قەدىمكى تاجىكلارنىڭ تەبىئەت ۋە كائىنات توغرىسىدىكى فانتازىيىلىك شەرھلەشلەرنى كۆرگىلى بولسا ، «مۇز تاغ ئاتا رىۋايىتى» ، «بۈركۈت نەي رىۋايىتى» قاتارلىقلاردىن تاجىكلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى چوقۇنۇشىنى

كۆرگىلى بولىدۇ . بولۇپمۇ بۈركۈت بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ . چۈنكى تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە بۈركۈت بىر خىل خاسىيەتلىك قۇش . تاجىكلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى بۈركۈتنىڭ بىپايان كۆكتە پەرۋاز قىلغان ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان ، شۇڭا ، «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دېيىلىدۇ . تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس نېيى بۈركۈتنىڭ قانات ئۇستىخىنىدىن ياسىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ «بۈركۈت نەي» دەپ ئاتىلىدۇ . بۈركۈت ھەققىدە تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل سۆزلىنىق ھېكايىلەر بار . بۇ ھېكايىلەردە بۈركۈت تاجىكلار بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىر . ئۇ تېخى ئەڭ قىيىن ، ئەڭ مۇشكۇل ، ئەڭ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، خەلققە بەخت يارىتىدۇ . تاجىكلارنىڭ مەشھۇر ئەپسانىۋى قەھرىمانى رۇستەم پالۋان بىلەن مەشھۇر مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق خەلق ئىچىدە «بۈركۈت سۈپەت قەھرىمان» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . بۇلاردىن بۈركۈتنىڭ تاجىكلارنىڭ توتېمى بولۇش مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

تاجىكلار ئۇلۇغ «مۇز تاغ ئاتا» نى ئىلاھلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە : «ئېخ مۇز تاغ ئاتا ، دەرگاھىڭدا ساقلىغايسەن ، ئىشىمىزغا مەدەت ۋە بەرىكەت بەرگەيسەن» دەپ مۇز تاغدىن بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ . تاجىك مەدەنىيىتىدە «بۈركۈت مەدەنىيىتى» بىلەن «مۇز تاغ ئاتا مەدەنىيىتى» ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ .

تاجىكلار تۇز ، سۈت ، ئۇننى پاك زات ھېسابلاپ ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ .

دېمەك ، بۇلاردىن تاجىكلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

تاجىكلارنىڭ ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادى ئۇلارنىڭ مەشھۇر «چاھار ئاناسىر» قارىشىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

تاجىكلارنىڭ قارىشىچە ، ئالەم ئاب (سۇ) ، ئاتەش (ئوت) ، خاك (تۇپراق) ، هاۋا (هاۋا) دىن ئىبارەت چاهار ئاناسىر (تۆت زات ، تۆت تادۇ ، تۆت ئامىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ بىرىكىشىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ، ئىنسان بولسا ، ئالەمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ، شۇنداق ئىكەن ، ئىنسانمۇ چاهار ئاناسىرنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن . ئىنسان هاياتى چاهار ئاناسىرنىڭ مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلۇقىدا مەۋجۇت بولىدۇ . ئەگەر بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلدى دېگەن گەپ ، ئىنسان هاياتى ئاياغلاشتى دېگەن گەپ دەپ قارايدۇ .

تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ ئالەم ، تەبىئەت ۋە ئىنسان هاياتى توغرىسىدىكى ئانىمىزملىق ۋە دېئىزملىق ، چاهار ئاناسىر كۆز قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە تەرەققىي قىلىپ زەردۇشت دىنى بىلەن ئۇنىڭ بۇيۇك دەستۇرى «ئاۋېستا» داستانىنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

چاهار ئاناسىر قاراشلىرىنىڭ جۇزئىي ساقىندىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلق ئارىسىدا تېپىلىدۇ . تاجىك ئەل پالچىلىرى كىشىلەرنىڭ مىجەزلىرىنى هېلىهەم سۇ ، تۇپراق ، هاۋا ۋە ئوت بىلەن ئۆلچەيدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، تۇپراق خۇسۇسىيەت جەهەتتىن ، قۇرۇق ، سوغۇق ۋە ئېغىر بولىدۇ . شۇڭا مىجەزى قۇرۇق ، سوغۇق ۋە ئېغىر بولغان كىشىلەر «خاك مىجەز» دەپ سۈپەتلىنىدۇ . تاجىكلارنىڭ «هايات خاكتىن چىقىپ ، خاكقا قايتىپ دېمەكتۇر» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى داۋلىسىمۇ شۇ يەردە . تاجىكلاردا يەنە بىرەر نەرسە بەك ئېغىر بولسا ، ئۇنى «خاك كەبى ئېغىر ئىكەن» دېسە ، ئادەم ئۆلسە ، «خاك خاكقا قايتتى» دەيدۇ . سۇ تەبىئىي خۇسۇسىيەت جەهەتتىن هۆل ، سوغۇق ۋە ئېغىر بولىدۇ . مىجەزى سۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئوخشايدىغان كىشىلەر ئەبەدىي بەختلىك بولۇرمىش ، «سۇ ئاۋاتلىق

دېمەكتۇر » ، «جىمى ھاياتلىق سۇ بىلەن» دېگەن ماقال ـ تەمسىللىرى ئەنە شۇ سۇ ھەققىدىكى قاراشتىن كېلىپ چىققان. ھاۋا تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ھۆل، ئىسسىق، يەڭگىل بولىدۇ. مىجەزى تۇراقسىز، لىڭگىر ـ تاقتاق، گېپىدە چىڭ تۇرمايدىغان، قاپىقى تۇرۇپ ئېچىلىپ، تۇرۇپ تۇتۇلىدىغان، ئاسانلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىشىلەر «ھاۋا مىجەز» ياكى «بەئەينى بۇلۇت» دەپ ئوخشىتىلىدۇ. ئوت تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئىسسىق، قۇرۇق بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ چاھار ئاناسىر قارىشىدا ئوت يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇڭا، نۇرغۇن دۇئا ـ دەستۇر ۋە دىنىي پائالىيەتلەردە ئوت قوللىنىلىدۇ. ئوتتەك كۆيدۈرگۈ كىشىلەر، بەتنىيەت، سۇيىقەستچىلەر «بەئەينى ئوت ئىكەن» دەپ ئوخشىتىلىدۇ. دېمەك، كىشىلەر مىجەزى ئوت مىجەز (ئىسسىق مىجەز)، سۇ مىجەز (سوغۇق مىجەز)، ھاۋا مىجەز (يەڭگىل مىجەز)، تۇپراق مىجەز (ئېغىر مىجەز) دەپ ئايرىلىدۇ. بۇلاردىن ئوت مىجەز (ئىسسىق مىجەز، يەنى مېھرى ئىسسىق) كىشىلەر، ئېغىر مىجەز (ئېغىر ـ بېسىق) كىشىلەر ياخشى مىجەزدىكى كىشىلەر ھېسابلانسا، سوغۇق مىجەز (مېھرى سوغۇق) كىشىلەر بىلەن يەڭگىل مىجەز كىشىلەر مۇئامىلىسى سوغۇق، ئاسانلا تېرىكىپ جېدەل چىقىرىدىغان، تېز ئۆزگىرىدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئىپتىدائىي چاھار ئاناسىر پەلسەپىۋىلىك قارىشى ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، تاجىكلارنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىملىرى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بىلەن ناسىر خىسرەۋنىڭ دۇنيا قارىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈلدى.

## 2 § . ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئېتىقادى

ئاتەشپەرەسلىك دىنى مەزكۇر دىنىنىڭ بۈيۈك بەرپا قىلغۇچىسى زەردۇشت (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ، 7 ـ ئەسىردە ياشىغان) نىڭ نامى بىلەن «زەردۇشت دىنى» (ياۋروپالىقلارنىڭ تىلى بىلەن «زورو ئاسترا دىنى» ياكى «زورو ئاسترىزم دىنى» ) دەپ ئاتىلىدۇ .

زەردۇشتنىڭ هاياتى توغرىسىدا خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار . دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە قورال خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ۋە ئىران ـ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە ، زەردۇشت قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى باكتېرىيە (هازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە ) دە تۇغۇلغان . ئېيتىشلارچە ، ئۇ 20 يېشىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، دەرۋىشلەرچە هايات كەچۈرۈپ ، دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن . 30 ياشقا كىرگەندە ، ئۇ رومىيە كۆلى بويىدا نۇر ئىلاهى ئاهورامازدانىڭ ۋەهىيسىگە ئېرىشىدۇ . ئاهورامازدا ئۇنىڭدىن كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ ، ئۇلارغا سائادەتلىك هەق يولىنى تەشۋىق قىلىپ ، ئاۋام خەلقنى زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، بەخت ـ سائادەتكە باشلاشنى ، دۇنيانى ۋە ئۆزىنىڭ روهىي دۇنياسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن زەردۇشت باكتېرىيە زېمىنىدە دىن تەرغىباتىنى باشلايدۇ . ئۇ دىن تارقىتىش جەريانىدا ئانچە ئىجتىمائىي قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ . 42 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش بىلەن باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ شاهى گوستاسپىنىڭ كېسىلىنى ساقايتقاندىن كېيىن پادىشاھ گوستاسپىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن . خاندانلىقنىڭ شاهى ۋە

ۋەزىرلىرى دەرھال ئېتىقادلىرىنى ئۆزگەرتىپ، زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. پادىشاھنىڭ شاھزادىسى ئىسپەندىيار تېخى زەردۇشتنىڭ ئەڭ كىچىك قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇ قېيناتىسىنىڭ بۇيۇك ئىشىغا مەدەت بېرىپ، بۇ دىننى تارقىتىش ئۈچۈن قوشنا ئەللەرگە جازا يۈرۈشى قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى نەتىجىسىدە كاتتا بازارغا ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىن پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ، ئەنئەنىۋى ئېتىقادلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

زەردۇشت كېيىنكى ئۆمرىدىمۇ ئۆز دىننى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. كۆپ قېتىم كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، «غەيرىي مۇرىتلار» بىلەن ئۇرۇش قىلغان. ئۇ 77 يېشىدا بىر قېتىملىق دىنىي ئۇرۇشتا قەتلى قىلىنغان.

زەردۇشت دىنىنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى قۇتۇپنىڭ كۈرىشى ئەبەدىي داۋاملىشىدۇ. بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرى، ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق تەرەپدارلىرى، يەنە بىرى، يامانلىق ۋە قاراڭغۇلۇق تەرەپدارلىرى. قارىمۇ قارشى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى ئاخىرى كېلىپ ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھۇرا مازدا بىلەن يامانلىق ۋە زۇلمەت ئىلاھى ئەنكىرە ماھىنۇ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. سۈپەتلىنىشىچە، ئاھۇرامازدا كائىناتتىكى نۇر تارقاتقۇچى پلانېتىلاردىن ياسالغان ئادەم سۈپەت ئىلاھ ئىكەن. ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن رەڭگارەڭ يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرىدىكەن. قۇياش ئۇنىڭ كۆزى ئىكەن. ھەممىگە قادىر ئاھۇرا مازدا ئالەمنىڭ بەرپاچىسى، دۇنيانىڭ يورۇتقۇچىسى، زۇلمەت تەرەپدارلىرىنىڭ يوقاتقۇچىسى، ئاخىر زاماندا سوراق قىلغۇچى ئەڭ ئالىي ئىلاھ ئىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە كۆپلىگەن شەپقەتلىك ئىلاھلار بار

ئىكەن . ئەنگىرە ماھىنۇ بولسا بىر قۇملۇقتا ئەبەدىي قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈردە ياشايدىكەن . ئۇ بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەسكىلىكلەرنى ، مىسالى ، كېسەللىك ، ئاپەت ، جىنايەت ، يامانلىق ، پەسكەشلىك قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىدىكەن . نۇر ئىلاھى ئاھورامازدا بىلەن زۇلمەت ئىلاھى ئەنگىرە ماھىنۇ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە نۇر ئىلاھى ھامان زۇلمەت ئىلاھىنى مەغلۇپ قىلىپ تۇرىدىكەن .

زەردۇشت دىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەپ ئاتىلىدۇكى ، بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئوت يورۇقلۇقلار ئىچىدە ئەڭ ساپ ، ئەڭ نۇرلۇق ، ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ .

زەردۇشت دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دېيىلىدۇ . بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرگىچە «ئاۋېستا تىلى» (قەدىمكى شەرق ئىران تىلى ) دا 12 مىڭ ئاشلانغان كالا تېرىسىگە ئالتۇن خەت بىلەن يېزىلغان . پۈتۈن كىتاب 21 توملۇق ، 350 مىڭ خەتلىك بولۇپ ، ئالېكساندىر ماكىدۇنىسكى مىلادىيەدىن ئىلگىرى 330 ـ يىللىرى شەرققە يۈرۈش قىلغاندا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن . مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە ئارساكلار سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 250 ـ يىلدىن مىلادىيە 226 ـ يىلىغىچە ) بىلەن ساسانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 226 ـ — 642 ـ يىللار ) بۇ كىتابنىڭ بەشتىن بىرىنى ئاران يىغىپ ، رەتلەپ نەشر قىلغان .

«ئاۋېستا» نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇ زەردۇشت دىنىنىڭ بەرپاچىسى زەردۇشتنىڭ تەلىماتلىرىنى ، نۇر ئىلاھى بولغان ئاھورامازدا توغرىسىدىكى مەدھىيىلەر ، دىنىي قوشاقلار ـ قەسىدىلەر ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆلچەم ـ پرىنسىپلىرى ، دىنىي مۇراسىملار ، دۇئا ـ دەستۇرلەر ، دىنىي پەرھىز ۋە پەرزلەر ، ئەخلاق ئۆلچەم ـ پرىنسىپلىرى ، دىنىي ئەپسانە ـ

رىۋايەتلەر ھەمدە ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىتنىك مەنبەسى ۋە تارىخىي تەرەققىياتلىرى قاتارلىق كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئاۋېستا» دەستۇرى ئوتتۇرا ئەسىردە تاجىكلارنىڭ پەلسەپە، مېدىتسىنا، تىل - ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

زەردۇشت دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ئىلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بۇ خىل تەسىرنىڭ بىر قىسىم ساقىندىلىرى ھېلىھەم خەلق ئىچىدە ساقلانماقتا. مىسالى، ئاي تۇتۇلغاندا، كىشىلەر بۇ قاراڭغۇلۇق تەرەپدارلىرىنىڭ نۇرلۇق تەرەپدارلارغا قىلغان ھۇجۇمى دەپ ھېسابلاپ، ھەربىر ئائىلە ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا گۈلخان سالىدۇ. سەۋەب، قاراڭغۇلۇق تەرەپدارلىرى گۈلخانلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ تىكىۋېتىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئاي تۇتۇلۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن چىققان ئاي جامالىنى ئۆزلىرى سالغان گۈلخانلارنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. تاجىكلارنىڭ قارىشىدا، ئوت بارلىق يامانلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك قورالى، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھەر قانداق جىن - شەيتان، دىۋە - ئالۋاستى ئوتتىن قورقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، خەلق ئىچىدە «جىن تېگىپتۇ»، «شامال تېگىپتۇ»، «ۋەھىمە تېگىپتۇ» دېگەندەك نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى ئىسرىق سېلىش، ئوت سېلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق داۋالايدۇ. تاجىكلارنىڭ ھاياتلىق قارىشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان «نۇر ۋە شەيتان» ئەپسانىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ دىنىي رىۋايىتىدىن مىراس قالغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئادەم يارالمىشىدىلا ئۇنىڭ ئوڭ پېشانىسىدە نۇر، سول پېشانىسىدە شەيتان ئورۇن ئالىدۇ. نۇر بىلەن شەيتان ئادەمنى تالىشىپ داۋاملىق ئېلىشىپ تۇرىدىكەن. شەيتان ئادەمنى

ئازدۇرۇپ يامانلىق تەرەپكە باشلاپ بارىدىكەن . ئەگەر ئادەم ياخشىلىق تەرەپكە ماڭغان بولسا ، دېمەك ، نۇر شەيتان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولىدىكەن . ئەگەر ئادەم يامانلىق تەرەپكە كېتىپ قالغان بولسا ، دېمەك ، شەيتان نۇر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولىدىكەن . ئىنسانلاردىكى ئەقىل ـ پاراسەت ، شەپقەت ـ ئادالەت ، سېخىيلىق ـ قانائەت ، خەير ـ ئېھسان ، مېھىر ـ مۇھەببەت ، مەردلىك ـ ساداقەت ، ئىنسان ـ خەلقپەرۋەرلىك قاتارلىق ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر نۇرنىڭ ئادەمنى ياخشىلىققا باشلاپ ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا ، بارلىق ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلار ، مىسالى ، جاھالەت ، زالىملىق ، ئاچ كۆزلۈك ، ئالدامچىلىق ، ھەسەتخورلۇق ، غەيۋەت ـ شىكايەت ، ئوغرىلىق ، قىمارۋازلىق ، قاتىللىق ، زىناخورلۇق ، بۇلاڭچىلىق ، يالغانچىلىق قاتارلىق يىرگىنچلىك ئىللەتلەر شەيتاننىڭ ئادەمنى ئازدۇرۇپ يامانلىققا باشلاپ ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن . قىزىقارلىقى شۇكى ، پانىي دۇنيادا نۇر باشلىغان ئادەم باقىي دۇنيادا جەننەتكە كىرىدىكەن ، ئەكسىچە ، شەيتان باشلىغان ئادەم دوزاخقا كىرىدىكەن . ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇ دۇنيادىكى سەپەر دەرۋازىسىغا بارغاندا ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلغان ئىشلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساب بېرىدىكەن . شۇ يەردە نۇر بىلەن شەيتان ئىككى تەرەپتە ئولتۇرۇپ ، ئۆز تۆھپىلىرىنى ھېساب ـ كىتاب قىلىدىكەن . ئەگەر ئۆلگۈچى ئادەم بۇ دۇنيادا نۇر باشلىغان يولغا (ياخشىلىققا ) ماڭغان بولسا ، نۇر ئۇنى جەننەت دەرۋازىسىدىن يولغا سالىدىكەن . ئەگەر ئۆلگۈچى ئادەم بۇ دۇنيادا شەيتان ئارقىسىغا كىرىپ يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ، شەيتان ئۇنى دوزاخ دەرۋازىسىغا يولغا سالىدىكەن . ئېيتىلىشىچە ، جەننەت ۋە دوزاخ دەرۋازىلىرى ئالدىدا بىر سوراقخانا بولۇپ ، ئۆلگۈچى ئالدى بىلەن شۇ سوراقخانىغا كىرىدىكەن . سوراق ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن :

دوزاخ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە بىر پىلسىرات كۆۋرۈك بولۇپ، ئۆلگۈچى پانىي دۇنيادا ئاللا ئالدىدا گۇناھسىز، پاك ـ ساپ ياشىغان بولسا، پىلسىرات كۆۋرۈك تۈز، ئازادە، داغدام ئېچىلىدىكەن، ئۆتكۈچى جەبىر ـ جاپاسىز ھالدا ئۆتۈپ، ئاندىن جەننەتكە يولغا سېلىنىدىكەن. ئەگەر ئۆلگۈچى پانىي دۇنيادا ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەيتانغا ئەگىشىپ قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق قاتارلىق گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسا، كۆۋرۈك قىلدەك تار بولۇپ قالىدىكەن ـ دە، ئۆتكۈچى بەكمۇ جەبىر ـ جاپا ئىچىدە قالىدىكەن. ئۇ ئاخىرىدا كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي، گۇناھكار دەپ سوراققا ئېلىنىدىكەن ۋە ئۇدۇل دوزاخقا يولغا سېلىنىدىكەن. بۇ ئەپسانىدە تەسۋىرلىنىدىغان نۇر ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا تەسۋىرلىنىدىغان ئاھۇرامازدا ئوبرازى، شەيتان بولسا، زۇلمەت ئىلاھى ئەنكىرە ماھىنيۇ ئوبرازىدۇر. يۇقىرىدىكى ھېكايە گەرچە كۈچلۈك ئەپسانىلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەربىيىۋى قىممىتىمۇ بار، يەنى بۇ ئەپسانە كىشىلەرنى پانىي ئالەمدە پاك ـ ساپ ياشاشقا، گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئەسكى ئىشلارنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن، تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتقا چوقۇنۇش، ئوت ئارقىلىق دۇئا ـ دەستۇر قىلىش بىر قەدەر كەڭ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئېتنوگرافىيىلىك ھادىسىلەرنى زەردۇشت دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

# 3 § . بۇددا دىنى ئېتىقادى

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قەيت قىلىنغان كۆپلىگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەرشتىكى ماكان پامىر ئېگىزلىكىدە خېلىلا جەلپ قىلىش كۆچىگە ئىگە بولغان بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى «قىرپانە بەگلىكى» نى قۇرۇپ چىققاندى. بۇ بەگلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەخمىنەن 500 يىل داۋام قىلغان. بۇ دەۋردە تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەر بىنا قىلىنغان، غەربىي يۇرت بويىچە ئەڭ بۇرۇن سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يولغا قويۇلغان. مەزكۇر بەگلىكنىڭ ئاھالىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنى بەگلىكنىڭ دۆلەت دىنى بولغان.

شۇەنزاڭ (مىلادىيە 602 — 664 ـ يىللار) نىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «قىرپانە بەگلىكى» نىڭ پادىشاھى «سەمىمىي ـ ساپدىل، مۇلايىم ـ ئەدەپلىك، بېرىلىپ ئۆگىنىدىغان تەقۋادار بۇددىست» ئىكەن. «قىرپانە بەگلىكى» نىڭ شاھى بۇددا دىنىنىڭ سادىق ئىخلاسمىنى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوردىسىدا ناھايىتى كاتتا بولغان بۇددا مۇنارىنى ياساتقان. ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە ئورۇندا ئىبادەتخانىسى، 500 دەك بۇددا راھىبى بولغان. بۇ مەزگىللەردە تۆت بۇددا دىنى راھىبى

بارلىققا كېلىپ ، ئۇلار ھىندىستاننىڭ شەرقىي ، غەربىي ، شىمالىي ۋە جەنۇبىدا ئايرىم ـ ئايرىم بۇددىزم پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ، بۇددا دىنى راسا ئەۋجىگە چىققان . بۇ تۆت راھىب ئەل ئىچىدە «ئالەمنى تۆت تەرەپتىن يورۇتۇپ تۇرغۇچى تۆت قۇياش» نىڭ بىرىنى زورلۇق كۈچى بىلەن ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئاتاپ «ئىمارەتلىرى ھەشەمەتلىك ، بۇتلىرى سۈرلۈك» بولغان ئىبادەتخانىلارنى سالدۇرغان . «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ پادشاھى تېخى ئۆزىنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ، راھىب تۇڭشۇنى ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەختى ـ تاجىنى بۇ «قىزىل قۇياش» قا ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، ئۇنىڭدىن بۇددا تەلىماتلىرىنى ئاڭلىغان . ئۆزىگە بولسا يېڭىدىن ئوردا سالدۇرغان . بۇ مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى ئىش ئىدى .

«قىرپانە بەگلىكى» نىڭ كېيىنكى ھالاكىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا كىرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ، «قىرپانە بەگلىكى» نىڭ بۇددا يازمىلىرى كۆيدۈرۈلۈپ ، ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن مۇشۇ دەۋرنىڭ قىياپىتىدىن ئانچە ـ مۇنچە ئۈچۈر بېرىدىغان بۇددا ئەدەبىي مىراسلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى «پەرھاد ئۆستىڭى» رىۋايىتى ، «چېچەكلىك داۋان» رىۋايىتى ، «بازارى دەشت» رىۋايىتى ، «مەلىكە قورغان» رىۋايىتى ، «دوختەرى قەيسەرى چىن» داستانى قاتارلىقلار بار . بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى يېتىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىر قىسمى خەلق رىۋايەتلىرى تەرىقىسىدە ساقلىنىپ ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولسا ، بىر قىسمى مەشھۇر جۇڭگو بۇددىستى شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دا يېزىپ قالدۇرۇلغان . گەرچە بۇ ئەسەرلەر خاتىرىلىگۈچى تەرىپىدىن قىسقارتىۋېتىلگەن

ياكى ئۆزئۆن زامانلار مابەينىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىش جەريانىدا قىسمەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «قىرپانە بەگلىكى» دەۋرىدىكى تاجىك بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە بىلگىلى بولىدۇ.

## § 4 . ئىسلام دىنى شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئېتىقادى

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. لېكىن مەزھەپ جەھەتتە، ئۇلار ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپ (سۈننى مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى) نىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى — ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

### 1 . ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

ئىسمائىلىيە مەزھىپى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەلىپەرەسلەر (شىئەلەر) نىڭ 6 ـ ئىمامى جەفەر سادىق (مىلادىيە 703 ـ — 765 ـ يىللار) ۋاپاتىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. جەفەر سادىق ھەزرىتى ئەلى (مىلادىيە 600 ـ — 661 ـ يىللار) ئەۋلادىدىن بولۇپ، مەدىنىدە تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئىمامى جەفەر سادىق ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپىلەرگە ئانچە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارغا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭچە: «ئاللا تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن بەندىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پائالىيەتچانلىق بولىدۇ»، «قۇرئانغا زىت كېلىدىغانلىكى ئەقىدىلەرنى ھەدىسكە كىرگۈزۈشكە

بولمايدۇ » كەن . بۇ خىل قاراشلار ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن ئوخشاش كەلمەيدۇ . جەفەر سادىقنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئىسمائىل ، كىچىكىنىڭ ئىسمى مۇسا كازىم ئىدى . جەفەر سادىق دەسلەپتە ئىسمائىلنى ئىمامى ۋارىس دەپ بەلگىلىگەنىدى . لېكىن كېيىن ، ئۇ مۇسا كازىمنى ئىماملىقا ۋارىسلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن . ئۇنىڭ بۇ قارارى شىئە مەزھىپى ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان . بىر قىسىم شىئەچىلەر جەفەر سادىقنىڭ مۇسا كازىم ئىمام بولىدۇ دېگەن قارارىنى ھىمايە قىلغان بولسا ، بىر قىسىملار جەفەر سادىقنىڭ ئەسلىدىكى قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە قوشۇلماي ، ئىسمائىلنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ھەزرىتى ئەلى جەمەتىدىن ئىمام بولىدىغانلارنى ئاللا ئۆزى بەلگىلەيدۇ ، ئۇلارنى ئاللا پاناھىدا ساقلايدۇ ، ئۇلار گۇناھ سادىر قىلمايدۇ . مىلادىيىنىڭ 760 ـ يىلى ئىسمائىل ئاتىسى جەفەر سادىقتىن بەش يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتىدۇ . جەفەر سادىق داغدۇغىلىق ماتەم ئۆتكۈزۈپ ، ئىسمائىلنىڭ جەسىتىنى مەدىنىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسچىتكە قويىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ ماھىيەتتە ئىسمائىلنىڭ ئىمام كەبى ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئىدى . ئىسمائىل ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمدى تەبىئىي ھالدا مۇسا كازىمغا قالدى دەپ قارىغانىدى . لېكىن ئىسمائىلنىڭ ھىمايىچىلىرى قوشۇلماي ، ئىسمائىلنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى . ئۇلار قۇرئاندىكى بەلگىلىمە بويىچە ، بالىنىڭمۇ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ . ئىسمائىل ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ قارىدى . مىلادىيىنىڭ 765 ـ يىلى جەفەر سادىق ئالەمدىن ئۆتتى . ئەسلىدە ئىچكى ئىختىلاپ بار شىئە مەزھىپى ئەمدىلىكتە بۆلۈنۈشكە باشلاپ ، كۆپ

سانىلىقلار مۇسا كازىمنى 7 ـ ئىمام دەپ ئېلان قىلدى . ئۇلار تارىختا دەسلەپتە «مۇساۋىيە مەزھىپى» دەپ كېيىنچە ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملارنىڭ سانىنىڭ 21 بولغانلىقىغا ئاساسەن ، «ئون ئىككى ئىمامچىلار» دەپ ئاتالدى . ئاز بىر قىسىم شىئەچىلەر ئىسمائىلنى 7 ـ ئىمام دەپ ھېسابلىدى . شۇڭا ئۇلار تارىختا ئۆزلىرى ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىسمائىلنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن «ئىسمائىلىيە مەزھىپى» دەپ ئاتالدى . ئىسمائىلچىلار ئۆزلىرىنىڭ «ھەممە زات يەتتە بولىدۇ» دېگەن يەتتىلىك پەلسەپەسى بويىچە ، «ئىماممۇ يەتتە بولىدۇ ، ئىسمائىل 7 ـ ئىمام ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئىمام ، ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئۇلار تارىختا يەنە «يەتتە ئىمامچىلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر ئەنئەنىۋى مەزھەپكە قارىمۇ قارشى ھالدا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەردە يۈزەكى ، شەكلەن ھادىسە ۋە شەرئىەتچىلىك ـ رەسمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ ، نىيەت ـ باتىن ۋە سەمىمىي ئېتىقادنى تەشەببۇس قىلىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى كۆپ كىشىلەر بىلگەن بىلەن ، يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىماملارلا بىلىدۇ ھەم ئۇنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن «باتىن مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر يەنە «پەنج تەنلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر ئەبۇ بەكرى ، ئوسمان ۋە ئۆمەرلەرنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئۇلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ، ھەزرىتى ئەلى ، بىبى فاتىمە زەرا ، ئىمامى ھەسەن ئىبنى ئەلى ، ئىمامى ھۇسەن ئىبنى

ئەلى قاتارلىق بەش بۈيۈك شەخسنى بىر جەمەت بىر نەسەبتىن دەپ ئېتىراپ قىلىپ ، ئۇلارغا ئېتىقاد ۋە سەجدە قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار «پەنج تەنلەر» (بەشچىلەر ) دەپ ئاتىلىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرگە قارىتىلغان «چارھار يارى» (تۆت ھەمراھ ياكى تۆتچىلەر ) غا نىسبەتەن ئېيتىلغان . سۈننىيلەر مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان ئەبۇ بەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىدىن ئىبارەت تۆت خەلىپىنى قانۇنلۇق خەلىپىلەر دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئىسمائىلچىلار ئۇلارنى «چاھار يارى» دەپ ئاتايدۇ . ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئۇلار بىراۋ بىلەن پاراڭلاشقاندا ، قارشى تەرەپنىڭ ئېتىقادىنى سورىغاندا ، «سەن پەنج تەنمۇ ياكى چاھار يارىمۇ ؟» دەپ سورايدۇ . بۇنىڭ مەنىسى «سەن ئىسمائىلىيىمۇ ياكى سۈننىيمۇ ؟» دېگەندىن ئىبارەت .

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشى قارىماققا ئىماملىقتا كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدەك كۆرۈنسىمۇ ، ماھىيەتتە ئۇ ئەينى زاماندىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (مىلادىيە 750 ـ — 1258 ـ يىللار ) نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپ ۋە چىرماش بولغان سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم چەككە يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى . بۇ مەزھەپ كالامىزىم بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان كائىنات قارىشى ، دۇنيا قاراش ۋە بىلىش نەزەرىيىسىگە ئىگە بىر خىل پەلسەپۋى تەلىماتقا ئىگە بولۇپ ، ئىسلامىيەت تارىخىدا نۇرغۇن قىتىملىق ئىسلاھات خاراكتېرلىك مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى ۋە ھەرىكەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن . ئىسلام دىنى تارىخى ۋە پەلسەپىۋى تەتقىقاتچىلىقىدا ، ئىسمائىلىيە مەزھىپى تارىختىن بېرى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ھەممىدىن كۆپ جەلپ قىلىپ كەلمەكتە . چۈنكى ئۇلارنىڭ تەلىمات ئەقىدىلىرى مۇرەككەپ ،

چىرماش، سىرلىق ۋە پىنھاندۇر. شۇڭا ماركس: «ئىسمائىلچىلار سىستېمىسى ھىندى - پارس ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىسلامىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان»[1] دەپ كۆرسەتكەندى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «مۇساۋىيە مەزھىپى» ياكى «ئون ئىككى ئىمامچىلار» ئادەتتە بۇگۈنكى ئىراننى ئاساس قىلغان شىئە مەزھىپىنى كۆرسەتسە، «ئىسمائىلچىلار مەزھىپى»، شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر ئىمام ئاغا ھۇسەيىن كەرىم مەزكۇر مەزھەپنىڭ 49 - ئىمامى ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى 25 دۆلەتكە تارقالغان بولۇپ، 30 مىليون مۇرىتى بار ئىكەن.

## 2. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئىسمائىلىيە ئېتىقادى مەزمۇنى توغرىسىدا

ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن قارىغاندا، ئېلىمىز تاجىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (مىلادىيىنىڭ 571 - — 632 - يىللار) نى ئەڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ تىلى، كائىناتنىڭ باشچىسى، بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ پەخرى، ئالەم خەلقىنىڭ شانۇ شەرىپى، ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر دەپ ھېسابلايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (600 - — 661 - يىللار) نى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار يەنە «قۇرئان كەرىم» نى ئەڭ مۇقەددەس دەستۇر، ئىنسانلار سۆز - ھەرىكىتىنىڭ مىزانى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئەنئەنىچىلەردىن پەرقلىق ھالدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ

---

[1] «ماركس - ئېنگېلس ئارخىپلىرى»، 5 - توم، رۇسچە نەشرى، 127 - بەت.

يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىماملا چۈشىنەلەيدۇ ۋە شەرھلىيەلەيدۇ ، دەپ قارايدۇ .
ئېلىمىز تاجىكلىرى بەش ۋاق ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . لېكىن ئۇلار بامدات ۋە شام ئىككى ۋاخ نامازنى ئۆتەش پەرز ، قالغان ئۈچ ۋاخ نامازنى ئۆتەشنى شەرئەت دەپ قارايدۇ . ناماز ئومۇمەن ئۆيدە ئوقۇلىدۇ . چوڭراق نامازلار (مەسلەن ، قۇربان ھېيت نامىزى) تاجىكلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولغان «جامائەتخانا» دا ئوقۇلىدۇ . ناماز ئوقۇغاندا ئومۇمەن تەسۋى ئىشلىتىلىدۇ . نامازنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ، ھەزرىتى ئەلى ، بىبى فاتىمە ، زەرا ، ئىمامى ھەسەن ، ئىمامى ھۈسەن قاتارلىقلاردىن تارتىپ زامانىمىزدىكى ھازىر ئىمام ئاغاخان كەرىم ھۈسەيىنگە قەدەر بولغان 49 ئىمامنىڭ ئۇلۇغلۇقى مەدھىيىلىنىدۇ . ھەربىر ئىمامنىڭ ئۇلۇغ نامى 101 قېتىم نۆۋەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ ، نامازدا «يامۇھەممەد يائەلى» كۆپرەك تەكرارلىنىدۇ .

## 3 . ئىسمائىلىيە ئېتىقادىنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەقىدە ـ تەرغىباتلىرى تاجىكلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىغا ، سۆز ـ ھەرىكىتىگە ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنىغا سىڭىپ كەتكەن . كىشىلەر ئۆزئارا سالاملاشقاندا ، بىر ـ بىرىنى قۇتلۇقلاپ ، مۇبارەكلىگەندە ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ، نەزىر ـ چىراغ ، ھېيت ـ ئايەم ، يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، تۇرار جاي ، سەپەر ـ مەنزىل ، تۇغۇت ـ مۇبارەك ، ئات قويۇش ، دوست تۇتۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەنئەنىلىرىدە «يامۇھەممەد يائەلى» ، «ياپىرى دەستگىر» ، «يا مەۋلانە ئەلى» ، «يائەلى مەدەت» ، «ئاللا ساڭا يار» ، «يا

پەرۋەردىگارى مەۋلا » ، «مۇبارەكى كارى خەير » ، «ئاللا دەرگاھىدا ساقلىغاي » ، «ئاللا ئۆزى بار » ، «ئاللا گۇۋاھ » ، «ئاللا جاجىسىنى بەرگەي » ، «ئاللادىن باشقىسى بىكار » ، «ئاللا نېسىپ قىلغاي » ، «ئاللا بەرىكەت بەرگەي » ، «ھەرىكەت — بەندىدىن ، بەرىكەت — خۇدادىن » ، «فەيزئەز نەبى ، كەرەم ئەزمەۋلا » ، «مۇبارەكى تىرەنداز » ، «توي خۇدانىڭ خەزىنىسى » ، «كېسەل باشقا ، ئەجەل باشقا » ، «رىزىق خۇدادىن ، ئامال بەندىدىن » . . . دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشىدۇ . تاجىكلار ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇر ، سول تەرىپىدە شەيتان (ئازدۇرغۇچى ) ئورۇن ئالغان بولىدۇ . ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ياخشى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى نۇرنىڭ توغرا يولغا باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلىسا ، ئەسكى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەيتان ۋەسۋەسىدىن بولغان دەپ قارايدۇ . بۇلار توغرىسىدىكى ھېساب ـ كىتابلار ئاخىرەت سوراقخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، دەپ ھېسابلايدۇ .

## 4 . دىنىي پائالىيەت سورۇنى — «جامائەتخانا» توغرىسىدا

تاجىكلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ پائالىيەتلىرى بىردەك دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولغان «جامائەتخانا» لاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئادەتتە ھەربىر يېزا ـ كەنتلەردە جامائەتخانا سېلىنغان بولىدۇ . جامائەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسى مەسچىتلەرگە ئانچە ئوخشىمايدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە ئىمام تۇرىدىغان مېھراب بولمايدۇ . پەقەت قىبلە تەرەپتىكى تامغا ئىمامنىڭ رەسىمىنى ئاسىدىغان تەكچە ياكى ئويۇق چىقىرىلىدۇ . بەزى جامائەتخانىلاردا ئاياللار مەخسۇس ناماز ئوقۇيدىغان ئۆي ـ خانىلار بولىدۇ ، بۇ ئۆي ـ خانىلار ئەرلەرنىڭ

ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيلىرىدىن پەنجىرىلەر ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ .
تاجىكلارنىڭ جامائەتخانىلىرى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ ، ئۇلار نوقۇل ناماز ئوقۇيدىغان سورۇن بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى تونەك ئۆتكۈزىدىغان ، ھېيت - ئايەم نامىزىنى ئوقۇيدىغان سورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىلگىرى جامائەتخانىلاردا كىچىك باللار يىغىلىپ ئوقۇيتتى . تونەك كېچىلىرىدە ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ - سانالار ئوقۇلىدۇ . چوڭراق جامائەتخانىلاردا كۆپلىگەن ھۇجرا - خانىلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن مۇرىتلارغا غىزا - تائام بېرىلىدۇ .
جامائەتخانىنىڭ چىقىم - خىراجەتلىرى مۇرىتلىرىنىڭ ھېيت - ئايەملەر ۋە باشقا نامازلاردا ئىئانە قىلىنغان پۇل - پۇچەك ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەردىن كېلىدۇ . بۇ خىل ئىئانىنىڭ مۇقىم سانى بولمايدۇ . جامائەتخانىلاردا پەقەت ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرىلا پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ . ئەگەر غەيرىي مەزھەپتىكى بىچارە - غېرىب ، يېتىم - يېسىرلار كەلسە ، خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشىدۇ .

## 5 . تاجىكلاردا ھەج ۋە تاۋاپ

تاجىكلاردا ھەج - تاۋاپ قىلىش ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى ، مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىش ، يەنە بىرى ، ھازىر ئىمامنى تاۋاپ قىلىش ، ئۇنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈش ، ئۇنىڭدىن پەرمان ئېلىش . مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرز جۈملىسىدىن ھېسابلىنىپ ، «ھاجى» ھېسابلىنىدۇ . ئىسمائىلىيە پىرخانىسىغا بېرىپ ، ھازىر ئىمامنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن مۇبارەكى پەرمان ئېلىپ كېلىشمۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىش قاتارىدا ھېسابلىنىپ ، مۇشۇنداق قىلالىغان كىشى «ھاجى» دەپ ئاتىلىپ ، بەختلىك

كىشى ھېسابلىنىدۇ . ئادەتتە بۇ ئىككى خىل ھەج ـ تاۋاپ ئىچىدە ، ھەرەمگە بېرىپ بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشنى «زاھىرى ھەج » ، ھازىر ئىمامنى تاۋاپ قىلىشنى «باتىنى ھەج » دەپ قارايدۇ . ئەگەر ھەر ئىككى ھەجنى بەجا قىلالىسا ، بۇنداق كىشىلەر بۇ ئالەم ، ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان ھېسابلىنىپ ، خەلق ئىچىدە «ھاجى » لا ئەمەس ، بەلكى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ يۈكسەك ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ . ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى بۈرۈن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە بېرىپ ، ئىسمائىلىيە پىرخانىسىدا ئاغاخاننى تاۋاپ قىلاتتى . ئۇنىڭدىن مۇبارەكى پەرماننى ئېلىپ كېلەتتى .

## 6 . دىنىي سېلىق «سەركارى» ۋە «دەرۋىزە»

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە ئىككى خىل دىنىي سېلىق بار . ئۇنىڭ بىرى ، «سەركارى » ، يەنە بىرى ، «دەرۋىزە » دەپ ئاتىلىدۇ . «سەركارى » نىڭ تاجىك تىلىدىكى مەنىسى «چوڭ ئىشلار خىراجىتى » ياكى «باشلام ئىش خىراجىتى » دېگەندىن ئىبارەت . «سەركارى » بېرىش ھەربىر مۇرىتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ . ئادەتتە ھەربىر مۇرىت ئۆز كىرىمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى سەركارى قىلىش كېرەك . بۇ ئەمەلىيەتتە ئاللا يولىغا سەدىقە قىلىش جۈملىسىگە كىرىدۇ . سەركارىنى ھەر قايسى جايلاردىكى سەئىد ـ خوجىلار يىلدا بىر قېتىم ھەربىر ئائىلىگە بېرىپ ، پاتىھە ئوقۇپ ، مۇرىتلارنىڭ خۇدا ئىشى يولىدا قىلغان سەركارىنى يىغىپ توپلايدۇ . ئاندىن ئۇنى سان ـ سىپىرى بويىچە ئىمام تۆرۈشلۈق پىرخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . سەركارى قىلىنغان ماددىي بۇيۇملار ياكى پۇل ـ پۇچەكلەر ئومۇمەن دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ خىراجىتى قىلىنىدۇ . بىر قىسمى بولسا مەكتەپ ، دوختۇرخانا ، جامائەتخانا سېلىشقا ، يەنە بىر قىسمى بولسا يېتىم ـ

يېسىرلار ، مۇساپىر ، بىچارىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

«دەرۋىزە»مۇ بىر خىل دىنىي سىلىق بولۇپ ، ئۇ يەرلىك دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدۇ . ئۇنىمۇ ھەر قايسى جايلاردىكى سەئىد ـ خوجىلار يىغىپ ، مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ خىراجىتى قىلىپ ئىشلىتىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، سەركارى بىرقەدەر ئالىي دىنىي سېلىق بولۇپ ، ئۇ بىردەك ئىمامغا تاپشۇرۇلىدۇ . دەرۋىزە بولسا يەرلىك دىنىي سېلىق بولۇپ ، ئۇنى سەئىد ـ خوجىلار ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ . ئوخشىتىش قىلساق ، سەركارى دۆلەت بېجىغا ، دەرۋىزە يەرلىك باجغا باراۋەر كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئوخشىماسلىقتىن ، ھەربىر ئائىلە ھوشۇر ـ زاكات قىلغاندا ، ئۆزى تاپشۇرغان سېلىقنىڭ «سەركارى» ياكى «دەرۋىزە» ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك . سەئىد ـ خوجىلارمۇ ئايرىم ـ ئايرىم تىزىملاش ئېلىپ بارىدۇ . ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ، ئارا يولدا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك ، سەئىد ـ خوجىلارمۇ بۇ ئىككى خىل دىنىي سېلىقنى يىغقاندا ، ئارىلىشىپ كېتىشىدىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ .

## 7 . تاجىكلاردا مازار تاۋاپچىلىقى

مازار تاۋاپچىلىقى ئىسمائىلىيە مەزھىپى پائالىيەتلىرىدە مۇھىم بىر دىنىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ . ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان ، ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئۆز مەزھىپى تارىخىدىكى مەشھۇر پائالىيەتچىلەرنى ئەسلەش ـ خاتىرىلەش ئۈچۈن ، ئۇلارغا ئاتاپ مازارلارنى بىنا قىلغان ھەم بۇ مازارلارنى «مۇقەددەس زىيارەتگاھ» قىلىپ ، ئۇلارنى قەرەللىك تاۋاپ قىلىدىغان جايغا ئايلاندۇرغان . تاشقورغان رايونىدا نېمە كۆپ دېسە ، بىرى تاغ كۆپ ، بىرى مازار

كۆپ . بۇ مازارلارنىڭ بىر قىسمى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئاخىرەتگاھلىرى بولسا ، بىر قىسىملىرى ئۇلۇغلار قەدەمگاھلىرى . بۇلار توغرۇلۇق تاجىكلار ئارىسىدا رەڭگارەڭ ، قىزىقارلىق ھېكايە ـ رىۋايەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە . تاشقورغان رايونىدىكى مازارلاردىن مازار قويچىلىق فېرمىسىدىكى سەئىد ھەسەن مازىرى ۋە رىشدي يېزا قوزغۇن كەنتىدىكى ئەمىر بىننى ئەمزە مازىرى ، تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى شاھ ئەۋلىيا مازىرى ، بەلدىر يېزىسى شىندې كەنتىدىكى ئۆمەر مەئىدى كەرب مازىرى ، تىزناپ يېزىسىدىكى تال مازار ، لەڭگەر مازىرى ، سەۋزى پۇشت مازىرى ، سەفىد شتۇر مازىرى ، چىلتەن مازىرى ، داتۇڭ يېزىسىدىكى بەمافىلى ۋەلى مازىرى ۋە بەمافىلى مۇجەررە مازىرى قاتارلىقلار بار .

تاجىكلاردا مازار تاۋاپچىلىقى ئىككى خىل بولىدۇ . بىر خىلى تاشقورغاننىڭ زەرەپشان دەرياسى ساھىلىدىكى بەمافىلى ۋەلى ۋە بەمافىلى مۇجەررە مازىرىدىكى شەيخلەر بۇ مازارلاردىكى «تۇغ شەددە» نى كۆتۈرۈپ يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىدۇ . ئۇلار قەيەرگە بارسا ، شۇ يەردىكى خەلقلەر «تۇغ شەددە» نى تاۋاپ قىلىپ ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەدىقە قىلىدۇ . بۇ ئۆز جايىدا تاۋاپ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ . يەنە بىرى ، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئېغىرراق ئاغرىق ـ سىلاق كۆرۈلسە ياكى كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەت يۈز بەرسە ، شۇ ئائىلە مال سويۇپ ، يېقىن ئەتراپتىكى مازارلىققا بېرىپ ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ، كەلگەن بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىدۇ . بۇ خىل تاۋاپنىڭ ۋاقتى قەرەلسىز بولىدۇ . بۇلاردىن باشقا ، كىشىلەر سەپەردە مازارلاردىن ئۆتكەندە ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ، پۇل ـ پۇچەك ياكى قەنت ـ گېزەك چىقىرىپ سەدىقە قىلىدۇ ۋە باشقىلار .

## 8 . تاجىكلارنىڭ ئېتىقادىدىكى پەرز ۋە پەرھىزلەر

دىنىي ئېتىقاد ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇنلار تۈپەيلىدىن ، تاجىكلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، تۇرار جاي ، سەپەر ـ مەنزىل ، مېھماندارچىلىق ، كۆرۈشۈش ، سالاملىشىش ، خوشلىشىش ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ، نەزىر ـ چىراغ ، ھېيت ـ ئايەم ، ئائىلە ـ نىكاھ ، بالا تەربىيىلەش ، مىراس تەقسىماتى ، دوست تۇتۇش ، باردى ـ كەلدى ، ئېلىم ـ بېرىم ۋە باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا بىر مۇنچە پەرز ۋە پەرھىزلەر شەكىللىنىپ ، بۇلار بىر خىل ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلمەكتە .

1 . ئاتا ـ ئانا ئېخى ھايات مەزگىللەردە ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىشى مەنئىي قىلىنغان . چۈنكى پەرزەنت بولغۇچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك بۇرچى — ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش ، ئاسراش ، ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش . كىمكى بۇ بۇرچنى ئادا قىلمىسا ، «بىۋاپا بالا» نامىغا قېلىپ ، خەلقنىڭ لەنەت ـ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ .

2 . بالا 7 ~ 8 ياشلارغا كىرگەندە ، سۈننىتىنى قىلىش ، بالاغەتكە يەتكەندە ، توينى قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇرچى ، پەرزى ۋە قەرزى ھېسابلىنىدۇ .

3 . يېتىم ـ يېسىر ۋە غېرىب ـ بىچارىلەرنىڭ ھەققىنى يېيىش چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىش ، پەرز جۈملىسىگە كىرىدۇ .

4 . زىناخورلۇق ئومۇمەن گۇناھتۇر . بولۇپمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قۇدا ـ باجا ، دوست ـ يارانلار ئارىسىدا زىنا قىلىش بەتنىيەتلىك ۋە قارا يۈزلۈك ھېسابلىنىپ ، ھەممە ئادەم ئۇنداق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ .

5 . بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن بالىلارنىڭ ، ھەتتا يات ئادەمنىڭ بالىلىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن بولسا (ئېمىلداش بولسا ) ، ئۇلار ئوخشاشلا قېرىنداشلار ھېسابلىنىپ ، ئۇلارنى چېتىپ ، تويىنى قىلىشقا بولمايدۇ .

6 . ھېيت ـ ئايەم ۋە ئۆلۈم نامازلىرىغا ئايال ـ قىزلارنىڭ قاتنىشىشى مەنئىي قىلىنىدۇ .

7 . ئايال ـ قىزلارنىڭ چېچىنى چۇۋۇۋالغان ھالەتتىكى يۈرۈش ـ تۇرۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ .

8 . قىبلە تەرەپكە قاراپ يېتىشقا ، ئۇخلاشقا بولمايدۇ . پەقەت ئادەم ئۆلگەن چاغدىلا يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ يەرلىككە قويۇشقا بولىدۇ .

9 . تاجىك ئەقىدىلىرىدە ، چارشەنبە كۈنى دۇنيا بىنا بولغان كۈن دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ، چارشەنبە كۈنى تۇپراققا تېگىش (چېقىلىش ) مەنئىي قىلىنغان . ئۆلگۈچىنى بۇ كۈنى يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ ، چارشەنبە كۈنى يەنە كىر ـ قات يۇيۇشقا ، چاچ يۇيۇشقا ، قولۇم ـ قوشنىلار ئارا سۈت ، تۇز ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقا بولمايدۇ .

10 . جۈمە كۈنى يەرلىككە قويۇلغان كىشى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ . ئادەتتە بۇ كۈن باقىي دۇنيا سەپەر كۈنى دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا جۈمە كۈنى سەپەرگە چىقىشقا ، ئۆي كۆچۈشكە بولمايدۇ .

11 . سەپەرگە چىققۇچى كىشى ماڭغاندا ، مېھمان تېخى قوزغالمىغاندا ، ئۆيىنى تازىلاشقا ، چاڭ ـ توزان چىقىرىشقا بولمايدۇ . ئەگەر شۇنداق قىلىنسا ، يامانلىق تىلەش ھېسابلىنىدۇ .

12 . تۇز تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ پاك ، ئەڭ ساپ نەرسە ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، تۇزنى دەسسەشكە ، تۇز ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشقا ، تۇزنى خارلاشقا بولمايدۇ . كىم تۇزنى

خارلىسا ، كۆزى كور بولىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ .

13 . ئۆرە تۇرۇپ ھاجەت قىلىش ، ئۆرە تۇرۇپ غىزالىنىشمۇ يامان ھەرىكەت ، بەتقىلىق دەپ قارىلىدۇ .

14 . يالاڭ ئاياغ قازان بېشىغا چىقىش بىشەملىك بولىدۇ . يالاڭ ئاياق قازان بېشىغا چىققاندا ، نازۇ نېمەت ھارام بولىدۇ .

15 . ئاتنىڭ كۆچى ھالال ، شۇڭا تاجىكلار ئاتنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ ، قېمىزىنى ئىچمەيدۇ .

16 . بوغۇزلىمىغان ھالال مالنىڭ گۆشىمۇ ھارام ـ مەكروھ گۆش ھېسابلىنىپ ، گۆشنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ .

17 . تاجىكلارنىڭ قارىشىدا ، كۆشىگۆچى ھايۋانلار ھالال ، كۆشىمىگۆچى ھايۋانلار ھارام ھېسابلىنىپ ، كۆشىگۆچى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگۈلۈك ، كۆشىمىگۆچى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك .

18 . تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ، ئادەم ئۆلتۈرۈش كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ . قان قەرزى بۇ دۇنيا ، ئۇ دۇنيا تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭ قەرز دەپ قارىلىدۇ .

19 . «سەركارى» بىلەن «دەرۋىزە» دىن ئىبارەت ئىككى خىل دىنىي سېلىقنى تاپشۇرۇش پەرز جۇملىسىگە كىرسە ، تاپشۇرماسلىق گۇناھ دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە باشقىلار .

## 9 . تاجىكلاردا دىنىي خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ رولى

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي خادىملىرى بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى ، خىزمىتى ۋە ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ . «ئىمام» دىنىي داھىيلارغا قارىتىلىدۇ . ئادەتتە ئىمام جەزمەن ھەزرىتى ئەلى نەسەبىدىن بولىدۇ ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدە ھەزرىتى ئەلىدىن باشلاپ ھازىرقى ئاغاخان كەرىم ھۈسەيىنگە قەدەر جەمئىي 49 ئىمام بار . ئۇلار خەلق ئىچىدە

«هايات ئىگەم» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. «مۇكى» بىر خىل ئالىي دىنىي ئۇنۋان ياكى دىنىي هوقۇق بولۇپ، ئۇنى هازىر ئىمام بېرىدۇ ياكى تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدا مۇرىت قوبۇل قىلىش هوقۇقى، دىنىي ئىئانە يىغىش هوقۇقى، ئىمامنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش هوقۇقى بولىدۇ. بارلىق مۇرىتلار «مۇكى»نى «پىر» دەپ هۆرمەتلەيدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سەئىد مەۋلا بەخش، سەئىد ئاسىق دىنشاھ، سەئىد ياقۇتشاھ، سەئىد ئەبۇ سەئىدخان، خان ئېيشان قاتارلىق بىر قانچە كىشى ئاغاخان تەرىپىدىن «مۇكى» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا، سەئىدلەر، خوجىلار، ئەلەملەر، خەلىپىلەر، قازىلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئاساسەن تۇرلۇك دىنىي پائالىيەتلەر، هېيت - ئايەم نامازلىرى، نىكاھ، نەزىر - چىراغ نامازلىرىنى ئۆتەيدۇ ۋە مۇناسىپ سەدىقىغە ئېرىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىدا يەنە بومباي، شىنگان دۆلدۆلى، ئاغاخان قەدەمگاهى، قوغۇشلۇق، گېلگىت بۇلىقى قاتارلىق مۇقەددەس جايلار؛ هەزرىتى ئەلىدىن تارتىپ تا هازىرقى دەۋرگە قەدەر مەيدانغا كەلگەن مەشهۇر شەخسلەر؛ «قۇرئان كەرىم»، رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف»، ناسىر خىسرەۋنىڭ «سەفەرنامە»، «نىكاهنامە»، «تەكبىرى چىراغنامە» ئەسەرلىرى قاتارلىق دەستۇرلەر؛ دىنىي هېيت - ئايەملەردىن قۇربان هېيتى، روزى هېيتى قاتارلىقلار؛ ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالايدىغان دىن داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن «دۇئالىق سۇ»، «دۇئالىق ئىسرىق»، «دۇئالىق تۇمار» قاتارلىقلار بار.

ئومۇمەن، تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنى ۋە شەكلى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، دىن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ هەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈردۇر، ئەلۋەتتە.

# VII باب　ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت - ئايەملەر

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ، تاجىكلار ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتىغا ماس قويۇق مىللىي تۇسكە ئىگە بىر قاتار ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى ياراتقان . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت - ئايەملىرى يەنە شۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلار ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ .

## § 1 . قۇربان ھېيت

قۇربان ھېيت ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيتى بولۇپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ .

تاجىكلارنىڭ قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى ئۇيغۇر ، ئۆزبېك قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بىلەن ھەم ئوخشايدۇ ، ھەم پەرقلىنىدۇ . ئوخشاشلىقى ، تاجىكلارمۇ قۇربان ھېيتنىڭ پەيدا بولۇش رىۋايىتى ، مەركىزىي ئىدىيىسى ، نامىزى ، ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال (قوي ، كالا ) جەھەتلەردە ئۇيغۇر ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىردەك ؛ پەرقى ، تاجىكلار قۇربان ھېيتنى مىللىيچە تۈس — ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىدا ئۆتكۈزىدۇ . تاجىكلار قۇربان ھېيتنىڭ قىسمەن تەييارلىقلىرىنى بىر يىل بۇرۇنلا باشلايدۇ . ھەربىر ئائىلە

قوي تۆللەش مەزگىلىدىلا تۆللەر ئىچىدىن ئاق، قارا كۆزلۈك قوزىنى تاللاپ ۋە بەلگە سېلىپ، قۇربان ھېيتقا ئاتاپ قويىدۇ. قۇربان ھېيتى يېتىپ كەلگەندە، شۇ قوزا قۇربانلىق قىلىنىدۇ. قۇربانلىق قوي سويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىرايلىق بويىلىدۇ. ئاندىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىرىلىپ سويۇلىدۇ. ئۇنىڭ قېنىدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ پېشانە ۋە مەڭزىلىرى كۆركەم بېزىلىدۇ. قوي گۆشى تولۇق گەۋدىسى بىلەن ئەينەن پىشۇرۇلۇپ، ئاندىن تاجىكلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى «جامائەتخانا»غا ئېلىپ بېرىلىپ، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش خادىملىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. قۇربان ھېيت نامىزىدىن كېيىن، كىشىلەر رەتلىك ئولتۇرۇپ داستىخان سېلىنىدۇ. جامائەت قۇربانلىق قىلغان گۆش بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىپ، دەرقەمدە غىزالىنىدۇ. كىشىلەر گۆش يېگەچ، بىر يىلدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىدۇ. كەلگۈسى ئارزۇ ـ ئارمانلار ئۇستىدە خۇشال ـ خۇرام تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. غىزادىن كېيىن، كىشىلەر تارقىلىپ، توپ ـ توپ بولۇپ بىر ـ بىرىنى ھېيتلاپ مۇبارەكلەيدۇ. ئادەت بويىچە، ئايال ـ قىزلار بىر قانچە كۈنگىچە قوللىرىغا يىپ ـ يىڭنە ئالمايدۇ، يىپ ئېگىرمەيدۇ. يىراق تاغلىق يايلاقلاردا ئادەتتە جامائەتخانا بولمايدۇ. چارۋىچىلار ئۆزلىرى كېلىشكەن يەرگە توپلىشىپ، قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ، قۇربانلىق گۆشنى بىرلىكتە يەيدۇ.

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ھەربىر ئائىلە مال سويۇپ ياكى ئاش ئېتىپ، ئۇنى قەبرىگە ئېلىپ چىقىپ، ۋاپات بولغانلارنىڭ ئەرۋاھىغا سەدىقە قىلىدۇ.

## § 2 . مۇبارەكى رامىزان

روزى ھېيت تاجىكلارنىڭ كالېندارىدا بار مۇھىم دىنىي ھېيتلارنىڭ بىرى . رامىزان ھېيتى «روزا ھېيت » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .بۇ رامىزان ئېيىدا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن «مۇبارەكى رامىزان » نامى بىلەن كۆپرەك ئېيتىلىدۇ . قائىدە بويىچە ، تاجىكلار روزا ھېيت نامىزىنى ئۆتەيدۇ ، ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ . ئەمما ، روزا تۇتمايدۇ . تاجىكلارنىڭ قارىشىچە ، روزا تۇتۇش — گۇناھ يۇيۇشتۇر . بۇ خىل قاراشنىڭ يەشمىسى ھەر خىل . لېكىن ئەڭ مۇھىمى روزا تۇتۇش - تۇتماسلىق ئىسلام دىنىدىكى سۇننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ، ئاساسلىقى ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئىدىيىۋى ئىختىلاپلاردىن پەيدا بولغان نەرسىدەك قىلىدۇ . تاجىكلار شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتمايدۇ . «روزا تۇتۇش » نىڭ تاجىك تىلىدىكى مەنىسى «كۈننى تۇتۇش » ياكى «كۈننى قوغلاش » ، يەنى بىر كۈننى قانداق كەچ قىلىش بىلەن 40 كۈننى قانداق تۈگىتىشتىن ئىبارەت .

## § 3 . مۇبارەكى شاۋگۇن باھار

«شاۋگۇن باھار » تاجىك تىلىدا «باھارنى كۈتۈۋېلىش » دېگەننى بىلدۈرىدۇ . بۇ ھېيت تاجىك تىلىدا يەنە «نەۋرۇز ئايىمى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئادەتتە «سالى نەۋ ، ماھى نەۋ ، روزى نەۋ » دەپ ئايەم باشلىنىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى «يېڭى يىل ، يېڭى ئاي ، يېڭى كۈن » دېگەندىن ئىبارەت . شاۋگۇن باھار ئايىمىنى يېڭى يىلنىڭ

تۇنجى كۈنى دەپ شەرھلەشكىنىمۇ بولىدۇ . «شاۋگۇن باھار» بىلەن «نوۋرۇز بايرىمى» ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا يەنە «چېد چەدىر» (ئۆي تازىلىق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ ھېيتنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ، تاجىكلارنىڭ باھار بايرىمىدۇر .

«شاۋگۇن باھار ھېيتى» نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىگە كەلسەك ، ئۇ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ .

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىر قانچە ئون ئەسىر ئىلگىرى ، دىن تېخى رەسمىي شەكىللەنمىگەن ، ئىنسانلار ئومۇمىيۈزلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنىدىغان دەۋردە ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . چارۋىچىلىقتىكى يايلاقلارنىڭ پەسىل خاراكتېرىگە ئاساسەن ، ئۇلار بىر يىلنى كۆكلەم پەسلى ۋە زىمىستان پەسلى دەپ ئىككىگە ئايرىغان . بۇلار كۆكلەم پەسلىنى يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا «نەۋرۇز» دەپ ئات قويغان . ھەر قېتىم كۆكلەمگە كۆچۈشتىن بۇرۇن «نەۋرۇز» تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزگەن . ئاندىن ئۇلار ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ ، يايلاقمۇ يايلاق كۆچۈپ يۈرۈپ ، چارۋا مال باققان . قىشلاقلىرى بولسا مۇقىم بولغاچقا ، ھەرقايسى قەبىلىلەر كۆكلەم پەسلى ئاياغلاشقاندا ، ئۆزىنىڭ مۇقىم قىشلاقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن . بۇ چاغدا ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ نەزىر - چىراغ قىلىپ ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت ۋە خەير - سەدىقە قىلغان . بۇ خىل تەنتەنىنى ئۇلار «مېھرى گەنج» (ھوسۇل ئايىمى) ھېيتى دەپ ئاتىغان . شۇنداق قىلىپ ، قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئارىسىدا كۆكلەم مەۋسۇمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «نەۋرۇز بايرىمى» بىلەن قىشلاققا كۆچۈش مەزگىلىدە

ئۆتكۈزۈلىدىغان «مېھرى گەنج بايرىمى» شەكىللەنگەن .
ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە كەلگەندە ، ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ، كىشىلەرنىڭ پەسىل قارىشىدا تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ ، «نەۋرۇز بايرىمى» شەمسىيە كالېندارى بويىچە ھەريىلى ئەتىيازدا كۈن بىلەن تۈن تەڭلىشىدىغان كۈنى (ئادەتتە مىلادىيە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى .
«شاۋگۇن باھار» ياكى «نەۋرۇز بايرىمى» نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تاجىكلار ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەرمۇ ھازىرغىچە ساقلانماقتا :
تاجىكلار ئۇلۇغ ئەپسانىۋى شاھى جەمشىد مەشرىقتىن ـ مەغرىپقىچە سەلتەنەت سۈرگەن كۈنلەردە ، ئۇ تۈنجى شارابنى ئىجاد قىلغان ؛ تۈنجى نەۋرۇزنى ئىجاد قىلغان . رىۋايەتتە تەسۋىرلىنىشىچە ، شاھى جەمشىد نەۋرۇز كۈنى تەختكە ئولتۇرۇپ ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «بەزمى جەمشىد» ناملىق شاھانە زىياپەت بەرگەنىكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بۇ كۈن ھەر يىلى خاتىرىلىنىپ ، ئەنئەنە قىلىنىدىغان ئەنئەنىگە ئايلانغانىكەن . ھازىرقى نەۋرۇز ئەنە شۇ ئەنئەنىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىكەن .
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 559 ـ يىلىدىن 330 ـ يىلىغىچە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا 230 يىل سەلتەنەت سۈرگەن بۈيۈك ئەھمېنلار خاندانلىقى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ) دەۋرىدە رەسمىي يىل قۇياش قوزا (ھەمەل ) بۇرچى دائىرىسىگە كىرگەن ۋاقىت نەۋرۇز بىلەن باشلىناتتى . ئۇ چاغلاردا خەلقلەر يازلىق يىغىم ۋاقتىنى مۇشۇ ۋاقىتقا توغرىلاپ ، داغدۇغا پەيدا قىلاتتى . بۇ خىل داغدۇغا ھەريىلى داۋاملىشىپ ، تەدرىجىي «نەۋرۇز ھېيت»نى شەكىللەندۈرگەن .
تاجىكلار ئارىسىدىكى جەمشىد توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بىلەن «ئالۋاستى ۋە زەھھاك» ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە ، زالىم شاھ زەھھاك ئەنكىرە ماھىنو (زۇلمەت ئىلاھى ) نىڭ كۆرسەتمىسى

بويىچە ، ھەركۈنى ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى سوغۇرۇۋېلىپ ، ئۆز مۇھۇرىسىدىن چىققان ئىككى زەھەرلىك يىلانغا بېرىپتۇ . ئادەملەر قىرىلىشقا باشلىنىپتۇ . تۆمۈرچى كوۋانىڭ 18 ئوغلى بولۇپ ، ئۇ 17 ئوغلىنى زاھھاكقا بېرىپ ، 18 ـ ئوغلىنى ئۆتۈنۈپ سورىغاندا ، زاھھاك ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن كوۋا پەرتۇقىنى تۇغ قىلىپ ، خەلقنى باشلاپ ، زاھھاك ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئۇنى يوقىتىپتۇ . ئۇنىڭ ئورنىدا جەمشىد پۇشتىدىن بولغان فەرىدۇن ئىسىملىك كىشى تەختكە چىقىپ ، ئالۋاستىلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ ، خەلققە بەخت ـ سائادەت ۋە ئاسايىشلىق يارىتىپتۇ . ئېيتىشلارچە ، كوۋانىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ، زەھھاكنى يوقاتقان كۈنى دەل نەۋرۇز كۈنى ئىكەن . كېيىن بۇ ئۇلۇغ كۈن ھەر يىلى خاتىرىلىنىپ ، ئاخىر سەلتەنەتلىك نەۋرۇز بايرىمىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن .

تاجىكلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەلىپەرەسلەر مەزھىپى شىئە — ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ سۈپەتلىرىنى ، جەڭ پائالىيەتلىرىنى ، ئۇنىڭ دۇلدۇل ئاتلىق ئېتىنى ، زۇلپىقار ئىسىملىك قىلىچىنى ، قەمبەر ئاتلىق غۇلامىنى ، ئۇنىڭ مېھرىبان ئايالى ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆيۈملۈك قىزى پاتىمە ئانىنى ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئىمامى ھەسەن ۋە ئىمامى ھۈسەيىننى مەدھىيىلەپ توقۇپ چىققان ھېكايىلەر ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كوللىياتىسىنى شەكىللەندۈرگەن . ئاشۇ ھېكايىلەر ئىچىدە نەۋرۇز بايرىمىمۇ ھەزرىتى ئەلىگە باغلانغان .

ھېكايە قىلىنىشىچە ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا ، تۇغۇت ئاغرىقى باشلىنىپ ، ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا ھەزرىتى ئەلىنى تۇغقان . بۇ مىلادىيە 695 ـ يىلى

نەۋرۇز كۈنى ئىدى .

يەنە بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە ، ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى پاتىمە ئانا بىلەن توي قىلغان . ئىمامى ھەسەن بىلەن ئىمامى ھۈسەيىن ئەلى بىلەن پاتىمە ئانىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

يۇقىرىدىكى تارىخ ۋە ھېكايىلەردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى ، «شاۋگۈن باھار» (ياكى نوۋرۇز بايرىمى) تاجىكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيتى بولۇپ ، كېيىن تەدرىجىي كېڭەيگەن .

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «شاۋگۈن باھار» قىش ئۆتۈپ باھار كەلگەن ، قىشچە ئۇيقۇدا ياتقان زېمىن ھوشىغا كېلىپ ، گۈل - چېچەكلەر بىخلىنىشقا باشلىغان ، ھاياتلىقلار يېڭى پائالىيەتلەرنى باشلىغان ، يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ گۈزەل ، بەختلىك ئارزۇ - ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇقەددىمە كۈنلىرى ھېسابلىنىپ ، مىلادىيە ھېسابى بويىچە 3 - ئايدا كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ھەممە ئائىلىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تازىلايدۇ . قىشچە يىغىلغان ئەخلەت - چاۋارلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ . ئاندىن ئۆينىڭ تاملىرىغا سىمۋوللۇق گۈللەرنى چىقىرىپ ۋە ئۇن سېپىپ ، بەخت - سائادەت تىلەيدۇ . ھېيتلىق ھەرخىل تائاملار تەييارلىنىدۇ . ھەربىر ئائىلە چوقۇم بىردىن چوڭ ھېيتلىق كۆمەچ نانىنى پىشۇرۇپ ھازىرلايدۇ .

رەسمىي ھېيت كۈنى كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان «شاۋگۈنى» (بىر توپ كىشىنى باشلاپ ، ئۆيمۇ ئۆي ھېيتلىغۇچى كىشى ياكى ھېيت باشلىغۇچىسى) نىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ : «مۇبارەكى شاۋگۈن باھار» دەپ يېڭى باھارنى

تەبرىكلەيدۇ . خانەساھىب (ئۆي ئىگىسى ) «بەرۇيى شۇما» (دىگىنىڭىز دەك بولغاي ) دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەم ئالدى بىلەن شاۋگۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇرىسىگە ئۇن چېچىپ ، بەخت تىلەيدۇ ھەم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ . چۈنكى تاجىكلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ، ئۇن ئەڭ پاك ـ ساپ بولۇپ ، ئۇ بەخت ۋە شادلىقنىڭ سىمۋولى . ئادەت بويىچە ، شاۋگۇنى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ھېيتلىق چوڭ كۆمەچنى ئۆز قولى بىلەن پارچىلايدۇ ۋە بىر توغرامنى بىسمىللا دەپ ئاغزىغا سالىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تائاملارغا ئېغىز تېگىدۇ . ئاياللار ھېيت كۈنى ئۆيدە مېھمان كۈتۈۋالىدۇ . باللار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە چىقىپ ھېيتلايدۇ . قىز ـ كېلىنلەر شۇ كۈنى ئاتا ـ ئانىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلىق توقاچ ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى مۇبارەكلەيدۇ . ھېيت ئۈچ كۈن داۋام قىلىدۇ .

«شاۋگۇن باھار» ياكى «نەۋرۇز بايرىمى» ۋە ياكى «چېد چەدىر ھېيتى» نىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭدا دىنىي تۈسنى ئالغان پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ . بۇ ھېيتتا ئادەم ئۆزىنى بىر قەدەر ئەركىن ھېس قىلىدۇ .

ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ، نەۋباھار يېڭى ھاياتنىڭ سىمۋولى ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مېھىر ـ شەپقىتى . شۇڭا ، ئىنسانلار ئەڭ گۈزەل ، تەسىرلىك مىسرالار ئارقىلىق نەۋباھارنى ئۇلۇغلايدۇ ، كۈيلەيدۇ . تاجىك «شاۋگۇن باھار» ھېيتىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە !

تاجىكلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھايات پائالىيىتى داۋامىدا تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن «شاۋگۇن باھار» بايرىمى ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى ۋە رەڭگارەڭ شەكلى بىلەن تاجىكلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ .

## 4 § . پىلىك ھېيت

«پىلىك ھېيت» مۇ تاجىكلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ھېيتى بولۇپ، ناھايىتى دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ھېيت ھىجرىيە بارات ئېيىنىڭ 41 ـ ، 51 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقتىن، ۋاقىت ئۇقۇمى جەھەتتىن «بارات ھېيت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لېكىن «پىلىك ھېيت» دېيىش ئۇنىڭ ماددىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

پىلىك ھېيت ئىككى كۈن داۋام قىلىدۇ. بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى «ئۆي پىلىكى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئالدى بىلەن قۇرۇق قوراي ياكى ئىنچىكە قۇرۇق تالغا مايلانغان پاختىنى يۆگەپ، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ھايات كىشىلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئىككى تالدىن نۆكچە ياسىلىدۇ. ئاندىن بىر چوڭ داسقا لىقمۇلىق قۇم ئېلىپ، نۆكچىلەر قۇمنىڭ ئۈستىگە قاتار تىكلىنىدۇ. ئاخشىمى ھەممە ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا بىر يەرگە جەم بولۇپ، نۆكچە تىكلەنگەن داسنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. «ئۆي پىلىكى» رىياسەتچىسى ئالدى بىلەن دۇئا ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى يوقلىما قىلىدۇ. كەينىدىنلا نۆكچىلەرنى يېقىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئاللاتائالادىن بەخت تىلەيدۇ. ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىكلەر يېنىۋاتقان نۆكچىلەرگە قاراپ، ئۆزئارا ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. بىر ـ بىرىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. «ئۆي پىلىكى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېيتلىق تائاملار كەلتۈرۈلىدۇ. ئەتىسى كۈندۈزى كىشىلەر بىر ـ بىرىنى ھېيتلاپ مۇبارەكلەيدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى «قەبرە پىلىكى»

ئۆتكۈزۈلىدۇ . ھەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ئەجدادلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ مال سويۇپ ياكى ھەرخىل تائاملارنى ھازىرلاپ ، كەچتە ئۇنى تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئەرۋاھلار ھەققىدە سەدىقە قىلىدۇ . «قەبرە پىلىكى» يېقىلغاندىن كېيىن ، كىشىلەر زوڭ ئولتۇرۇپ : «ئەجدادلار ، بۇ دۇنيادىكى ئۇلۇغ تۆھپەڭلەرنى ، ئۇ دۇنيادىكى بۈيۈك ئەرۋاھىڭلارنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمايمىز ، خاتىرجەم يېتىڭلار ، بىز ۋەسىيىتىڭلارنى يەردە قويمايمىز ، ئەرۋاھىڭلار بىزگە مەدەت بەرگەي» دەپ دۇئا قىلىشىدۇ . ئاندىن كىشىلەر رەتلىك ئولتۇرۇپ ، قەبرە بېشىغا ئېلىپ چىققان تائاملارغا ئېغىز تېگىدۇ .

«قەبرە پىلىكى» دىن كېيىن ، ھەربىر ئائىلە ئۆگزىلىرىگە چىقىپ مەشئەل يېقىپ ، خۇدادىن «ياخشىلىق» تىلەيدۇ . ئۆسمۈر باللار تالادا گۈلخان يېقىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا رەڭگارەڭ قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ . مۇشۇ چاغدىكى پامىر ئاسمىنى بەئەينى كۈندۈز كەبى تۇسكە كىرىدۇ .

«پىلىك ھېيت» نىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوتنى ئۇلۇغلاش ، ئوتقا چوقۇنۇش ۋە ئوت ئارقىلىق بەخت تىلەشتىن ئىبارەت .

مەلۇمكى ، ئوتقا چوقۇنۇش ، ئوتقا سېغىنىش ئىسلامىيەتتىكى ئىش بولماستىن ، بەلكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى . زەردۇشتىزمنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دا ئوت بىر قاتار ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلىگۈچى سىمۋول سۈپىتىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن .

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، تاجىكلارنىڭ «پىلىك ھېيت» ئادەتلىرى ماھىيەتتە زورو ئاستىرىزمنىڭ تاجىكلار ھاياتىدىكى ساقىندىسىدۇر . بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋالمۇ ئەمەس . ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئەھمىيەتلار سۇلالىسى (پېرسىيە

ئىمپېرىيىسى ) دەۋرىدە تاجىكلار ئەجدادى بولغان زەردۇشت (ياۋروپالىقلار زوروئاستىرو دەپ ئاتايدۇ ) دېگەن كىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى باكتېرىيە (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ ) دېگەن جايدا ئوت ئىلاهىغا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ئىجاد قىلغان . ئۇ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋە بۇ ئىككى قارىمۇقارشى قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان يورۇقلۇق ئىلاهى ئاهۇرا مازدا بىلەن زۇلمەت ئىلاهى ئەنكىر ئەماھىنو ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتە ئۆز تەلىماتىنى بايان قىلىدۇ . ئۇ ئوتنى يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ سۈپەتلەيدۇ . تاجىكلار تاكى ئىسلام دىنى تاجىكلار ئارىسىغا كىرگەنگە قەدەر ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان . ئىسلام دىنىنىمۇ ئەرەبلەردىن ئۆز پېتىچە ئەمەس ، بەلكى ئۇنى ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بىلەن يۇغۇرۇپ ، ئاندىن قوبۇل قىلغان . بەزى ئالىملار ، مىسالى ، تۈركشۇناس ۋ .ۋ . بارتولد «تاجىك» دېگەن نامنىمۇ ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ، دېگەن . تاشقورغاندا نۇرغۇن جايدا ئاتەش دىنىنىڭ ئىزنالىرى تېپىلىدۇ .

ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ تاجىكلار ئارىسىدىكى قالدۇق تەسىرى پىلىك هېيتىلا ئەمەس ، تۇرمۇشنىڭ باشقا ساهەلىرىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇچرايدۇ . مىسالغا ئالساق ، ئاي ۋە كۈن تۇتۇلغاندا گۈلخان يېقىش ، بالا ئەمدىلا تۇغۇلغاندا ، ئىشىك بوسۇغىسىدا ئىسرىق سېلىش ، چارۋىچىلار يايلاقتىن يايلاققا كۆچكەندە ئېغىل ـ قوتان ئەتراپىغا ئىسرىق سېلىش ، ئاغرىق ـ بىمارلارغا ئوت ئارقىلىق دۇئا ـ دەستۇر قىلىش ، ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى قەبرىسى ئەتراپىغا چىراغ يېقىش قاتارلىقلار .

شۇڭا ، تاجىكلارنىڭ «پىلىك هېيتى» تاجىكلارنىڭ

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دىنىي ئېتىقادىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول تەييار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

## 5 § . زۇۋۇر ھېيت

«زۇۋۇر ھېيت» تاجىك تىلىدا «سۇ باشلاش ھېيتى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ . بۇ ھېيت ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ھېيتى بولۇپ ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن پامىرنىڭ رېئال جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن تاجىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ بۇ مۇھىتقا ماس ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . تاشقورغان رايونىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ، ئاھالىسى شالاڭ ، قىش كۈنلىرى جىرا ـ بۇلاق سۇلىرى قېتىپ مۇزلىنىدۇ . ئەتىياز يېتىپ كەلگەندە بۇ مۇزلارنى چوقۇپ ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ كېلىپ ، تېرىلغۇنى باشلاشقا توغرا كېلىدۇ . يەككە مۇلۇكچىلىك دەۋرىدە ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا بېرىپ سۇنى باشلاپ كېلىپ ، تېرىلغۇسىنى باشلىشى خېلىلا تەسكە توختايتتى . شۇڭا كەنتتىكى بارلىق كىشىلەر تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بىرلىكتە جەڭگە ئاتلىنىشقا توغرا كېلەتتى . زۇۋۇر ھېيت ئەنە شۇنداق رېئاللىق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ، ھېيت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بەزى تەييارلىقلار قىلىنىدۇ . يەنى ھەمەل ئېيى كىرىش بىلەن تەڭ ئاساسلىق ئۆستەڭلەرنىڭ مۇزلۇقلىرى ئۈستىدىن توپا چېچىلىدۇ (چۈنكى توپا مۇزنى تېز ئېرىتىدۇ) ، ھەرخىل سايمانلار تەييارلىنىدۇ . ئۈچ چوڭ ھېيتلىق كۆمەچ نان يېقىلىدۇ (بۇ نانلاردىن بىرى ئۆيدە قالىدۇ ، ئىككىسى سۇ باشلاش ئورنىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ) . رەسمىي ھېيت كۈنى كەنتتىكى كىشىلەر مىراب (تاجىك تىلىدا سۇ سۇلتانى دېگەننى بىلدۈرىدۇ) نىڭ

باشلامچىلىقىدا ئاتلىرىنى مىنىپ ، سۇ باشلىنىدىغان نۇقتىغا بېرىپ ، مۇز چوقۇپ ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش ئەمگىكىگە قاتنىشىدۇ . سۇ ئۆستەڭگە باشلانغاندىن كېيىن ، كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ ، ئېلىپ كەلگەن ھېيتلىق كۆمەچلىرىنى بىرلىكتە يەيدۇ . كىچىك باللار بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىپ ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىدۇ . ئاندىن كىشىلەر بىرلىكتە دۇئا قىلىپ ، ئاب ـ ھاۋانىڭ ئوبدان ماسلىشىشىنى ، شۇ يىلنىڭ مول ھوسۇل يىلى بولۇشىنى تىلەيدۇ . ئارقىدىنلا كىشىلەر ئات ـ ئارغىماقلىرىغا مىنىپ ، سۇ باشلاش ھېيتىنى تەبرىكلەپ ، داغدۇغىلىق ئوغلاق تارتىشىش ، بەيگە مۇسابىقىسىنى ئېلىپ بارىدۇ . پۈتۈن كەنت شاد ـ خۇراملىققا چۆمىدۇ .

ھېيتتىن كېيىن تېرىلغۇ باشلىنىدۇ . بۇ ھېيت بىر مەزگىل كونىلىق ، ئىسراپچىلىق دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى . يېقىنقى يىللاردا مەئىشەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ، يەنە ئەسلىگە كېلىپ ، بىرئاز ئىسلاھ قىلىنىپ ، قىسمەن مەزمۇنلىرى يېڭىلاندى ۋە تولۇقلاندى . دەۋر روھىغا ئانچە مۇناسىپ بولمىغان قىسمەن مەزمۇن ۋە شەكىللىرى چىقىرىۋېتىلدى .

## 6 § . تېغىم زۇۋاست ھېيتى

«تېغىم زۇۋاست» تاجىك تىلىدا «ئۇرۇق چېچىش» ياكى «تېرىلغۇنى باشلاش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا ئۇنى «تېرىلغۇ بايرىمى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ .

ۋاقىت جەھەتتە ، بۇ ھېيت «زۇۋۇر ھېيت» (سۇ باشلاش ھېيتى )غا ئۇلىنىپلا كېلىدۇ . ھېيت كۈنى ھەممە ئائىلىلەر تېرىلغۇ ئۇلاغ ، سايمان ۋە ئۇرۇقنى ئېتىز بېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ .

يۇرتىنىڭ مۆتىۋەر ـ ئاقساقاللىرى بەرىكەت دۇئاسىنى بەرگەندىن كېيىن ، ئەڭ تەجرىبىلىك ، كۆپ پەرزەنتلىك دېھقان بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇق چاچىدۇ . ئېيتىلىشىچە ، بۇنداق كىشى ئۇرۇق چاچسا ، مول ھوسۇل كارامەت بەرىكەتلىك بولىدىكەن . مۇشۇ ئەقىدە يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، كىشىلەر تۇنجى ئۇرۇقنى ئاشۇنداق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ چاچقۇزىدۇ . ئېتىز پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزئارا ھېيتلايدۇ .

«تېغىم زۇۋاست» ھېيتىدا پۈتۈن كەنت ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇش ، بىر ـ بىرىنىڭ كېمىنى تولۇقلاش ، بىر ـ بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتىن ئىبارەت كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يارقىن مەنزىرىسىگە چۆمىدۇ .

يۇقىرىدىكى مىللىي ھېيت ـ ئايەملەردىن باشقا ، يەنە تاجىك خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق ۋاپاتىنىڭ خاتىرە كۈنى (1836 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقى (1954 ـ يىلى 8 ـ ئاي)نى تەبرىكلەش كۈنى قاتارلىقلارمۇ بار .

ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت ـ ئايەملىرىنىڭ تۈرى كۆپ ، مەزمۇن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ ، شەكىل قۇرۇلمىسى نىسبەتەن مۇرەككەپ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ، تاجىكلارنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كىشىلىك ھايات مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنسە ، بەزىلىرىدە ، تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شەكىللىرى ئىپادىلىنىدۇ ؛ بەزىلىرىدە ، تاجىكلارنىڭ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئىپادىلەنسە ، يەنە بەزىلىرىدە تاجىك خەلقىنىڭ ئېستېتىك ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى بىلىملىرى ـ

تەجرىبىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . شۇڭا ، تاجىك خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي ھېيت - ئايەملەر قارىماققا شەرىئەتتەك كۆرۈنسىمۇ ، ماھىيەتتە ئۇ «تارىخ ئەينىكى» بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن تاجىك جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى بىر قەدەر گەۋدىلىك كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ جۈملىدىن ئالغاندا ، ئۇ تاجىكشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىقىدا تەييار ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە .

# VIII باب تاجىك مائارىپى تارىخىدىن تەرمىلەر

ئىلىمىز تاجىكلىرىنىڭ مائارىپ تارىخىنى تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى (1757 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى ) دىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا هازىرقى تاشقورغان رايونى پۇلى ۋازارىتى دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ چاغلاردا بىر ھەقسىز مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەكتەپتە مانجۇ، خەنزۇ ئوفىتسىر - ئەسكەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇغان. ئېيتىشلارچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى ئاخۇنمۇ بۇ مەكتەپتە بىر نەچچە تالىپنىمۇ پارس - تاجىك تىلىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1908 - يىلى ) شۆەنتۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قەشقەر يولى لىنىيىسىدە جەمئىي 262 مەدرىسە خاراكتېرلىك مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 7979 كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن تاشقورغان پۇلى ۋازارىتىدە بىر مەكتەپ، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى، 22 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىپ مائارىپ خىراجىتىنى يۈتكەپ ئىشلىتىۋېلىشى تۈپەيلىدىن خىراجەت 50 ~ 60 مىڭ سەر كۆمۈشكە چۈشۈپ قالغان. 1912 - يىلىغا كەلگەندە بۇ مەكتەپلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، تاقىلىپ قالغان.

1919 - يىلى ئاتۇشلۇق ئابدۇللا رەيىم تۈركىيىدىن ئەخمەت ئات قۇلاق دېگەن كىشىنى ئاتۇشقا دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان

ھەمدە دارىلمۇئەللىمىن قۇرغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر تاجىك ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇغان، شۇ مەزگىللەردە يېڭىشەھەردە ئۈچ سىنىپ، 100 ئوقۇغۇچىلىق مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپتىمۇ تاجىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان.

1935 ـ يىلى يازدا ئابدۇقادىر (تاجىك) ۋە ئوسمان ھاجى (ئۇيغۇر) نىڭ بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن تاجىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن خوجا نىياز ئابدۇللا قازىنىڭ قوللىشى ئاستىدا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلغان. مەكتەپ ئورنى ھازىرقى تاشقورغان ناھىيە بازىرى كونا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەسكەرلەر لاگېرىدا بولغان. مەكتەپ ياتاق، تاماقنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان، راسخوتنىڭ بىر قىسمىنى پۇلدار چارۋىدارلار ئىئانە قىلغان، يەنە بىر قىسمىنى ئۆشرە ـ زاكاتتىن چىقارغان. ئۆشرە ـ زاكاتتىن تەمىنلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار كەمبەغەل، جاپاكەش چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. مەكتەپتە تىل، ھېساب ئۆتۈلگەن. ئوسمان ھاجى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە جاڭ زىيىڭ دېگەن خەنزۇ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن ھەم دەرسلىك كىتابلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنغان. قەغەز بولمىغاچقا، ياغاچ تاختا، كالا تاغاق سۆڭىكىنى قەغەز ئورنىدا ئىشلەتكەن.

1936 ـ يىلى پۇلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ناھىيە بازىرىدا تۇنجى قېتىم دۆلەت تەمىناتىدىكى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 100 دىن ئارتۇق تاجىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاچا كەنتىدە ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇنىڭدا تەخمىنەن 18 ~ 20 گىچە بالا ئوقۇغان. دەرسلەر مەسچىتتە ئۆتۈلگەن، بۇ مەكتەپكە ياقۇپ قازى مۇدىر بولغان. تاشقورغاندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن بەختايۇف،

زۇلال ياقۇپ ، قۇربان دۆلەت ، ئەلىيار ، ئەلىفشاھ ، بەگقەدەم ، ىىدا ، بۇلبۇل ،شەمسىدىن قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان . كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزاسى لى يۈنياڭ ( 李云杨 )قەشقەر ۋالىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن ، قەشقەر مائارىپىنى تەرتىپكە سالغان . ھەر قايسى جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلغان . پۈتۈن قەشقەر رايونى بويىچە 18 ئورۇندا دۆلەت تەمىناتىدىكى 113 سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلغان . ئوقۇغۇچى 3738 گە ، تاجىك ئوقۇغۇچى 68 گە يەتكەن .

1939 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەردە پۇلى ناھىيىسى ئۆچۈن بىر تاجىك يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇپ بەرگەن . مەكتەپتە 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان . مەكتەپ ئورنى نەزەرباغدا بولغان . ئوقۇغۇچىلار تاغلىق رايوندىن قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇش جەريانىدا ھاۋا كىلىماتى بىلەن ماسلىشالماي يازدا ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى ئىسسىقتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئوقۇغۇچىلار قېچىپ كېتىپ ، كېيىنچە بۇ مەكتەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . مۇشۇ مەزگىلدە ئاقارتىش خىزمىتىمۇ مائارىپنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ ، تاشقورغان ناھىيە بازىرى ھەم نوپۇس بىر قەدەر مەركەزلەشكەن جايلاردا قىشلىق ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ ، پۇلى ناھىيىسىدە 400 نەپەر كىشى ساۋاتىنى چىقارغان . قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان «مەجبۇري مەكتەپكە كىرىش كومىتېتى» نىڭ تەسىرى ئاستىدا پۇلى ناھىيىسىدىمۇ «مەجبۇري مەكتەپكە كىرىش چارىسى ۋە ئىش بېجىرىش تەپسىلىي پرىنسىپى» بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى جاۋجاڭ مەسئۇل بولۇپ يۈرگۈزۈلگەن تاجىك مەجبۇري مائارىپىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى .

1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتى شىنجاڭدا رەسمىي خەلق مائارىپىنى ( 国民教育 ) يولغا قويۇش بۇيرۇقىنى

چىقارغان. 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ مەكتەپ نامىنى خەلق باشقۇرۇشىدىكى (国民小学) باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىپ مەجبۇرىي مائارىپ ۋە ئوقۇشسىز قالغان ئاممىنى تولۇقلاپ ئوقۇتۇش مائارىپىنى يولغا قويغان. مەكتەپ نامى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، پولى ناھىيىسىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككىگە، ئويۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئۈچكە يېتىپ، جەمئىي بەش مەكتەپ قۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە 3 ـ، 4 ـ يىلىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەشقەر ياكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە تاجىكلار مەكتەپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئادەتتە قەشقەردىن تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بەزىلىرىنى تاللاپ قەشقەر، يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىقتا تەربىيىلەپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن.

1947 ـ يىلىغا كەلگەندە پولى ناھىيىسىدە ناھىيىلىك تەمىناتلىق مەكتەپ (县立学校) تۆتكە، ئويۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ (会立学校) ئىككىگە، ئوقۇغۇچى 824گە، ئوقۇتقۇچى 51 گە يەتكەن ھەمدە تاغارما يېزىسىنىڭ تىزناپ كەنتىدە بىر مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپتە تاجىك، قىرغىز ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يولداش شۈي لياڭ پولى ناھىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، ھاكىم شۈي لياڭنىڭ تاجىك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تاجىك پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىككى خەلق

باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ، بىر پۈلى ناھىيىلىك تاجىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان . ئوقۇغۇچىلار سانى 500دىن ئاشقان .

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق پامىر ئېگىزلىكىدە لەپىلدىدى . پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئوخشاش پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پارتىيە ۋە دۆلەت 56 مىللەتنىڭ بىرى بولغان تاجىك خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى . ئەسلىدىكى تەمىناتلىق مەكتەپ ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئاساسىدا تاغارما ، ۋاچا ، تىزناپ ، دافتار ، داتۇڭ يېزىلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇتۇش نۇقتىلار بارلىققا كەلدى . ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايونغا ئايرىلىپ 1 ـ رايوننىڭ مەكتەپ مۇدىرى نىدا بولدى . 2 ـ رايوننىڭ مۇدىرى گادايباي بولدى ھەمدە خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدا مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى . مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىقىنى مەمەت كېرىم (ئاقتۇ ناھىيە كوسراپ يېزىسىدىن ) ئۈستىگە ئالدى .

1959 ـ يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك تەمىناتلىق مەكتەپ ئاساسىدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى . ئۈچ سىنىپ قىلىپ 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . ئوقۇتقۇچى تۆت نەپەر ئىدى .

1960 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بىر خەنزۇ سىنىپ ئېچىلدى . ئوقۇغۇچى 15 نەپەر بولۇپ ، بىر نەپەر ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بار ئىدى .

1965 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشقورغان ناھىيىسىدە ئاقارتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ ، ياش ـ ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق

بولۇش نىسبىتى 30٪ كە يېتىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن تەشۋىقات ، مائارىپ ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ، سىياسەت خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ ، مائارىپ بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

1970 ـ يىلى ئەسلىدىكى بىر خەنزۇ سىنىپ ئاساسىدا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى . مەكتەپ نامى خۇڭۋېي (红卫) باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى . 1972 ـ يىلى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدا تولۇق سىنىپ تەسىس قىلىندى . ئوقۇغۇچى 130 نەپەرگە يەتتى . بۇنىڭ بىلەن تاجىك مىللىتى پەرزەنتلىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى .

1972 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە مەكتەپ تېزدىن كۆپىيىپ 12 يېزىدا 12 مەكتەپ قۇرۇلدى ، سىنىپ سانى 133 كە ، ئوقۇغۇچى 2620 گە يەتتى . ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىگە كۆپىيىپ سىنىپ 11 گە ، ئوقۇغۇچى 184 كە يەتتى .

1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ خىزمىتىدىن ئايرىلغان 17 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ناھەق دېلوسى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

1978 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تازىلىنىپ ، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلار ئەسلىگە كەلدى . شۇ قاتاردا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلدى .

1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن مەخسۇس تور بويىچە ئوتتۇرا ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش سىنىپى تەسىس قىلىنىپ 20 نەپەر

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى . بۇ ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە ئوتتۇرا ، ئۆزۈنغا يۇگۇرۇشتە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى .

1981 ـ يىلى بازار باشلانغۇچ مەكتەپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم «بازار باشلانغۇچ مەكتەپ» بولۇپ قۇرۇلدى .

1983 ـ يىلى مائارىپ ئىدارە قارمىقىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش كەسپىي مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلۇپ ، ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش جەھەتتە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى .

1983 ـ يىلى بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى ئاساسىدا كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ ماشىنىچىلىق ، ئوتلاقچىلىق ئىككى سىنىپ 50 ئوقوغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەندى .

1983 ـ يىلى ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى . ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، مائارىپ ئىدارىسى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى .

1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «تاشقورغان يېزىلىق ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلدى . 1987 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن «تاشقورغان ناھىيىلىك ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلدى .

1985 ـ يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىلىمگە ، بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى ئۆستۈرۈلدى . تاجىك ئاپتونوم ناھىيىمىزدىمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوخشاش بىلىمگە ، بىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىشتەك ياخشى مۇھىت يارىتىلدى .

1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە

«ئىككى خىل مائارىپنى سىناق قىلىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى .

1985 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى .

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىل دەرسلىكى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» گە ئاساسەن ، تاشقورغان ناھىيىمىزدىكى مىللىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىل ئوقۇتۇشى يولغا قويۇلۇپ ، باشلانغۇچ يىللىقتىن يۇقىرى سىنىپلاردا خەنزۇ تىلى بويىچە دەرس ئوقۇش يولغا قويۇلدى .

1986 ـ يىلى كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى . ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاغارما يېزا مەركىزىي مەكتەپتە قىرغىزچە ئوقۇتۇش نۇقتىسى بولۇپ ، قىرچىن ، شىرنەپ نۇقتىلىرى بار ئىدى .

1987 ـ يىلى ناھىيىلىك بازار دەشتە ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى .

1987 ـ يىلى تاشقورغان يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى «تاشقورغان يېزا ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى» دىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بىر مەركىزىي مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى . بۇ مەكتەپ قارمىقىدا سەككىز ئوقۇتۇش نۇقتىسى بار .

1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ سانلىق يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش چارىسى» ماقۇللاندى . بۇنىڭغا ئاساسەن تاشقورغان ناھىيىسىدىمۇ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى .

1989 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەخسۇس

گۇرۇپپا ئەۋەتىپ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بۇرمىسال يېزىسى ، داتۇڭ يېزىسى ، قوغۇشلۇق يېزىسىنى ئىككى خىل مائارىپ بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ «ئىككى خىل مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان يېزا» دەپ نام بەردى .

1989 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بەردى . ئوقۇغۇچىلار 1989 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ئوقۇپ ساپالىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى .

1989 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە دۆلەت «ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ تەرەققىيات مەبلىغى» دىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ئەڭ خەتەرلىك مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنى يېڭىلىدى .

1992 - يىلى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە «ئىككى خىل مائارىپ»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنى تاشقورغانغا ئەۋەتىپ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسى ، تاغارما يېزىسى ، بەلدىر يېزىسى ، بازار دەشتە ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىككى خىل مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ «ئىككى خىل مائارىپ» نى ئومۇملاشتۇرغان يېزا دەپ نام بەردى .

1993 - يىلى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ، تاشقورغان ناھىيىسىدىمۇ «بەش يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مائارىپى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ «ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مائارىپى» يولغا قويۇلدى .

1993 - يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ خەنزۇ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئېھتىياجىنى

نەزەردە تۇتۇپ ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدا خەنزۇ تىل تەييارلىق سىنىپى تەسىس قىلىندى . پروگراممىغا ئاساسەن ھېساب ، رەقەم ، تىل ، تەنتەربىيە ، ناخشا ـ مۇزىكا دەرسلىرى تەسىس قىلىندى .

1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتۇش ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشىغا 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىپ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجە بويىچە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى زور دەرىجىدە سەپلەپ ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى .

1994 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ خەنزۇ تىل تەرجىمانلىق ۋە ئوقۇتقۇچىلىق ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بىر قېتىمدىلا 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھاۋالە بىلەن تەربىيىلەپ بەردى .

1994 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قىسمەن ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشخانا بىناسى ، ناھىيىلىك ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق ئۆيلىرى ، داتوڭ يېزىسىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنىپ ئوقۇتۇش مۇھىتىنى ياخشىلىدى .

1994 ـ يىلى كانادا بالىلار فوندى جەمئىيىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە ياتاقلىق مەكتىپىگە 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ئىئانە قىلدى .

1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنى «خەلقئارا بالىلار فوندى جەمئىيىتى نامرات رايونلار دەسلەپكى مائارىپىنى

ئىلگىرى سۈرۈش تۈرى» گە كىرگۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېتىم باللارغا ياردەم بېرىش بويىچە ياردەم بەردى.

1996 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنى «دۆلەت نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇش 1 - تۈركۈمدىكى تۈرى» گە كىرگۈزۈپ 2001 - يىلغىچە 20 مىليون 680 مىڭ يۈەننى تۈركۈملەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تىزناپ، كۆكيار، تاغارما، ۋاچا، مەرياڭ يېزىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ بەردى.

1996 - يىلى 3 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1996 - يىلى 6 - ئايدا «مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تەربىيە ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەش تەربىيە پائالىيىتى» نى قانات يايدۇرۇش بويىچە مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلدى.

1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 26 - كۈنگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇيىيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۆجەن تاشقورغان ناھىيىمىزدە مەخسۇس مائارىپ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تاشقورغان ناھىيىسى دۆلەت بويىچە ئالاھىدە ناھىيە ھەم چېگرا ناھىيە، جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، مۇھىتى ناچار، شارائىتى جاپالىق، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇشۇ يەردىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئىگىلىكنى ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنىشى كېرەك. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت چوقۇم تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپنى ھەقىقىي ھالدا ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات پىلانىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، كۆچ سەرپ قىلىپ ئۈنۈم يارىتىش لازىم. ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا ۋە 2 ـ ئوتتۇرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككى مەكتەپنى ئەڭ ياخشىسى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقىش، مىللىي، خەنزۇ بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ قۇرۇپ چىقىش، مەكتەپنىڭ كۆلەملىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى مەكتەپ كۆلىمى 1500 ئوقۇغۇچى سىغىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇشى لازىم.»

1996 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دەفتەر يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە 150 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ 314 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سېلىپ، 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ناھىيىمىزدە تۇنجى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى بارلىققا كەلتۈردى.

1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا «مەكتەپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى 33 ماددىلىق «پىكىر» شەكىللىنىپ (1997) 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت شەكلىدە تارقىتىلدى. «پىكىر» مەكتەپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى «پروگرامما» خاراكتېرلىك پىكىرلەر بولۇپ قالدى.

1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك

خەلق مائارىپ فوندى يىغىش كومىتېتى قۇرۇلدى .

1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مازار قويچىلىق فېرمىسى ، تاشقورغان يېزىسى ، دەفتەر يېزىسى ، ۋاچا يېزىسى ، تاشقورغان بازىرى ، مەرياك يېزىلىرىنىڭ ئىككى ئاساسەنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ لاياقەتلىك دەپ نام بېرىلدى .

1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتۇش ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تەجربە سايمانلىرىنى سەپلەش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن تەقدىرلىدى .

1996 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى (96) 15 ـ نومۇرلۇق هۆججەت تارقىتىپ ، ناھىيىمىزدىكى ياش ـ ئۆتتۈرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى يۈيۈش «يىرىك پىلانى» ۋە «يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقىتىپ ، ساۋاتسىزلىقنى يۈيۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى .

1996 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ خۇەيىيۈنىڭ «مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ باشقۇرۇش ، مەكتەپ كۆلەم ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن ، 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە مەكتەپ سانى بۇرۇنقى 18دىن 13 كە ئازايدى . بۇنىڭدىن ياتاقلىق مەكتەپ توققۇزغا كۆپەيدى . ئوقۇتۇش نۇقتا 63 دىن 46 گە ئازايدى . ئوقۇغۇچى 7079 نەپەرگە ، سىنىپ 303 كە يەتتى . پۈتۈن ئىشچى ـ خىزمەتچى ، ئوقۇتقۇچى 566 نەپەرگە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچى 429 نەپەر ، مەمۇري خادىم 76 نەپەر ، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى 61 نەپەر بولۇپ ، يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 4000 دىن ئاشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ كۆلىمى زورايدى ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

1997 ـ يىلى ئۆرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تىزناپ يېزا مەركىزىي مەكتەپكە 300 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، 375 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇردى.

1997 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە «تاشقورغان خەلقئارا فوندى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1997 ـ يىلى تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (1997) 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ «ئىككى ئاساسەن» خىزمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1997 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (97) 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنى تەسىس قىلدى.

1998 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1998 ـ يىلى شىياڭگاڭلىق مەرىپەتپەرۋەر چېن باۋخۋا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تاغارما يېزا بۇرغۇل ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا 200 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، 203 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سېلىپ، ناھىيىمىزدىكى 3 ـ تۈركۈمدىكى ئۈمىد ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئابىدە تىكلىدى.

1999 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جيەنلىباۋ شىركىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تاشقورغان يېزا يارتگۈمبەز ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى سېلىپ تۆتىنچى تۈركۈمدىكى ئۈمىد ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى قۇردى ھەم 65 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1999 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مائارىپىدا يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى . ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 18 گە ، بۇنىڭدىن باشلانغۇچ مەكتەپ 16 گە ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىگە ، ياتاقلىق مەكتەپ يەتتىگە ، جەمئىي سىنىپ 284 كە يەتتى . بۇنىڭدىن تولۇقسىز سىنىپ 24 كە ، ئوقۇغۇچى 920 نەپەرگە ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئۈچكە ، ئوقۇغۇچى 156 گە ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 5297 نەپەرگە يەتتى . دۆلەت شتاتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 538 نەپەرگە ، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى 56 نەپەرگە يەتتى . پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ زور دەرىجىدە قوللىشى ئارقىسىدا ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98 كە ، تۇراقلىشىش نىسبىتى %92 كە ، ئوقۇش پۈتكۈزۈش نىسبىتى %97 كە ، ياش ـ ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %94 كە يېتىپ ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن تاشقورغان مائارىپىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى شەكىللەنگەندى .

2001 ـ يىلى 1 ـ ئوتتۇرا بىلەن 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆلەم ، ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى . مەكتەپ نامى «تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئاتالدى . 2003 ـ يىلى ئوقۇش يىلىغا كىرگەندە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جەمئىي ئوقۇغۇچى 1721 نەپەرگە ، سىنىپ 40 قا ، جەمئىي ئىشچى ـ خىزمەتچى ، ئوقۇتقۇچى 141 نەپەرگە ، بۇنىڭدىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 119 نەپەرگە يېتىپ ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش كۆلىمى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ ، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ ، يېڭى ئەسىردىكى زامانىۋى مەكتەپلەردىن بولۇپ قالدى .

2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كۆچمە ئالاقىلىشىش باش شىركىتى تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە 40 دانە يۇرۇشلەشكەن كومپيۇتېر ئىئانە قىلىپ، مەكتەپنىڭ تورغا چىقىش، توردىن پايدىلىنىشى جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى.[1]

① بۇ ماتېرىيال «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى» (3 ـ قىسىم)دىن ئېلىندى. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى، 2004 ـ يىل نەشرى.

# IX باب تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىياتى

## § 1 . تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكى

تاجىكلار ئېلىمىزدە، جۇملىدىن شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ياشاش مۇھىتى، ئىرق تەۋەلىكى، تىل ئالاھىدىلىكى، ئېتىقاد خاسلىقى، مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇردۇر. مۇشۇ سەۋەبلىك، شەرق بىلەن غەرب ئۆتۈشمىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقان تاجىكلار تارىخچىلار، ئەدىب - شائىرلار، رەسسام - مۇزىكانتلار تەرىپىدىن «قۇياش ئەۋلادلىرى»، «بۇلۇت ئۈستىدىكى ئادەمزات»، «بۇركۈت مىللىتى»، «تۇلپار ئۈستىدىكى باتۇرلار»، «سەمىمىي كىشىلەر» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، تاجىكلار يۇقىرىدىكى ناملارغا مۇناسىپتۇر.

تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بەكرەك چىقىدۇ:

بىرىنچىدىن، تاجىكلار تارىختىن بۇيان نۇرغۇن تەبىئەت ھادىسىلىرىگا، دىن بارلىققا كەلگەندىن بۇيان كۆپ دىنلارغا ئىخلاس - ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. بۇنى مۇز تاغ ئاتىغا چوقۇنۇش، بۇركۈتكە چوقۇنۇش، چاھار ئاناسىر (تۆت زات: ئوت، سۇ، تۇپراق، ھاۋا)

ئېتىقادى؛ زەردۇشت دىنىي (ئاتەشپەرەسلىك) ئېتىقادى، بۇددا دىنىي ئېتىقادى، ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە تارماق مەزھىپى ئېتىقادى قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تاجىكلار ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ئىران تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى تارمىقىغا مەنسۇپ. ئۇلار ئىرق، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە پارسلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پارس مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى ئالەمگە مەشھۇردۇر. پارس مەدەنىيىتى شەرق ئەللىرى ۋە مىللەتلىرىگە بەكرەك تاجىكلار ئارقىلىق تارقالغان. ئېلىمىز تاجىكلىرى يەنە قەدىمكى ئارىيانلار، ساكلار، سوغدىلار، توخارلار ۋە باشقا شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەر بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاجىكلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ھەم ئىككى تەرەپتىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلغۇچى، ھەم ئىككى تەرەپكە مەدەنىيەت تارقاتقۇچىدۇر. دەرھەقىقەت، تاجىك مەدەنىيىتى بىر روشەن ئەينەك بولۇپ، بۇ ئەينەكتە گرېك - ياۋروپا مەدەنىيىتى، پارس - ئەرەب مەدەنىيىتى، ھىندى - ئەنەتكەك مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىر - ئىزنالار كەڭ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خاس ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. تاجىكلار ئاساسەن «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان تىلسىمات پامىر ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ. بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدۇ. پامىر تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئېگىزلىك ئېكولوگىيىسى ئورۇن ئالغان بولسا، تۈزلەڭلىكتە ياشاۋاتقان تاجىكلارنىڭ مەدەنىيىتىدە تۈزلەڭلىك تۈسى

گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . بۇنداق ئىككى خىل مۇھىتتىكى مەدەنىيەت بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى ھاسىل قىلغان .

تۆتىنچىدىن ، تاجىك مەدەنىيىتىدە تۆت چوڭ ئوبراز بار . ئۇ بولسىمۇ ، ئېتىقاد ـ ئىخلاس ئوبرازى — مۇز تاغ ئاتا ؛ پىداكارلىق ئوبرازى — نەۋقىران بۈركۈت ؛ قەھرىمانلىق ـ پەھلىۋانلىق ئوبرازى — رۇستەمى پەھلىۋان ؛ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق ئوبرازى — تۇلپارئات . بۇ تۆت ئوبراز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە جېنى بولۇپ ، بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مۇشۇ تۆت ئوبرازنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ . بۇ تۆت ئوبرازنى چۈشەنمىگەندە ، تاجىكلارنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . مانا بۇمۇ تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى .

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بولغاچقا ، كىشىلەر تاجىك مەدەنىيىتىنى «بۈركۈت مەدەنىيىتى» ، «ئېگىز تاغ مەدەنىيىتى» ، «جۇڭگودىكى ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيىتى» ، «تۇلپار ئۇستىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتى» ، «قۇياشقا يېقىن كىشىلەر مەدەنىيىتى» دەپ تەسۋىرلەپ كەلمەكتە . بۇ خىل سۈپەتلەش ، تەسۋىرلەش ۋە سۈرەتلەشلەردە ئەدەبىي مۇبالىغىچىلىك ۋە كۆپتۈرمىچىلىك باردۇر ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، ئۇلۇغ مۇز تاغ ئاتا بەرىكەت بەرگەن تاجىك مەدەنىيىتى سىرلىق ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە . چۈنكى ئۇ تاجىك يۇرتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان . تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، تاجىك مەدەنىيىتى ئىزچىللىققا ، ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ ، ئارا يولدا ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس ، بەلكى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ، تەدرىجىي بېيىپ راۋاجلانغان . ئۇنىڭ بۇ تەرىپى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . دېمەكچىمىزكى ، تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات

قانۇنىيىتى بار. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بۇ قانۇنىيەتنى ئېچىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

## § 2 . مۇز تاغ ئاتا ۋە تاجىك مەدەنىيىتى

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتتا، چېلىقارلىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى مۇز تاغ ئاتا ئوبرازى، نەۋقىران بۈركۈت ئوبرازى، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تۇلپار ئات ئوبرازىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئوبرازدىن شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما. بۇ تۆت چوڭ ئوبراز ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن ئېتىبارەن شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ مەنە ۋە نۇقتىدىن تۆت چوڭ ئوبرازنى تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە جېنى دېيىشكە بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئانا ماكانى تاشقورغان رايونى كوھىستان — تاغلار دۇنياسىدۇر. بۇ يەردىكى تاغلار ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى ۋە تۇتاشلىقى جەھەتلەردە تاغلار دۇنياسىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئالەمگە مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى بولغان ھىمالايا تاغ تىزمىسى، قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى مۇشۇ يەردە ئۆزئارا قوشۇلىدۇ ياكى مۇشۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ چىرايلىق تەرىپلىشىدۇ.

تاشقورغان رايونىدىكى سان - ساناقسىز تاغ - چوققىلار

ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋىرى — «مۇز تاغ ئاتا» دۇر .

مۇز تاغ ئاتا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا — ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ . مۇز تاغ ئاتا مۇزلۇقى شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ . ھازىر بۇ يەر تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇزلۇق ساياھەت نۇقتىسىدۇر . ئىلمىي ئېكسپاتلاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، مۇز تاغنىڭ مۇزلۇق سۈيى پامىر مىنېرال سۈيى ۋە پامىر ئارشاڭ ئىچىملىك سۈيى بىلەن بىرلىكتە يەر شارىدىكى ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىچىملىك سۈيى ھېسابلىنىپ ، «ھاياتلىق سۈيى» دەپ تەرىپلەنمەكتە .

گېئوگرافىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ ئورنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭدىكى باشقا مۇزلۇقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋانى ئۆزىنىڭ سوغۇقلۇق تەسىرى بىلەن بۇلۇتلاشتۇرۇپ ، يامغۇر - قار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرسا ، سىبىرىيە سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن توسۇپ تۇرىدۇ . ئۇ يەنە نۇرغۇن ئېقىنلارنى ، كۆللەرنى ، بۇلاق - چەشمىلەرنى ھاسىل قىلغان . مۇشۇ مەنىدە ، «مۇز تاغ ئاتا»نى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئامبىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ «مۇز تاغ ئاتا» ھەقىقىي مەنىسى بىلەن «مۇز تاغ ئىلاھى» نامىغا مۇناسىپ بولۇپ ، ئۇ مەشھۇر تەڭرى تاغلىرىنىڭ ھايات مۇئەككىلى ، شىنجاڭدىكى ئىنسان ۋە ھاياتلىقلارنىڭ ھامىيسى . ئۇنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بۇلا ئەمەس ، ئۇ يەنە شىنجاڭ رايونىدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەشتە ،

ھاۋارايى كىلىماتىنى نورماللاشتۇرۇشتا، شۇبھىسىزكى، بىقىياس مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تاجىك مەدەنىيىتىدە «مۇز تاغ ئاتا» توغرىسىدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەپسانە ـ قىسسەلەر، رىۋايەت ـ چۆچەكلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت دەۋردانىلىرىدا «مۇز تاغ ئاتا» ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا «ئاتا» دەپ سەجدە قىلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «مۇز تاغ ئاتا» دىكى «ئاتا» سۆزى ئادەتتىكى «ئاتا ـ ئانا»دىكى «ئاتا» بولماستىن، بەلكى «باشپاناھ»، «ھايات ئىگەم»، «بۈيۈك تەڭرىم» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.، تاجىك خەلقى نەزەرىدە «مۇز تاغ ئاتا» ئاجايىپ سىرلىق ۋە تىلسىمات جاي بولۇپ، كىشىلەر بىردەك ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. كىشىلەر ئەتىگەندە «مۇز تاغ ئاتا»غا قاراپ سەجدە قىلىدۇ ۋە «ئىخ! مۇز تاغ ئاتا، دەرگاھىڭدا ساقلىغايسەن، ئىشىمىزغا مەدەت ۋە بەرىكەت بەرگەيسەن» دەپ مۇز تاغ ئاتىدىن بەخت ـ سائادەت ۋە مەدەت تىلەيدۇ. قەسەم ئىچكەندە مۇز تاغ ئاتا نامى بىلەن باشلايدۇ. بىراۋ سەپەرگە چىققاندا، كىشىلەر «مۇز تاغ ئاتا ساڭا يار» دەپ ئۆز ئارزۇ ـ تىلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. قارغىش ـ لەنەت قىلغاندىمۇ، «مۇز تاغ ئاتا جاجاڭنى بەرگەي» دېيىشىدۇ.

تاجىك خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدا، تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىدا، تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە «مۇز تاغ ئاتا» تېخىمۇ ئۇلۇغ قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، تاجىكلارنىڭ «مۇز تاغ ئاتا»غا بولغان سەمىمىي ھېسسىياتىنى، ئىخلاس ـ ئەقىدىسىنى سۆز ياكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇ تاجىك مەدەنىيىتىدە ئېتىقادچىلىق ـ ئەقىدە ئوبرازى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇ قەدىمكى توتېم ـ ئېتىقاد ساقىندىسى بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغا قەدەر ئارا يوللاردا

ئۆزۈلۈپ قالغان ئەمەس ، بەلكى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە . تاجىكلار ئۆز تارىخىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ، بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ دىنلارنىڭ ھېچقايسىسى تاجىكلارنىڭ «مۇز تاغ ئاتا»غا بولغان ئىخلاس ـ ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرغىنى يوق . ئەكسىچە ، بۇ دىنلاردىن «مۇز تاغ ئاتا»غا يېڭى رەڭ ۋە تۈس بېرىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن . بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ . تاجىكلار نېمە ئۈچۈن «مۇز تاغ ئاتا»غا ئېتىقاد ۋە ئىخلاس قىلىدۇ ؟ بۇنىڭغا بىز تاجىك خەلق رىۋايەتلىرىدىن جاۋاب ئىزدەيمىز . «مۇز تاغ ئاتا» توغرىسىدا تاجىكلار ئارىسىدا «مۇز تاغ ئاتا رىۋايىتى» ، «مۇز تاغ ئاتا ۋە چوگۈرى چوققىسى رىۋايىتى» ، «ئاق جامە (كىيىم)لىك پەھلىۋانلار رىۋايىتى» قاتارلىق 10 نەچچە خىل رىۋايەت ساقلانماقتا . بۇ رىۋايەتلەر گەرچە چوڭقۇر ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردا خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە غايە ـ ئىنتىلىشى مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇز تاغ قەدىمكى دەۋرلەردە ھازىرقىدەك قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان جاي بولماستىن ، بەلكى غايەت زور ئىلاھىي گۈلزارلىق ئىكەن . ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار بۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقتا ئارام ـ ھۇزۇر ئالىدىكەن . ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار دۇنياسىدا گۈل ـ گىياھ دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن . تاجىك يىگىتى رۇستەم ئۆز مەھبۇبىغا ئىلاھىي گۈل تەقدىم قىلماقچى بولۇپ ، ئۇلۇغ ئىستەك يولىدا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ، ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى ئىلاھىي گۈلزارلىققا چىقىدىكەن . ئۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقنى باققۇچى پەرىزات قىز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئالۋاستىلار ، دىۋە ـ پەرىلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىدىكەن . ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پاك ـ ساپ ئىنسانىي سۆيگۈ ـ

مۇھەببىتى بىلەن پەرىزات قىزنى تەسىرلەندۈرىدىكەن . پەرىزات قىز ئىككى تال گۈلنى يىگىتكە بېرىپ ، ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىدىكەن . يىگىت گۈلنى ئېلىپ تاغ باغرىغا چۈشىدىكەن . مۇز تاغ ئېتىكى گۈلزار ـ گۈلىستانغا ئايلىنىدىكەن . پەرىزات قىز ئىككى تال گۈلنى ئادەمزاتقا بېرىپ ، ئىلاھىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ، تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ، مەڭگۈلۈك جازاغا ئۇچرايدىكەن . ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدىن بەخت يېشى ئېقىپ ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس دەريا سۈيى بولۇپ شەكىللىنىپ ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى گۈل ـ گىياھنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن . ئۇنىڭ سول كۆزىدىن قايغۇ يېشى ئېقىپ ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قار ـ مۇزغا ئايلىنىپ ، تاغ چوققىسىنى قاپلايدىكەن . ھازىرقى مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلۇق ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەنىكەن . دېمەك ، بۇ رىۋايەتتە بىرىنچىدىن ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش يولىدىكى قەيسىرانە ئىرادىسى رۇستەم ئوبرازى ئارقىلىق يارىتىلغان . ئىككىنچىدىن ، ئىنسانلار دۇنياسىدا بۇلاق ـ چەشمە ۋە گۈل ـ گىياھ يوق ئىدى . تاجىك پەھلىۋانى رۇستەم ئۆزىنىڭ شىر يۈرەكلىك قەيسەرلىكى بىلەن بۇ ئىككى مۆجىزىنى پەيدا قىلدى . دەرۋەقە ، مۆجىزە يارىتىش ۋە مۆجىزە يارىتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ، ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ، بۇ تارىختىن بۇيانقى ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھى ۋە ئارزۇسى . بىزنىڭ رۇستەم پەھلىۋانىمىز شۇ روھ ۋە ئارزۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى . ئۈچىنچىدىن ، بىزنىڭ رىۋايەتلىرىمىزدە «مۇز تاغ ئاتا» شۇ دەرىجىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغانكى ، ئۇ چوققىسى بىلەن پەلەكنى ، تاپىنى بىلەن كۆھى زېمىننى تۇتۇپ تۇرغان . مۇشۇنداق بولغاچقا ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ قالمايدۇ . دېمەكچىمىزكى ، «مۇز تاغ ئاتا» ئوبرازى

تاجىك مەدەنىيىتىدە شۇنداق ئۇلۇغكى، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمىز. لېكىن شۇنى پەخىرلىك بىلەن ئېيتالايمىزكى، تاجىك مەدەنىيىتى قاتلىمىنىڭ تازا چوڭقۇر يېرىدە «مۇز تاغ ئاتا مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن. بۇ مەدەنىيەتنى تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى دېيىشكە بولىدۇ. تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ھېكايە - چۆچەكلەر، ماقال - تەمسىللەر، ناخشا - قوشاقلار مۇز تاغ ئاتىنى يادرو قىلىدۇ. «مۇز تاغ ئاتا» ئوبرازىسىز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

## § 3. بۇركۇت ۋە تاجىك مەدەنىيىتى

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدا، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ پروزا - پوئېزىيىلىرىدا، رەسسام - كومپوزىتورلارنىڭ رەسىم - مۇزىكىلىرىدا تاجىكلارنىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار «بۇركۇت مىللىتى»، «پەرۋاز قىلىۋاتقان پامىر بۇركۇتى»، «بۇركۇت كەبى خەلق»، «بۇركۇت مەدەنىيىتى» دەپ ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، بۇ خىل سۈپەتلەشلەر تارىخىي ئاساس، مەدەنىيەت ئاساسى ۋە رېئاللىق ئاساسىغا ئىگە. ئەگەر بىز مەدەنىيەتشۇناسلىق قارىشىدىن چىقىپ تاجىكلار بىلەن بۇركۇت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇركۇتنىڭ تاجىك مەدەنىيىتىدە تولىمۇ چېلىقارلىق ۋە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، ھەتتا تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «بۇركۇت مەدەنىيىتى»نىڭ بارلىقىنى روشەن كۆرەلەيمىز. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇركۇتنىڭ تاجىكلارنىڭ

ھامىيسى ، سىمۋولى بولۇشىنى تاجىكلار مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بەلگىلىگەن . ئۇ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا تاجىك مىفولوگىيىسىدە تاجىكلارنىڭ توتېمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . تاجىكلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۈركۈتكە ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدۇ . ئۇنى ئۇچار قاناتلارنىڭ سەركەردىسى ، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ، باتۇرلۇق ، جاسارەتلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ . كۆكسى ـ قارنى كەڭ ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، چىقىشقاق ، مۇلايىم ، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى ئەلا ۋە شەرەپ بىلىدىغان ، خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغان كىشىلەر بۈركۈتكە ئوخشىتىلىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ خىل ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاجىك مىللىتىنىڭ ۋە تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىدۇر .

«بۈركۈت مەدەنىيىتى»نىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىزنا ـ ئالامەتلىرى بار :

بىرىنچىدىن ، تاجىك خەلق رىۋايەتلىرى سىستېمىسىدا بۈركۈت ئوبرازى يارىتىلغان رىۋايەتلەردىن ئون نەچچىسى بار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۈركۈت ئىجابىي ئوبراز بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ۋافا ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سابىر دېگەن بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيدىكەن . رەھىمسىز باينىڭ ئېغىر جەبىر ـ زۇلۇمى بىلەن ۋافانىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ناھايىتى پاجىئەلىك ھالدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئەجەل قىسمىتى ۋافانىڭ بېشىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاتا مىراسى ، بىردىنبىر ئوۋچىلىق قورالى ، بىردىنبىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولغان بۈركۈت ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىگىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قانات سۆڭەكلىرىدىن نەي ياساشنى تەلەپ قىپتۇ . بۈركۈتنىڭ يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيلىشى بىلەن ۋافا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك بۈركۈتىنى

يىغلاپ تۇرۇپ ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ قانات سۆڭەكلىرىدىن نەي ياساپ ، پۈۋلەپ چالغانىكەن ، ئالەمدىكى جىمى بۇركۇت بىردەمدىلا تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ ، قانخور سابىر باينىڭ باش - كۆزلىرىنى چوقۇپ ، ۋافانىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ۋە مەرھۇم بۇركۇتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئاپتۇ . سابىر باي بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ ، ئۆزىنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ . خەلق بىر مەھەل خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىقتا ئېرىشىپتۇ .

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، بىر زومىگەر باينىڭ قۇللىرىدىن بىر يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇپ قاپتۇ . بۇ ئىشتىن باي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۇرمەكچى بوپتۇ . يىگىت بىلەن قىز باينىڭ سۈيىقەستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈن يېرىمىدا قېچىپ كېتىپتۇ . باي ئۇلارنى قوغلاپ ، ئوقيا بىلەن قىزنى ئېتىپ ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ . قىز ئۆلگەندىن كېيىن بۇركۇتكە ئايلىنىپتۇ . كېيىن بۇركۇت بايدىن ئىنتىقام ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ ، لېكىن ئۆزىمۇ قاتتىق زەخىملىنىپتۇ . ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا مېھرىبان ئاشىقىغا قانىتىدىن بىر نەي ياساشنى ۋەسىيەت قىپتۇ ھەمدە : «نەي ساداسى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن» دەپتۇ .

سۆيۈملۈك بۇركۇت توغرىسىدا خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار : «بىر قېتىم چەت ئەل باسمىچىلىرى تاجىكلارنىڭ بىر تاغلىق كەنتىگە تاجاۋۇز قىلىپ بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بېرىپتۇ . چارۋىچىلار باسمىچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ . لېكىن دۈشمەن كۈچلۈك ، چارۋىچىلار ئاجىز بولغاچقا ، چارۋىچىلار ناھايىتى مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ . دۈشمەنگە ئورۇنسىز يەم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئەقىللىق بۇركۇت ئۆزىنى ئۆلتۇرۇپ قانات سۆڭەكلىرىدىن بىر جۈپ نەي ياساشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىپتۇ .

چارۋىچىلار كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئوۋ بۈركۈتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قانات ئۇستىخىنىدىن ئىككى تال نەي ياساپتۇ. ئۇلار نەي بىلەن قايغۇ - ھەسرەتلىك ئاھاڭلارنى چاپتۇ. نەي ئاۋازى تاغدىن چىققان ئەكس سادا بىلەن بىرلىشىپ، يېقىن - يىراقلارغا ئاڭلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇنى قېرىنداش يۇرتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت دەپ بىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ باسمىچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. سان - ساناقسىز بۈركۈتلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ باسمىچىلار بىلەن ئېلىشىشقا داخىل بوپتۇ. باسمىچىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، تاجىكلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، يۇرتىنى قوغداشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە ئېرىشىپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەت تېخىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى يىرتقۇچ قۇشلار بىر تاجىك چوپاننى مال بېقىۋاتقان يەردىن تۇتۇپ كېتىپ قۇشلار پادىشاھلىقىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن، بۇ ئادەمزاتنىڭ گۆشىنى يېيىشنى كېڭەش قىپتۇ. كېڭەشتىن كېيىن بىر بۈركۈت چوپاننىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا چوپان بۈركۈتنى مىنىپ، ئامان - ئېسەن يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. بۈركۈت ئىنسانغا شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، «ئاسىي» دەپ قارىلىپ، قۇشلار ئىچىدىن قوغلاندى بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۈركۈت تاجىكلار بىللە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بۈركۈت ھەققىدىكى تۆت خىل رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكى ئوخشاش ئەمەس، يەنى بىرىنچى رىۋايەتتە، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ، ئىككىنچى رىۋايەتتە، ئەركىن سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىنتىلىش تەسۋىرلىنىدۇ، ئۈچىنچى رىۋايەتتە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش ۋەقەلىكى سۆزلىنىدۇ، تۆتىنچى رىۋايەتتە، ئۆز ئارا

كۆيۈنۈش ، بىر ـ بىرىگە شەپقەت كۆرسىتىش ، باشقىلارغا ياردەم قىلىش يولىدا ئۆزىنى پىدا ـ قۇربان قىلىشتەك يۈكسەك ئالىيجاناب روھ ۋە پەزىلەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . لېكىن بىز ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە قارايدىغان بولساق ، يۇقىرىدىكى تۆت خىل رىۋايەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئورتاق تېما — بۈركۈت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يورۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز . ھەققانىيەت تەرەپ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، خاسىيەتلىك بۈركۈت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ ، ئادالەت تەرەپكە شەپقەت كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى نۇسرەتكە — غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ . رىۋايەتلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدە ، تاجىكلارنىڭ بۈركۈتكە بولغان يۈكسەك ئىخلاسى ۋە بۈركۈت بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن . شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى ، يىراق قەدىمكى زاماندىكى تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ بۈركۈت توغرىسىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلىرى راستىنلا تاجىكلار بىلەن بۈركۈت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەسۋىرى بولماستىن ، بەلكى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تاجىكلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىق خاتىرىسى . رىۋايەتلەردىكى شەپقەتچى بۈركۈت ھەققانىيەتنىڭ ئوبرازى ، ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئوبرازى . تاجىكلارنىڭ بۈركۈت رىۋايەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە سىنىپىي تامغا بار . بۇنىڭدىن ئاشۇ رىۋايەتلەرنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ . يىراق ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ، ئەركىن مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلىش ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ، غايىۋى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئىدىيىسى ئاشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەبىئىي تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى . تاجىك جەمئىيىتىدە بولسا ، بۇ تېما بۈركۈت پائالىيىتىگە مۇجەسسەملەشكەنىدى . شۇڭا تاجىكلارنىڭ بۈركۈت

رىۋايەتلىرىدىكى بۇركۇت پائالىيىتى ، بۇركۇت روھى ، بۇركۇت جاسارىتى ۋە بۇركۇت غايىسى ئەمەلىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيىتى ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھى ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاسارىتى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ غايىسىدۇر . بىزنىڭ سۆيۈملۈك بۇركۇتنى تاجىكلارنىڭ ھامىيسى ۋە سىمۋولى دېيىشىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە .ئىككىنچىدىن ، بۇركۇت ئوبرازى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى ساك قەبىلىسىدىمۇ چېلىقارلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . بولۇپمۇ ساكلارنىڭ نەقىش سەنئىتىدىكى ھايۋان سۈرىتى چۇشۇرۇلگەن زىبۇ زىنىنەت بۇيۇملىرىدىن شىر تەنلىك ، بۇركۇت باشلىق سۈرەت ئالىم ـ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بەكرەك ئۆزىگە تارتماقتا . چۈنكى ، بىر تەرەپتىن ، ئىككى خىل ھايۋان ئوبرازى بىر گەۋدە قىلىنغان نەقىش سەنئىتى قەدىمكى زامانلاردا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، شىر تەنلىك ، بۇركۇت باشلىق نەقىش سەنئىتىدە بۇركۇت ئوبرازى يەنىلا باش ئوبراز بولغان . قارىغاندا ، بۇركۇت ساكلارنىڭ نەزەرىدىمۇ توتېم خاراكتېرلىك خاسىيەتلىك قۇشتەك قىلىندۇ . بىزنىڭ بۇ گەپنى دېيىشتىن سەۋەب شۇكى ، قەدىمكى ساكلار بىلەن ھازىرقى تاجىكلاردىكى بۇركۇت ئوبرازىنىڭ ئوخشاش چىقىپ قىلىشى تاسادىپىيلىق بولماستىن ، بەلكى مۇقەررەرلىكتۇر . چۈنكى تارىخىي باغلىنىشتىن قارىغاندا ، قەدىمكى ساكلار بىلەن ھازىرقى تاجىكلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردۇر . تاجىك مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە ساكلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى . گەرچە ساكلارنى يالغۇز تاجىك مىللىتىنىلا شەكىللەندۈرگەن دېگىلى بولمىسىمۇ ، قان ، تىل ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ساكلارنى تاجىكلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ، تاجىكلارنى ساكلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشكە بولىدۇ .

يەنە بىر جەھەتتىن ، تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر ـ ئامۇ دەريا ساھىللىرى ، پامىر ـ ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرى قەدىمكى زامانلاردا ساكلار ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم سەھنىلەرنىڭ بىرى . بۇ توغرۇلۇق ھىرودۇتنىڭ «تارىخ» ئەسىرى ، پارسلارنىڭ «نەقشى رۇستەم» ۋە «بىھىستۇن» ئابىدىلىرى ، جۇڭگونىڭ «خەننامە» ئەسىرىدە ناھايىتى مول تارىخىي خاتىرىلەر ۋە كېيىنكى چاغلاردا بايقالغان مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بار .

ئۈچىنچىدىن ، تاجىكلارنىڭ جاھانغا مەشھۇر خاسىيەتلىك نېيى «بۈركۈت نەي» دەپ ئاتىلىدۇ . نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دە ياشاپ كېلىۋاتقان تاجىك خەلقى «بۈركۈت نەي» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە . «بۈركۈت نەي»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق تاجىكلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر بار . بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىدە بۈركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن بىر جۈپ نەي ياسىلىپ تاجىكلارغا مىراس قالىدۇ ، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . ھازىرقى رېئال ئەھۋالدىن ئېيتساق ، تاجىكلارنىڭ بۈركۈت نېيى راستتىنلا بۈركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ . نەينىڭ تۆۋەن يېرىم تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ . تىك تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى زىل ھەم ئېگىز بولۇپ ، تاجىك ئاھاڭ ـ مۇزىكىلىرىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ . ئۇ تاجىكلار توي ـ تۆكۈن ، ھېيت ـ ئايەم ، بەزمە ـ مەشرەپ ، ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . «بۈركۈت نەي» توغرىسىدا ئەل ئەدەبىياتىدىن باشقا ، يەنە تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بار .

تۆتىنچىدىن ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ . چۈنكى بۇ خىل نەپىس ، لەرزان خەلق ئۇسسۇلى دەسلەپتە نەۋقىران بۈركۈتنىڭ پەرۋاز ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . ئۇ خىلمۇخىل ھەرىكەت ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكىگە باي بولۇپ ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ خۇددى بۈركۈتنىڭ بىپايان كۆكتىكى ھەرىكىتىدەك مەردانە ، ئەركىن پەرۋاز قىلىش ئارزۇ ـ ئىستىكى ، ئەركىن ۋە بەختلىك ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرى ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن . «بۈركۈت ئۇسسۇلى»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر «بۈركۈت نەي» رىۋايىتى بىلەن بىر لىنىيىدە بولۇپ ، ئاۋۋال «بۈركۈت نەي» پەيدا بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن «بۈركۈت نەي»نىڭ تەڭكىشىدە بۈركۈت پەرۋازىغا تەقلىد قىلىنغان «بۈركۈت ئۇسسۇلى» بارلىققا كېلىدۇ .

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى ناخشا ـ قوشاقلىرىدا ، ماقال ـ تەمسىللىرىدە ، مەسەل ـ ھېكايىلىرىدا بۈركۈتنى ئۇلۇغلايدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، تاجىك مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا «بۈركۈت مەدەنىيىتى»نىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## § 4 . پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تاجىك مەدەنىيىتى

تاجىكلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ناھايىتى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى . نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ، تاجىكلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئاجايىپ ئەقىل ـ

پاراسەتلىك قەھرىمانلار ، باتۇر ـ پەھلىۋانلار ، ئۇلۇغ پىداكارلار ، ئىش ـ ئىزلىرى ئاجايىپ تەسىرلىك تۆھپىكارلار ، خەير ـ ساخاۋەتچىلەر بارلىققا كەلگەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەھلىۋانى رۇستەم بىلەن باتۇرى قۇلچاق ئەڭ مەشھۇر بولۇپ ، پەھلىۋانى رۇستەم — تاجىكلارنىڭ ئەپسانىۋى دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق ئوبرازى بولسا ، ئەزىمەت قۇلچاق يېقىنقى زامان تاجىك جەمئىيىتىدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتىنىنىڭ مۇقەددەس زېمىن ـ تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا بارلىققا كەلگەن بېھىساب خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ۋە ئوبرازى .

قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى دەپ تەسۋىرلىنىدىغان تاجىك خەلق ئەپسانىلىرىنى تېماتىك مەزمۇنىغا ئاساسەن تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ، جەمئىيەت ـ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ۋە قەھرىمانلىق ـ پەھلىۋانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ . بۇلار ئىچىدىن قەھرىمانلىق ، پەھلىۋانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىر تىپىك سىستېما بولۇپ ، نەسەب بويىچە نۇر ئىلاھى ئاھوراماز دا ياراتقان تۇنجى ئادەم — گاۋمەردنىڭ نەۋرىسى ھوشاڭدىن باشلىنىدۇ . ھوشاڭ — تافمۇراسنىڭ ئوغلانى ، تارىختىكى شاھى جەمشىد ، شاھى فەرىدۇن قاتارلىقلار ھوشاڭنىڭ پۇشتى ۋە شاھلىق تەختىنىڭ ۋارىسلىرى . پەھلىۋانلار قىسسىسى نەرىمەن جەمەتىنىڭ ھەر دەۋر قەھرىمانلىق قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالەمگە مەشھۇر پەھلىۋان — سامدۇر ، سامنىڭ ئوغلانى زالدار ، زالنىڭ ئوغلانى پەھلىۋانى رۇستەمدۇر . رۇستەمنىڭ ئوغلانى تۇران مەلىكىسىدىن بولغان سوھرابتۇر . قەھرىمانلار ئەپسانىلىرى ئىچىدە رۇستەم پەھلىۋاننىڭ قىسسە ـ ھېكايەتلىرى ئەڭ زور ، ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ قىزىقارلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ يەتتە زور مۇشكۇلات — شىر

بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى ، ئايىغى چىقماس چۆل ـ جەزىرىدىن ئامان ـ ئېسەن چىققانلىقى ، ئەجدىھا بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىپ ئۇنى يوقاتقانلىقى ، ئىككى مۈڭگۈزلۈك دىۋە بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ، ئاخىرى ئۇنى پەم بىلەن ھالاك قىلغانلىقى ، قورقۇنچلۇق ئاق ئالۋاستى بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ، ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن تارمار قىلغانلىقى ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنى ئاپەت ۋە زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكى ، رەڭگارەڭ قاباھەت كۈچلىرىنى يوقىتىش جەريانىدىكى پەم ـ پاراستى ، تەڭداشسىز شىر يۈرەكلىكى ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىقىياس ماھارىتى كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدۇ ۋە تەسەۋۋۇرنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ . تەسىرلىك پەھلىۋانى رۇستەم قىسسىلىرى تاجىك مىفولوگىيىسىدە يۈرۈشلەشكەن ھېكايەت كۈللىياتىنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭا ئۇنى تاجىك ئەپسانە ـ قىسسىلىرىنىڭ يادروسى دەپ قاراشقا بولىدۇ . پەھلىۋانى رۇستەم ھېكايەتلىرىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ ئادەمزات دۇنياسىغا كېلىشى» ، «پەھلىۋانى رۇستەم ۋە جىن ـ ئالۋاستىلار» ، «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ خاسىيەتلىك رەقش تۇلپىرى» ، «رۇستەم پەھلىۋان قەبرىسى» ، «رۇستەم بۇلاق» ، «سەڭگى پەھلىۋان» ، «بېق ـ بېقىن ھېكايىلىرى» ، «ئۇزۇلگەن تاغ ھېكايىسى» ، «ئافراسىياب تېغى رىۋايىتى» قاتارلىقلار بار . ئېلىمىز تاجىكلىرى پەھلىۋانى رۇستەمنى تاشقورغاندا ئۆتكەن شەخس ، تاجىكلارنىڭ بوۋىسى دەپ تەرىپلىشىدۇ . راست گەپ قىلغاندا ، پەھلىۋانى رۇستەم قىسسىلىرىنىڭ سۈژىتى قىزىقارلىق ، بايان تىلى گۈزەل ، مەزمۇنى جەلپ قىلارلىق بولۇپ ، ئۇنى قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى روھىي تۈۋرۈكى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى دېيىشكە بولىدۇ . مۇشۇ سەۋەبتىن

بولسا كېرەك ، مىلادىيىلەردىن بۇيان تاجىكلارنىڭ قەھرىمانلىق ئەپسانە ـ قىسسىلىرى كلاسسىك خەمسەچىلىك ، داستانچىلىق ، ئېپوسچىلىق ، مەسنەۋىچىلىك ، لىرىكىچىلىق ، مىفولوگىيە ، رىۋايەت ـ ھېكايىچىلىق ، تارىخ ـ ئېتنوگرافىيە ، ئېتوپىك ، گېئوگرافىيە ، پەلسەپە ، ئىجتىمائىيەت ، ئىدېئولوگىيە ، ماقال ـ تەمسىلچىلىك ، مەسەلچىلىك ۋە ئەقىل ـ ھېكمەتچىلىكنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە . كلاسسىك ئېپوسچىلىقنىڭ پىرى ھەزرىتى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنى قەدىمكى قەھرىمانلىق ھېكايەتلەر دېڭىزىدىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان ۋە ئاجايىپ مۆجىزە ياراتقان ئۇلۇغ ئىجادىيەت پىرى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ بۈيۈك «شاھنامە» ئېپوسىدا پەھلىۋانى رۇستەم ئەڭ يېڭىلمەس ئىجابىي ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا كىشىلەر «شاھنامە»نى «رۇستەمى داستان» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ . دېمىسىمۇ «شاھنامە» خەزىنىمىزدە رۇستەم ئوبرازى ئەڭ تىپىك ، ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، قالغان بارلىق ئوبرازلار مۇشۇ تىپىك ئوبرازنى دەۋر قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق روھى بىقىياس ئۇلۇغدۇر .

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجىكلار ئارىسىدا رۇستەم نامى ۋە رۇستەم روھى شۇنداق بىغايەتكى ، تاشقورغاندىكى نۇرغۇن تاغ ـ دەريالىرىنىڭ نامى رۇستەم پەھلىۋان بىلەن مۇناسىۋەتلىك . نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن ئوغۇل بالىسىغا «رۇستەم» دەپ ئات قويۇپ ، ئۆز بالىسىنىڭ كەلگۈسىدە رۇستەم كەبى ئوغلان بولۇشىنى ئارزۇ ـ ئۈمىد قىلىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا نېمە كۆپ دېسە ، پەھلىۋانى رۇستەم توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ قىسسىلەر ، رىۋايەت ـ ھېكايىلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ،

ناخشا ـ قوشاقلار كۆپ . تاجىك دىيارىدا ۋە تاجىك تىلىدا «رۇستەم» سۆزى «يېڭىلمەس» ، «قەھرىمان» ، «باتۇر» ، «پەھلىۋان» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغان . تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈل تاجىسى دەپ ئاتىلىدىغان «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتىنىڭ باش پېرسوناژىمۇ سۆيۈملۈك رۇستەم بولۇپ ، ئۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقتىن ئىنسانىيەت ئالىمىگە گۈل ـ گىياھ ۋە ھاياتلىق سۈيى ئېلىپ كېلىدۇ .

بىز كۆزىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، پەھلىۋانى رۇستەم ئەمەلىيەتتە تاجىك خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشىدىكى تەڭداشسىز غايىۋى مىللىي قەھرىمانى . خەلقىنىڭ قاباھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، ئىستەك ـ غايىسى ماھىيەتتە رۇستەمدىن ئىبارەت مۇشۇ غايىۋى مىللىي ئوبرازغا مۇجەسسەملەشكەن . ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ فىردەۋسى «شاھنامە» سىدىكى رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىق ۋە پەھلىۋانلىق مۆجىزىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ ، ئاندىن ھازىرقى ئەدەبىيات خەزىنىسىگە ئايلانغانلىقى ياكى مەۋلانە فىردەۋسىنىڭ خەلق ئەپسانە ـ قىسسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، ئۇنى يىغىپ ، توپلاپ ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن يېڭىۋاشتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ ، رۇستەم پەھلىۋان ئوبرازىنى يارىتقانلىقى ھەققىدە ھېچكىم كېسىپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق . بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەلمەكتە . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، «شاھنامە» دىكى رۇستەم پەھلىۋان ھېكايەتلىرى ئاۋۋال خەلق ئىچىدىن كەلگەن ، ئاندىن يەنە ئايلىنىپ خەلق ئىچىگە بارغان .

رۇستەم پەھلىۋان ھېكايەت ـ قىسسىلىرى تارىختا تاجىك ـ

پارس ئەدەبىياتىدىلا مەشھۇر بولماستىن ، يەنە جاھان ئەدەبىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن . بۇ توغرۇلۇق ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە كلاسسىك شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۆز ئارزۇ ـ ئارمىنىنى بايان قىلغاندا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى :

6549 . چېقىندەك قىلىچلىق ھەيدەر[1] ئەرسەم ئۆزۈم ،
يا رۇستەمدەك[2] جاھانغا داڭقىم تاراتتىم .

6550 . بولۇپ ياكى ئەيسا[3] ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم ،
يا نوشىرۋاندەك[1] قانۇن ئادىل يۇرۇتتىم .

ئۇلۇغ گېرمان شائىرى گيوتې ئۆزىنىڭ «غەرب شائىرىنىڭ شەرقچە شېئىرلىرى دىۋانى»دا ھەزرىتى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىقا مەدھىيە يازغاندا قۇر ئارىلىرىدا رۇستەم ئوبرازىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، رۇستەم ئوبرازى ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ ، ئۇ ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇ خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈلۈك قەھرىمان !

## § 5 . تۇلپار ۋە تاجىك مەدەنىيىتى

كىشىلەر تاجىك بىلەن بۇركۇت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ، تاجىكلارنى «بۇركۇت مىللىتى» دەپ تەسۋىرلىسە ، تاجىك بىلەن

① ھەيدەر ـ ھەزرىتى ئەلى (مىلادىيە 600 ـ 661 )نىڭ لەقىمى .
② رۇستەم ـ «شاھنامە»دىكى مىسلىسىز ئەپسانىۋى قەھرىمان .
③ ئەيسا ـ خرىستىيان دىنىنىڭ مەشھۇر پەيغەمبىرى .
④ نوشىرۋان ـ پارس ساسانىلار خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى .

ئات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۇلارنى «ئات ئۇستىدىكى مىللەت» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ خىل سۈپەتلەش ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. ئەگەر بىز مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ، تاجىكلار بىلەن ئات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرىدىغان بولساق، ئاتنىڭ تاجىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە تولىمۇ چېلىقارلىق ۋە يۇكسەك ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، ھەتتا تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «تاجىكلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى»نىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

1. ئات تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان سەپەر ئۇلىغى، مىنىك ئۇلىغى، قاتناش قورالى، ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە كۆڭۈل ئېچىش قورالىدۇر. ھالبۇكى بۇنى تاجىكلارنىڭ ياشاش ئېكولوگىيىسى بەلگىلىگەن. تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە نەزىر - چىراغلىرى، ھېيت - ئايەم ۋە مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمۇ ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئات تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەڭ يۇكسەك ئورۇن ئالغان. تاجىكلارنىڭ مۇبارەك نەزەرىدە، ئات «ئىنسانلارنىڭ مېھرىبان قانىتى»، «ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى»، «جەڭلەردىكى ۋاپادار ھەمراھى»، «ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى»، «ئات — ئەرنىڭ قانىتى»، ھەربىر تاجىك ئائىلىسىدە كەم دېگەندە، بىر ئات بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. تاجىكلار ئاتنى بەكمۇ ئەزىزلەيدۇ، كۆز تەگمەسلىك، بالا - قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتنىڭ بەدىنىگە كۆز تۇمارى ئېسىپ قويىدۇ. ئاتنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۈچۈن، قىممەت باھالىق ئېگەر، ئورامال، شالچا، توقۇم، نوختا، تىزگىن، قۇشقۇن، تاسما ۋە قامچا ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى كۆركەم زىننەتلەيدۇ. ئومۇمەن، تاجىكلاردا ئاتقا نىسبەتەن بىر خىل مېھىر - شەپقەت ھېسسىياتى

شەكىللەنگەن .

2 . ئات تاجىكلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن ۋە رولغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە تاجىكلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە . ئۇ ئالىبۇرۇن ، ئەپسانىۋى دەۋردىلا ، تاجىك مىفولوگىيىسىدىن مۇقەددەس ئوبراز سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان . تاجىك خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ئات ئوبرازى بىقىياس تەسىرلىك ، چىن ـ سەمىمىي ۋە بەھەيۋەت بولۇپ ، ئۇ مۇز تاغ ئاتا ئوبرازى ، بۇركۇت ئوبرازى ، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى بىلەن بىرلىكتە تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدا تۆت چوڭ ئوبراز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇنى تاجىكلارنىڭ مەشھۇر «مەلىكە قورغان» رىۋايىتى ، «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ رەقىش تۇلپىرى» رىۋايىتى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى دەپ سۈپەتلىنىدىغان «شىنگان ئاق دۇلدۇل رىۋايىتى» قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكى ھەر قىسما بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدە ئات بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق ، شەپقەتلىك ۋە ھەمدەملىك مۇناسىۋىتى يورۇتۇلغان . ئەڭ قىممەتلىكى شۇكى ، ئىنسان تەرەپ ئەڭ قىيىن مۇشكۇلاتقا قالغاندا ، خاسىيەتلىك تۇلپار ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئىنسانغا شەپقەت كۆرسىتىدۇ ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، ئىنسانغا بەخت ـ سائادەت يارىتىدۇ . شۇنىڭغا ئالاھىدە بەك دىققەت قىلدۇقكى ، تاجىك ئەپسانە ـ رىۋايىتىدە ئات باشتىن ـ ئاخىرى ئىجابىي ئوبراز . پەھلىۋانى رۇستەمنىڭ رەقىش ناملىق خاسىيەتلىك تۇلپىرى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە خىسلەتكە ئىگە بولۇپ ، رۇستەم پەھلىۋان ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ قەدىرلەيدۇ . تەسۋىرلىنىشىچە ، رەقىش ئات زور ئەمەس ، لېكىن شىر كەبى كۈچلۈك ، ئۇنىڭ رەڭگى چىپار ، كۆزى قاشتېشىغا ئوخشايدۇ . ئۇ تېخى 52 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاراڭغۇدىمۇ

چۆمۈلىنى پەرق ئېتەلەيدىكەن . ئۇ رۇستەم پەھلىۋاننىڭ شەپقەتلىك ھەمراھى ۋە قورالى بولۇپ ، ئۇنىڭ يەتتە زور مۇشكۇلاتىنى يېڭىشىدىكى قانىتى ، قورالى ۋە نىجاتچىسى ، ئۇ كۆپ قېتىم ئىگىسىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزغان .

بىز يەنە سېلىشتۇرما تەتقىقات نۇقتىسىدىن ، قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلىرى بولغان ساكلار ، سوغدىلار ، توخارلار ، باكتېرىيىلىكلەر ، خارەزىملىقلار ۋە مەرگىنىيالىقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەم كېيىنكى چاغلاردا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىغا كىرگۈزۈلگەن تۆت چوڭ تراگېدىيە ھېكايەتلىرى كۆللىياتىسى بولغان «رۇستەم ۋە سۇھراب ھېكايەتلىرى» ، «ئىلاجى ھېكايەتلىرى» ، «ئىسفەندىيار ھېكايەتلىرى» ۋە «سىياۋۇش ھېكايەتلىرى»دىكى تۇلپار ئوبرازىغا نەزەر سالدۇق . بۇ ھېكايەتلەر سىستېمىسىدىمۇ ئات ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى ۋە نىجاتكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان . دېمەكچىمىزكى ، تاجىكلار بىلەن قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدە ئات ئوبرازى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ . بۇ خىل ئوخشاشلىق ئەمەلىيەتتە ئورتاقلىق بولۇپ ، ئۇ چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە . قىسقىسى ، تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ، تاجىكلارنىڭ ئاتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ئات بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن .

3 . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىدىمۇ تۇلپار ئوبرازى كارامەت بۇيۇكتۇر . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى ماكرو جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ : بۇلار «بۈركۈت ئۇسسۇلى» ، «قىلىچ ئۇسسۇلى» ۋە «ئارغىماق ئۇسسۇلى»دىن ئىبارەت . «بۈركۈت ئۇسسۇلى»دا ئۇچار قاناتلارنىڭ سەركەردىسى بولغان بۈركۈتنىڭ كۆكتىكى ئەركىن پەرۋازىنى تەقلىد قىلىش

ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بۇركۇتتەك ئەركىن ـ بەھۇزۇر ياشاش ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن بولسا، «قىلىچ ئۇسسۇلى» بىلەن «ئارغىماق ئۇسسۇلى» خاس ئات ئۇستىدىكى ئۇسسۇل ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلاردا نازۇك ۋە ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، جەڭگە ئاتلانغان مەرد پەھلىۋاننىڭ تولپار ئۇستىدىكى ماھارىتى، جاسارىتى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتى ئىپادىلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئۇسسۇلى مەملىكەت ئىچىدە پايتەخت ۋە كۈنمىڭدا ئوينىلىپ قىزغىن ئالقىش، ياخشى باھا ۋە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. بۇنىڭدىن ئاتنىڭ تاجىك سەنئىتىدىكى ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تېمپا، ئۇدار ۋە مېلودىيە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چاپسۇز، مەيلىس، ۋەلۋەلەكىك، ئەركەتلۇ، تىمباك ساز ۋە تەلقىن ساز دەپ ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئىچىدىن تىمباك ساز بىلەن ۋەلۋەلەكىك ساز ئات ئۇستىدىكى پائالىيەتلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئوغلاق تارتىشش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئورۇندىلىدۇ. ئادەتتە ئىككى ئايال داپ چېلىپ، ئىككى ئەر نەي چېلىپ، بۇ مۇزىكىلارنى ئورۇندايدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇزىكىنىڭ تېمپىسى داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ۋە جىددىي بولۇپ، ئارغىماقلارنىڭ بەس ـ بەستە چېپىۋاتقانلىقىنى، مىڭلىغان شىر يۈرەك چەۋەندازلارنىڭ مۇزىكىغا ماس ھالدا ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مۇزىكا ئارغىماق ۋە چەۋەندازلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل مۇزىكىنى ئارغىماق ئۇستىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ زەپەر مارشى دېيىشكە بولىدۇ.

تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس «بۇركۇت نەي» نىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭمۇ بىر يېرى بېرىپ تولپار بىلەن باغلىنىشلىقتۇر.

چۈنكى بۇ خىل نەي دەسلەپتە «نەي دەستىلىك قامچا» دەپ ئاتالغان . ئۇ ئەسلىدە قوي سۆڭىكىدىن ئىشلىنىپ ، ئات ھەيدەيدىغان قامچا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن . كېيىن بۈركۈت سۆڭىكىدىن ئىشلىنىپ چالغۇ ئەسۋابى بولغان . ئۈچ تۆشۈكلۈك سۆڭەك نەي توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى تارىخىي كىتابلىرى ۋە مۇزىكا تەزكىرىلىرىدە ناھايىتى قىممەتلىك خاتىرىلەر بار .

4 . ئات تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە يادرولۇق رول ئوينايدۇ . تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيىسىنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ . بۇلاردىن خېلى بىر قىسمى ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

تاجىكلارنىڭ ھاياتىدا خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ نامايەندىسى بولغان يىگىت ـ قىزلارنىڭ توي مەرىكىسى ، بۆشۈك تويى ، خەتنە تويى ، سۇ باشلاش ھېيتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەيۋەتلىك ، داغدۇغىلىق ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى ، ئات توپى ، ئات ئۈستىدىن قارىغا ئېتىش ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ يەردىكى ئۈستىدىكى كىچىك ئورەك ئىچىدىن تەڭگە ئېلىش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇ پائالىيەتلەرگە كەلسە ـ كەلمەس ئات ئەمەس ، بەلكى ئەڭ چاپقۇر ئاتلار قاتناشتۇرۇلىدۇ . بۇ خىل ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ، مۇكاپاتلىرى بولىدۇ . يەنە كېلىپ بۇ پائالىيەتلەرگە تاجىكلارنىڭ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ئويناش ، ناخشا ئوقۇش پائالىيەتلىرى بىرلىشىپ ، مىللىي تەنتەربىيە بىلەن مىللىي سەنئەت ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ . يۇقىرى ماھارەت ۋە يۈكسەك پەم ـ پاراسەت تەلەپ قىلىنىدىغان بۇ خىل ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە تۈرلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ ، كىشىنى بىتاقەت قىلىدۇ . تارىختىن بۇيان ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى

جەريانىدا مەخسۇس ئات ئۇستىلىرى بارلىققا كەلگەن . ئۇلار تاجىك يۇرتلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ ، ئەل ئىچىدە «ئات پىرى» ، «ئاتقا قانات سالغۇچىلار» دەپ تەرىپلىنىپ ھۆرمەتلىنىدۇ .

يۇقىرىدىكى باياندىن مەلۇمكى ، تاجىكلارنىڭ مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپى ئات بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئەگەردە ئات بولمىسا ، بۇ خىل ماھارەتلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىش ئاساسى ۋە شارائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ . شۇڭا ، ئاتنى تاجىك مىللىي تەنتەربىيىسىنىڭ يادروسى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ تۈپ ئامىلى دېيىشكە بولىدۇ .

5 . تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئات يۈكسەك ئۇبراز ھېسابلىنىدۇ . تاجىكلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت مەنزىرىسىدە ، ئۆزئارا سالام ـ سەھەت ، سوۋغات ـ سالام قىلغاندا ، بىر ـ بىرىنى قۇتلىغاندا ، ئۆزئارا مۇبارەكلەشكەندە ، ئات ئەڭ ئالىي ۋە زىيادە قىممەت باھالىق تارتۇق جۇملىسىگە كىرىدۇ . بۇ توغرۇلۇق خىلمۇ خىل ئەپسانىلەر ، قىسسىلەر بولۇشتىن باشقا ، يەنە يازما خاتىرىلەرمۇ بار . «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 437 ـ يىلى ) قەدىمكى تاجىك ئەجدادلىرى قۇرغان «قىرپانە بەگلىكى» شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىپ خانلىققا ئەڭ ئېسىل تۇلپار تەقدىم قىلغان . گرېكلارنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخچىسى ھىرودوت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 284 ~ 425 ـ يىللار ياشىغان ) ئۆزىنىڭ «گرېتسىيە ـ پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» دا ساكلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «ئۇلار پەقەت قۇياش ئىلاھىغىلا ئېتىقاد قىلىدۇ ، ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئاتنى قۇربانلىق قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاتنى

قۇربانلىق قىلىشتىكى ئاساسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەڭ چاپقۇر تۇلپارلا ئىلاھلار ئالەمىدىكى ئەڭ تېز قۇياشقا ماس كېلىدۇ.»① دېمەك، ساكلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئات خاسىيەتلىك ھايۋاندۇر، دەرۋەقە، ساكلار بىلەن تاجىكلار بىر قوۋمغا مەنسۇپ بولغان شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەردۇر.

ئۆزئارا دوست تۇتۇش — تاجىك ئېتنوگرافىيىسىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت. بۇ خىل ئادەتنىڭ قائىدە - يوسۇنى ۋە رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ. قۇرئان كەرىمنى تۇتۇپ قەسەم بېرىپ دوست بولۇش ۋە ئۆزئارا ياخشى چاپقۇر ئاتلارنى تەقدىم قىلىپ دوست تۇتۇش ئەڭ يۇقىرى قائىدە - رەسمىيەت بولۇپ، ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن جامائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا ناماز چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ساھىبخانا ئۆزىنىڭ رەھمەت - ھەشقاللىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناماز چۈشۈرگۈچى دىنىي زاتقا بىر ياخشى ئات تارتۇق قىلىدۇ.

ئومۇمەن، تاجىكلارنىڭ قائىدە - يوسۇن پەتىۋاسىدا ياخشى ئات — بىباھا سوۋغات ۋە تارتۇق ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بۇنى ئات نەرخىنىڭ قىممەتلىكى ئەمەس، بەلكى ئات ئوبرازىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بەلگىلىگەن.

6. تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشىدىمۇ ئات ئوبرازى ناھايىتى ئۇلۇغدۇر. تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشىدىكى ئات ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبرىچىلىك مەدەنىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبرىچىلىكى تۇز قەبرە، ئېگەرسىمان قەبرە، مەقبەرە - گۇمبەزچىلىك ۋە

① ھىرودۇت: «تارىخ»، سودا نەشرىياتى 1987 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 287 - بەت.

مازارچىلىق دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ . نورمال ، قارارلىق ۋە ئەجەل نۆۋىتى بىلەن ئۆلگۈچىلەرگە تۈز قەبرە ياسىلىپ ، توپىدىن لاي ئېتىپ سۇۋىلىدۇ ؛ قەرەلسىز ، بىقارار ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر بىلەن ئۆلگۈچىلەر ئۈچۈن ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىپ ، ئاۋۋال توپا لاي بىلەن ، ئاندىن ئۈستىدىن ئاق بور بىلەن سۇۋىلىپ ، بېشى قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ ؛ ئاتاقلىق ۋە تەقۋادار كىشىلەرگە مەخسۇس مەقبەرە ياكى گۈمبەز سېلىنىپ ، ئىچكى تاملىرى خىلمۇ خىل نەقىشلەر (كۆپرەك تۇلپار ، ئېگەر ، قامچا ، مىلتىق ، ئوۋ ئىتى رەسىملىرى سىزىلىدۇ ) بىلەن بېزىلىدۇ ؛ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ئۈچۈن مەخسۇس مازارلار تەسىس قىلىنىدۇ ، بۇ جايلار تاۋاب قىلىنىدىغان مۇقەددەس جايلارغا ئايلانغان .

نېمە ئۈچۈن بىقارار ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىدۇ؟ قەبرە گۈمبەز تاملىرىغا نېمە ئۈچۈن كۆپرەك ئات سىمۋولى سىزىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەرخىل شەرھلەشلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشى ۋە ئىخلاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇ خىل قاراشنىڭ نېگىزى شۇ يەردىكى ، ئات پانىي ئالەمدىلا ئەمەس ، بەلكى باقىي ئالەمدىمۇ ئىنسانلارنىڭ مېھرىبان شەپقەتچىسى ۋە ئەرنىڭ قانىتى . تاجىك ئەپسانە ـ قىسسىلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، ئادەمزات گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ، بېھىشتىن پانىي ئالەمگە قوغلانغاندا ، رەھىمدىل پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ نالە ـ پەرياد ۋە يىغا ـ زارىغا چىدىيالماي ، ئاتنى سەپەر ئۇلىغى قىلىپ بەرگەنمىش . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئات ئۆي ھايۋىنىغا ئايلىنىپ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىق قورالىغا ئايلانغانمىش . مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك ، تاجىكلار ئومۇمەن ئاتنى بۇ دۇنيا ، ئۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ خالىس شەپقەتچىسى ، مەڭگۈلۈك ھەمراھى دەپ قارايدۇ . ئېگەرسىمان قەبرىلەر بىلەن مەقبەرە ـ گۈمبەز تاملىرىدىكى ئات سىمۋولى مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيە ئاساسىدا

شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن .

تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ ئات توغرۇلۇق بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇن ، پەتىۋا - رەسىمىيەتلەر بار . كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن ، ئاتقا كۆز تۇمارى ئېسىپ قويۇش ، ئاتنى بوغۇزلاش ، ئات گۆشىنى يېيىش ، ئات قىمىزىنى ئىچىشنى راۋا كۆرمەسلىك ، چۈشىدە تۇلپار مىنسە ، بەخت - سائادەتنىڭ بېشارىتى دەپ تەبىر بېرىش ، ئاتنى ئەڭ ياخشى جابدۇقلار بىلەن بېزەش ، ئاتنى خارلاشنى يامان كۆرۈش ، ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېگىز دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇپ ساقلاش ۋە باشقىلار .

تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىدە مۇز تاغ ئاتا ئوبرازى ، سۆيۈملۈك بۈركۈت ئوبرازى ، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تۇلپار ئوبرازى زىيادە چېلىقارلىق بولۇپ ، ماھىيەتتە ، بۇ تۆت ئوبراز سىستېمىسىنىڭ يىغىندىسى تاجىك مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ . شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ ئوبراز ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلاردا خەلقىمىزنىڭ كائىنات قارىشى ، پەلسەپە قارىشى ۋە قەھرىمانلىق قارىشى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن . مۇشۇ مەنە ۋە نۇقتىدا ، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت ئوبرازنى تاجىك خەلقىنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى خەزىنىسى ، قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ . شۇڭا ، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ ئوبرازنى چۈشەنمىگەندە ، تاجىك خەلقىنىڭ يۈرەك - قەلبىنى ، تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . دېمەكچىمىزكى ، بىز تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرى ۋە تاجىك مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچىلاردىن مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىماسلىقنى ، بەھۇدە ئەجىر قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىمىز .

## § 6 . تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك مەدەنىيىتى

تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ، ئۇلارنىڭ قەبرىچىلىك ئادەتلىرى بىر قەدەر ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى قاراشلىرى ، تۈرلۈك دىنىي ئېتىقاد ئىپادىلىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېڭى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەممە گۈزەل سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ ، تاجىك مەدەنىيىتىدە قەبرىچىلىك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن .

### 1 . تاجىك قەبرىچىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ . شۇڭا تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ، ئادەتلىرى ، جۈملىدىن قەبرىچىلىكىمۇ ئاساسەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئەقىدە - تەلىماتلىرى يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك ، مىلادىيە 10 - ئەسىردىن باشلاپ تاجىك قەبرىچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ . بۇ مېيىتنى يۇيۇش ، ھازا تۇتۇش ، تەلقىن قىلىش ، ماتەم مۇراسىمى ، مېيىتنى ئۇزىتىش ، چىراغ ياندۇرۇش ، قارلىق چۇشۇرۇش ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ، تۇپراق بېشىغا چىقىش قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلىرىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى قەبرە ياساش ، يەرلىككە قويۇش ئادەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ .

تاجىك يۇرتلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ، ۋاقىت ئۇقۇمى جەھەتتىن چارشەنبە كۈنى تۇپراققا تېگىشكە (چېقىلىشقا ) بولمايدۇ . چۈنكى چارشەنبە كۈنى دۇنيا بىنا بولغان كۈن . جۈمە كۈنى تۇپراققا كىرگەن كىشى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى بۇ كۈنى تۇپراققا كىرگەن كىشى ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدۇ . قەبرە ئېلىشتا قەبرىستانلىقتىن بىرلا ئورۇنغا تېگىشكە بولىدۇ . چۈنكى ئادەم تۇپراقتىن چىقىپ تۇپراققا قايتىشتا ، تۇپراقتىن ئۇنىڭغا بىرلا جاي نېسىپ ئىكەن . گۆر تۆت چاسا قىلىپ تىك قېزىلىپ ، تاش بىلەن چىرايلىق قوپۇرۇلىدۇ . ئۆلچەم بويىچە گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئەرلەرنىڭ بەلگىچە ، ئاياللارنىڭ كۆكرەككىچە قېزىلىدۇ . ئۆلۈك ئاق كېپەن ئىچىگە ئېلىنىپ ، باشقا ھېچقانداق نەرسە ـ كېرەك ئاخىرەتلىك قىلىپ قويۇلمايدۇ . ئارامخۇدا ياتسۇن ئۈچۈن ، مېيىتنىڭ بېشىغا يۇمشاق قۇم بىلەن توشقۇزۇلغان تەكىيە قويۇلىدۇ . بارماقلىرى قورۇلمىسۇن ئۈچۈن ، ئىچىگە ئۇششاق چالمىلار قىستۇرۇلىدۇ . گۆرنىڭ ئاغزى تۆت چاسا تاش بىلەن يېپىلىپ ، كاۋاك يەرلەر ئۇششاق تاشلار بىلەن توشقۇزۇلىدۇ . قەبرە ئىچىدىن قېزىپ چىقىلغان توپا قايتا شۇ قەبرە ئۈستىگە تولۇق تاشلىنىدۇ . ئۆلۈك يەرلىككە قويۇلغان كۈنى قەبرە قاتۇرۇلمايدۇ . قەبرە ئۆپچۆرىسىدە كېچىچە نۆكچە ياندۇرۇلىدۇ ياكى ئىسرىق سېلىنىدۇ . ئادەتتىكى قەبرىلەرنى قاتۇرۇشتا ، ياشانغانلارنىڭكى تۇزلا قاتۇرۇلۇپ ، ئادەتتىكى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ ، ياشلارنىڭكى بولسا تۆت چاسا قىلىپ چىقىرىلىپ ، ئاۋۋال لاي بىلەن ئاندىن ئۈستىدىن ئاق بور بىلەن سۇۋىلىدۇ ، بېشى قىزىل بويىلىدۇ .

تاجىكلاردا قەبرە ناھايىتى خاسلىقتا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا جىنسىي ئايرىمىسى ، ياش ئايرىمىسى ۋە سالاھىيەت ئايرىمىسى روشەن ئىپادىلىنىدۇ . يەنى تاجىكلاردا قەبرىچىلىك تۇز قەبرە ،

ئېگەرسىمان قەبرە ، مەقبەرە ـ گۈمبەز ۋە مازار دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ . نورمال ئۆلگۈچىلەرگە تۈز قەبرە ، قەرەلسىز ئۆلگەنلەرگە ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىدۇ . ئاتاقلىق ئەربابلار ۋە تەقۋادارلارغا ئاتاپ مەقبەرە ـ گۈمبەز سېلىنىدۇ . ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس مازارلار تەسىس قىلىنىدۇ . مەقبەرە ـ گۈمبەزچىلىك تاجىكلاردا ھېلىمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەبرىچىلىك ئادىتى .

## 2 . تاجىك قەبرىچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان زەردۇشت مەدەنىيىتى

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۆز تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلغان . شۇڭا تاجىك رىۋايەت ـ قىسسىلىرى ۋە تاجىكلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئاتەش دىنىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ . تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا نۇر ۋە ئوت ھازىرمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ . تاجىكلارنىڭ «پىلىك ھېيتى» دا پىلىك ۋە گۈلخان يېقىش ، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلغاندا «چىراغ يېقىش» مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ، دىۋە ـ پەرىلەرنى قوغلاش ئۈچۈن ئىسرىق سېلىش ، كېسەللەرنى «دۇدى» يورۇتۇپ داۋالاش ، ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى قەبرە ئەتراپىغا چىراغ يېقىش ، ئاي ۋە كۈن تۇتۇلغاندا گۈلخان يېقىش ، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئىشىك بوسۇغىسىدا ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتى كىشىلەر ھاياتىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى ، جىن ـ شاياتۇن ، دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىماسلىقى ، تۇرلۇك بالا ـ قازا ، كۈلپەت ـ ئاپەتلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر . بۇلار ئاتەش دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دە تەرغىب قىلىنغان ئەقىدىلەر بىلەن ماس كېلىدۇ . تاجىك دىيارلىرىدا ئادەم ئۆلگەندە ،

دەپنە قىلىنغان كونى ئاخشىمى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدە «چىراغ يېقىش» يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرائەت قىلىش ئاياغلاشقاندا، مۇراسىمغا قاتناشقان ھەممە كىشى يېنىۋاتقان چىراغقا قولىنى يېقىپ، ئۈچ قېتىمدىن يۈزىنى سىيپايدۇ. خەلق ئىچىدىكى ئېتىقادتىن قارىغاندا، «چىراغ يېقىش» مۇراسىمىنىڭ ئىككى تۈرلۈك مەزمۇنى بار. بىرى ئۆينى تازىلاش، يەنە بىرى، ئۆلگۈچىنىڭ باقىي ئالەمگە بارىدىغان روھىنىڭ يولىنى يورۇتۇش. تاجىكلار ئادەتتە جەسەت قويۇلغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمەيدۇ، پەقەت «چىراغ يېقىش» مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆي پاكلانغان ھېسابلىنىپ، تاماق يېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، تاجىكلاردا جەسەت قويۇلغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمەسلىك، ئۈچ كۈنگىچە قەبرە قاتۇرماسلىق، قەبرە قاتۇرغان كونى ئۈچ نەزىر بېرىش ئادىتى ئەمەلىيەتتە زەردۇشت دىنىي تەلىماتىنىڭ تاجىكلار تۇرمۇشىدىكى ساقىندىسىدۇر.

## 3. تاجىك قەبرىچىلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان ئات مەدەنىيىتى

تاجىك قەبرىچىلىكىدە، ئومۇمەن قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ئۇچۇن ئېگەر شەكىللىك قەبرە ياسىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئاق بوردا سۇۋىلىپ، بېشى قىزىل بويىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ ھەقتە ھەرخىل شەرھلەشلەر بار. بىر قەدەر بىرلىككە كەلگەن شەرھى شۇكى، بىرى، قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى، شۇ جۈملىدىن ئىلىمىز تاجىكلىرىمۇ قۇياش ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ خىل ئېتىقادتا قۇياش ئىلاھىغا تەقدىم قىلىدىغان ئەڭ بۇزرۇكۋار جانىۋار ئات ئىكەن. «ئاۋېستا»دىمۇ قۇياش بىلەن ئات باغلىنىشلىق قىلىپ كۆرسىتىلىپ، ئۇلار ئورگانىك ئوبراز قىلىپ قويۇلغان. يەنە بىرى، ئات تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ مۇقەددەس ھايۋان،

«ئات — ئەرنىڭ قانىتى» دەپ قارىلىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىمۇ ئات ئۇلۇغلىنىدۇ. رۇستەم پالۋاننىڭ «رەقش» ناملىق خاسىيەتلىك ئېتى ئۇنىڭ بارلىق قاباھەت كۈچلىرىنى يېڭىشىدىكى كۈچلۈك ياردەمچىسى دەپ ھېسابلانسا، «دۇلدۇل» ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى ئۈنۈملۈك ياردەمچىسى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. تاجىك قەبرىچىلىكىدە ئىپادىلەنگەن سەنئەت مەدەنىيىتى

نۇرغۇن مەقبەرە ـ گۈمبەز تاملىرىغا ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قىزىقىشلىرى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك رەسىملەر، يەنى تۇلپار، ئارقار، مىلتىق، ئوۋ ئىتى، قوي، كالا، گۈل ـ گىياھ، بۈركۈت، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا، مۈڭگۈز قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلىپ، ئەتراپىغا ھەر خىل نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. رەڭگارەڭ رەسىملەر بىلەن نەقىشلەر مەقبەرە ياكى گۈمبەزنى باشقىچە ھۆسنگە كىرگۈزىدۇ. بۇ خىل قەبرىچىلىك سەنئىتى زور بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ھايات تەزكىرىسىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئارقىلىق تاجىكلارنىڭ گۈزەل سەنئىتى بىلەن ئېستېتىك قارىشىنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئارقىلىق تاجىك قەبرىچىلىكى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەبرىچىلىكىنى سېلىشتۇرما قىلىپ، ئورتاقلىق بىلەن ئۆزگىچىلىكنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىك قەبرىچىلىكى گەرچە قارىماققا ئېتنوگرافىيىلىك ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مەۋجۇت. تاجىكلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى تەتقىقاتچىلىقىدا ئۇ ناھايىتى مۇھىم تەتقىقات تېمىسى.

# X باب تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيىسى

تاجىكلار تارىختىن بېرى ئۆزىگە خاس مىللىي تەنتەربىيە ماھارەتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. تاجىك مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، قەيسەرلىك ۋە بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدىغان، ئاممىۋىلىقى كەڭ بولغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە بىر قەدەر مۇھىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## § 1 . غېرىۋتىژد (ئوغلاق تارتىشىش)

ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل خەلق ئويۇنى. تاجىك مىللىتىنىڭ ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىگىلىشىمىزچە، تاجىكلاردا ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى ئىسلامىيەتتىن خېلىلا ئىلگىرى بار ئىكەن. قەدىمكى زامانلاردا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ ھەممىسى ئات ئۈستىدە بولاتتى، شۇڭا، كىشىلەر ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىش ماھارەتلىرىنى مەشىق قىلىپ ئۆستۈرەتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا قورال‌لىق ئۇرۇشلار ئالغانلىقتىن، ئۇ خەلق ئويۇنى — ئوغلاق تارتىشىش

ئويۇنغا ئايلانغانىدى . تاجىكلاردا ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن .

تاجىكلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى مەزمۇن ، شەكىل ۋە قائىدە ، نىزام جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ . ئوغلاق تارتىشىش ، بىرىنچىدىن ، ئۇ خۇشاللىقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ، يىگىت ـ قىزلارنىڭ تويى ، بۆشۈك تويى ، خەتنە تويى ، سۈ باشلاش ھېيتى ۋە باشقا داغدۇغىلىق پائالىيەتلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تەبىئىي ھالدا باغلانغان . ئىككىنچىدىن ، تاجىكلاردا ئوغلاق تارتىشىش ناھايىتى ھەيۋەتلىك ، داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . تاجىكلاردا ھەربىر ئائىلىدە بىر ـ ئىككىدىن ئات بولىدۇ . ئوغلاق تارتىدىغان كۈنى ھەممە چەۋەنداز ئۆز ئاتلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق ياساپ مەيدانغا چۈشىدۇ . ئۈچىنچىدىن ، تاجىكلاردا ئوغلاق تارتىشىش ئۇسسۇل ـ مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ . ئوغلاق تارتىشىش ئويۇشتۇرۇلغان مەيداندا نۇرغۇن تاماشىبىنلار ، ياش يىگىت ـ قىزلار ، مويسىپىت ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئۆسمۈر ـ بالىلار ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ، داپ ، نەي چېلىپ ، ناخشا ئوقۇپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، چەۋەندازلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ . ئىككى ئايال داپ ، ئىككى يىگىت بۇركۈت نەينى چېلىپ ، چەۋەندازلارغا خاس بولغان تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن «تىمباك ساز» ، «ۋەلۋەلەكىك» ، «جان ـ جىگەر» قاتارلىقلارنى ئورۇندايدۇ . بۇ مۇزىكىلار ئوغلاق تارتىشىش ھەرىكىتىنىڭ ھەربىر باسقۇچى ، راۋاجى بىلەن باغلانغان بولىدۇ . مىسالى ، يىگىت تەرەپ قىزنى يۆتكەشكە كەلگەندە ، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپ ئۈچۈن بىر تىرىك ئوغلاقنى تۇتۇپ بېرىدۇ . قىزنىڭچىلىق بولسۇن ئۈچۈن ، يىگىت تەرەپنىڭ چەۋەندازلىرى ئوغلاقنى تىرىك پېتىچە قىز تەرەپتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز

ماھارىتىنى كۆرسەتسە، ئوغلاقنى تۇتۇپ تۇرغان قىز تەرەپ ياغاچ توقماق، تاش ـ توپا ئېتىپ، ئوغلاقنى بەرمەيدۇ. شۇڭا، بۇ بىر مەيدان قاتتىق ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا «تىمباك سازى» چېلىنسا، چەۋەندازلار توپى ئوغلاقنى ئايلانما ئاساستا چۆرگىلىتىپ تارتقاندا، «ۋەلۋەلەكىك» ئاھاڭى چېلىنىدۇ. «جان ـ جىگەر» — چەۋەندازلار توپلىشىپ ئوغلاقنى تالاش ـ تارتىش قىلىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا چېلىنىدۇ. بۇ مۇزىكا يىگىتلەرنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز سۆيگۈلىرىگە بولغان مۇھەببەت رىشتىلىرىنى بايان قىلىشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ھەر قېتىم توپتىن ئوغلاقنى ئېلىپ چىققان چەۋەندازلار كەڭ مەيداننى بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن رەڭگارەڭ كىيىنگەن قىز ـ ئاياللار تۇرغان يەرگە ئېتىپ، ئۆز ماھارىتىنى بىر قېتىم نامايىش قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوغلاق تارتىشىش تازا قىزىپ، مەيداندا ئاجايىپ شادلىق ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولىدۇ. سەنئەتنىڭ تەنتەربىيە تۈرىگە، تەنتەربىيىنىڭ سەنئەتكە سىڭىشى تاجىكلار ھاياتىدا بىر قەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن ھادىسىلەر. مىسالى، توي ـ تۆكۈنلەردە ئەلنەغمە قاتارىدا ئوينىلىدىغان «ئارغىماق ئويۇنى» ئەسلىدە تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئىدى، كېيىن ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بىرىكىپ سەنئەت ئويۇنىغا ئايلانغان.

ئوغلاق تارتىشنىڭ مۇكاپىتى ھەرخىل بولۇپ، تاجىكلار ئۇنى «پەتىھە» دەپ ئاتايدۇ. «پەتىھە» — ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوغلاق تارتىشنىڭ كۆلىمى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، قاتناشقۇچى چەۋەنداز، ئارغىماقلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە ئوغلاق ساھىبخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. تارىختا ئەڭ چوڭ «پەتىھە» يامبۇ، تۆگە، ئات، قوتاز، كالا ۋە تون قاتارلىقلار ھېسابلىناتتى. ھازىر تويلار ئىقتىسادچىللىق بىلەن

باشقۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، «پەتىھە»مۇ ئىسلاھ قىلىنىپ ، سائەت ، رادىئو ، چاپان ۋە كىيىملىك قاتارلىق بۇيۇملار بېرىلىدىغان بولۇپ قالدى . «پەتىھە» ئىككى خىل ئۆلچەم بويىچە بېرىلىدۇ : بىرى ، كىچىك دائىرە ئىچىدە ، چەۋەنداز ئوغلاقنى توپتىن چىقىرىپ ، مەيداننى ئايلىنىپ ، بەلگىلىگەن ئورۇنغا تاشلىسا ، قەلەم ، لۆڭگە ، قېرىنداش قاتارلىق «پەتىھە»لەر بېرىلسە ؛ يەنە بىرى ، ئۆزۈن بىر ئارىلىقنى بېكىتىپ ، ئىككى باشتا ئوغلاقنى تاشلاش ئورنىنى بېكىتىدۇ . چەۋەنداز ئوغلاقنى ئېلىپ ، قائىدە بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلىسا ، سائەت ، تون قاتارلىق چوڭ «پەتىھە»لەرگە ئېرىشىدۇ . «پەتىھە»نى ئادەتتە ئىككى خالىس ئادەم باشقۇرىدۇ ، ئۇلار ھەق - ناھەققە مەسئۇل بولىدۇ .

تاجىكلارنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئوغلاق تارتىشىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلىرى بار . ئوغلاق تارتىشىش جەريانىدا ، ئورۇنسىز جېدەل - غوۋغا چىقىرىشقا ، گورۇھ بولۇۋېلىشقا ، ئات ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئادەم ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈشكە ، باشقىلارغا قەست قىلىشقا ، ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ . شۇڭا ، تاجىكلاردا ئوغلاق ناھايىتى قائىدىلىك ، تەرتىپلىك تارتىلىدۇ .

## § 2 . پويگا (ئات بەيگىسى)

«بەيگە» سۆزى ئەسلىدە تاجىكچە «پايگاھ» (ئۇيغۇرچە «پەگاھ» دېيىلىدۇ) سۆزى بولۇپ ، مەنىسى «پۇت قويىدىغان يەر» دېگەندىن ئىبارەت . ھازىر بۇ سۆز «بەيگە» بولۇپ ئۆزگىرىپ ، ئات چاپقاندا ، ئاتلارنىڭ ئاخىرقى توختايدىغان نۇقتىسىنى كۆرسىتىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى .

بوگونكى كۈندە ئۇ «ئات بەيگىسى»نىڭ مەخسۇس ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا .

تاجىكلاردا ئات بەيگىسىمۇ خۇشاللىقنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىپ ، توي - تۆكۈن ، ھېيت - ئايەملەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

تاجىكلار ئات بەيگىسىنى ئۆتكۈزۈشتە ، ئاتنى تاللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ . تاجىك يۇرتلىرىدا ئاتلار ئادەتتە بەيگە ئېتى ، ئوغلاق ئېتى ، مىنىك ئات ، ئىشلەپچىقىرىش ئېتى دەپ ئايرىلىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئات بەيگىسىگە كەلسە - كەلمەس ئات قاتناشتۇرۇلمايدۇ . ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ، ئەڭ چاپقۇر ئاتلار تاللىنىدۇ . بۇنداق ئاتلار مەخسۇس بەيگە ئۈچۈنلا بېقىلىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ . تاجىكلار بۇنداق ئاتلارنى «كۈللۈك ئات» دەپ ئاتايدۇ . كۈللۈك ئاتلارنى بېقىش ، يېتىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ . ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئەجىر - ئەمگەك سىڭدۈرۈلىدۇ . ئەڭ ئاددىيسى ئات سوۋۇتقۇچى كېچە - كۈندۈز ئات يېنىدا بولىدۇ . ئۇخلىغاندىمۇ ئات يېنىدا ئۇخلايدۇ . ئالدى بىلەن ئاتلار ئەڭ ياخشى يەم - بوغۇزلار بىلەن بېقىلىدۇ . ئات سەمرىپ ، بەلگىلىك ئۆلچەمگە توشقاندىن كېيىن ، ئات ئۈستىسى سوۋۇتۇش ، تاڭ ئاشۇرۇش ، ئۇخلىتىش ، تەرلىتىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىنچىكە تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ئاتنى ئورۇقلىتىدۇ . ئورۇقلىتىشنىڭ تەلىپى ئاتنىڭ سېمىزلىكىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش ، ئىچىدىكى چاۋا ياغلارنى ئۈزۈل - كېسىل قالدۇرماسلىقتىن ئىبارەت . پەقەت مۇشۇنداق تەربىيىلەنگەن ئاتلار ئۇزاق مۇساپىدە چاپتۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ . ئاتلار تاۋلىنىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن ، بىر قانچە قېتىم قىسقا مۇساپىلەردە چاپتۇرۇلۇپ سىناق قىلىنىدۇ ۋە چېنىقتۇرۇلىدۇ . مۇشۇنداق سىناق ۋە چېنىقتۇرۇشلاردىن ئۆتكەن ئات ئاندىن ئۇزاق

مۇساپىگە ، بەيگىگە چاپتۇرۇلىدۇ .
تاجىكلاردا بەيگە ئاتلارنى ئادەتتە 12 — 15 ياشلىق بالىلار چاپىدۇ . ئات چاپقۇچى بالىلار ئىنتايىن كۆركەم ياساندۇرۇلىدۇ . باشلىرىغا رەڭگارەڭ ياغلىقلار چىگىلىدۇ . بەيگە ئاتلارنىڭمۇ قۇيرۇق ۋە كۇكۇلىسى چىرايلىق بېزىلىدۇ . بەيگە ئۆتكۈزگەندە ، ئاتلارنىڭ توختايدىغان نۇقتىسىدا جامائەت ئىككى سەپ بولۇپ تۇرۇپ ئۇزۇن كوچا هاسىل قىلىدۇ . بەيگە ئاتلارغا ئات چاپارلار مىندۇرۇلۇپ ، تەربىيىچىلەرنىڭ يېتىلىشى بىلەن جامائەت ئالدىدىن ئۆتۈپ ، بەيگە باشلىنىدىغان باش پەللىگە بارىدۇ . تارىختىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان بەيگە مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا ، ئەڭ يىراق بەيگە مۇساپىسى 50 كىلومېتىر ، ئەڭ يېقىن بەيگە مۇساپىسى 10 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولغان . مۇساپىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بەيگە مۇكاپاتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ، ئەرزان ـ قىممەتلىكىنى بەلگىلەيدۇ . ئاتلار باش پەللىدە رېپىرىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر تەكشى سىزىقتا قاتار تىزىلىدۇ . ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن كوماندا بىلەن تەڭ ئاتلار ئاخىرقى پەللىگە قاراپ چاپىدۇ . ئاتلار تاماشىبىنلار هاسىل قىلغان كوچا بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ . مەنزىلگە ئاز قالغاندا ، قىيقاس ـ چۇقان ، گۇلدۇراس ـ ئالقىش پەلەككە كۆتۈرۈلىدۇ . قايسى زاتنىڭ ئېتى بىرىنچى بولۇپ ئاخىرقى پەللىدىن بۆسۈپ ئۆتسە ، شۇ بىرىنچىلىكنى ئالىدۇ . ئادەملەر هاسىل قىلغان كوچىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسە ، نەتىجە هېسابلانمايدۇ . ئات بەيگىسىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ . تارىختا مەخسۇس «كۇللۇك ئات»نى بېقىپ ئات بەيگىسى مۇكاپاتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلەر ، بېيىپ كەتكەنلەر ، شۆھرەت قازانغانلار بولغان . ئۇلار توغرىسىدىكى خىلمۇخىل قىزىقارلىق هېكايە ـ رىۋايەتلەر هازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا . تاجىكلار ئارىسىدىكى «ئات پىرلىرى» ئۆزىنىڭ

ماھارىتى ئارقىلىق خەلق ئىچىدە شۇنداق مۆجىزە ياراتقانكى ، «ئاتقا قانات سالغۇچىلار » دېگەن گۈزەل نامغا ئېرىشكەن .

## § 3 . ئات توپى

ئات توپى — تاجىكلارنىڭ قەيسەرلىك ، ماھارەتنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ ، ئۇنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى بىر قەدەر تۇراقلىق ۋە قېلىپلاشقان . ئات توپىنىڭ مەيدانى ئۆلچەملىك ، قاتنىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ . تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قەدىمكى ئات توپى مەيدانىنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ ساقلانماقتا . تارىخىي رىۋايەتلەردىن قارىغاندا ، ئات توپى ئويۇنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەن . ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ، ئىچكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەرزەنتلىرى ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىماملىرى ئىمامى ھەسەن ۋە ئىمامى ھۈسەنلەر يەزىدلەر تەرىپىدىن ئات توپى قىلىپ ئوينىلىپ ، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن بۇ ئويۇن سىياسىي ۋە دىنىي تۈس ئېلىپ ، خەلق نەزەرىدە سەلبىي ئويۇن بولۇپ قالغان . شۇڭا ، تاجىكلار ئارىسىدا بۇ ئويۇن ئويناش مەنئىي قىلىنغان . كېيىنكى مەزگىللەردە ، بۇ پائالىيەت قىسمەن ئەسلىگە كەلگەن . ھازىرقى كۈندە ، بۇ خەلق ئويۇنى ئارىلاپ بەزى دەبدەبىلىك كۈنلەردە تەنتەربىيە تۈرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش نۇقتىسىدىن ئوينىلىدۇ .

## § 4 . توۋج (قارىغا ئېتىش )

ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىشنى بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتى

دېگەندىن كۆرە ، ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ھەربىي مەشىق دېيىش مەزكۇر ئويۇننىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . دەللىكلىكى ئۈستۈن ، شەخسىي ماھارەتكە تايىنىدىغان بۇ ھەرىكەت قەدىمكى زامانلاردا توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا مەرىكىلەردە ئوينالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى خەلق ئىچىدىكى ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدىغان ۋە بەدەننى چېنىقتۇرىدىغان بىر خىل ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ھەرىكىتى دېيىشمۇ خاتا ئەمەس . ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىشنىڭ جەريانى مۇنداق : ئالدى بىلەن ئېگىزلىكى 6 ـ 8 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ تىكىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىيالە ياكى چىنىچەينەك ئىچىگە سۇ تولدۇرۇپ قويۇلىدۇ . پىيالە ياكى چەينەكنىڭ ئاستىغا قىزىل تاۋار سېلىنىدۇ . قارىغا ئاتقۇچىلار بىر ـ بىرلەپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ، پىيالە ياكى چەينەكنى ئاتىدۇ . پىيالە ياكى چەينەككە ئوق تەگكەن ھامان ئىچىدىكى سۇ چاچراپ كېتىدۇ . بۇ چاغدا كىشىلەر شۇ كىشىنىڭ قارىغا دەل تەگكۈزگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ . قارىغا تەگكۈزگۈچى يۇقىرى باھالىق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ . ئەكسىيەتچى مىلىتارىست شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن چاغلاردا شېڭ شىسەينىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمى ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ، بىر قېتىم قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ . شېڭ شىسەينىڭ مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە ئالغان ئەسكەرلىرى بىر قانچە قېتىم قارىغا ئاتقان بولسىمۇ ، بىرەرىمۇ قارىغا تەگكۈزەلمىگەن . سالمان ئىسىملىك بىر تاجىك چارۋىچى ئۆزىنىڭ ئېتىنى مىنىپ ، ئادەتتىكى ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىر قېتىمدىلا قارىغا تەگكۈزۈپ ، تاجىكلارنىڭ مەرگەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ . شېڭ شىسەينىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى شۇ يەردىلا خەلقنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ . بۇنىڭدىن ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

# 5 § . تەڭگە ئېلىش

ئات چاپتۇرۇپ يەردىكى ئورەك ئىچىدىن تەڭگە ئېلىش يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مىللىي تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى . بۇ ھەرىكەت تاجىكلار ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان ھەم ئومۇملاشقان ، ئادەتتە توي ـ تۆكۈنلەردە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنىڭدا تەڭگە پۇلنىڭ قىممىتىگە قاراپ ، يەرنى 15 — 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا قول پاتقۇدەك قىلىپ كولايدۇ ھەمدە ئىچىگە كۆمۈش تاشلىنىدۇ . چەۋەندازلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئات ئۈستىدىن ئېڭىشىپ ، تەڭگە پۇلنى ئالىدۇ . ئادەتتە پۇلنى كىم ئالالىسا ، پۇل شۇنىڭكى بولىدۇ . بۇنىڭدا ئات سۈرئىتى ، ئېڭىشىش سۈرئىتى ۋە سەزگۈرلۈك ئۆزئارا ماس كېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ .

تاجىكلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلىرىدىن باشقا يەنە سېتاي (تاش بىلەن نىشانغا ئېتىش ) ، كىرىش ئويۇن چېلىشىش ، چەكەلەك (كامالەك ئېتىش ) ، پادشاھ مۇش (پادشاھلىق ئوشۇق ) ، ۋىژدوچ (سالغا ئېتىش ) ، تەپۇك (تەپكۈچ ) ، ئەلەيى (تەپكۈچنىڭ يەنە بىر تۈرى ) ، يۈگۈرۈش ، يىراققا سەكرەش ، ئېگىزگە سەكرەش ، ئىلىك ئوشتۇش ، لەڭگى پاي (بىر پۇتلۇق يۈگۈرۈش ) ، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرى بار . ئۇلار مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى ، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە قىزىقارلىقى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . شۇنداقلا ئۇ يەنە يان جەھەتتىن تاجىكلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

# § 6 . قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ۋە قوتاز بەيگىسى

قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش — تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيىسىنىڭ بىر خىل تۈرى . ئېگىز تاغ ـ يايلاقلاردا ، بولۇپمۇ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئېگىز جايلاردا ئات يۈگۈرەلمەيدۇ . ئات بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس . بۇ چاغلاردا ، پەقەت قوتاز بىلەنلا ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسى پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ . دېمەك ، قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسى ئېلىپ بېرىش ، مانا مۇشۇ ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئېھتىياج ۋەجىدىن پەيدا بولغان . قوتاز ئاتقا سېلىشتۇرغاندا ، چېپىشى ئاستىراق ، شاشراق بولسىمۇ ، لېكىن ئادەم هامان ئۈنى كۆندۈرۈپ گېپىگە كىرگۈزەلەيدۇ . قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى ئات بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . يەنى قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسى ئوخشاشلا توي ـ تۆكۈن ، ھېيت ـ ئايەم ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئوغلاق تارتىشىش ۋە قوتاز بەيگىسىدە غالىب كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ـ ئىنئامىمۇ ئاساسەن ئات بىلەن ئوغلاق تارتىشىشقا ، ئات بەيگىسىگە ئوخشاش بولىدۇ . بىرلا پەرق قوتاز بەيگىسىنىڭ مۇساپىسى ئات بەيگىسى مۇساپىسىدىن قىسقىراق بولىدۇ . ئادەتتە ئات بەيگىسى ئارىلىقى 10 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولسا ، قوتاز بەيگىسىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ .

قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ۋە قوتاز بەيگىسى ناھايىتى بەھەيۋەت بولۇپ ، تاماشىبىنلارنى بۆلەكچە جەلپ قىلىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە تاجىكلارنىڭ قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسىنى ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق زامانىۋى تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارىلىپ ، ئالەمشۇمۇل قىزىق تېمىغا ئايلاندى . چۈنكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپ جايلاردا قوتاز بولغان بىلەن قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسىنى ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى بولمايدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، قوتاز بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ، قوتاز بەيگىسىنى ئېلىپ بېرىشنى پەقەت تاجىكلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە پاتېنت ھوقۇقى دېيىشكە بولىدۇ .

# خاتىمە

مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ «كىرىش سۆزى» دىلا ئېلىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى «يىپەك مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىدىغان قەشقەرنىڭ ئىنتايىن باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان بىر مەدەنىيەت بەلۋېغى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق . بۇ تېما ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماتېرىيال توپلاش ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا يۇقىرىقى ئۆزلۈك چۈشەنچىنىڭ ئۆزلۈك جەھەتتىن تامامەن توغرىلىقى ۋە ھەققانىيلىكى دەلىللەندى . بىز دەسلەپ بۇ تېمىغا ئىلتىماس قىلغىنىمىزدا ، ۋاقىت ، شارائىت ، ئەمەلىي كۈچ ۋە راسخوت جەھەتلەردىكى ئىمكانىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ، ماكرولۇق نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش ئاساسىدا 300 مىڭ خەتلىك ھەجىمدىكى بايان خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىقىشنى پىلانلىغان ئىدۇق . ئىككى يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېرىشكەن ئەمگەك مەھسۇلاتىمىز ئەسلىي پىلاندىكىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى . يول ماڭغانسېرى كېڭەيگەندەك ، بۇ تېمىغا چوڭقۇرلاشقانسېرى ئەقلىي تەپەككۇرىمىز قاناتلىنىپ ، بۇرۇنقى پىلان رامكىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا سۇنۇلغان بۇ 600 مىڭ خەت ئەتراپىدىكى ئەسەر بىرىنچى باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە «قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» خەزىنىسىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالدى .

بىز بۇ تېمىنى ئىشلەش جەريانىدا مۇمكىنقەدەر قەشقەرنىڭ

ئۆزىگە خاس غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشتۇق . لېكىن ئومۇملۇق جەھەتتىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغاچقا ، خېلى كۆپ مەدەنىيەت ئادەتلىرىنى ئېتنىك جەھەتتىن رايونلار بويىچە پەرقلەندۈرۈش ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايرىش قىيىنراق . شۇڭا تېمىغا ئالاقىدار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق دالا تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن سۆھبەت خاتىرىسىگە ۋە بۇرۇنقى بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تاياندۇق . گەرچە تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ سۇبيېكتىپ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ ، لېكىن ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ، خىزمەت مىقدارىنىڭ ئېغىرلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن ، بۇ تەتقىقات نەتىجىمىزدە نۇرغۇن يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي . شۇڭا ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەنقىدىي پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز .

ئاخىرىدا مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قىزغىن قوللىغان ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىگە چوڭقۇر مىنnەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە قولاي شارائىت يارىتىپ بەرگەن قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ، زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان بارلىق ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز .

2008 ـ يىل 15 ـ يانۋار

ئۈرۈمچى

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1 . «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخــى» ، شىـــنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
2 . «تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ھەققىــدە ئېلىـــپ بېرىلغان تەكشۈرۈش» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
3 . مەدەلىخان ، راخمانقۇل : «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى ، ئۇيغۇرچە نەشرى .
4 . باباجان غاپۇرۇپ : «تاجـــكلار تارىخـــى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
5 . «پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخـى ، جۇغراپىيىسى ۋە مىللەتلىرىگە ئائىت ئىنگلىزچە پايدىلىنىـــش ماتېرىياللار توپلىمى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
6 . «يەر ـ جاي ناملىرى لۇغىتـــى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى نەشرى .
7 . «دىن لۇغىتى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشرى .
8 . شېرىن قۇربان : «دۇنيانىڭ ئۆگزىســى — پامـــر ئېگىزلىكى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ، 1986 ـ يىلى 1 ـ سان (تەبىئىي پەن قىسمى) .

9 . شېرىن قۇربان : «سەرىكۆي تەكشىلىكى» ، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى ، 1986 ـ يىلى 2 ـ سان .
10 . شېرىن قۇربان : «پەرھات ئۆستىڭى» ، «مۇزتاغ ئاتا» ، «قوڭۇر تاغلىرى» ، «زەرەپشان دەرياسى» ، «جىرغال مەدەنىيەت خارابىسى» ، «پامىر ئارقىرى» ، «سەرىكۆي پامىر» ، «شەرق ـ غەرب ئۆتۈشمىسى — خونجىراپ» قاتارلىق ماقالىلەر .
11 . شېرىن قۇربان : «تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر خارابىسى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1988 ـ يىلى 3 ـ ، 4 ـ سانلار .
12 . شېرىن قۇربان : «تاشقورغان رايونىنىڭ تارىختىكى ناملىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان .
13 . «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى ، 1985 ـ يىلى نەشرى .
14 . «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر» ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى ، 1981 ـ يىلى 2 ـ سان .
15 . «تاشقورغان ناھىيە جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرى ئىزىنى تەكشۈرۈش» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ، 1985 ـ يىلى 4 ـ سان .
16 . شېرىن قۇربان ، مەدەلىخان : «پەرھات ئۆستىڭىدىن قەدىمكى تاشقورغان ‹قىرپانە دۆلىتى›گە نەزەر» (ئىلمىي ماقالە) .
17 . شېرىن قۇربان : « ‹مەلىكە قورغان› ۋە ئۇنىڭ تارىخى» (ئىلمىي ماقالە)
18 . مەدەلىخان : «جۇڭگو تاجىكلىرى» (ئىلمىي ماقالە) .
19 . شياۋ جىشىڭ : «تاجىكلار» 1989 ـ يىلى ، خەنزۇچە نەشرى .
20 . ۋاڭ جىلەي : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئوچېركلىرى» خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى ، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
21 . ھىرودوت : «تارىخ» ، شاڭۇ نەشرىياتى ، 1985 ـ

يىلى ، خەنزۇچە نەشرى (1 ـ ، 2 ـ قىسىم ) .
22 . جۇ يىلىياڭ قاتارلىقلار : «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» ، خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى ، خەنزۇچە نەشرى .
23 . شۆەن زاڭ : «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1985 ـ يىلى نەشرى .
24 . «مىللەت لۇغىتى» ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى ، خەنزۇچە نەشرى .
25 . خالىق مىرزازادە : «تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» ، تاجىكىستان دۇشەنبە «ئىرفان» نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى تاجىكچە نەشرى .
26 . نورمال نىماتوف : «سامانىيلار دۆلىتى» ، تاجىكىستان دۇشەنبە «ئىرفان» نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى تاجىكچە نەشرى .
27 . شىرىن قۇربان : «تاجىك ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا» ، (ئىلمىي ماقالە) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1987 ـ يىلى 3 ـ سان .
28 . مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشرى .
29 . ياپونىيە ، يۇتىيەنخېڭ : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
30 . ۋ . ۋ . بارتولد : «تاجىكلار تارىخى ئوچېركى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ، 1985 ـ يىلى ئالاھىدە سان (خەنزۇچە) .
31 . رەھمانقۇل : «تاجىك خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە» ، (تونۇشتۇرۇش ماقالىسى) .
32 . شىرىن قۇربان : «تاجىكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

توغرىسىدا» ، (ئىلمىي ماقالە) .
33 . شېرىن قۇربان : «تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت ـ ئايەملىرى» (ئىلمىي ماقالە) .
35 . ت . خ . پاخالىنا : «سەرىكۆي تاجىك تىلى» ، رۇسچە نەشرى .
36 . گاۋئىرچاڭ : «تاجىك تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» ، خەنزۇچە نەشرى .
37 . شېرىن قۇربان : «سەرىكۆي تاجىك تىلى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (ئىلمىي ماقالە) .
38 . «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى» (توپلام) 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
39 . «پامىر ھېكايىلىرى» ، (توپلام) 1987 ـ يىلى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى .
40 . «تاشقورغان خەلق چۆچەكلىرى» ، تاشقورغان ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسى ، 1989ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
41 . «تاشقورغان خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى» ، تاشقورغان ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسى ، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
42 . «تاشقورغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ، تاشقورغان ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسى ، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
43 . «خۇش ئامەدى» (شېئىرلار توپلىمى) ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
44 . تابىلدى ھوشۇر : «تاجىك خەلق داستانلىرى ھەققىدە» (ئىلمىي ماقالە) .
45 . شېرىن قۇربان : «تاجىك خەلق رىۋايەتلىرى توغرىسىدا»

(ئىلمىي ماقالە) .
46 . مۇنى تابىلدى : «تاجىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (ئىلمىي ماقالە) .
47 . ئەبۇل ھەسەنخان : «تاجىك خەلق سەنئىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى» (ئىلمىي ماقالە) .
48 . «پامىر شادلىقى» (مەخسۇس سان) 1984 ـ يىلى ئۇيغۇر نەشرى .
49 . ئاتىكەم زەمىرى : «تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرى ھەققىدە» (ماقالە) .
50 . مۇنى تابىلدى : «تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى توغرىسىدا» (ماقالە) .
51 . زەمىر سەيدىللا : «شىنجاڭ تاجىك ئەدىبلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى نەشرى .
52 . «تاجىك فولكلور مەدەنىيىتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
53 . شېرىن قۇربان ، مەدەلىخان ، ئاتىكەم زەمىرى : «تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .
54 . شېرىن قۇربان ، مەدەلىخان «تاجىك بۆركۆت مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .
55 . شېرىن قۇربان ، مەدەلىخان «جۇڭگو تاجىكلىرى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە نەشرى .

**图书在版编目(CIP)数据**

可爱的喀什噶尔:新疆喀什非物质文化遗产保护研究.下:维吾尔文/阿布都克里木·热合曼主编—乌鲁木齐:新疆大学出版社,2009.9

ISBN 978—7—5631—2324—7

Ⅰ.可... Ⅱ.①阿... Ⅲ.①文化遗产—保护—喀什地区—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①K294.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第154485号

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-5631-2324-7

9 787563 123247 >

定价(上、下): 80.00 元